# شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى

## 新疆史学



1980 تونجى سان

# 一九八〇年　创刊号　目　录


发刊词……………………………………………………………………（1）

任重而道远

——试论新疆史学的地位和前景………本刊评论员（艾力孜·玉素甫译）（5）

吐火罗语与尼雅俗语

——一九七九年八月二十九日在乌鲁木齐学术报告会上的报告

……………………………………………季羡林（赵仲礼）（12）

沙俄侵略新疆与伊斯兰教

——一九七九年在乌鲁木齐召开的西北五省（区）伊斯兰教研究工作座谈会上的报告……………………………黄心川（尼乃扬译）（29）

古代我国北方游牧民族及新疆的几种乐器

——兼谈角、笳、笛、筚篥和琵琶的产生及其演变

……………………………………………谷　苞（海拉尔译）（43）

阿史那忠在西域

《阿史那忠墓志》有关部分考释……………郭平梁（刘锦昌译）（61）

喀什"香妃墓"辨误

……………………………………………纪大椿（哈德尔译）（71）

新疆历史研究的回顾与展望

……………………………………………王治来（买买提明译）（86）

词一首　苏幕遮　兰湖之游

……………………………………………陈　华（马依努尔译）（94）

资产阶级领导的迪化起义

……………………………………………吉晟夫（木一丁译）（97）

论一八二〇年南疆事件的性质

……………………………………………潘伟林（马木提汗译）（103）

清政府统一新疆的历史意义

……………………………………………孙宗瀚（如马力丁译）（124）


学术动态


西北五省（区）伊斯兰教研究工作座谈会在乌鲁木齐召开

……………………………………………何新浩（买孜热译）（141）

征稿启事

………………………………………………………………（145）

# شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى

1980 - يىل
تۇنجى سان


## مۇندەرىجە


بېغىشلىما ............................................................ (1)

ۋەزىپە ئېغىر، مۇساپە يىراق
— شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقىنىڭ ئورنى ۋە ئىستىقبالى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇھاكىمە ........... ژورنىلىمىزنىڭ ئوبزورچىسى (5)
(ئىزىز يۈسۈپ تەرجىمىسى)

توخار تىلى ۋە نىيە قارا تىلى
— 1979 - يىل 29 - ئاۋغۇست، ئۈرۈمچىدە ئوتكۈزۈلگەن ئىلمىي دوكلات يىغىنىدا قىلىنغان دوكلات ............................ جى شيەنلىن (12)
(ئا. ئاللاۋەردى، شياۋجىڭيى تەرجىمىسى)

چار روسىيىنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىشى ۋە ئىسلام دىنى
— 1979 - يىل 12 - ئاۋغۇست، ئۈرۈمچىدە ئوتكۈزۈلگەن غەربىي شىمال 5 ئولكە (رايون)نىڭ ئىسلام دىنى تەتقىقات خىزمىتى بويىچە سوھبەت يىغىنىدا قىلىنغان ئىلمىي دوكلات ............................ خۇاڭشىنچۇەن (27)
(جۇنەيد بەكرى تەرجىمىسى)

مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي تەرەپلىرىدىكى قەدىمقى كوچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ۋە شىنجاڭدىكى بىر قانچە خىل چالغۇ ئەسۋاپلىرى
— بۇزغا، چورى، نەي، بىلى، باربوت (پىپا)لارنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشلىرى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە ............................ گۇباۋ (48)
(خېۋىر تومۇر تەرجىمىسى)

ئاسىنا سادىقىنىڭ غەربىي رايوندا بولۇشى
— «ئاسىنا سادىقىنىڭ قەۋرە تەزكىرىسى»گە دائىر قىسقىچە ئىزاھات ............................ گوپىڭلياڭ (61)
(لۇجىنجيا تەرجىمىسى)

قەشقەردىكى «ئىپارخان قەۋرىسى» توغرىسىدىكى خاتا چۈشەنچىلەرگە قارىتا تۈزىتىش ............................ جى داچۈن (71)

شىنجاڭنىڭ تارىخىي تەتقىقاتىنى ئەسلەش ۋە ئۇنىڭغا نەزەر سېلىش ........ ۋاڭجىژلەي (85)
(م. ھاشىم تەرجىمىسى)

يىپەك يولى (شېئىر) ............................ چېڭخۇا (94)
(ئا. ت. ئوتكۇر تەرجىمىسى)

بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىك قىلغان ئۈرۈمچى قوزغىلىڭى ........ چىڭ خۇيشىڭ (95)

(مۇھەممەددىن ۋېلەم تەرجىمىسى)

1830 - يىللىرىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەقەسىنىڭ خاراكتېرى توغرىسىدا ........ سەي جىنسۇڭ (103)

(مامۇت سابىت تەرجىمىسى)

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى ........ گو يۈنخۇا (124)

(جامالىددىن مۇھەممەدى تەرجىمىسى)

غەربىي شىمال ٥ ئۆلكە (رايون)نىڭ ئىسلام دىنى تەتقىقات خىزمىتى بويىچە سۆھبەت يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى ........ خې بىڭجى (141)

(م. تۇرسۇن تەرجىمىسى)

ماقالا قوبۇل قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش ........ (145)

# بېغىشلىما

پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى پۈتۈن مەملىكىتىمىز بويىچە خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۆتكەشنى قارار قىلدى. بۇ ئۇلۇغ تارىخىي بۇرۇلۇش پەيتىدە، بىز «شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى» ژۇرنىلىنى چىقىرىشقا باشلىدۇق. بۇ ژۇرنالنىڭ چىقىرىلىشى شىنجاڭنىڭ تارىخشۇناسلىق ساھەسىدىكىلەر ئۈچۈن زور خوشاللىق بىر ئىش.

«شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى» يېڭى دەۋردىكى باش ۋەزىپىنىڭ ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق چىقىرىلدى. ئۇنى چىقىرىشتىن مەقسەت، ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شىنجاڭنىڭ تارىخ ئىلمىنى گۈللەندۈرۈش، شىنجاڭنىڭ تارىخشۇناسلىق قوشۇنىنى زورايتىش، لىنبياۋ ۋە "4 كىشىلىك گۇرۇھ" ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتكەن ئىدىيە ۋە نەزەرىيە جەھەتتىكى ھەق - ناھەقنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭنىڭ تارىخشۇناسلىق سېپىدىكى يامان تەسىرلىرىنى تازىلاپ، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ئۆز ھەسسىمىزنى قوشۇشتىن ئىبارەت.

سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى دەۋردىكى باش ۋەزىپىسى تارىخ ئىلمىنىڭ ئالدى بىلەن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، بىزنىڭ تارىخنى تەتقىق قىلىشىمىز ئاساسەن بۈگۈنكى ئۈچۈن، تارىخىي تەجرىبىلەردىن ھازىرقى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا پايدىلىنىشقا بولىدۇ. يولداش ماۋزېدۇڭ بىزگە: "تارىخىي مىراسلىرىمىزنى ئۆگىنىپ، ماركسىزملىق ئۇسۇل بىلەن پىپەنلىك خۇلاسە چىقىرىش كېرەك"، "بۇ، ھازىرقى ئۇلۇغ ھەرىكەتكە يېتەكچىلىك قىلىشقا مۇھىم ياردەم بېرىدۇ" دەپ تەكرار يوليورۇق بەرگەن. بىز تارىخشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار "قەدىمقىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش" فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، تارىخ تەتقىقاتىنى نۆۋەتتىكى ئىنقىلاپ ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن يېقىندىن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم. ئەگەر تارىخشۇناسلىق نۆۋەتتىكى 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئايرىلىپ قالىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۆزىنىڭ ئىنقىلاۋىلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى يوقىتىپ قويىدۇ - دە، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ راۋاجلىنىشىغىمۇ بىۋاستە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

پۈتۈن مىللەتنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش — تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى، ھالبۇكى، تارىخ ئىلمىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تارىخ جەھەتتىكى بىلىم سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، بۇ يەنە پۈتۈن مىللەتنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ زۆرۈر بىر تەرىپى. شۇڭا، بىزنىڭ «شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى» دېگەن بۇ ژۇرنىلىمىز خەلقنىڭ تارىخ جەھەتتىكى بىلىمىنى ئومۇملاشتۇرۇش

ۋە ئۈستۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىپ، يېڭى دەۋردىكى پەن-مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىشى لازىم.

شىنجاڭدىكى تارىخ تەتقىقات ئىشلىرىنى يېڭى دەۋردىكى باش ۋەزىپىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇش، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىدا چىڭ تۇرۇش، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. بۇ تۆت ئاساسىي پرىنسىپ ئېلىمىز خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ۋە 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ياكى ئاشۇرالماسلىقىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. «شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى»ھەم شىنجاڭدىكى تارىخشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار بىرلىكتە بۇ تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا ئەمەل قىلىپ، شىنجاڭ تارىخىدىكى تۈرلۈك مەسىلىلەرنى توغرا شەرھلەپ بېرىشى لازىم.

«شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى» ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن باغلاشتا چىڭ تۇرۇپ، قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتىپ، پارتىيىمىزنىڭ ماركسىزمچە ئۆگىنىش ئىستىلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە جارى قىلدۇرۇشى لازىم. لىن بياۋ ۋە "4 كىشىلىك گۇرۇھ" پارتىيىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىش ۋە ھوقۇق تارتىۋېلىشتىن ئىبارەت ئەكسىلئىنقىلابىي ئېھتىياجى ئۈچۈن، ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى خالىغانچە ئۆزگەرتتى، ئۇلار ئۆزلىرى "ئىگىز كۆتەرگۈچى"، "ئەينەن ئىجرا قىلغۇچى" دېگەن نىقاپقا ئورىنىۋېلىپ، قانداقتۇر "يۇقىرى پەللىسى" دەپ جار سېلىشتى، ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ۋە ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنى ئۇ يەر-بۇ يەرلىرىدىن ئۈزۈۋېلىپ، ئۇنى خالىغانچە بۇرمىلىدى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قارا ماللىرىنى ئۇچۇقتىن-ئۇچۇق قىستۇرۇپ، "قەدىمقىنى گۇرۇھ ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش" تەك دارىتمىلاش تارىخشۇناسلىقى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ، تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە ئىنتايىن زور قالايمىقانچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بىز تارىخشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، لىن بياۋ ۋە "4 كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە تارقاتقان تۈرلۈك بىمەنە سەپسەتە ۋە نۇقتىئىنەزەرلىرىنى پىپەن قىلىشىمىز لازىم.

ئەمەلىيەت — ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىن-بىر ئۆلچىمى. بۇ، ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ بىر ئاساسىي پرىنسىپى. بىزنىڭ «شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى»مىز بۇ پرىنسىپقا قەتئىي ئەمەل قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇپ، تارىخ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلغان ھالدا، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ سىستېمىسىنى مۇكەممەل، توغرا ئىگەللەپ ۋە تەتبىق قىلىپ، تارىخ تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىشى، تارىخىي ۋەقەلەر ۋە تارىخىي شەخسلەرگە توغرا باھا بېرىشى لازىم. ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت—بۇ بىر تارىخىي جەريان، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە ھۆرمەت قىلمىغۇچىلار مۇقەررەر يوسۇندا تارىخنى بۇرمىلايدۇ، ھەق-ناھەقنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىدۇ، لىن بياۋ ۋە "4 كىشىلىك گۇرۇھ" دەل ئەنە شۇنداق ئادەملەر، ئۇلار خەلقنى ئالداش ئۈچۈن، تارىخىي پاكىتلارنى خالىغانچە ئويدۇرۇپ چىقىپ، تارىخنى بۇرمىلىدى ۋە ئۆزگەرتتى، "قەدىمقىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش" دې-

گەن بايراقنى كۆتىرىۋېلىپ، "كۆزگىنچىلار بىلەن قانۇنچىلارنىڭ كۈرەش تارىخى" دېگەن نەمىنى تويدۇرۇپ چىقىپ، قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلدى، چەكلەنگەن رايون قۇرۇپ چىقتى، ئۇلارنىڭ تارقاتقان زەھەرلىرىنىڭ كەڭلىكى، تەسىرىنىڭ چوڭقۇرلىقى تارىختا ئىنتايىن كەم ئۇچرايدۇ. شۇڭا، بىز "4 كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ تارىخنى خالىغانچە تويدۇرۇپ چىقىرىدىغان پىراگماتىزىملىق ئۇقۇمنەزەرلىرىنى پاش قىلىپ، تارىخنىڭ ھەقىقى قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىز لازىم. ھەر قانداق تارىخي مەسىلە ئۈستىدە قىلىنغان ھۆكۈمنىڭ توغرا ياكى توغرا ئەمەسلىكىنى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ئارقىلىق سىناش كېرەك. بىز تارىخنى تەتقىق قىلغىنىمىزدا، ھەرگىز ئۆزىمىزنىڭ سۇبيېكتىپ خىيالىمىزغا تايانماستىن، بەلكى يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ تەلىمىگە ئاساسەن: "ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان پاكىتلارغا ئاساسلىنىپ ماتېرىياللارنى تەپسىلىي ئىگەللەپ، ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بۇ ماتېرىياللاردىن توغرا خۇلاسە چىقىرىشىمىز كېرەك». بىزنىڭ شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقىمىزنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى "4 كىشىلىك گۇرۇھ" ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتكەن تارىخنى قايتا ئۆز ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت.

تارىخ تەتقىقاتىدا "ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش" فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز لازىم. بۇ، تارىخ ئىلمىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ توغرا فاڭجېنى. چۈنكى تارىخنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا، چوقۇم يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچكېلىمىز، بۇ يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرگە قارىتا تەييار فورمۇلا ۋە خۇلاسىلارنى ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ كېلىپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، بۇنىڭدا ئۆز ئارا ئەركىن مۇھاكىمە ئۇسۇلى ئارقىلىق، ھەق - ناھەقنى ئايرىپ، ھەقىقەتنى تېپىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىدىيىمىزنى ئازات قىلىپ، دادىللىق بىلەن ئىزدىنىپ، تارىخ ئىلمىنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا يېڭى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، تەتقىق قىلىش ۋە ھەل قىلىشقا جۈرئەتلىك بولۇپ، بىر قەدەر يۇقىرى نەزەرىيىۋى سەۋىيىگە ئىگە ماقالىلارنى يېزىپ چىقىشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. "4 كىشىلىك گۇرۇھ" زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ يۈرگەن مەزگىلدە، ئۇلار پارتىيىنىڭ "ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش" فاڭجېنىنى خالىغانچە ئاياق ئاستى قىلىپ، فاشىستىك مەدەنىيەت مۇستەبىتچىلىكى ۋاستىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا يول قويمىدى، كىمكى ئوخشاش بولمىغان پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويسا، ئۇنىڭغا ھەرخىل بەتنامىلارنى چاپلاپ، دۇمبالاپ، قالپاق كەيگۈزۈپ، پاجىئەلىك تۈردە ئازاپلىدى ۋە زىيانكەشلىك قىلدى، شۇنىڭ بىلەن "ھەممە بۇرۇقتۇرما بولۇپ يۈرۈيدىغان" جاھالەتلىك ۋەزىيەتنى پەيدا قىلىپ، تارىخ ئىلمىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىنتايىن زور توسقۇنلۇق ۋە خاراپلىققا ئۇچراتتى. تارىخ ئىلمىدىكى ھەق - ناھەق مەسىلىلەرنى پەقەت "ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش" ئارقىلىقلا ئىلمىي ئاساستا ھەل قىلغىلى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، پەقەت مۇھاكىمە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغاندىلا، ئاندىن توغرا پىكىرلەرنى ھەقىقى تۈردە راۋاجلاندۇرۇپ، خاتا پىكىرلەرنى يېڭىپ، تارىخ ئىلمىنى گۈللىنىش ۋە راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

يېڭى دەۋردىكى باش ۋەزىپىنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانىدا توھپە يارىتىش — بۇ، بىز تارىخشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ شەرەپلىك بۇرچىمىز. يولداشلارنىڭ قەلەم تەۋرىتىپ ماقالا يېزىپ، ئۆتمۈشنى خۇلاسىلاپ، كەلگۈسىنى يارىتىپ، تارىخ تەتقىقاتىنى پەن-مەدەنىيەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ئۆرلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىنى ئۈمىت قىلىمىز. بىز تارىخشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يېڭى ئۇزۇن سەپەردىكى قەدەممىزنى يەنىمۇ تېزلىتىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ نىشانغا قاراپ جاسارەت بىلەن ئالغا باسايلى!

ئېزىز يۈسۈپ تەرجىمىسى

# ۋەزىيە ئېغىر، مۇساپە يىراق

## — شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقىنىڭ ئورنى ۋە ئىستىقبالى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇھاكىمە

## ژورنىلىمىزنىڭ ئوبزورچىسى

شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى — ئەمدىلا بىخ ئۇرۇپ چىقىۋاتقان بىرتۈپ مايسا، شۇنداقلا مۇنبەت تۇپراقتا ئۇسۇۋاتقان مايسا، ئۇنىڭغا كۆڭۈل قويۇپ، توجۇپىلەپ پەرۋىش قىلىنىدىغان ھەمدە ھاۋا كېلىماتى ماسلىشىپ كېلىدىغانلا بولسا، ئۇ چوقۇم ساغلام ۋە مەزمۇت ئۆسۈپ، شاخلىرى غول، يوپۇرماقلىرى باراخسان بولۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئىلىم - پەن گۈلزارلىقىدا پورەكلەپ ئېچىلىپ، گۈزەل ھۆسنىنى نامايان قىلغۇسى.

شىنجاڭ — يېرى كەڭ، تەبىئى بايلىقى مول جاي بولۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئومۇمى يەر كۆلىمىنىڭ $\frac{1}{6}$ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ، بۇ يەردە چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرىلا تەرەققى قىلغان. بۇ يەر ئەزەلدىنلا كۆپ مىللەتلىك رايون بولۇپ، ھازىرمۇ ئون نەچچە قېرىنداش مىللەت ياشايدۇ. تارىختا پەيدا بولغان تىل - يېزىقلارمۇ خىلمۇ - خىل بولۇپ، تىل سېستىمىسى بويىچە ئايرىغاندا، بۇ تىللار ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئورال - ئالتاي تىل سېستىمىسى، ھىندى - ياۋروپا تىل سېستىمىسى؛ خەنزۇ - زاڭزۇ تىل سېستىمىسىغا كىرىدۇ. بۇ يەر مەملىكىتىمىزدە تۈركى تىلىنى قوللىنىدىغان مىللەتلەر ئاساسلىق ئورۇنلاشقان رايون بولۇپ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى تۈركى تىلىنى قوللىنىدۇ. بۇ يەردە تۈرلۈك دىنلارمۇ بولۇپ ئۆتكەن، مەسىلەن بۇددا دىنى، خرىستىيان دىنى، ئىسلام دىنى، شەنجياۋ دىنى، مانى دىنى، داۋجياۋ دىنى، رۇجياۋ دىنى (كۇڭزى دىنى) قاتارلىق دىنلارنىڭ ھەممىسى تارقالغان بولۇپ، ئىسلام دىنى بىلەن لاما دىنىغا ھازىرمۇ بەزى قېرىنداش مىللەتلەر ئاممىسى ئېتىقات قىلىپ كەلمەكتە. بۇ جاي غەربىي خەن دەۋرىدىن تارتىپلا جۇڭگونىڭ زېمىن خەرىتىسىگە كىرگۈزۈلگەن، شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ جاينىڭ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونى بىلەن بولغان سىياسى جەھەتتىكى ئورتاقلىقى بارغانسېرى كۈچەيدى. شىنجاڭنىڭ مەدەنىيىتى مول ھەم خىلمۇ - خىل بولۇپ، ئۇنىڭ بەزىلىرى ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە، بەزىلىرى بولسا مىللى ئالاھىدىلىك ۋە يەرلىك تۈسكە ئىگە، مەيلى قايسى خىلدىكىسى بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتىنىڭ تەركىۋى قىسمى. شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش، بۇ يالغۇزلا شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپ بولماستىن، بەلكى جۇڭگو تارىخشۇناسلىقىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان تەلەۋى. ئىلگىرى مەملىكىتىمىزدە نەشىر قىلىنغان جۇڭگو ئومۇمى تارىخىدا، جۈملىدىن بەزى مەشھۇر ئەسەرلەردە،

چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ تارىخى توغرىسىدا ناھايىتى ئاز توختالغان، يا بولمىسا بەزى باب - پاراگرافلارنى يۈزەكى يوسۇندا قوشۇمچە قىلىپ كىرگۈزۈپ قويغان. بۇنداق ئەھۋال يەنە داۋاملىشىۋەرسە بولمايدۇ. بۇ ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا، شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپە ناھايىتى ئېغىر.

شىنجاڭ تارىخى جۇڭگو تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپلا قالماستىن، بەلكى دۇنيا ۋە ئاسىيا تارىخىدىمۇ سەل قاراشقا بولمايدىغان ئورۇنغا ئىگە. شىنجاڭ مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، مەملىكىتىمىزدىن ئاسىيا، ياۋروپا، ئافرىقىدىكى نۇرغۇنلىغان مەملىكەتلەرگە قۇرۇقلۇق ئارقىلىق قاتنايدىغان مۇھىم قاتناش يولى. قەدىمقى زاماندا شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرغان مەشھۇر "يىپەك يولى" شىنجاڭنىڭ پۈتۈن چېگرىسىنى كېسىپ ئۆتكەن. قەدىمقى يۇنان - رىم مەدەنىيىتى، قەدىمقى پارس مەدەنىيىتى، قەدىمقى ھىندى مەدەنىيىتى، قەدىمقى شىمال تەرەپتىكى كۆچمەن مىللەتلەر مەدەنىيىتى، قەدىمقى خەنزۇ مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلغان قەدىمقى جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتى مانا مۇشۇ يول ئارقىلىق ئۇزاق ۋاقىتقىچە ئۆزئارا ئالاقە قىلىشىپ، ئۆزئارا سىڭىشىپ، ئۆزئارا قوبۇل قىلىشقان. شىنجاڭ — ئەنە شۇ مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىشىدىكى ئاساسلىق نۇقتىلارنىڭ بىرى. شۇڭا، شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەينى زاماندىكى دۇنيادا ئەڭ مەشھۇر بولغان كىلاسسىك مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى ئېنىق چۈشىنىشتە ئىنتايىن كەۋدىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. تەبىئى شارائىت جەھەتتىن ئېيتقاندا، شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن بىرمۇنچە ئورتاقلىقلىرى بار، شۇڭا خەلقارادا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان ئوتتۇرا ئاسىيا، كۆپ ھاللاردا مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تارىختا شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ئىنتايىن قويۇق بولۇپ، غەربىي خەن دەۋرىدىن كېيىن مەملىكىتىمىزنىڭ بەزى مەركىزىي ھۆكۈمەتلىرى ۋە غەربىي رايوننىڭ يەرلىك ھۆكۈمەتلىرىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى كۆپ ھاللاردا شىنجاڭنىڭ غەربىدىكى كەڭ رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتتۇرىسىدا مىللەتلەرنىڭ كۆچۈش ئەھۋالىمۇ ھەمىشە يۈز بېرىپ تۇراتتى. مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتتۇرىسىدا ھېلىمۇ دۆلەت چېگرىسىدىن ھالقىپ ئولتۇراقلاشقان بىرمۇنچە مىللەتلەرمۇ بار. شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش، شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇناسىۋەت تارىخىنى تەتقىق قىلىش، ئوخشاشلا، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ۋە ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان تېما بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش يالغۇز ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى رېئال سىياسىي ئەھمىيەتكىمۇ ئىگە. شىنجاڭ — مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونى، شۇنداقلا، غەرپتىكى مۇستەملىكىچى دۆلەتلەر ۋە جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ مەملىكىتىمىزگە قۇرۇقلۇق ئارقىلىق تاجاۋۇز قىلىشتىكى ئاساسىي نىشانلىرىدىن بىرى. مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونىدا جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىل-

لەردىلا. چاررۇسىيىنىڭ يىرتقۇچ تىرنىقى ئېلىمىزنىڭ جۇڭغار مىللىتى چارۋىچىلىق قىلىپ ياشاۋاتقان رايونلارغا سوزۇلغان ئىدى. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، چاررۇسىيە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، كەڭ زېمىنلىرىمىزنى بېسىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى جەنۇپتىن شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، شىنجاڭ رايونىنىڭ چېگرىسى ئىچىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ زېمىنىنى يۇتۇۋالدى. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 20 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە، مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن جاھانگىر دۆلەتلەر قاتارىدا چاررۇسىيە بىلەن ئەنگلىيىدىن باشقا، يەنە گېرمانىيە، فرانسىيە، ياپونىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرمۇ بار. ئۇلار سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى تالان - تاراج قىلدى. ئۇلار تاجاۋۇزچىلىق مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ تارىخى توغرىسىدا ھەرخىل سەپسەتىلەرنى كۆپلەپ تارقاتتى، ھەمدە شۇ چاغلاردا خەلقارادا تارقىلىپ يۈرگەن پانئىسلامىزم، پانتۈركىزمدىن پايدىلاندى ۋە ئۇنى بازارغا سالدى. شۇڭلاشقا، شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىپ، شىنجاڭ تارىخىنى ئۆز قىياپىتى بويىچە شەرھلەش ئارقىلىق مۇستەملىكىچىلەر ۋە جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق جىنايەتلىرىدىن ھېساب ئېلىشىمىز؛ شۇنداقلا، نۆۋەتتە سوۋېت سوتسىيال جاھانگىرلىكىنىڭ شىنجاڭ رايونىمىزنى يۇتۇۋېلىش كويىدا بولۇۋاتقان تاجاۋۇزچىلىق قارا نىيىتىنى پاش قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىشىمىز لازىم. ئۆتمۈشتىكىنى ئەسلىگەندە، ھازىرقىنى بىلگىلى بولىدۇ. شىنجاڭ رايونىنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرىنى توغرا تونۇش ۋە ئۇنى توغرا يەكۈنلەش — ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزدە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت باش ۋەزىپىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر تەركىبىي قىسمى.

شىنجاڭنىڭ يازما تارىخى ئىككى مىڭ يىلدىن ئاشىدۇ. ئېلىمىزنىڭ ھەر قايسى دەۋرلەردىكى رەسمىي تارىخ دەپ ئاتالغان يازما تارىخلىرىدا — «تارىخنامە» دىن تارتىپ «چىڭ سۇلالىسى تارىخى»غا قەدەر — شىنجاڭ تارىخىغا دائىر يازما خاتىرىلەر بار. ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا تارىختا ئۆتكەن شەخسلەر يازغان ئەسەرلەردىمۇ شىنجاڭ تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار خېلى بار. بولۇپمۇ تارىختا غەربىي رايونغا كەلگەنلەرنىڭ ساياھەت خاتىرىلىرى تارىخىي ماتېرىيال سۈپىتىدە تېخىمۇ يۇقىرى قىممەتكە ئىگە. غەرب ساياھەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭغا دائىر ساياھەت خاتىرىلىرىمۇ تارىخىي ماتېرىيال سۈپىتىدە ئومۇمەن خېلى مۇھىم قىممەتكە ئىگە، لېكىن، يېقىنقى زامانلاردىكىلىرىگە كۆپىنچە مۇستەملىكىچىلىك نۇقتىئىنەزەر ۋە جاھانگىرلىك سەپسەتىلەر سىڭدۈرۈلگەن. شىنجاڭدىكى بۇددا دىنى ھىندى بۇددا دىنىنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە تارقىلىپ كىرىشتىكى ۋاستىچىسى بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېيىنكى چاغلاردا يەنە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، مەملىكىتىمىزنىڭ بۇددا كلاسسىك كىتابلىرىدىمۇ شىنجاڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار ناھايىتى مول بولۇپ، ئۇنى قىممەتلىك غەزنە دەپ ئېيتىشقىمۇ ئەرزىيدۇ. ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن، چەتئەل مۇسۇلمان يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلە-

ىرىدىمۇ شىنجاڭغا دائىر مەزمۇنلار ئاز ئەمەس. قەدىمقى زاماندا شىنجاڭنىڭ يەرلىك كىشىلىرى يازغان ئەسەرلەر ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئىنتايىن قىممەتلىك؛ مىڭ، چىڭ دەۋرلىرىدىن كېيىنكى يەرلىك كىشىلەرنىڭ يازغان ئەسەرلىرى زور دەرىجىدە كۆپەيدى. شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا، ئارخېئولوگىيىلىك تارىخىي ئىزلارنىڭ تېپىلىشى بولۇپمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شىنجاڭنىڭ ھاۋاسى قۇرغاق بولغاچقا، يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستىلىرىدا ساقلانغان قەدىمقى زامان مەدەنىي يادىكارلىقلىرى ناھايىتى كۆپ. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، يېڭىدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تارىخىي ئىزلار بارغانسېرى كۆپىيىپ، ئۇلارنىڭ كۆپلىكى، ئىلمىي قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى جەھەتتىن پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققەت-ئېتىۋارىنى قوزغىدى. بىراق، كىشىنى غەزەپلەندۈرىدىغىنى شۇكى، جۇڭگو خەلقى ئۇ چاغلاردا ھوقۇقسىز ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلىقتىن، بۇ قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ كۆپ قىسمى چەتئەل مۇزېيلىرىغا كىرىپ كەتكەن. ئازادلىقتىن بۇيان، يېڭى تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تارىخىي ئىزلارمۇ مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك زوقىنى قايتا - قايتا قوزغىماقتا. كېسىپ ئېيتالايمىزكى، ئارخېئولوگىيە ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭدا تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ قىممەتكە ئىگە مەدەنىي يادىكارلىقلار قېزىلىپ چىقىلىپ دۇنياغا نامايەن بولغۇسى. بۇنىڭدىن كۆرىمىزكى، شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىنتايىن ئەۋزەل بولۇپ، كىشىنىڭ دىققەت - ئېتىۋارىنى چوڭقۇر جەلپ قىلىدۇ.

ئېلىمىز بۇرۇندىنلا جايلار تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئەنئەنىسىگە ئىگە. شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئىشى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە يېتىپ كەلگەندە يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئالىملار يازغان شىنجاڭ تارىخ - جۇغراپىيىسىگە دائىر ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرى خېلى يۇقىرى سەۋىيىدە بولۇپ، بۇلاردىن بىز تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر بەھرىمەن بولۇپ كەلمەكتىمىز. يېقىنقى زاماندىن بۇيان، ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنىڭ تېپىلىشى، خەلقارادا شىنجاڭ تارىخى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك پەن تارماقلىرىغا دائىر تەتقىقات دولقۇنىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ئېلىمىزدە شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىملارمۇ بارغانسېرى كۆپەيمەكتە ھەمدە كىشىنى خۇشال قىلارلىق بىر مۇنچە نەتىجىلەرمۇ قولغا كەلتۈرۈلدى. ئازادلىقتىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم تارىخ، ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئاپپاراتى تەسىس قىلىندى. ھازىر، مەملىكىتىمىزدە، شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش قوشۇنى تېخى ناھايىتى كىچىك؛ ئاز ساندىكى پېشقەدەم مۇتەخەسسىسلەردىن باشقا، ئومۇمەن ئېيتقاندا، سەۋىيىمىزمۇ ئانچە ئۈستۈن ئەمەس. بىزنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ۋاسىتىلىرىمىزمۇ بەك ناچار ھەم ناھايىتى قالاق، بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئىشلەشكە تېگىشلىك ئىشلار ئىنتايىن كۆپ، "ۋەزىپە ئېغىر، مۇساپە يىراق" دەپ ئېيتىشىمىزنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ.

شىنجاڭدا مۇھىم ئارخېئولوگىيىلىك ئىزلارنىڭ تېپىلغانلىقى دۇنياغا مەلۇم بولغاندىن كېيىن، دۇنيادىكى تەرەققىي تاپقان بارلىق كاپىتالىستىك ئەللەر، مەسىلەن، ئەنگلىيە، روس-

يە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە، ئامېرىكا قاتارلىق مەملىكەتلەرنىڭ ھەممىسىدە شىنجاڭ تارىخى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك پەن تارماقلىرىغا دائىر تەتقىقات دولقۇنى كۆتۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقىمۇ خەلقئارا خاراكتېرلىق بىر ئىلىمگە ئايلاندى. تاكى ھازىرغا قەدەر، بۇ مەملىكەتلەر شىنجاڭ تارىخى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك باشقا پەن تارماقلىرىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلماقتا. ئۇلاردا كۆپ خىلدىكى تەتقىقات ئاپپاراتلىرى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بىر قەدەر چوڭ كۆلەمدىكى تەتقىقات قوشۇنىغا ئىگە. ئۇلار ماتېرىيال توپلاش، كىتاب - ژۇرناللارنى كۆپلەپ نەشر قىلىش ئۈچۈن تېگىشلىك كۈچ سەرپ قىلىۋاتىدۇ. ئىلمىي تەتقىقات ۋاستىلىرىمۇ كۈندىن - كۈنگە ئىلغارلىشىۋاتىدۇ. ئۇلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئەكسىچە، بىز كۆپ دەرىجىدە ئارقىدا قالدۇق. بىزنىڭ بۇنداق ئارقىدا قېلىشىمىز، دەرۋەقە، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئارقىدا قالغانلىقىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك؛ لېكىن بۇنىڭدا يەنە باشقا سەۋەبلەرنىڭ بارلىقىنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاساسلىقى لىن بياۋ ۋە "4 كىشىلىك گۇرۇھ" نىڭ بۇزغۇنچىلىقى ھەمدە ئۇلار يۈرگۈزگەن ئىنتايىن سولچىل لۇشيەننىڭ كاشىلىسىدىن ئىبارەت. ھازىر لىن بياۋ ۋە "4 كىشىلىك گۇرۇھ" تارىخنىڭ ئەخلەت دۆۋىسىگە سۈپۈرۈپ تاشلاندى، ئەمدى ئۇنداق قالاق ھالەتنىڭ يەنە داۋاملىق ساقلىنىپ تۇرۇۋېرىشىگە يول قويۇشقا بولمايدۇ. بىز ئورنىمىزدىن دەس تۇرۇپ، ئالغا كەتكەنلەرگە تېزدىن يېتىشىۋېلىشىمىز كېرەك.

بىزنىڭ شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا بىرمۇنچە پايدىلىق شەرت - شارائىتلار بار. بىزدە ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكى بار؛ بىز بۇ تېلېسكوپ ۋە مىكروسكوپنىڭ ياردىمى بىلەن ئىگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرەلەيمىز، تارىخنى چوڭقۇر كۆزىتىپ، تارىخىي جەرياننىڭ ماھىيىتىنى ئىگىلىيەلەيمىز. بىز مۇشۇ زېمىندا ياشاۋاتقىنىمىز ئۈچۈن، بۇ يەرنىڭ تەبىئىي شارائىتى بىلەن پىششىق تونۇشىمىز، بۇ يەردىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن زىچ باغلىنىشقا ئىگىمىز. قىسقىسى، شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى بىلەن پىششىق تونۇشقانلىقىمىز، شىنجاڭنىڭ ئۆتمۈشىنى بىلىش ئۈچۈنمۇ چوقۇم زور ياردىمى بولىدۇ. بىز يەنە يېڭى تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنى ئىگىلەش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش، يەرلىك مىللەتلەرنىڭ يازما ماتېرىياللىرىنى ئىگىلەش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش جەھەتلەردىمۇ ئالاھىدە ئەۋزەل شەرت - شارائىتلارغا ئىگىمىز. بىز ھازىر مەلۇم دەرىجىدە ماتېرىياللارنى توپلىدۇق ۋە ئىگىلىدۇق، بۇرۇنقىلارنىڭ ۋە چەت ئەللىكلەرنىڭ پايدىلىق تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلىش جەھەتتىمۇ بىرمۇنچە خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق، ئۆزىمىزنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىدىمۇ دەسلەپكى قەدەمدە نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى، بۇ جەھەتتە بىزنىڭ ئىشەنچىمىز كامىل. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئېلىمىزدە سوتسىيالىستىك 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئىلمىي تەتقىقات قوشۇنىمىز مۇقەررەر يوسۇندا قەدەممۇقەدەم زورىيىدۇ، ئىلمىي تەتقىقات ۋاستىلىرىمىزمۇ مۇقەررەر يوسۇندا قەدەممۇ - قەدەم ياخشىلىنىپ بارىدۇ. بىزنىڭ ئىستىقبالىمىز پارلاق. بىراق، شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز لازىمكى، شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئۇنچىلا ئاسان ئىشمۇ

ئەمەس. تارىخ ئىلمى ئەمەلىيەتتە ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىق بىر پەن. تارىخ تەتقىقاتى جەھەتتە نەتىجە ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، كۆپ تەرەپلىمە بىلىملەرنى توپلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئادەتتىكى تارىخىي بىلىملەر (مەسىلەن، سىياسى، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بىلىملەر) نى ئىگەللىگەندىن تاشقىرى، يەنە باشقا پەن تارماقلىرى جەھەتتىكى بىلىملەرنىمۇ قانچىكى كۆپ بىلسەك شۇنچە ياخشى بولىدۇ. شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ ئوخشاشلا، ئارخېئولوگىيىلىك بىلىملەرگە ئىگە بولۇشىمىز، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ قەدىمقى تارىخ ئىزلىرى ۋە قېزىپ چىقىلغان مەدەنىي يادىكارلىقلىرى ئۈستىدە كۆپرەك ۋە بىر قەدەر چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشىمىز لازىم؛ تىلشۇناسلىق جەھەتتىكى بىلىملەرگە ئىگە بولۇشىمىز، بولۇپمۇ شىنجاڭ تارىخىدا ئۆتكەن ۋە ھازىر بار بولغان مىللەتلەرنىڭ تىللىرى، ئۇلارنىڭ تارىخىي ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى جەھەتتە ئومۇمىي چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشىمىز لازىم؛ مىللەتشۇناسلىق جەھەتتىكى بىلىملەرگە ئىگە بولۇشىمىز، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ قەدىمقى ۋە ھازىرقى مىللەتلىرى، ئۇلارنىڭ تارىخىي ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى جەھەتتە بىرقەدەر چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشىمىز لازىم؛ دىنشۇناسلىق جەھەتتىكى بىلىملەرگە ئىگە بولۇشىمىز، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ تارىختىكى ۋە ھازىرقى دىنلىرى، ئۇلارنىڭ تارىخىي ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى جەھەتتىكى ماتېرىياللارنى ئىگەللىشىمىز لازىم؛ ئىجتىمائىيات (سوتسىئولوگىيە) جەھەتتىكى بىلىملەرگە ئىگە بولۇشىمىز، بولۇپمۇ شىنجاڭدا ئىجتىمائىي تەكشۈرۈشنى ئېلىپ بېرىشىمىز ھەمدە ئىجتىمائىي تەكشۈرۈشتە ئىگەللىگەن ماتېرىياللارنى تەتبىق قىلىشقا ماھىر بولۇشىمىز لازىم؛ ئەدەبىيات - سەنئەت جەھەتتىكى بىلىملەرگە ئىگە بولۇشىمىز، بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى، كېلىپ چىقىش مەنبەلىرى ۋە تارىخىي جەھەتتىكى بىلىملەرنى ئىمكان قەدەر كۆپرەك ئىگەللىشىمىز لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە تەبىي پەنلەر جەھەتتىمۇ ئاز - تولا بىلىمگە ئىگە بولۇشىمىز، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ تەبىي شارائىتى، شىنجاڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تېخنىكا تەرەققىياتىغا دائىر بىلىملەردىن كۆپرەك خەۋەردار بولۇشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشىمىز، ھەقىقىي رەۋىشتە پۇختا ئۆگىنىشىمىز، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا، يەنە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىرمۇنچە ئالاھىدە قىيىنچىلىقلارغا دۇچكېلىشىمىز مۇمكىن. مەسىلەن ئەينى بىر مىللەت، بىر قەبىلە، بىر جاي، بىر شەخسنىڭ ناملىرىنىڭ يېزىلىشى ئوخشاش بولماسلىق ئەھۋاللىرى ئۇچراپ تۇرىدۇ. بىر سۇلالىدا يېزىلغىنى بىلەن ئىككىنچى بىر سۇلالىدا يېزىلغىنى، بىر خىل يېزىقتا يېزىلغىنى بىلەن ئىككىنچى بىر خىل يېزىقتا يېزىلغىنى ئوخشىمايلا قالماستىن، بەلكى ئەينى بىر سۇلالىدا، ھەتتا ئەينى بىر كىتابتا يېزىلغىنى ئوخشاش بولماسلىق ئەھۋاللىرىمۇ كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭدەك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئىلگىرى ئۆتكەن جۇڭگو ۋە چەتئەل ئالىملىرى بىرمۇنچە خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، خېلى كۆپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە بىرمۇنچە مەسىلىلەر تېخى ھەل بولۇپ كەتكىنى يوق. ھەل بولدى، دېگەن بەزى مەسىلىلەرنىمۇ ھەقىقىي رەۋىشتە ھەل بولغانلىقى ناتايىن. مانا بۇ ھال

بىزنىڭ زېرىكمەستىن، تەكرار - تەكرار، ھەتتا بەزىدە ئىنتايىن «مۇشەققەتلىك» دەللەش خىزمىتىنى ئىشلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق دەللەش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىگەندىلا، ئاندىن يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئاشۇنداق ئەينى بىر مەسىلە ئۈستىدىكى ئوخشاش بولمىغان خاتىرىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. يەنە ئالايلۇق، شىنجاڭ تارىخىغا دائىر يازما خاتىرىلەردە، ئىجتىمائىي ئىقتىسات جەھەتتىكى ماتېرىياللار ئىنتايىن كەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىلگىرى ئۆتكەن جۇڭگو ۋە چەتئەل ئالىملىرىنىڭمۇ بۇ تەرەپتىكى مەسىلىلەرگە ئەھمىيەت بېرىشى ناھايىتى كەم بولغان. ھالبۇكى، ماركسىزمچە تارىخشۇناسلىق بولسا، ئىجتىمائىي ئىقتىساتنى ئۇزىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قىلىدۇ. مانا بۇ ھال بىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى ماتېرىياللارنى قاتتىق كۈچ سەرپ قىلىپ قېزىشىمىزنى، تۈرلۈك تارىخىي ئەسەرلەر ئىچىدىن ئىزلەپ تېپىشىمىزنى، تۈرلۈك ماتېرىياللارنى تۈجۈپلەپ كۆرۈپ ئىزدىنىپ، بىر تال - يېرىم تالدىن بولسىمۇ يىغىپ توپلاپ چىقىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بولۇپمۇ، ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ئىچىدىن ئىزدىنىشىمىز، كونا مىس، ئەسكى تۆمۈر - تەسكىلەر، ياتا پەشتىق خىش، پۈچۈق ساپاللار ئىچىدىن، ئاسارە - ئەتىقە ئىزلىرىدىكى يېرىم - ياتا خاتىرە پۈتۈكلەردىن سىنچىلاپ ئىزدىنىشىمىز لازىم. شۇنىڭدەك، شىنجاڭ تارىختىن بۇيان تۈرلۈك سىياسىي كۈچلەر تالاش - تارتىش قىلىپ توقۇنۇشۇپ كەلگەن جاي بولۇپ، شىنجاڭ تارىخىدا يۈز بەرگەن تۈرلۈك سىياسىي كۈرەشلەر — مەيلى سىنىپىي كۈرەش بولسۇن ياكى مىللەتلەر ۋە دىنلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بولسۇن (سىنىپىي جەمئىيەتتە، بۇ كۈرەشلەر تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، يەنىلا سىنىپىي كۈرەشتىن ئىبارەت)، كۆپىنچە شۇ چاغدىكى مەملىكەت ئىچىدىكى ۋە خەلقئارادىكى كۈرەشلەر بىلەن باغلىنىپ كەتكەن. بولۇپمۇ يېقىنقى زامانغا كەلگەندە، مۇستەملىكىچىلەر ۋە جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭنى تالىشىش ھەرىكەتلىرى شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتكەن. شۇڭا، بۇ سىياسىي كۈرەشلەرنىڭ قانداق باشلىنىپ قانداق ئاخىرلاشقانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىش ئۈچۈن، بەزىدە كۈرەشنىڭ يىپ ئۇچىنى بويلاپ ئىچكى ئولكىلەرگە بېرىپ، ئۇنىڭ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈشكە، بەزىدە ھەتتا "بىرقانچە دۆلەت"لەرگە بېرىپ ئايلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا، يالغۇز شىنجاڭ تارىخىغا دائىر بىلىمنىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ.

شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقىنىڭ يۇقىرى پەللىگە ئورلەش ئۈچۈن، بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.

ئېزىز يۇسۇپ تەرجىمىسى

# تۇخار تىلى ۋە نىيە قارا تىلى

1979 - يىلى 29 - ئاۋغۇست ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي دوكلات يىغىنىدا قىلىنغان دوكلات

جى شيەنلىن

يولداشلار، بۈگۈن «تۇخار تىلى ۋە نىيە قارا تىلى» دېگەن تېمىدا سۆزلەيمەن.

ئۆتكەنكى نەچچە ئون يىل داۋامىدا ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىمنىڭ بەزىلىرى شىنجاڭ بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك، بەزىلىرى ۋاستىلىق ھالدا مۇناسىۋەتلىك بولغىنى ئۈچۈن، شىنجاڭغا ئائىت نۇرغۇنلىغان تارىخى، سىياسى ۋە ئىقتىسادىي ماقالىلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، شىنجاڭ بىر گۆھەر جاي ئىكەن دېگەن چۈشەنچىگە كەلدىم. بۇنداق جاي — جۇڭگودا بىر، دۇنيادىمۇ بىر. بۇ سۆزۈمنىڭ مەنىسى نېمە؟

دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بۇ سۆزۈمنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋالالايسىلەر.

شىنجاڭنى نېمە ئۈچۈن گۆھەر جاي دەيمىز؟

دۇنيا مەدەنىيىتىدىن ئالغاندا، جۇڭگونىڭ، قەدىمقى يۇنانىنىڭ ۋە قەدىمقى ھىندىستاننىڭ مەدەنىيىتى ئۈچ چوڭ دۇنياۋى مەدەنىيەت دېيىلىدۇ. بۇ ئۈچ چوڭ مەدەنىيەتنىڭ ئۇچراشقان، قوشۇلغان جايى شىنجاڭ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھەر خىل تىللار، يەنى ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى تىللار، سام سىستېمىسىدىكى تىللار، باشقا نۇرغۇن تىللار بىلەن شىنجاڭدا ئۇچراشقان. بۇنداق ئەھۋالنى شىنجاڭدىن باشقا جايدا تاپقىلى بولمايدۇ.

ئەدەبىيات - سەنئەت، دىن جەھەتتىمۇ ئەھۋال شۇنداق. دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىن — ئىسلام دىنى، بۇددا دىنى، خرىستىيان دىنلىرىمۇ شىنجاڭدا ئۇچرىشىپ ئۆزئارا تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنداق ئەھۋالنى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىن تاپقىلى بولمايدۇ. شۇڭا مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، جۇڭگو بىلەن باشقا دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشتا شىنجاڭ ئىنتايىن مول ماتېرىيالغا ئىگە. ئەلۋەتتە، بۇ شىنجاڭ بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. يەنە ياپونىيە، جەنۇبىي ئاسىيامۇ بار. لېكىن شىنجاڭ ئىنتايىن مۇھىم ۋە ھالقىلىق جاي بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يېقىندا مەن شۇنى ھېس قىلدىمكى، پۈتۈن دۇنيادىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىدا ئىككى ئاساسىي خاھىش بار: بىرى ئۇنىۋېرسال تەتقىق قىلىش بولۇپ، بۇنىڭدا پەننىڭ بىر تارمىقىنىلا تەتقىق قىلمايدۇ. تىلشۇناسلىق بىر تارماق، ئەدەبىي ئەدە-

بىيات بىر تارماق، سىياسى - ئىقتىسات بىر تارماق، تارىخ بىر تارماق ھېساپلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنىۋېرسال دېيىلىدۇ.

يېقىندا خەلقارادا ئىككى پەن گۈللىنىشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىرى دۇنخۇاڭشۇناسلىق، يەنە بىرى يىپەك يولى شۇناسلىقى.

يولداشلار دۇنخۇاڭنى بىلىدۇ، ئۇ شىنجاڭ بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. يىپەك يولىنىڭ خېلى ئۇزۇن قىسمى شىنجاڭدىن ئۆتىدۇ. بۇ پەن ئۇنىۋېرسال پەن بولۇپ، بۇ سىياسى - ئىقتىساتنى، شۇنىڭدەك تارىخ، دىن، ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە تىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ پەن ھازىر دۇنيادا، بولۇپمۇ ئىجتىمائى پەن جەھەتتە بىر قەدەر گەۋدىلىك. يەنە بىرى بولسا، سېلىشتۇرما تەتقىقات بولۇپ، ئۇ، سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق، سېلىشتۇرما دىنشۇناسلىق، سېلىشتۇرما ئەپسانەشۇناسلىق، سېلىشتۇرما ئەدەبىياتشۇناسلىقتىن ئىبارەت. بۇ خىل سېلىشتۇرما تەتقىقاتمۇ ھازىر دۇنيادا بىر مۇھىم يۈزلىنىش بولماقتا. بۇ ئۇنىۋېرسال تەتقىقات بىلەن سېلىشتۇرما تەتقىقات، نۆۋەتتە، دۇنيا بويىچە ئىجتىمائى پەندىكى ئىككى چوڭ ئاساسىي ئېقىم ھېساپلىنىدۇ. لېكىن شەرت - شارائىت جەھەتتىن ئېيتقاندا، مەيلى ئۇنىۋېرسال تەتقىقات بولسۇن ياكى سېلىشتۇرما تەتقىقات بولسۇن، شىنجاڭ ئەڭ ياخشى جاي ھېساپلىنىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك ھەر خىل دىن، ھەر خىل سەنئەت، ھەر خىل ئىدىيە، ھەر خىل تىللار قەدىمقى زاماندا شىنجاڭدا بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشقان.

بۇرۇن مەن شىنجاڭغا كېلىپ باقمىغان، بۇ بىرىنچى قېتىم كېلىشىم. مەن شىنجاڭنىڭ ھەقىقەتەن بىر ياخشى جاي ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماقتىمەن. بۇ جاينىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى ناھايىتى زور. بىز قايتىپ بارغاندىن كېيىن، تېخىمۇ كۆپ يولداشلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ بۇ جايدىكى 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى، بۇ جايدىكى ئارخېولوگىيە خەزىنىلىرىنى، ئىجتىمائى پەن جەھەتتىكى تەتقىقاتلارنى كۆزدىن كەچۈرۈشى ئۈچۈن، شىنجاڭنى تەرىپلەپ بېرىمىز. ھازىر مەن تىل جەھەتتىن ئىككى خىل تىل ئۈستىدە يولداشلار بىلەن پىكىرلەشمەكچىمەن.

بۇنىڭ بىرى توخار تىلى، يەنە بىرى نىيە قارا تىلى دېيىلىدۇ. بۇ تىللىنىڭ ھەر ئىككىلىسى شىنجاڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئەمما بۇ ئىككى تىلنى بۇرۇن ھېچكىم بىلمەيتتى. بۇندىن 80 يىل بۇرۇن بۇ ئىككى تىلنىڭ بارلىقى دۇنياغا مەلۇم ئەمەس ئىدى. شىنجاڭدا يەر ئاستىدىن ئەنە شۇ ئىككى خىل تىلدا يېزىلغان، چىرىپ پۇرۇچلىنىپ كەتكەن نۇرغۇن يازما ماتېرىياللار قېزىپ چىقىلدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر دۇنيادا بۇ ئىككى خىل تىلنىڭ بولغانلىقىنى بىلدى. بۇرۇن بۇنى بىلمەيتتى. بۇ ئىككى خىل تىل دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدە بولمىغان، ئۇلار بىزنىڭ شىنجاڭدىلا تېپىلدى، شۇڭا، مەن بۇ ئىككى تىلنىڭ قىسقىچە ئەھۋالىنى يولداشلارغا سۆزلەپ ئۆتمەكچىمەن. بۇ پەقەت بىر ئادەتتىكى ساۋات بولۇپ قالار، قالتىس دېگىدەك مەزمۇنىمۇ يوق.

بىرىنچى، توخار تىلى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن. ئالدى بىلەن نام مەسىلىسىنى سۆزلەيمەن. توخار دېگەن بۇ نام توغرىمۇ - يوق؟ يولداشلارغا مەلۇم، بىزنىڭ بۇ ئەسىردە، يەنى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، چەتئەللىكلەر، ياۋروپالىقلار شىنجاڭدا قېزىش ئىش-

لىرىنى ئېلىپ بېرىپ نۇرغۇنلىغان نەرسىلەرنى تاپتى. توخار تىلىدا ئىشلىتىلگەن ھەرپلەر براھما يېزىقى بولۇپ، بۇ يېزىق سولدىن ئوڭغا يېزىلىدۇ، يېزىقنى كىشىلەر بىلىدۇ، لېكىن تىلىنىچۇ؟ بىلمەيدۇ. يولداشلارغا مەلۇم، ئىنگلىز تىلىدا لاتىن يېزىقى قوللىنىلىدۇ، فرانسۇز، نېمىس تىللىرىدىمۇ لاتىن يېزىقى قوللىنىدۇ. بىز بۇ يېزىقنى بىلىمىز، ئەمما تىلنى بىلىشىمىز ناتايىن. توخار تىلىنىچۇ؟ يېزىقنى بىلىمىز تىلنى بىلمەيمىز. شۇڭا ئەينى ۋاقىتتا گېرمانىيىلىك لېئۇمان (Leumann) بۇ خىل تىلغا نام بەردى، يەنى بىرىنچى خىل تىل دەپ نام بەردى، لېكىن ئۇ بۇنىڭ قانداق تىل ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. 1907 - يىلىغا كەلگەندە، گېرمانىيىلىك ئې.ۋ.ك.مېيۇللېر (E·W·K·Müller) بۇ تىلنى توخار تىلى دەپ ئاتىدى، 1908-يىلى باشقا ئىككى گېرمانىيىلىك ئالىم ئې. سىگ (E. Sieg) بىلەن ۋ. سىگلىڭ (W. Siegling) بۇ نامغا قوشۇلۇپ، بۇ تىلنى توخار تىلى دەپ ئاتىدى. 1913 - يىلىغا كەلگەندە، فرانسىيىلىك س. لېۋى (Sylvain Levi) دىگەن بىر ئالىم توخار تىلى B نى كۇسەن (كۇچار) تىلى دىيىش كېرەك، دەپ قارىدى. 1921 - يىلىغا كەلگەندە، سىگ بىلەن سىگلىڭ توخار تىلى A نى سۈرەتكە ئېلىپ نەشر قىلدى.

براھما يېزىقىنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى لاتىن ھەرپى بىلەن ترانسكرىپسىيەبېرىپ نەشر قىلدى. 1931 - يىلىغا كەلگەندە، سىگ بىلەن سىگلىڭ توخار تىلى گىرامماتىكىسىنى نەشر قىلدى. 1907 - يىلىدىن 1931- يىلىغا كەلگەندىلا، ئاندىن توخار تىلى گىرامماتىكىسى نەشر قىلىندى. توخار گىرامماتىكىسى، ئەمەلىيەتتە توخار تىلى A دىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدا توخار تىلى B ناھايىتى ئاز ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، توخار تىلى A غا ئائىت يازما ماتېرىياللارنىڭ كۆپ قىسمى گېرمانىيىنىڭ بېرلىن شەھىرىدە ساقلانغان. توخار تىلى B — لېۋى توخار تىلى B دەپ ئاتىغان يازما ماتېرىياللار يەنى لېۋى كۇچار تىلى دەپ ئاتىغان يازما ماتېرىياللار ئاساسەن پارىژ شەھىرىدە ئىدى. نېمىسلار بىلەن فرانسۇزلار ھەرقايسى بىر تەرەپنى ئىگىلىۋېلىپ ماتېرىياللارنى قاتتىق قامال قىلىپ، بىر بىرىگە بەرمىگەن. 1936 - يىلىغا كەلگەندە، ئەنگلىيىلىك ئالىم ھ. ۋ. بايلېي (H. W. Bailey) توخارتىلى A نى "كىنگىت (قاراشەھەر) تىلى" توخار تىلى B نى "كۇچار تىلى" دىيىش كېرەك دەپ قاراپ، توخار تىلى دىگەن بۇ نامنى ئىشلەتمەسلىكنى تەشەببۇس قىلدى. نەتىجىدە بىر مەيدان قەلەمكەشلىك دەۋاسى يۈز بەردى. سىگ بىلەن سىگلىڭ توخار تىلى دىگەن نامنى قوللىنىشتا چىڭ تۇردى. باشقا دۆلەتلەر، بولۇپمۇ فرانسىيە بىلەن ئەنگلىيە توخار تىلى دەپ ئاتاش توغرا بولمايدۇ، توخار تىلى A نى قاراشەھەر تىلى، توخار تىلى B نى كۇچار تىلى دىيىش كېرەك، دەپ قارىدى. بۇ ئارىلىقتا يەنە نەچچە 10 يىل ئۆتۈپ كەتتى، ھازىر قارىغىنىمىزدا، توخار تىلى دىگەن بۇ نام مۇۋاپىق ئەمەستەك تۇرىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى ئۇنىڭدا سوزلەنگەن ئەھۋال «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەرپكە قىلىنغان ساياھەت خاتىرىسى» دىكى بايان قىلىنغان ئەھۋالغا ئويغۇن كەلمەيدۇ. ئەندى زادى قانداق بولۇشى كېرەك؟ بۇنىڭغا بىر نېمە دىيىش تەس. ئۆز خاھىشىمدىن ئېيتقاندا، توخار تىلى A نى قاراشەھەر تىلى دىيىشكە مايىلمەن. چۈنكى بۇ تىلغا ئائىت يازما ماتېرىياللار قاراشەھەر ناھىيىسىدىن تېپىلدى. كۇچار تىلى بولسا، كۇچار-

دىن تېپىلدى. بۇ ئىسىملارنى تېپىلغان جايىغا قاراپ ئاتاش بىر قەدەر مۇۋاپىق. لېكىن بۇنىڭدا يەنە بىر مەسىلە بار، چۈنكى بۇ ئىككى تىل ھەقىقەتەن بىر-بىرىگە ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. A ۋە B توخار تىللىرى دىگەندە، كىشىلەر بىر قاراپلا ھەر ئىككىسىنىڭ توخار تىلى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۇلار ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدۇ ۋە بىر-بىرىگە ناھايىتى يېقىن كېلىدۇ، پەرقى ئانچە چوڭ ئەمەس. قاراشەھەر تىلى، كۇچار تىلى دىگەندە بولسا، بۇنداق مۇناسىۋەتنى كورگىلى بولمايدۇ. بۇ مەسىلىنى زادى قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟ ھازىرچە جاۋاپ بېرىش تەس. بۇ يەردە ئاساسەن توخار تىلى دىگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشىنى يولداشلارغا ئازراق سوزلەپ ئوتتۇم.

ئىككىنچى مەسىلە. توخار تىلىنىڭ تېپىلغىنىنىڭ جۇڭگو ۋە دۇنيانىڭ پەن-تەتقىقاتىدا قانداق ئەھمىيىتى بارلىقى، يەنى توخار تىلىنىڭ تېپىلغانلىقىنىڭ مۇھىملىقىنى سوزلەپ ئوتمەكچىمەن. بۇ ھەقتە ئىككى مەسىلىنى سوزلەيمەن. ئۇنىڭ بىرى، بۇنىڭغا سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن قاراش مەسىلىسى، بىز ئادەتتە ئېيتىپ يۈرگەن سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق، ئەمەلىيەتتە ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقىدىن ئىبارەت.

ھىندىستان شەرقتە، ياۋروپا بولسا غەرپتە. دەسلەپكى چاغلاردا مەيلى ھىندىلار، مەيلى ئىنگلىزلار، نېمىسلار، فرانسۇزلار بولسۇن، ھېچقايسىسى ئۇزلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇ باغلىنىش بارلىقىنى ئويلىمىغان ئىدى. شۇنىڭدەك غەرپلىكلەر ھىندىلارنى كوزگە ئىلمايتتى. ئۇلارنىڭ چىرايىنى قارا دەپ قاراپ: بىز سىلەرنى بويسۇندۇرغان، سىلەر بولساڭلار بىزنىڭ مۇستەملىكىمىز دەپ ئۇلارنى مەنسىتمەيتتى، كېيىنكى كۇنلەردە بەزى ياۋروپالىقلار، تىل جەھەتتىن قارىغاندا، ھىندى تىلىنىڭ ياۋروپا تىللىرى بىلەن تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى بايقاپ قالدى. مەن بۇ مىساللارنى سوزلەپ ئولتۇرمايمەن، سوزلىسەك گەپ ناھايىتى جىق. ئىنگلىز تىلى، نېمىس تىلى، فرانسۇز تىلى، رۇس تىلى، ئىسپان تىلى، ئىتالىيە تىلى، پورتۇگالىيە تىلىنىڭ ھىندى تىلى بىلەن تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى بار. بۇ ئىش ئەنگلىيىگە قارىتا ئېيتقاندا، بولۇپمۇ ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارىتا ئېيتقاندا، ئۇلارنى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويدى، ئۇلار ئەسلى ھىندىستانلىقلارنى كوزگە ئىلمايتتى، سىلەر تۆۋەن دەرىجىلىك ئادەملەر، سىلەرنى بىز بىلەن تەڭ قويۇشقا بولمايدۇ، دەيتتى. نەتىجىدە نىمە بولدى؟ ئەسلى تۇغقان ئىكەنلىكى، بىر ئائىلە ئادەملىرى ئىكەنلىكى ئايان بولدى. شۇڭا ئەنگلىيىلىكلەر ناھايىتى تەڭلىكتە قالدى، بۇنىڭغا ئامال يوق، پاكىت ئەنە شۇنداق.

تىل بىلەن مىللەت بىر نەرسىمۇ؟ بۇ مەسىلىدە مۇنازىرە بار. مېنىڭ قارىشىمچە، تىل بىلەن مىللەت ئوتتۇرىسىغا تەڭلىك بەلگىسى قويغىلى بولمايدۇ. بەزى مىللەتلەر ئوز تىلىنى تاشلاپ باشقا تىلنى قوللانغان ئەھۋاللارمۇ بار، بۇ ئەھۋال ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، تىل بىلەن مىللەت ئوتتۇرىسىغا تەڭلىك بەلگىسى قويۇشقا بولمايدۇ. ئەمما ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ تىل بىلەن مىللەت ئوتتۇرىسىغا تەڭلىك بەلگىسى قويۇشقا تېگىشلىك. بۇنىڭدا مۇنداق بىر جەريان بولغان ئىدى. بۇ جەرياننى ئەڭ دەسلەپ 16 - ئەسىردە ئىتالىيىلىك بىر پوپ ھىندىستاننىڭ گوئا دىگەن يېرىدە دىن تارقىتىپ يۈرگەندە، ھىن-

دى تىلىنىڭ ئىتالىيە تىلى ۋە ياۋروپا تىلى بىلەن تۇققاندىلىق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى بايقىغان ئىدى.

1786 - يىلىغا كەلگەندە، ئەنگلىيىلىك جامىس ھىندى تىلى بىلەن ياۋروپا تىللىرىنىڭ مەنبەئى بىر دەپ قاراپ، بۇ مەسىلىنى رەسمى ئوتتۇرىغا قويدى. 19 - ئەسىرگە كەلگەندە، پۈتۈن دۇنيادا سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقتىن ئىبارەت يېڭى بىر پەن گۈللىنىشكە باشلىدى. يۇقۇرىدا مەن سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقى، ئەمەلىيەتتە، ھىندى - ياۋروپا تىللىرىنىڭ سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتتۈم. كېيىنكى كۈنلەردە باشقا تىل سىستېمىلىرى بۇنىڭغا قارشى چىقىپ، بۇنىڭدا بىر ئاز زوراۋانلىق بار، بىرلا ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىنى قانداقمۇ سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق دېگىلى بولسۇن؟ بۇنى ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسى سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقى دېيىش كېرەك دېيىشتى. سام تىل سىستېمىسىنىمۇ سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق دېيىشكە بولىدۇ. ھازىر ئادەتتە سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق دېگەندە، ئومۇمەن ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

پۈتۈن 19 - ئەسىردە نېمىسلار، فرانسۇزلار، ئەنگلىزلار، ئامېرىكىلىقلار بىر تەرەپتىن ھىندى تىلى، يەنە بىر تەرەپتىن ياۋروپا تىلى ئۈستىدە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، بۇ ئىككى خىل تىلنىڭ ھەقىقەتەنمۇ مەنبەسى بىر ئىكەنلىكىنى ئېنىق ۋە توغرا ئىسپاتلاپ چىقتى. بۇ شەك-شۈبھىسىز. ئۇلار بەزى قانۇنىيەتلەرنى تاپتى. پۈتۈن 19 - ئەسىردە بۇ ئىش ناھايىتى گەۋدىلىك بولدى. ئېنگېلس ئەينى ۋاقىتتا ماركس بىلەن كېلىشىپ ئىككىسى ئىش تەقسىم قىلىۋالغان ئىدى. ماركس مەخسۇس سىياسى ئىقتىسات بىلەن شۇغۇللاندى، ئېنگېلس ھەربى ئىشلار ۋە تىل بىلەن شۇغۇللاندى. ئېنگېلس 19 - ئەسىردە تەرەققى قىلغان سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىققا ئەھمىيەت بېرىپ بەزى تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇنىڭ كۈندىلىك خاتىرىلىرى ۋە خەت - چەكلىرىدىن قارىغاندا، ئېنگېلس سانسكرىت تىلىنى ئۆگەنگەن ئىكەن.

ئەينى ۋاقىتتا، تەخمىنەن مۇنداق بىر خۇلاسىغا، يەنى ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى نۇرغۇنلىغان مىللەتلەر — فرانسۇزلار، نېمىسلار، ئىتالىيانلار بىر ئورتاق ئاتا - بوۋا، ئورتاق ئەجداتتىن تارالغان دېگەن خۇلاسىغا كېلىنگەن ئىدى. لېكىن ئۇزۇن مۇددەتلىك تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، مۇنداق بىر خىل ئەھۋال بارلىقى بايقالدى، يەنى بىر غەربىي تارماق، بىر شەرقىي تارماق بار بولۇپ چىقتى: ياۋروپا غەربىي تارماق، ھىندىستان شەرقىي تارماق بولدى. شەرقىي تارماق بىلەن غەربىي تارماقنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقى بايقالدى. ئۇلار "يۈز" دېگەن بۇ سۆزنى ئېلىپ تەكشۈردى. غەربىي تارماقتا بۇنى **Centum** دەيدۇ، غەربىي تارماقتا بۇنى **Sentum** دەيدۇ، ئۇلار تاۋۇش ئالمىشىش قانۇنىيىتىدىن بۇنداق بىر نەچچە نۇقتىنى خۇلاسىلاپ چىقتى. ئۇلار S بىلەن Cنى بىر ئورتاق مەنبە، يەنى ئىپتىدائى ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى بىر تاۋۇشتىن كەلگەن، كېيىن تەرەققى قىلىپ مۇشۇنداق ئىككى گۇرۇپپىغا ئايلانغان، دەپ قارىدى. ئۇ بىر خىل ۋەكىل بولۇش سۈپىتى بىلەن بىز ئېيتقاندەك ئۇنچىۋالا ئاددى ئەمەس. ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تاۋۇش ئالمىشىش قانۇنىيىتى بار. نەتىجىدە ئەنە شۇنداق بولغان ئىدى. مەسىلەن ئېيتايلى، شەرقتە، ھىندىس-

تىلىدا يۈز سۆزى Sida ياكى Cida دېيىلىدۇ. رۇس تىلىمۇ شەرقىي تارماق بولۇپ، ئۇنىڭدا يۈز سۆزى Com دېيىلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا 19 - ئەسىردىكى تەتقىقات نەتىجىسىدە، شەرق بىلەن غەرب ناھايىتى ئېنىق ئايرىلغانىدەك، تاۋۇش ئالمىشىش قانۇنىيىتى ناھايىتى ئېنىق بولۇنگەندەك ئىدى. بىزچىمۇ بۇ ناھايىتى تەبىئىي ئىش ئىدى. ئۇنداق بولسا، بۇ تىل زادى قايەردە پەيدا بولغان؟ بۇ ئۆز ۋاقتىدا ناھايىتى چوڭ مۇنازىرە قوزغىغان ئىدى، بۇ يەردە بۇنى تەپسىلىي سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن. ھىندى - ياۋروپا دېگەندە، بۇنىڭ بىرى ھىندىستان، بىرى ياۋروپا ھېساپلىنىدۇ. ئەسلى بۇلارنىڭ مەنبەسى بىر ئىدى. بۇ مەنبە زادى قايەردە دېگەن مەسىلىدە قاتتىق تالاش - تارتىش بولدى، ھازىرمۇ تېخى بىر خۇلاسىغا كېلىنگىنى يوق. بۇنىڭغا ھازىر يۈز يىلچە بولدى. خۇلاسە چىقمىدى. مەنبە قايەردىلىكى تېخى مەلۇم ئەمەس. لېكىن گېتلېرغا كەلگەندە، ئۇ، ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ ئەسلى يۇرتى گېرمانىيە، دەيدۇ. بۇ ئاغزىغا كەلگەنچە جۆيلۈش، كىشىلەر بۇنىڭغا كۈلۈپلا قويىدۇ، خالاس. چۈنكى گېتلېرنىڭ ئېيتقىنى ئىلمىي سۆز ئەمەس ئىدى. شۇڭا بۇ مەسىلىدە قاتتىق تالاش - تارتىش بولدى. ھەر قايسىسى ئۆز پىكرىنى بايان قىلدى ھەمدە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يېزىشتى، يېزىلغان ئەسەرلەرنى ھېساپسىز دېيىشكە بولىدۇ، لېكىن ھازىرغىچە خۇلاسە چىقمىدى. بۇنى تەپسىلىي سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن. ئەسلى بۇ خۇلاسىدە مەسىلە يوق دەپ قارالغان ئىدى. چۈنكى غەربتىكىلەر Centom سىستېمىسىغا تەۋە، شەرقتىكىلەر بولسا Satem سىستېمىسىغا تەۋە ھېساپلىناتتى. بۇنىڭدا مەسىلە يوقتەك، ئالەم تىنجىپ قالغاندەك بولغان ئىدى. لېكىن توخار تىلى مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئىش چاتاقلاشتى. توخار تىلى بىزنىڭ شىنجاڭدىن تېپىلدى. بۇ شەرق ھېساپلىنىدۇ. بۇنىڭدا مەسىلە يوق! بىزنىڭ شىنجاڭدىن تېپىلدى. توخار تىلىدا يۈز kant دېيىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كونا روملىقلار سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، سەپ تۈزۈلۈشى قالايمىقانلىشىپ كەتتى، چۈشەندۈرۈشكە بولماي قالدى. ئەسلىدە ناھايىتى ئېنىق، ھەممىسى قائىدىلىك، رەتلىك، ناھايىتى ئېنىق ئىدى. كېيىن توخار تىلىدا يۈز سۆزى kant دېيىلىدىغانلىقى بايقالدى، شۇڭا بۇ سەپ تۈزۈلۈشىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. سەپ تۈزۈلۈشى قالايمىقانلىشىپ كېتىش يامان ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئىلىم - پەن تەتقىقاتىدا، دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەرگە ئوخشاشلا، ئۆزگەرمەسلىكنى تەلەپ قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭدا ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرۇشى مۇقەررەر. شۇڭا بۇ مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بىلەنلا، ئەينى ۋاقىتتىكى ياۋروپا، ئامېرىكا بىلەن شەرقنىڭ ئىلىم - پەن ساھەسى بىر ئاز قالايمىقانچىلىققا چۈشۈپ قالدى. بۇنداق بولۇشى تۇرغان گەپ. چۈنكى ئېنىق شەرھلەپ بېرەلمىدى، بۇ مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، تېخى بۇ مەسىلە ھازىرغىچە ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلىگىنى يوق. بۇنى قاچان ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭغا بىر نىمە دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما مېنىڭچە، ھەممىسى بىرلىككە كېلىپ ئالەم جىمجىت بولۇپ كېتىش ياخشى ئىش ئەمەس.

شۇڭا توخار تىلى تېپىلغاندىن كېيىن، نۇرغۇن تەسىر كۆرسەتتى، نۇرغۇنلىغان

مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئەڭ چوڭ بىر مەسىلە شۇكى، ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمى-
سىنىڭ ئۆتمۈشتىكى بۆلۈنۈشى بۇزۇپ تاشلاندى. بۇ مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟
ھازىرغىچە ھەل قىلىنمىدى. بۇ مەسىلە ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ ئەسلى ماكانى
زادى قەيەردە؟ دېگەن مەسىلە بىلەن تۇتاش. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، بۇ مەسى-
لىگە قانچە ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى شۇنچە مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇ، لېكىن مۇرەككەپلەشكەنسېرى
تەتقىقات شۇنچە چوڭقۇرلىشىدۇ. بۇ يامان ئىش ئەمەس، ياخشى ئىش. توخار تىلىنىڭ تېپى-
لىشى بىزنىڭ ئىلمىي ئىشلىرىمىز ئۈچۈن ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ مەسىلىنى ئوت-
تۇرىغا قويۇش كېرەكمۇ - يوق؟ كۆپچىلىك ئاللىقاچان ھەل بولدى، ئۇجۇر - بۇجۇرى
ئېنىقلاندى، ناھايىتى ئېنىق بولدى، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىش ئۇنداق ئاسان ئەمەس.
بۇ بىرىنچى مەسىلە.

ئىككىنچى مەسىلە، توخار تىلى تېپىلغاندىن كېيىن، يەنى شىنجاڭنىڭ قاراشەھەر تىلى
بىلەن كۇچار تىلى تېپىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ جۇڭگو بىلەن ھىندىستاننىڭ مەدەنىيەت ئالماش-
تۇرۇش مۇناسىۋىتى، بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشىغا قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ھەققىدە
توختىلىپ ئۆتىمەن. مېنىڭ قارىشىمچە، ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. ھەل قىلغۇچ تەسىر
كۆرسەتتى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئۆتمۈشتە كۆپچىلىك بۇددا دىنى خەن مىڭدى پادىشا ۋاقتىدا
جۇڭگوغا كىرگەن، دېيىشكە ئادەتلىنىپ قالغان ئىدى. ھازىر ئادەتتە جۇڭگودا بۇددا دىنى
تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ پاكىت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ.
رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، خەن مىڭدى پادىشا چۈشىدە ئالتۇن ئادەمنى① كۆرگەن، شۇنىڭ
بىلەن غەربتىن ئۆگىنىشكە ئادەم ئەۋەتكەن. بۇنداق دېيىش پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. لېكىن
بۇ يەردە باشتىن - ئاخىر ئېنىق بولماي كېلىۋاتقان بىر مەسىلە بار: بۇددا دىنى جۇڭگوغا
قاچان ۋە قانداق يوللار بىلەن تارقالغان، بىۋاسىتە كەلگەنمۇ ياكى ۋاستىلىق كەلگەنمۇ؟ بۇ مەسىلىدە
ئۆتمۈشتە ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەر بولدى. مېنىڭ قارىشىمچە، يېقىنقى نەچچە ئون يىلدىن
بۇيانقى تېپىلغان ماتېرىياللارغا، بولۇپمۇ شىنجاڭدىن تېپىلغان ماتېرىياللارغا ئاساسلانغان-
دا، دەسلەپتە جۇڭگودا بىر ۋاستىچى بولغان بولۇشى مۇمكىن. ھازىردىن ئېيتقان-
دا، يەنى ھازىرقى بىلىمىمىزنىڭ بېرىپ يەتكەن دائىرىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ۋاستىچى، توخار
تىلىدا سۆزلەشكۈچىلەر بولۇشى ئېھتىمال.

بۇ يەردە مەن يەنە ئىككى ئېغىز سۆز قىستۇرۇپ ئۆتەي. قەدىمقى زاماندا شىنجاڭدا زا-
دى قانچە خىل تىل بولغان؟ بۇنى بىز ھازىر ئېنىق ئېيتالمايمىز. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن
بۈگۈنگىچە 80 يىل بولاي دەپ قالدى. ياۋروپالىقلار، ياپونلار، ئامېرىكىلىقلار، بىزنىڭ شىن-
جاڭدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئېلىپ كەتتى. ئازادلىقتىن كېيىن بىزمۇ بەزى تەتقىقاتلارنى ئې-
لىپ باردۇق، ماتېرىياللار ئاز ئەمەس. تەتقىقات نەتىجىلىرى قانائەتلىنەرلىك دەرىجىگە
يەتتىمۇ؟ 80 يىل — بۇ، خېلى ئۇزۇن ۋاقىت، مېنىڭچە، تېخى ئۇ دەرىجىگە يېتىشتىن خېلى
يىراق. بايا مەن شىنجاڭنىڭ پەن - تەتقىقاتىنىڭ تەرەققىي قىلىش ئىستىقبالى زور دېگەن

① ئالتۇندىن قۇيۇلغان بۇت — ت

ئىدىم. 80 يىلدا ھەل بولمىدى، يەنە 80 يىلدىمۇ تېخى ھەل بولمايدۇ. بۈگۈن مۇشۇ يەردە
ئولتۇرغانلارنىڭ نەۋرىلىرىمۇ ھەل قىلالمايدۇ. شۇڭا، مەن شىنجاڭنىڭ پەن تەتقىقاتى ناھا-
يىتى زور تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە دەيمەن. ئىككى - ئۈچ يۈز يىل ئىشلىسەكمۇ تۈگە-
مەيدىغان خەزىنەتلەر تۇرۇپتۇ. مەن ئىشىنىمەنكى، كەلگۈسىدە بىزنىڭ تاپقان نەرسىلىرىمىز
بارغانچە كۆپىيىدۇ. بۇنىسى شەكسىز. ئۆتكەندە مەن بۇندىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى
بېرلىندا مەللەتلەر موزېيخانىسىنى كۆردۈم. ئۇلار بەزى نەرسىلەرنى بىلىپ بوپتۇ. مەسىلەن،
توخار تىلىنى ئېنىقلاپ چىقىپتۇ، ئۇنىڭ مەنىسىنىڭ نېمىلىكىنى ئاساسەن بىلىپتۇ. ئۇ يەردە
يەنە بىر قىسىم يازما ماتېرىياللار بولۇپ، بۇنىمۇ شىنجاڭدىن ئېلىپ كەتكەن ئىكەن، ھازىر-
غىچە ئۇنىڭ قايسى تىل ئىكەنلىكىنى تېخى بىلەلمىگەن. ھەرپىنى تونۇغان، ئۇ، بىراھما يېزى-
قى ئىكەن. ئەمما تىلىنى بىلەلمەپتۇ. «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربكە قىلىنغان ساياھەت خاتىرى-
سى» دە سۆزلەنگەنلەر بىلەن بىزنىڭ ھازىر بىلىپ يەتكەنلىرىمىز بىر بىرىگە ماس كەلمەي-
دۇ. «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربكە قىلىنغان ساياھەت خاتىرىسى» دە ئېيتىلغان تىل بىز ھازىر
بىلىپ يەتكەن تىللاردىن چىق. شۇڭا، يەنە يېڭى تىللارنىڭ تېپىلىش ئېھتىمالى ناھايىتى چوڭ.
بەزى يەر ئاستىدىن قېزىۋالغانلىرىمىزمۇ بار. لېكىن بىز ئۇنىڭ قانداق تىل ئىكەنلىكىنى
بىلەلمىدۇق، بەزىلىرىنى تېخى قېزىپ چىقمىدۇق. شۇڭا پەن تەتقىقاتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا،
شىنجاڭ زور تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە. يۈز يىل، ئىككى يۈز يىل ئىچىدىمۇ بۇنى ئېنىق-
لاپ چىقالى بولمايدۇ ھەممە بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللانغانسېرى، مەسىلىمۇ شۇنچە كۆپىيىپ
بارىدۇ. قانچە كۆپ بولسا شۇنچە يۈكسىلىش بولىدۇ، ئەھۋال ئەنە شۇنداق.

ئەمدى مەن يەنە بۇددا دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىشى توغرىسىدىكى سۆزۈمگە قايتىپ
كېلىمەن. مېنىڭ قارىشىمچە، بۇنىڭدا بىر ۋاستە بار، بۇ مۇشۇ توخارلار بولۇشى مۇمكىن. مەن
ھېلى دېگەندەك، باشقا ۋاستىلارنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇنىسى بىزگە تېخى نامەلۇم. بىز پەقەت
ھازىرقى سەۋىيىمىز ئاساسىدىلا سۆزلەيمىز، بۇنىڭغا قانداق دەلىللەر بار؟ مەن بۇ يەردە بىر
نەچچە مىسالنى كەلتۈرۈپ ئۆتىمەن. بىرىنچى، خەنزۇچە «佛» (فو) دېگەن بۇ
سۆز ئەسلى Buod دېگەن سانسكرىت تىلىدىن كەلگەن بولۇپ، لاتىن ھەرپى
بىلەن يېزىلغان. بۇ سۆز ئۈستىدە ئازاتلىقتىن بۇرۇنقى شەفەن داشۆنىڭ مۇدىرى چېن يۈەن
ئەپەندى خۇشى بىلەن بىر مەيدان كەسكىن قەلەمكەشلىك دەۋاسى قىلىشقان"ئىدى. خەنزۇ
تىلىنىڭ ئادىتى بويىچە سۆزلەرنى قىسقارتىپ يېزىش خەنزۇ تىلىدا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ،
مەسىلەن: “落实政策办公室” (سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشخانىسى) دېگەن سۆز
“落办” (لوبەن) دەپلا يېزىلىدۇ. بۇنداق قىسقارتىپ ئېلىش ئىنتايىن كۆپ. بىز بۇنى
ياخشى كۆرىمىز. ئۆتمۈشتىمۇ شۇنداق ئىدى. ئۆتمۈشتە “活菩萨, 菩萨” نىڭ ئەسلى
يېزىلىشى bodhisatva بولۇپ، بۇنى “菩提萨埵” دەپ تەرجىمە قىلىنغان ئىدى،
نەتىجىدە بىز ئۇنى قىسقارتىۋالدۇق. بۇ يەردە ئالاھىدە بىر قانۇنىيەت بولۇپ، 2 - ھەرپ
بىلەن 4 - ھەرپ قىسقارتىۋېتىلىپ “菩萨” دېگەن ئىككى خەتلا قالغان. مەيلى قانداق
بولمىسۇن، بىز ھامان قىسقارتىپ ئېلىشنى ياخشى كۆرىمىز. “僧” (راھىپ) نىڭ ئەسلى

پېزىلىشى “僧伽” بولۇپ، “伽” ھەرپى قىسقارتىلىپ بىرلا ھەرپ قالغان. دېمەك، تۆت ھەرپتىن ئىككىسى (ياكى ئالدىدىكى ئىككىسى، ياكى بىرىنچىسى بىلەن ئۈچىنچىسى) قالىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. ھازىرمۇ قىسقارتىشنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمىز. بەزى ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇقلار ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خەنزۇچىنى سۆزلىيەلمەمدۇ، گېزىت كۆرسە ئوقۇيالماي قالىدۇ. چۈنكى قىسقارتىپ ئىشلەنگەن سۆزلەر ناھايىتى كۆپ. بۇنى بىز ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرغاچقا چۈشىنىمىز، ئۇلار چۈشەنمەيدۇ. مەسىلەن: “三反” (ئۈچكە قارشى)، “五反” (بەشكە قارشى) دېگەن سۆزلىرىمىز بار. ھازىر تەرجىمان بولۇش بەكمۇ تەس بولۇپ قالدى. بۇنداق سۆزلەر ئۇچرىغاندا تەرجىمە قىلىش ناھايىتى قىيىن. “ئۈچكە قارشى”، “بەشكە قارشى” دېسەك، نېمىگە قارشى تۇرىلىدۇ؟ ئۇلارغا ئېيتىپ بېرىش كېرەك. بۇنى تولۇق ئېيتىپ بەرمىگەندە، كىشىلەر چۈشەنمەيدۇ. دېمەك، بۇ يەردە ئەسلىدە كۆپ ھەرپلىك بولغان سۆزلەرنى قىسقارتىۋېتىدىغان بىر قانۇنىيەت بار. ئۇنداق بولسا بۇ “佛” (بۇت) دېگەن سۆزمۇ شۇنداق بولغانمۇ؟

مەن ھېلى سۆزلىگەن جى شيەنلىن بىلەن خۇ شى ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە مانا مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە بولغان ئىدى. «بۇددا» دېگەن سۆز «بۇت»نىڭ ئۇزارتىلىشىمۇ؟ ياكى «بۇت» دېگەن سۆز «بۇددا» بىلەن buoda نىڭ تەڭداش سۆزى بولۇپ، ئىككى بوغۇمدىن بىرى يەنى “陀” خېتى قىسقارتىۋېتىلىپ، يالغۇز “佛” خېتى قالغانمۇ؟ بۇنىڭدا بىر خۇلاسە، “佛” خېتى “佛陀” نىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىر ئېھتىمال “佛陀” دېگەن سۆز “佛” نىڭ ئۇزارتىلىشى بولۇشى مۇمكىن، ئەسلى “佛” بولۇپ، كېيىن سانسكرىتچە قوشۇمچە قوشۇلۇپ، خەنزۇچە ئۇنىڭغا ماس ھالدا “陀” خېتى قوشۇلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ زادى قانداق مەسىلە؟ ئادەتتە كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، جۇڭگونىڭ ئادىتى بويىچە “佛” (بۇت) سۆزى “佛陀” (بۇددا) سۆزىنىڭ قىسقارتىلمىسىدىن ئىبارەت. چۈنكى بۇ بىزنىڭ قانۇنىيىتىمىزگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. بىز بەزى خەتلەرنى قىسقارتىۋېتىشكە ئادەتلىنىپ قالغانمىز. بىرنىلا قالدۇرىمىز ياكى ئىككىنىلا قالدۇرىمىز. قارىماققا، بۇنىڭدا ھېچقانداق مەسىلە يوق. لېكىن مەسىلە ئۇنداق ئاددىي ئەمەس. بۇ مەسىلە توغرىسىدا مەن بىر پارچە ماقالا يازغان ئىدىم، بۇنى ئازاتلىقتىن بۇرۇن يازغان. ئۇنىڭ ماۋزۇسى «بۇددا ۋە بۇت» ئىدى، ئۇنىڭدا مۇشۇ مەسىلە سۆزلەنگەن. قارىغاندا، ئۇنىڭدىكى دەلىللەردە ھەر ھالدا چاتاق يوق. ئۇنىڭدا «بۇت» دېگەن سۆز «بۇددا» دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلمىسى ئەمەس، بۇددا سۆزى بۇت سۆزىنىڭ ئۇزارتىلمىسى دېگەن ئىدىم. بۇ خۇلاسە نەدىن كەلدى؟ توخار تىلىدىن كەلدى. قاراشەھەر تىلىدا “佛” (بۇت) سۆزى pit دېيىلىدۇ. كۇچار تىلىدا put دېيىلىدۇ. بۇلار بىر بوغۇملۇق سۆزلەر، بىزنىڭ “佛” (بۇت) دېگەن سۆزىمىزمۇ بىر بوغۇملۇق سۆز. شۇڭا، مېنىڭچە “佛” (بۇت) سۆزى بىۋاستە تۈردە سانسكرىت تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولماي، بەلكى قاراشەھەر تىلى ياكى كۇچار تىلىدىن كەلگەن بولسا كېرەك. بۇ ھەقتىكى تەپسىلىي ئەھۋالنى بۇ يەردە سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن. ئەگەر يولداشلار قىزىقسا، «بۇددا ۋە بۇت» دېگەن ماقالىنى كۆرسە بولىدۇ. ئۇنىڭدا

مەن بۇ مەسىلىنى سۆزلىگەن ئىدىم. بۇ مەسىلە قارىماققا كىچىك مەسىلە، لېكىن مەسىلە كىچىك ئەمەس. خەنزۇ تىلىدىكى بۇددا دىنىغا ئائىت سۆز - ئاتالغۇلارنىڭ ھەممىسى سانسكرىت تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئەمەس. بۇنىڭغا نۇرغۇن مىساللارنى كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. ئەڭ ئاۋالقى بۇددا دىنىغا ئائىت سۆز - ئاتالغۇلار، ھىندىستاننىڭ يەر ئىسىملىرى سانسكرىت تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولماي، بەلكى قاراشەھەر تىلى بىلەن كۇچار تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئىدى. كېيىن تاڭ سىڭ، يەنى تاڭ راھىبى شۈەنجۇاڭ، ئۇ ناھايىتى ئۇلۇغ ئالىم ھەم ساياھەتچى ئىدى. ئەمما ئۇنىڭدا بىر ئاز سۇبيېكتىپچىلىق بار ئىدى. ئۇ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربكە قىلىنغان ساياھەت خاتىرىسى» دە، ھەممىشە بەزى ئاتالغۇلارنى "بۇ خاتا" دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، ئۇ قاراشەھەر تىلىنى تەتقىق قىلمىغان بولسا كېرەك.

قاراشەھەر تىلى بىلەن كۇچار تىلى تېپىلغاندىن كېيىن، بىز ئىلمىي دەلىل - ئىسپاتقا، ئىلمىي ئاساسقا ئىگە بولدۇق. بۇ، بۇددا دىنىنىڭ جۇڭگوغا بىۋاستە كىرمەي (دەسلەپتە بىۋاستە كىرمىگەن، كېيىن بىۋاستە كىرگەن)، بەلكى ۋاستە ئارقىلىق كىرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ۋاستە، بۈگۈن بىزنىڭ بىلىم سەۋىيىمىز يەتكەن دائىرىدىن قارىغاندا، توخار تىلى (ياكى قاراشەھەر تىلى، ياكى كۇچار تىلى) ھېساپلىنىدۇ. بۇنداق دېيىشكە يولداشلار قوشۇلامدۇ - يوق، بىلمەيمەن. بۇ خىل مىسالدىن يەنە نەچچە ئوننى كەلتۈرۈشكە بولىدۇ، بۇ يەردە بۇ مىساللارنى كەلتۈرۈپ ئولتۇرمايمەن.

يۇقۇرىدا مەن بىر مەسىلىگە ئىككى جەھەتتىن جاۋاپ بەردىم، يەنى توخار تىلى — قاراشەھەر تىلى بىلەن كۇچار تىلىنىڭ تېپىلىشىنىڭ بىز ئىلىم - پەن ساھەسىدىكىلەرگە، جۇڭگوغا، دۇنياغا قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكى، بىزنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ مەسىلىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشىمىزنىڭ زۆرۈرلىكىنى سۆزلىدىم. مەن بۇنى ئەشۇ ئىككى جەھەتتىن چۈشەندۈردۈم. تېخىمۇ كۆپ جەھەتلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن، ئەلۋەتتە. بۈگۈن مۇشۇ ئىككى جەھەتتىلا توختالدىم. يولداشلارنىڭ باشقىچە پىكىرلىرى بولسا، يەنە مۇزاكىرە قىلىشارمىز.

ۋاقىت مۇناسىۋىتى بىلەن توخار تىلى ھەققىدە مۇشۇنچىلىك سۆزلەيمەن.

ئەندى سۆزۈمنىڭ ئىككىنچى قىسمى، يەنى نىيە قارا تىلى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمەن.

نىيە قارا تىلى قارۇشتى يېزىقى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، بۇ يېزىق ئوڭدىن سولغا يېزىلىدۇ. يۇقۇرىدا ئېيتىلغان قاراشەھەر تىلى بىلەن كۇچار تىلى بىراھما يېزىقى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، بۇ يېزىق سولدىن ئوڭغا يېزىلىدۇ. نېمە ئۈچۈن نىيە قارا تىلى دېيىلىدۇ؟ چۈنكى نىيە يەرنىڭ ئىسمى بولۇپ، بۇ تىلغا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ جايدىن تېپىلغان. شۇڭا، غەرپ ئالىملىرى بۇ تىلغا "نىيە" نامىنى بېرىپ، ئۇنىڭغا قارا تىل دېگەننى قوشقان. نىيە دېگەن بۇ جاي توغرىسىدا سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن.

قارا تىل دېگەن نېمە؟ بۇنى يولداشلارغا سۆزلەپ بېرەي. بۇ تىل توخار تىلىغا ئوخشىمايدۇ. توخار تىلى ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى بىر مۇستەقىل تىل ھېساپلىنىدۇ. نىيە قارا تىلىچۇ؟ ئۇ ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى ھىندى تىلىنىڭ بىر خىلى ھېساپ-

لىنىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئوخشىمايدۇ. توۋەندە ھىندى تىللىرى توغرىسىدا ئازغىنە سۆزلەپ ئۆتىمەن. كۆپچىلىك بۇ جەدۋەلنى كۆرۈپ باقسا بولىدۇ:

كىلاسسىك سانسكرىت تىلى — ئېپوس سانسكرىت تىلى — ۋېدا تىلى

قارا تىل ←——| |——← پالى تىلى ←——|

مەن كۆپچىلىككە ئەڭ دەسلەپكى ۋېدا تىلىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن. ۋېدا تىلىدىن كېيىنكىسى ئېپوس سانسكرىت تىلى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى كىلاسسىك سانسكرىت تىلى، يەنى بۈگۈنكى كۈندە بىز ئۆگىنىدىغان سانسكرىت تىلى. بۇنىڭدىن كېيىنكىسى قارا تىل ھېسابلىنىدۇ.

قارا تىل بىلەن مەدەنى تىل ئۆز ئارا قارىمۇ-قارشى كېلىدۇ.

مەدەنى تىل دېگەن نېمە؟ مەدەنى تىل دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى يىغىنچاقلاش دېمەكتۇر. ئۇ ئېغىز تىلى ئەمەس، سۈنئىي تىل. دېمەك يىغىنچاقلانغان مەدەنى تىل. قارا تىل پۇقرالارنىڭ سۆزلەيدىغان تىلى. پالى تىلى قارا تىل باسقۇچىغا مەنسۇپ. مەن نېمە ئۈچۈن ئۇنى بولۇۋەتتىم. مېنىڭچە، بۇ تىلنىڭ تەركىۋىدىن قارىغاندا، ئۇ قارا تىلدىن كونىراق، يېشى چوڭراق. مەن نېمە ئۈچۈن يەنە بۇنداق نەرسىنى ئايرىپ چىقتىم؟ بۇنىڭ سەۋەبى، پالى تىلى قارا تىلدەك سانسكرىت تىلىدىن بىۋاستە كەلگەن ئەمەس. ھازىر بىزدىمۇ، ياۋروپادىمۇ پالى تىلىنى يەككە ھالدا ئۆگەنمەيدۇ. سانسكرىت تىلىنى ئۆگەنگەندە بۇ قانۇنىيەتنى بىلىۋالسىلا بولىدى. شۇڭا ئۇ ئوقۇغۇچىلاردا پالى تىلى سانسكرىت تىلىدىن كەلگەن بولسا كېرەك دېگەن ھېسسىياتنى پەيدا قىلىدۇ.

نېمە ئۈچۈن يەنە بىۋاستە سانسكرىت تىلىدىن كەلمىگەن دەيمىز؟ ئومۇمەن ئېيتقاندا، پالى تىلىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچى سانسكرىت تىلىدىن كېيىن بولغان. لېكىن، ئۇنىڭدىكى بەزى شەكىللەر سانسكرىت تىلىدا يوق. كىلاسسىك سانسكرىت تىلىدىمۇ يوق، پەقەت ۋېداتىلىدىلا بار. شۇڭا، بىز ئۇنىڭ سانسكرىت تىلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئاتا-بالىلىق ياكى ئانا-بالىلىق مۇناسىۋەت بولماي، بەلكى ئاكا-ئۇكىلىق، ھەدە-سىڭىللىق مۇناسىۋەت بولسا كېرەك، دەيمىز. پالى تىلى سىڭىل، سانسكرىت تىلى ئۇنىڭدىن چوڭراق. ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئەنە شۇنداق، شۇڭا مەن ئۇنى ئالاھىدە ئايرىپ چىقتىم.

ئەمدى نىيە قارا تىلى ئۈستىدە توختىلىمەن. نىيە قارا تىلى مۇشۇ باسقۇچقا مەنسۇپ، شۇڭا ئۇنى پالى تىلى بىلەن بىر باسقۇچقا قويدۇم.

بايا مەن مۇنداق بىر سۆزنى قىلدىم، يەنى بۇ تىل دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدە يوق، دېدىم. ھىندى تىلىدا بارمۇ-يوق؟ قارا تىل ھىندى تىلىدا ئەلۋەتتە بار. لېكىن قارا تىل بىرلا خىل ئەمەس، نەچچە ئون خىلغا بولۇنىدۇ. ھىندى قارا تىلىنىڭ بىر مۇنچە ئالاھىدىلىكلىرى بار. ھىندى تىياتىرلىرىدىكى ئەۋلىيا-ئەنبىيالارنىڭ ھەممىسى ئەرزلەر. بۇمۇ قىبودالىلىق. ئەۋلىيا-ئەنبىيالار بىلەن پادىشالار سانسكرىت تىلىدا سۆزلىشىدۇ. تىياتىرلاردىكى تۆۋەن دەرىجىلىك ئەرلەرنىڭ سانسكرىت تىلىدا سۆزلىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئۇلار قارا تىلدا سۆزلىشى كېرەك. ئەگەر بۇنى جۈڭگو چاغچىلىرىگە تەقلىت قىلىپ ئېيتساق، بىرسى

«ئۇپېتىدۇرلەركى» دەپ سۆزلىسە، يەنە بىرسى ئاممۋى تىلدا ئاددى سۆزلەيدۇ. ئەھۋال مانا شۇنداق. ئۆتمۈشتە، بەزىلەر، بۇ سانسكرىت تىلى بىر خىل ئاغزاكى تىل بولمىسا كېرەك، تىياتىر قويغاندا نېمە ئۈچۈن بىر - بىرىنىڭ سۆزىنى چۈشىنىدۇ؟ بەگلەر بىلەن پادىشالار سانسكرىت تىلىدا سۆزلىسە، پۇقرالار قارا تىلىدا سۆزلەيدۇ. ئۇلار بىر بىرىنىڭ سۆزىنى چۈشىنىدۇ. بۇنى قانداق ئىزھارلاش كېرەك، دېيىشىدۇ. بۇنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز. ئەھۋال ئەنە شۇ.

قارا تىلىنىڭ خىللىرى ناھايىتى كۆپ. لېكىن بىزنىڭ شىنجاڭدا تېپىلغان بۇ قارا تىل ھىندىستاننىڭ ھېچقانداق يېرىدە يوق. پەقەت بىزنىڭ بۇ يەردىلا بار. بۇ تىلنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى گىرامماتىك قۇرۇلۇشىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ خېلى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بۇ ئالاھىدىلىكلەر بىزگە بىر ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ قانداق ئەھۋال؟ بۇ ئەھۋال شۇكى، نىيە قارا تىلى ھىندى قارا تىللىرىنىڭ غەربىي شىمال شۆۋىسىگە كىرىدۇ. ئۇنىڭ غەربىي شىمال شۆۋىسى ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىمىز؟ پادىشا ئاسوكا ھەممىگە ئايان، ئۇ ھىندىستاننىڭ بىر قەدەر ئاتاغلىق پادىشاسى، بۇددا دىنىدا ئۇنىڭغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىلگەن بولۇپ، ئۇ قانۇننى قوغدىغۇچى ئۇلۇغ پادىشا دېيىلىدۇ. بۇ ئادەمنىڭ قانۇننى قوغدىغان - قوغدىمىغانلىقى باشقا بىر مەسىلە، ھەر ھالدا پادىشا ئاسوكانىڭ ھىندىستان تارىخىدا تەسىرى ناھايىتى چوڭ. بۇ ئادەمنى نېمە ئۈچۈن تىلغا ئالىمەن؟ ئۇ ئۆز ۋاقتىدا بىر ئېلان چىقارغان. ئېلاننىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى بولۇشى كېرەك ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ بۇ دەسلەپكى نۇسخىسى شەرق شۆۋىسىدە، يەنى ماگادا شۆۋىسىدە يېزىلغان بولۇپ، ئاندىن ھىندىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىتىلغان. بۇ نۇسخىغا ئاساسەن يەرلىك تىلغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئاندىن تاشقا ئويۇلغان. دەسلەپكى نۇسخىدا ئىشلىتىلگەن تىل جەنۇب ۋە غەربىي شىمال تەرەپكە بارغاندا، كىشىلەر ئۇنى ئۇقالمىغان. شۇنىڭ بىلەن تەرجىمە قىلىشقا توغرا كېلىپ، يەرلىك تىلغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ خىل ئەھۋال، يەنى Am نىڭ Om غا ئايلىنىشى ئاسوكا پادىشانىڭ ئېلانىدا، پەقەت غەربىي شىمال قىسمىدا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىدا كۆرۈلىدۇ. بۇ پاكىت نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ بۇ پەقەت ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال قىسمى بىلەن چەكلىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇ خىل ھادىسە باشقا ھادىسىلەر بىلەن بىرلەشكەندە بىردەكلىككە ئىگە. بۇ خىل قاروشتى تىلى ۋە قاروشتى يېزىقى ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدا تارقالغان، يەنى ھازىرقى پەنجاپ، پاكىستان، كەشمىردىن تارتىپ تاكى ئافغانىستانغىچە، ئاندىن ئۇيەردىن بىزنىڭ جۇڭگوغىچە تارقالغان. يېقىندا بېيجىڭ داشۆيىسى بىر قىسىم ئوردو تىلىنى ئۆگەنگەن ئوقۇغۇچىلارنى پاكىستانغا ياردەملىشىپ تاشيول ياساۋاتقان جۇڭگولۇقلارغا تەرجىمان بولۇش ئۈچۈن پاكىستانغا ئەۋەتكەن ئىدى. تاشيول ياساش جەريانىدا ئۇرغۇنلىغان خاتىرە تاشلار تېپىلغان، بۇ خاتىرە تاشلارغا ئويۇلغان يېزىقلار قاروشتى يېزىقى ئىكەن. مەن دوسكىغا ئېشەك كالپۇكى دېگەن سۆزنى يازدىم. نېمە ئۈچۈن بۇ سۆزنى يازىمەن؟

ئېشەك كالپۇكى دېگەن بۇ سۆز قاروشتى يېزىقىنىڭ مەنەن تەرجىمىسى بولۇپ، بۇنىڭ

مەنىسى: بۇ يېزىق ئىشەكنىڭ كالپۇكىغا ئوخشايدۇ دېگەنلىكتۇر.

قارۇشتى يېزىقى دېگەن بۇ سۆز بولسا، ئاھالە تەرجىمىسىدىن ئىبارەت. بۇ تىل ئانچە تەس ئەمەس. پەقەت سانسكرىت تىلى، پالى تىلىنى بىلسىڭىزلا بەزى سۆزلەرنى قىياس قىلىپ تاپالايسىز. ئەلۋەتتە، ئادەتتىكى ھەممە سۆزلەرنى قىياس قىلىپ بىلىۋېلىش مۇمكىن ئەمەس. پەقەت مۇتلەق كۆپ ساندىكى سۆزلەرنى قىياس قىلىپ بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ يەردە ئۇنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا قانۇنىيىتى بار. مېنىڭ ئانچە تەس ئەمەس دېگىنىم مانا مۇشۇ مەنىدە ئېيتىلغان.

بۇ تىل، بىر تەرەپتىن، باشقا ھەر قانداق يەردە يوق، ئۇنىڭ گىرامماتىكىسىمۇ، لۇغىتىمۇ يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە خېتىنى ئوقۇش ناھايىتى تەس. يەنە بىر تەرەپتىن بىر سۆزنىڭ ئون نەچچە ئوقۇلۇشى بار. ئۇنى ئوقۇشمۇ ئوڭاي ئەمەس.

بۇ تىلنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى باركى، ئۇ قاراشەھەر تىلى بىلەن كۇچار تىلىنىڭ ئارىلىقىدىكى تىل بولۇپ، ئۇنىڭدا بۇددا دىنىغا ئائىت مەزمۇنلار كۆپرەك. ئەلۋەتتە، بۇددا دىنىدىمۇ بىر قىسىم ئەدەبىي ئەسەرلەر بار، ئۇنىڭدىكى كۆپ ئەسەرلەر بۇددا دىنى ھېكايىلىرىدىن ئىبارەت. لېكىن، بۇ نىيە قارا تىلىدا، مېنىڭ ھازىرغىچە كۆرگەنلىرىمگە ئاساسلانغاندا، يازما ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنىڭ باش تەرىپىگە "تەڭرىنىڭ ئەمرى بىلەن بەختىيار بولغان پادىشا شۇنداق پەرمان قىلىدۇركى" دېگەن سۆز يېزىلغان. ئاندىن كونكرېت ئىشلار يېزىلغان، مەسىلەن، قايەرگە بېرىش، نېمە ئىش قىلىش، بىر ئىشەك ۋە باشقىلار. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە سىياسى ئىقتىساتقا دائىر ئىشلار سۆزلەنگەن. مەن كۆرگەن قارۇشتى يېزىقىدىكى ماتېرىياللار چەكلىك، لېكىن ئۇنىڭدىكى كۆپ مەزمۇنلار مانا مۇشۇنداق. ئېھتىمال، قېزىلغان جاي پادىشانىڭ بىر ئارخىپخانىسى بولسا كېرەك. بۇ يەردىن نۇرغۇن ئارخىپ تېپىلغان.

بۇ قارۇشتى يېزىقىدا يېزىلغان يازما ماتېرىياللاردىن قانداق بولمىسۇن ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ سىياسى، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ۋە خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى كۆرەلەيمىز. بىز بۇنىڭدىن قاراشەھەر ۋە كۇچار تىللىرىغا قارىغاندا كۆپرەك ئەسەرلەرنى كۆرەلەيمىز. چۈنكى بۇ ئىككى خىل تىلدا ساقلىنىپ قالغان ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە دىنىي مەزمۇنلار سۆزلەنگەن. شۇڭا، نىيە قارا تىلىدا ئىنكاس قىلىنغان سىياسى ۋە ئىقتىساتقا دائىر ئەھۋاللار ناھايىتى قىممەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنىڭدىكى نۇرغۇنلىغان ئەھۋال ھىندى قارا تىلىدىكى ماتېرىياللاردىن تېپىلمايدۇ.

قارا تىل ھىندىستاندا ھەمىشە ئەتراپتىكى تىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەڭ كۆپ دېگەندە، ھىندىستاندىكى بىر قارا تىل ئىككىنچى بىر قارا تىلنىڭ بەزى سۆزلىرىنى قوبۇل قىلغان. نىيە قارا تىلى بولسا، بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھىندى تىلى سۆزلەنمەستىن، بەلكى قاراشەھەر تىلى، كۇچار تىلى، پارس تىلى سۆزلەنگەن، نەتىجىدە ئەتراپتىكى تىللار مۇقەررەر سۈرەتتە نىيە قارا تىلىدا ئەكس ئەتكەن. شۇنداق قىلىپ نىيە قارا تىلىغا نۇرغۇنلىغان توخارچە سۆزلەر، ياكى قاراشەھەرچە ياكى كۇچارچە سۆزلەر كىرگەن. بۇنىڭغا مىسال كەلتۈرۈپ ئولتۇرمايمەن.

بۇ خىل ھادىسىلەرنى چۈشىنىش ئاسان ئەمەس، چۈنكى مۇنداق بىر تۈركۈم ئادەملەر، يەنى قەدىمقى پېشامشان دۆلىتىنىڭ ئادەملىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەت تىلى ھىندىستاننىڭ بىر خىل قارا تىلى بولغان، ئۇنىڭ ئەتراپىدا باشقا تىللاردا سۆزلەشكۈچى مىللەتلەر بولغان. نەتىجىدە مۇقەررەر تۈردە ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىشكەن. ئۆز ئارا سۆز قوبۇل قىلىشقان. بۇ خىل ھادىسە ھىندى قارا تىللىرىدا يوق ۋە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

نىيە قارا تىلىنىڭ ئەھۋالى ئاساسەن ئەنە شۇنداق. مېنىڭچە، بۇ تىل ھەر ھالدا ناھايىتى مۇھىم تىل ھېساپلىنىدۇ.

مەن يۇقۇرىدا، ھازىر دۇنيادىكى ئىجتىمائى پەن تەتقىقاتىنىڭ يۈزلىنىشىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىۋېرسال تەتقىقات بىلەن سېلىشتۇرما تەتقىقاتتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپ بار، دېگەن ئىدىم. يولداشلار مېنىڭ يۇقۇرىدا سۆزلىگەنلىرىم، يەنى ناھايىتى ئاددىي تونۇشتۇرۇشۇمدىن شۇنى كۆرۈۋالالايدۇكى، قاراشەھەر تىلى، كۇچار تىلى ياكى نىيە قارا تىلىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ تىلدىكى ئۇرغۇنلىغان نەرسىلەر بىزنىڭ ئۇنىۋېرسال تەتقىق قىلىشىمىزغا ياكى سېلىشتۇرما تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. ھىندى - ياۋروپا تىللىرىنىڭ سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىغى بىلەن شۇغۇللانغاندا، توخار تىلىنى بىلمەي بولمايدۇ. مەن يۇقۇرىدا، 19 - ئەسىردىن باشلاپ 100 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، كىشىلەرنىڭ سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى ئېلىپ بارغانلىغى، لېكىن ئاساسىي جەھەتتىن ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىغى بىلەن شۇغۇللانغانلىغىنى ئېيتقان ئىدىم. ئۇلار لاتىن يېزىقى، قەدىمقى ئىسلاۋىيان يېزىقى، ئىسلاۋىيان تىلى بىلەن چەكلەندى، يەنى ئۇلارمۇ شۇ دائىرە بىلەن چەكلەندى. 20 - ئەسىرگە كەلگەندە، يېڭى نەرسە باشلاندى. ئەڭ ئالدى بىلەن تېپىلغىنى ھىتىت تىلى بولدى. بۇ كىچىك ئاسىيا ئەتراپىدا تېپىلدى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ خىل تىل تېپىلغاندىن كېيىن، كۆپچىلىك بۇ تىلنى بىلەلمىدى. ئۇزۇن ۋاقىت قېتىقىنىپ تەتقىق قىلغاندىن كېيىنلا بىلىشتى. بۇ تىلنى بىلگەندىن كېيىن، بۇ خىل تىلنىڭ ھىندى - ياۋروپا تىلى، يەنى ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا ئائىت تىل ئىكەنلىكىنى بايقىدى. يېڭى ماتېرىياللارنىڭ بارلىققا كېلىشى ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات ئىشلىرىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭەيدى، ئۆتمۈشتە بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئەمدىلىكتە بىلىۋالدى، بۇ 20 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى ئىش ئىدى. 20 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلىرىدىچۇ؟ كېيىنكى چاغلاردا قاراشەھەر تىلى بىلەن كۇچار تىلى تېپىلدى. بۇ تىللار تېپىلغاندىن كېيىن، كۆپچىلىكنىڭ نەزەر دائىرىسى يەنىمۇ كېڭەيدى. 19 - ئەسىردە، ياۋروپادىكى سېلىشتۇرما تىلشۇناسلار پەقەت گرېك تىلى، لاتىن تىلى ياكى ئىسلاۋىيان تىلى، لىتۋا تىلى، يەنە بىر نەچچە خىل ھازىرقى زامان تىللىرىنى بىلسىلا كۇپايە قىلاتتى. كېيىنچۇ؟ كېيىن ئەھۋال ئۆزگەردى. بۈگۈنكى كۈندە ياۋروپادا، ئامېرىكىدا، ياپونىيىدە، بىر سېلىشتۇرما تىلشۇناس ھىتىت تىلى، قاراشەھەر تىلى ۋە كۇچار تىللىرىدىن بىر ئاز خەۋەردار بولمىسا، ھەرگىزمۇ سەھنىگە چىقىپ سۆزلىيەلمەيدۇ، ئارقىدا قالغان بولىدۇ. بۇ تىللارنى بىر ئاز بىلمەي بولمايدۇ.

سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق جەھەتتىن ئېيتقاندا، بىزنىڭ شىنجاڭدا مۇشۇنداق نۇرغۇن گۆھەرلەر بار، بۇلار ھەقىقەتەنمۇ گۆھەر ھېساپلىنىدۇ. مەسىلەن، بىزنىڭ بۇيەردىكى مۇزېيخانىدا نۇرغۇنلىغان پارچە-پارچە ماتېرىياللار بار ئىكەن. بىزنىڭ بۇ يەردە، ئېھتىمال بۇ بىرەر پارچە نەرسىنىڭ ھېچقانچە ئېتىۋارى بولمىسا كېرەك. لېكىن بۇ نەرسىلەر مۇبادا چەتئەل تىلشۇناسلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، ئۇ گۆھەرگە ئايلىنىدۇ. ئۇ بۇنى قامال قىلىۋالىدۇ، سىزگە كۆرسەتمەيدۇ. ھەتتا سۈرەتكە ئېلىنغان نۇسخىسىنىمۇ كۆرسەتمەيدۇ. ئۇ ماقالا يېزىپ ئېلان قىلغاندىن كېيىنلا، ئاندىن كۆرۈشكە رۇخسەت قىلىدۇ. شۇڭا، سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق جەھەتتىن ئېيتقاندا، قاراشەھەر تىلى بىلەن كۇچار تىلى ئىنتايىن مۇھىم. بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئىككى تىلنى بىلمىسەك، سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللانمايسەن، شۇغۇللىنىش سالاھىيىتىڭمۇ بولمايدۇ. سەھنىگە چىقىپ سۆزلىيەلمەيسەن. ئۇنى بىلگەندە سېلىشتۇرما ئەدەبىياتشۇناسلىق، سېلىشتۇرما دىنشۇناسلىققا ئائىت تېخىمۇ نۇرغۇن ماتېرىياللارغا ئىگە بولىسەن.

يولداشلار مەندىن، سىز سۆزلىگەن بۇ سېلىشتۇرما ئەدەبىيات، سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ دەپ سورىشىڭلار مۇمكىن. بىز سېلىشتۇرۇش ئۈچۈنلا سېلىشتۇرىمىزمۇ؟ ياق. بىزنىڭ مەقسىتىمىز سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق، سېلىشتۇرما ئەدەبىيات، سېلىشتۇرما دىنشۇناسلىق ئارقىلىق قانۇنىيەتلىك نەرسىلەرنى تېپىپ ئاندىن ئۆزىمىزنىڭ ئەدەبىيات ۋە سەنئىتىمىزنى تەرەققى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. سېلىشتۇرما تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش مەقسەت بولماستىن، بەلكى ئۇ بىر خىل ۋاستىدىن ئىبارەت. لېكىن بۇ ۋاستە بەكمۇ قوپال بولۇپ كەتسە بولمايدۇ. ئىلىم-پەن تەرەققى قىلىپ بۈگۈنكى سەۋىيىگە يەتتى، بۇنىڭغا يېتىشۋالماق بولمايدۇ. ھالبۇكى، بۇ نەرسىلەر بىزنىڭ يېنىمىزدا، بىزنىڭ شىنجاڭدا، بىزنىڭ جۇڭگودا تۇرۇپتۇ. بۇ نەرسىلەر دۇنيادىكى ھېچقانداق ئەلدە يوق. شۇڭا، مەن بىزنىڭ بۇرچىمىزنىڭ ئېغىرلىقى ۋە شەرەپلىكلىكىنى ھېس قىلماقتىمەن. بىز بېيجىڭغا قايتقاندىن كېيىن، شىنجاڭ گۆھەر جاي ئىكەن، ياخشى جاي ئىكەن، بۇ جايغا بارساڭلار نى-نى ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ، ئىستىقبالى ناھايىتى پارلاق، دەپ تەشۋىق قىلىمىز. بۇ زالدا ئولتۇرغان يولداشلارنىڭ بەزىلىرى شىنجاڭدىكى يەرلىك يولداشلار، بەزىلىرى ئىچكىرىدىن كەلگەن يولداشلار. مەن يولداشلارنىڭ چېگرا رايونىدا يىلتىز تارتىپ، بىزنىڭ پەن تەتقىقات ئىشلىرىمىز، ئارخېئولوگىيە خىزمەتلىرىمىزنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

سۆزۈمنىڭ توغرا بولمىغان جايلىرى بولسا، يولداشلارنىڭ تەنقىت بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئا. ئاللاۋەردى، شياۋ جىڭيى تەرجىمىسى

# چارروسىيىنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىشى ۋە ئىسلام دىنى

(1979 - يىل 12 - ئاۋغۇست ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن غەربىي شىمال 5 ئۆلكە (رايون) نىڭ ئىسلام دىنى تەتقىقات خىزمىتى بويىچە سۆھبەت يىغىنىدا بېرىلگەن ئىلمىي دوكلات)

خۇاڭ شىنچۈەن

شىنجاڭ — مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىدىكى مۇھىم رايونلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭدا ئېگىز ۋە قاتمۇ - قات كەتكەن تاغلار، ئويمانلىقلار، بوستانلار، مول بايلىق-لار بار. ئۇنىڭ يەر ئاستى بايلىقلىرىمۇ كۆپ. چار پادىشا خېلى بۇرۇنلا بۇ جايغا كۆز تىكىپ كەلگەن. بۇ-رۇنقى پېتىر I دەۋرىدىلا، يەركەن قاتارلىق جايلارغا ئادەم ئەۋەتىپ ئالتۇن ئىزدىگەن. 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، روسىيە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارا قاتارلىق 3 خانلىقنى قوشۇۋالغاندىن كېيىن، شىنجاڭغا بولغان تاجاۋۇزنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى كەڭ زېمىنلىرىنى زورلۇق بىلەن بېسىۋالدى. چارروسىيە شىنجاڭ رايونىغا تاجاۋۇز قىلىشتا، ھەربىي، دىپلوماتىيە ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ۋاستىلەرنى ئوچۇق - ئاشكارا ئىشقا سېلىش بىلەن بىللە، دىندىن ئىبارەت بۇ ئىدىيىۋى قورالدىنمۇ پايدىلاندى. ئۇ بىر تەرەپتىن پراۋوسلاۋىيە دىنىنى تىزگىنلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا "ئاق پادىشا بولسا، ئىسلام دىنىنىڭ ۋە مىللەتنىڭ نىجات يۇلتۇزى" دېگەن تەشۋىقنى تارقىتىپ، دىنىي ۋە مىللىي ساھەدىكى يۇقىرى قاتلام كىشىلەرنى ئۆز يېنىغا تارتتى ۋە ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالدى، شۇنىڭدەك خوجىلارنىڭ ساقىنىدا ئەۋلادلىرىغا مەدەت بېرىپ، ئۇلارنى لەشكەر توپلاپ توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قوتراتتى، يەرلىك مۇسۇلمانلارنى ئۆز يېنىغا تارتىپ ئەكىتىپ، قورچاق ئىسلام دۆلىتى قۇرۇشنى يوشۇرۇن پىلانلىدى. شۇنداق قىلىپ جۇڭگو خەلقى ئالدىدا كەچۈرۈپ بولمايدىغان جىنايەت ئۆتكۈزدى. بۇ ماقالىدا، چارروسىيىنىڭ ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىپ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلغانلىقى توغرىسىدىكى تارىخىي پاكىتلارنى قىسقىچە پاش قىلىپ ۋە بايان قىلىپ ئۆتۈلىدۇ.

## (1) ئىسلام دىنىنىڭ روسىيىدە تارقىلىشى

چارروسىيە ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەرگە قارىغاندا، ئىسلام دىنى بىلەن بالدۇر ئۇچراشقان. 13 - ئەسىردىن 15 - ئەسىرگىچە موڭغۇللار رۇس - موسكۋا كىنەزلىكىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردىلا ئىسلام دىنى بۇ يەرگە تارقالغان. 16 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، چارروسىيە قازان بىلەن ئاستىراخاندىن ئىبارەت بۇ ئىككى خانلىقنى بويسۇندۇرۇۋالدى.

18 - ئەسىردە تاشقى كاۋكازدىكى شەرقىي گرۇزىيە بىرلەشمە پادىشالىق دۆلىتىنى ئىشغال قىلىۋالدى، 18 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئەزەربەيجان، كاۋكازىيە قاتارلىق جايلارنى قوشۇۋالدى. بولۇپمۇ 18 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقان، بۇخارا، خىۋە قاتارلىق خانلىقلارنى بېسىۋالدى. شۇندىن كېيىن ئىسلام دىنى چارروسىيىدە پراۋوسلاۋىيە دىنىدىن قالسا، 2 - چوڭ دىن بولۇپ قالدى. شۇ چاغدىلا مۇسۇلمانلار تەخمىنەن 15 مىليوندىن 18 مىليونغا يېتىپ، دۇنيا مۇسۇلمانلىرى نوپۇسىدا، ھىندى ۋە ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىدىن قالسا، 3 - ئورۇننى ئىگىلەيتتى. چارروسىيە بېسىۋالغان يۇقۇرىدىكى جايلاردا مۇسۇلمانلارغا قارىتا دەسلەپتە "رۇسلاشتۇرۇش" سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، ئۇلارنى رۇس تىلىنى قوللىنىشقا، رۇسچە ئىسىم قويۇشقا، پراۋوسلاۋىيە دىنىغا ئېتىقات قىلىشقا، رۇسچە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى. قازاندا تەسىس قىلىنغان يېڭى خرىستىيان دىنىي ئىشلىرى ئىدارىسى 1740 - يىلى 11 - سېنتەبىر كۈنى پراۋوسلاۋىيە دىنىنى مەجبۇرى يولغا قويۇش ھەققىدە بۇيرۇق چىقاردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە غەيرى خرىستىيان دىنىدىكىلەرگە ھەرخىل باج تولەش، ھەربى خىزمەت ئۆتەشتەك مەجبۇرىيەتلەرنى ئاڭدى. لېكىن بۇ سىياسەت بىر نەچچە ئەسىرلەر داۋامىدا ھېچقانچە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى.① شۇنىڭ بىلەن روسىيە "ئىسلام ئەللىرىنىڭ قەدىمىي كونا تۈزۈملىرىنى ئىسلاھ قىلىشتا، مەيلى سوز بىلەن قايىل قىلىش، تەكلىپ بېرىش ۋە تەھدىت سېلىش جەھەتلەردە بولسۇن، ياۋروپاچە ئۇسۇلنى قوللىنىشقا بولمايدىكەن، دىگەن تونۇشقا كېلىشكە مەجبۇر بولدى."② شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تاكتىكىسىنى ئوزگەرتىپ، پراۋوسلاۋىيە دىنىنى كۈچەپ يولغا قويۇش بىلەن بىللە، ئىسلام دىنىنىڭ راۋاجلىنىشىغىمۇ يول قويدى، بەلكى، كاتولىك ۋە پروتېستانت دىنلىرىغا قارىغاندا كەڭرەك يول قويدى. 1785 - يىلى يېكاتېرىنا II غەيرى دىنلارغا يول قويۇش ھەققىدە يارلىق چىقاردى. 1788 - يىلى يەنە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۇد شەھرىدە روسىيە مۇسۇلمانلىرى دىنىي جەمئىيىتى تەسىس قىلدى، بۇ جەمئىيەت پۈتۈن روسىيە مۇسۇلمانلىرىغا ئائىت خىزمەتلەرنى باشقۇرۇش

① روسىيە پراۋوسلاۋىيە دىنىي جەمئىيىتىنىڭ ئىستاتىستىكا مەلۇماتىغا قارىغاندا، 1874 - يىلدىن 1899 - يىلغىچە، ئاستىراخان رايونىدا ئاستىراخاندا ئاران 380 كىشى؛ 1881 - يىلدىن 1899 - يىلغىچە، قازاندا ئاران 480 كىشى؛ 1895 - يىلدىن 1900 - يىلغىچە، قىرغىز يايلىقىدا ئاران 293 كىشى بۇ دىنغا كىرگەن. يۇدىن سمىرنوۋ «روسىيە پراۋوسلاۋىيە دىن تارقىتىش جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ۋە ھازىرقى ھالىتى»، 1903 - يىل، لوندون نەشرى، قايتا باسمىسى، 61 - 60 - بەتلەر.

② روسىيە ھەربى ئىشتابىنىڭ ئەمەلدارى گروخوۋسكىنىڭ 1866 - يىل 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ھوكۇمەتكە بەرگەن دوكلادى. ۋ. ن. بىرىچېۋ بىلەن س. س. دىمىگرېيېۋ تۈزگەن: «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تارىخىي ھوججەتلىرىدىن تاللانما»، 1948 - يىلى ئوگاپېيىروز نەشرى، 270 - بەت.

ۋە ئىسلام دىنى قانۇنلىرىنىڭ ئىجراسىغا نازارەتچىلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالدى. روسىيە ھۆكۈمىتى ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشنى نەزەردە تۇتۇپ، مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلارغا نۇرغۇن ھەشەمەتلىك مەسچىتلەرنى سالدۇردى. بۇ مەسچىتلەرنىڭ يېنىدا دىنىي مەكتەپلەرنى قۇرۇپ بەردى. ھەجگە بارىدىغان مۇسۇلمانلار ئۈچۈن نۇرغۇن مېھمانخانا - سارايلارنى ئاچتى. «قۇرئان» ۋە شۇنىڭدەك تەشۋىقاتقا ئائىت نۇرغۇن كىتاب - ژۇرناللارنى مىللىي تىلدا تەرجىمە ۋە نەشر قىلدۇردى. مۇستەملىكىچىلىك ئۈچۈن ئىشلەيدىغان نۇرغۇن «يېڭى ئاخۇن»لارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. بۇ ئاخۇنلارنىڭ مۇئاشىنى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەمىنلىدى. شۇنداق قىلىپ، ئىسلام دىنى چارروسىيىنىڭ مۇستەملىكىچىلىكىنى يۈرگۈزۈشتىكى بىر قورالى بولۇپ قالدى.

## (2) قازاقلارنىڭ يۇقۇرى قاتلام كىشىلىرىنى ئۆزىگە تارتىپ ۋە ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ بالقاش كۆلىنىڭ شەرق ۋە جەنۇبىدىكى جايلارغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى

قازاقلار — مەملىكىتىمىزدىكى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ بىرى. مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىدا يېزىلىشىغا قارىغاندا، مىلادىدىن بۇرۇنقى 119 - يىللىرى غەربىي خەن سۇلالىسىدىن جاڭ چيەن غەربىي رايونغا ئەلچىلىككە كەلگەندە، ئۇيسۇن مەملىكىتى (بۇ، قازاق قەبىلىلىرىنىڭ تارىختىكى تەرجىمە قىلىنغان نامى بولۇپ، ئۇز ۋاقتىدا، بۇنىڭدىن باشقا، يەنە كېرەي، نايمان ... دىگەن قەبىلىلەرمۇ بولغان) بۈگۈنكى ئىلى ۋادىسى، ئىسسىق كۆل بويلىرى ۋە ئالتاي يايلاقلىرىدا ياشىغان①. ئۇلار خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي رايون تۇتۇق بەگ مەھكىمىسىگە تەۋە ئىدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئەنشى تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسىگە تەۋە ئىدى. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە (1589 - يىلغا) كەلگەندە، قازاقلار ۋە قازاقلار ئولتۇراقلاشقان جايلار 3 يۈز (يەنى 3 قىسىم ياكى 3 بۆلەك) بولۇپ شەكىللەنگەن، ھەر بىر يۈز بىر نەچچىدىن قەبىلىگە بۆلۈنگەن. شەرق قانات قازاقلار ئوتتۇرا يۈز دەپ ئاتىلىپ، ئېلىمىزنىڭ يازما ھۆججەتلىرىدە، سول قانات قەبىلە دەپ يېزىلغان. بۇلار سىر دەرياسى، ئىشىم دەرياسى قاتارلىق ۋادىلاردا ياشايتتى. شىمالىي قازاقلار ئۇلۇيۈز (يەنى ئۇلۇغ يۈز) دەپ ئاتىلىپ، ئېلىمىزنىڭ يازما ھۆججەتلىرىدە ئوڭ قانات قەبىلە ياكى ئوتتۇرا قەبىلە دەپ يېزىلغان، بۇلار بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى چۇدەرياسى، تالاس دەرياسى، ئىلى دەرياسى قاتارلىق ۋادىلاردا كۆچمە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان؛ غەرب تەرەپتىكى قازاقلار كىچىك يۈز (يەنى كىچىك يۈز) دەپ ئاتىلىپ، ئېلىمىزنىڭ يازما ھۆججەتلىرىدە غەرب قەبىلە دەپ يېزىلغان، بۇلار ئورال دەرياسى ۋە سىر دەرياسى بويلىرىدا كۆچمە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. 18 - ئەسىرنىڭ باشلىرى (1723 - يىلى)دا ئېلىمىزدىكى ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ 4 قەبىلىسىدىن بىرى بولغان جۇڭغارلار قازاقلارنىڭ 3 قىسمىغا ئارقىمۇ - ئارقا ھۇجۇم قىلىپ،

① «خەن سۇلالىسى تارىخى» 96 - جىلد، غەربىي رايون تەزكىرىسى»، 2 - قىسمى.

ئۇلارنى كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر قىلغان، شۇنىڭدەك ئۇلار ئېغىر دەرىجىدە قەھەتچىلىك ۋە ئاچارچىلىققا ئۇچرىغان. ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ يۈزى بىلەن ئوتتۇرا يۈزى مەجبۇرەن جۇڭغارلارغا تەۋە بولۇپ كەتكەن. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جۇڭغار قوزغىلىڭىنى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن بۇ، ئۈچ يۈزنىڭ بىر قىسىم قەبىلىلىرى بۇرۇنقى ئولتۇراقلاشقان جايىغا قايتىپ كەلگەن. 1757 - يىلى (چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 22 - يىلى)، ئوتتۇرا يۈزنىڭ ئابرۇيلۇق بىر باشلىقى ئابلايخان چىڭ ھۆكۈمىتىگە تەۋە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئابلاي چىڭ ئوردىسىغا ئەۋەتكەن مەكتۇبىدا: "مەن سىزگە تەۋە بولىمەن، پۇخرالار بۇنىڭ ئۈچۈن بەك خوشال بولدى، پادىشانىڭ ئىلتىپاتىدىن ناھايىتى مىننەتدارمىز ..... مەن قازاقلارنىڭ پۈتۈن قەبىلىلىرىنى باشلاپ، سىزنىڭ تەۋەيىڭىزگە ئۆتىمىز، ئۇلۇغ پادىشايىمىزنىڭ مەڭگۈ خىزمەتكارى بولىمىز"① دېگەن ھەمدە خىنجىگار قاتارلىق 7 كىشىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن. 2 - يىلى ئۇلۇغ يۈزنىڭ باشلىقى ئابۇلبىسخان قاتارلىقلارمۇ چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا "بىز ئوڭ قاناتتىكى قازاقلار سىزگە مەڭگۈ سادىق بولىمىز، مۇندىن كېيىن پۈتۈن كۈچ بىلەن خىزمىتىڭىزدە بولىمىز، ھەرگىزمۇ ئالا كۆڭۈللۈك قىلمايمىز" دەپ بايان قىلغان. 1763 - يىلى، كىچىك يۈزنىڭ باشلىقى نۇرالىمۇ ئوخشاشلا شۇنىڭغا تەۋە بولۇش ئارزۇسىنى بىلدۈرگەن. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يۈز باشلىقلىرىغا مەنسەپ ۋە ھوقۇق بەرگەن ھەم ئۇلارغا تامغا تارقىتىپ بەرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىغىمۇ مەنسەپ ۋە ئىنئام بېرىپ تۇرغان.

18 - ئەسىرنىڭ 30 - ۋە 40 - يىللىرىغىچە، چاررۇسىيىنىڭ چېگرىسى كاسپىي دېڭىزىغىچىلا ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇلار شەرققە قاراپ كېڭىيىپ، قازاق يايلىقىغا يېتىپ كەلدى. چاررۇسىيە تاجاۋۇزچىلىرى ئۈچ قىسىم قازاقلار جايلاشقان رايونلاردا، ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە ھەربىي ئىستىھكاملارنى ياساپ، ئۇلارنىڭ زېمىنىنى قوراللىق يۇتۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە سىياسىي، دىنىي ۋاسىتىلار ئارقىلىق قەبىلىلەردىكى بىر قىسىم يۇقۇرى قاتلام كىشىلەرنى جەلپ قىلىپ ۋە سېتىۋېلىپ، ئۇلارنى ئۆز تەرىپىگە تارتتى. 1731 - يىلدىن 1734 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، كىچىك يۈز بىلەن چوڭ يۈز ئىچىدىكى قىسمەن قەبىلە باشلىقلىرى چاررۇسىيىنىڭ ھامىيلىقىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. ئەمما بۇلار باشقا قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئېنگېلس چاررۇسىيىنىڭ مۇنداق يۇتۇۋېلىش ھەرىكىتى پېتىر I نىڭ تاجاۋۇزچىلىق فاكتىنىڭ داۋامى، دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكەن، "چاررۇسىيىنىڭ قىرغىزلار② نىڭ 3 خانلىقى ياكى قەبىلىسى ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلىقى ھامان ئېغىزدىكىلا ھۆكۈمرانلىق بولۇپ كەلگەن". ③ 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەل-

① «چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خاتىرىلىرى» 543 - جىلد، 16 - بەت.

② ياۋروپانىڭ 18 - 19 - ئەسىرلەردىكى ھۆججەتلىرىدە، كۆپىنچە، قازاقلارنى "قىرغىزلار"، قازاق يايلاقلىرىنى "قىرغىز يايلاقلىرى" دەپ ئاتىغان.

③ ف. ئېنگېلس: «رۇسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەرەققىياتى»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 12 - توم، 688 - بەت.

گەندە، چارروسىيە ئاسىيانىڭ «چوڭ دەرۋازا»سىنى ئېچىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە مەملىكىتىمىزگە كىرگىيىپ، يايلاقلارنى قوشۇۋېلىشنى تېخىمۇ تېزلىتىش ئۈچۈن، 1828 - يىلى «سىبىرىيە - قىرغىز نىزامى»نى ئېلان قىلىپ، قازاقلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئارىلاشتى، قازاقلارنىڭ ئەسلىدىن بار بولغان سىياسىي تۈزۈم ۋە قەبىلە باشلىقلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، ئاخىرى بېرىپ 1840 - يىلغا كەلگەندە، ئۈچ يۈزنى تامامەن يۇتۇپ بولدى.

قازاق يايلىقىدىكى فېئودال - يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر تامامەن دېگىدەك ئىسلام دىنىغا ئىشىنەتتى. چارروسىيە ئۈچ يۈزنى يۇتۇۋېلىشتا، ياپ - يالىڭاچ ھالدا، زورلۇق ۋاستىلىرىنى ئىشقا سالغاندىن تاشقىرى، ئىسلام دىنىدىن فېئودال، ئاقسۆڭەكلەر بىلەن دىنىي ساھەدىكى يۇقىرى قاتلام كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتىش ۋە پارچىلاشنىڭ مۇھىم قورالى سۈپىتىدە پايدىلاندى. 1730 - يىلى، چارروسىيە ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قولىنى كىچىك يۈزگە سوندى. بۇ چاغدا، روسىيە ھۆكۈمىتى، شۇ چاغدىكى ئوتتۇرا ۋە كىچىك يۈزلەرنىڭ قەبىلە باشلىقلىرى بىلەن دىنىي ساھەدىكى يۇقىرى قاتلام كىشىلەرنى سېتىۋېلىش ۋە ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ تەرجىمانى مىرزا تەۋكىلېۋنى ئەۋەتىپ، تۈرلۈك ھىيلە - مىكىرلەر بىلەن بولغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى. مىرزا تەۋكىلېۋ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، ئاۋال كىچىك يۈز قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئوبۇلخەيىر خاننى ئۆزىگە تارتتى. كېيىن ئوتتۇرا يۈزنىڭ باشلىقى سەمەكەخان ھەم ئوتتۇرا ۋە كىچىك يۈزلەردە ئابرويلۇق بولغان ئىسلام دىنى باشلىقى، ئاقساقال بوكەنلەر بىلەنمۇ تىل بىرىكتۈردى. تەۋكىلېۋ بىلەن ئوبۇلخەيىرخان قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تەھدىت سېلىشى ۋە ئالدىشى بىلەن ئوتتۇرا ۋە كىچىك يۈزلەردىكى قىسمەن قەبىلە باشلىقلىرى چارروسىيەگە ساداقەتلىك بىلدۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ھالبۇكى، روسىيەنىڭ بۇنداق تاجاۋۇزچىلىق ۋە بولغۇنچىلىق ھەركىتى ئوتتۇرا يۈزدىكى باشقا قەبىلە باشلىقلىرى بىلەن يايلاقتىكى كەڭ چارۋىچىلارنىڭ كەسكىن قارشىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. چارروسىيە 1734 - يىلى دۆلەت ئىشلىرى مەسلىھەتچىسى كىرىلوۋ بىلەن تەۋكىلېۋ (بۇ چاغدا ئۇ، پولكوۋنىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن)نى يىراقتا يۈرۈش قىلىدىغان بىر قىسىم ئەسكەرلەرنى باشلاپ، قازاق يايلاقلىرىغا بېرىپ، ھەربىي ھەركەت ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتتى. روسىيەنىڭ ئايال پادىشاسى ئاننا كىرىلوۋقا بەرگەن يوليورۇقىدا "ھال سوراش، سوغا تەقدىم قىلىش ياكى قوراللىق كۈچ ئىشلىتىش، تېررورلۇق قىلىش قاتارلىق ۋاستىلاردىن پايدىلىنىپ، قىرغىز - قازاقلارنىڭ ئىتائەتمەنلىكىنى ساقلاپ قېلىش"نى تاپىلايدۇ، شۇنىڭدەك ئۇلارغا مەسچىت سېلىپ بېرىش، مەسچىتلەرگە مۇھاپىزەتچى ئەسكەر قويۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ "ھۆرمىتى"نى بىلدۈرۈش ۋە ئۇلار ئۈستىدىن "نازارەت" ئېلىپ بېرىش ۋاھاكازالارنى ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويىدۇ①. بىراق، كىرىلوۋنىڭ تاجاۋۇزچىلىق مەقسىدىدە قىلغان بۇ ئۇزۇن سەپىرى ئوتتۇرا ۋە كىچىك يۈز خەلقلىرىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىق كۆرسىتىشى، شۇنىڭدەك باشقىرتلارنىڭ دەل شۇ ۋاقىتتا، روسىيەنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتەرگەنلىكى تۈپەيلىدىن ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

① لېپشىن: «قىرغىز - قازاق قەبىلىلىرى ۋە يايلاقلىرى توغرىسىدا بايان» ف. د. بىنپا تەرجىمىسى، 5 - باپ.

1738 - يىلى ئوتتۇرا يۈز باشلىقى سەمەكەخان ئۆلگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا يۈزنىڭ كۆپ قىسمى ئەبلەيلىرى ئابۇل مەمبەت بىلەن ئابۇلخاندىن ئىبارەت بۇ ئىككى قاغانغا تەۋە بولدى، ئابۇل مەمبەتنىڭ ئوتتۇرا يۈزدىلا ئەمەس، بەلكى قالغان ئىككى يۈزدىمۇ تەسىرى بار ئىدى. روسىيە ھۆكۈمىتى ئابۇل مەمبەتنى ئۆزىگە تارتىپ، تەۋە قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئالاھىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ دۆلەت غەزنىسىدىن پۇل چىقىرىپ ئابۇل مەمبەت ئاۋۇلىدىكى ئېرتىش دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى بەلدەم يەرگە مەسچىتى بار بىر ھەشەمەتلىك قورا جاي سالدۇرۇپ بېرىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە يەنە مەسچىتنى قوغدايدىغان ئەسكەرلەر ئۈچۈن گازارمىمۇ بولىدۇ. روسىيىنىڭ مۇنداق قىلىشتىكى ھەقىقىي مەقسىدى توغرىسىدا روسىيە قىرغىزلار يايلىقى مەمۇرى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ بىر ئەزاسى مۇنداق دەيدۇ: "ئۇلار (ئۈچ يۈزنىڭ باشلىقلىرىنى دېمەكچى — نەقىل كەلتۈرگۈچى) ئىسلام دىنىغا شۇنچە سادىق بولغانلىقتىن، (بىز ئۇلارغا مەسچىت سېلىپ بەرگەنلىكىمىز ئۈچۈن — نەقىل كەلتۈرگۈچى) بىزنى جەزمەن مۇھەممەت دىنىنىڭ قىزغىن تەشۋىقاتچىلىرى ئىكەن، دەپ بىلىدۇ"① .

چاررۇسىيە ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىپ، فېئودال ئاقسۆڭەكلەر بىلەن يۇقۇرى تەبىقىدىكى دىنىي كىشىلەرنى ئۆز تەرىپىگە تارتىش، سېتىۋېلىش ۋە بۆلگۈنچىلىك سېلىشتەك ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىش بىلەنلا قالماي، بەلكى كەڭ قازاق چارۋىچىلىرى ئارىسىدىمۇ قۇترىتىش، ئالداشتەك ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى. چاررۇسىيە قازاق يايلاقلىرىنى بويسۇندۇرۇش جەريانىدا، قازان، ئورۇنبورگ قاتارلىق جايلاردىن مۇستەملىكىچىلىك توغرىسىدا تەربىيە ئالغان ئاتالمىش يېڭى تىپتىكى "ئاخۇن"لارنى چارۋىچىلار ئىچىگە ئەۋەتىپ، خىزمەت ئېلىپ باردى، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى، شۇ يەردىكى شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان زور بىر تۈركۈم كىشىلەر بىلەن لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنى ئۆز دىنلىرىدىن ياندۇرۇپ، ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار بۇ ۋەزىپىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇنلىدى. چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى، ئارقاق ھالدىكى چارۋىچىلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ھامان ئىسلام دىنىنىڭ تەشكىللىك باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىدۇ - دە، روسىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىگە ئۆتۈپ، روسىيە پۇقراسى بولۇپ قالىدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدى. روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى مەشھۇر "شەرقشۇناس" گىرىگورىيېۋ مۇنداق دەيدۇ: "رەت قىلىپ بولمايدىغان پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، روسىيە تەرىپىدىن ئۇنداق ياكى مۇنداق شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، قىرغىز يايلاقلىرىدا ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىش — دۆلىتىمىزنىڭ ھەرقايسى مۇداپىئە لىنىيىلىرىگە يېقىن جايلاردا ئولتۇراقلاشقان قىرغىزلارنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارنى مۇقىم ئولتۇراقلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى...... ئەمما، ھەرقايسى ئىسلام مەملىكەتلىرىدە كۆچمە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگەن

① ئى. ف. بابكوۋ «غەربىي سىبىرىيىدىكى خىزمەت خاتىرىلىرىم» (1859 - 1875 - يىللار)، 1912 - يىلى پېتېربورگ نەشرى، 336 - بەت. ئەسلى گېنىننىڭ: «ئەدەبىي ئەسەرلەر توپلىمى» 1 - جىلد، 340 - بەتتىن ئېلىندى.

قىرغىزلار تا ھازىرغىچە ئاساسەن قەدىمدىن بار بولغان شامان دىنىنى ساقلاپ كەلمەكتە.① روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بارغان ھەركىتى ئاخىرقى نەتىجىدە، ئۆزىگە گور قېزىشتىن ئىبارەت بولۇپ چىقتى. خۇددى بەزىلەر ئېيتقاندەك: "مۇسۇلمانچىلىقنى تەشۋىق قىلىش جەھەتتە، نۇرغۇن مىقداردا پۇل سەرپ قىلدى. بۇ دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ خىزمىتى كۈتۈلمىگەن دەرىجىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، قىرغىزلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ھەق-قەتەن ئىسلام دىنىغا ئىشەندى. لېكىن ھۆكۈمەت مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، چۈنكى بۇ ھال روسىيىنىڭ ئاسىيادىكى ئاز سانلىق مىللەتلىرىنى كۆپەيتىۋەتتى".② تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، چاررۇسىيە چاڭگىلىنى قانچە ئۇزۇنغا سوزغان ۋە قانچە كۆپ ھىلە-مىكىر ئىشلەت-كەن بولسا، شۇنچە كەسكىن قارشىلىققا ئۇچراپ كەلدى. قازاق مىللىتى — چاررۇسىيىنىڭ ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى بىر تەشكىلىي كۈچ بولۇپ قالدى. يېقىنقى يۈز يىلدىن بۇيانقى تارىختا، قازاق خەلقىنىڭ چاررۇسىيىگە قارشى كۈرىشى ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ كەلمەكتە. مەسىلەن ئالايلۇق، 1774 - يىلدىن 1797 - يىلغىچە، كىچىك يۈز قازاقلىرى سىرىم باتۇرنىڭ رەھبەرلىكىدە، چاررۇسىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى 25 يىل داۋام قىلغان قوراللىق كۆرەشنى قوزغىدى."③ شۇنىڭدەك 1916 - يىلى قازاق خەلقى ئايمان قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇللا جاپپارخاننىڭ رەھبەرلىكىدە، چاررۇسىيىگە قارشى ئىسسىق كۆل بويىدا قو-راللىق قوزغىلاڭ كۆتەردى، بۇ قوزغىلاڭدا زور مىقداردىكى مۇستەملىكىچىلەر ئۆز دەككىسىنى يېدى"④.

چاررۇسىيىنىڭ ئۈچ يۈزنى يوتۇۋېلىش تارىخى توغرىسىدا، يېڭى چارپادىشانىڭ يالىلانما ئالىملىرى تا ھازىرغىچە چارپادىشانى ئاقلاپ، چاررۇسىيە "جەنۇبىي سىبىرىيە بىلەن قازا-غىستان زېمىنىنى ئاساسەن تېچلىق يولى بىلەن بىرلەشتۈردى"، چوڭ، ئوتتۇرا ۋە كىچىك يۈز-لەر "ئۆز ئىختىيارى بىلەن روسىيە تەۋەلىكىگە قوشۇلدى" ۋاھاكازا دەپ جار سېلىشماقتا. سوۋېت ئىتتىپاقى ئەدىبىيات - سەنئەتچىلىرى چارپادىشانىڭ قازاقلارغا تاجاۋۇز قىلغان بۇ رەزىل تارىخىنى ئاقلاش يۈزىسىدىن «تۇرغۇ»⑤ نامىدا بىر رومان يازدى. ئاپتور روماندا،

---

① ئى. ف. بابكوۋ «غەربىي سىبىرىيىدىكى خىزمەت خاتىرىلىرىم» (1875 — 1858 - يىللار)، 336 - بەت. ئەسلى كىرىگورىيېۋنىڭ: «روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قاراتقان سىياسىتى»، «دولەت بىلىملەر توپلىمى» 1 - توم، 249 - بەتتىن ئېلىنغان.

② روبانوۋ روستوۋسكى: «روسىيە ۋە ئاسىيا»، 1933 - يىل نيۇ - يورك، ئىنگلىزچە نەشرى، 4 - باپ.

③ ب. م. خېرت قاتارلىقلار تۈزگەن «گوكس - پورت ئىسلام تارىخى» 1 - جىلد، 507 - بەت. 1970 - يىل گوكس - پورت ئالى مەكتىۋى، ئىنگلىزچە نەشرى.

④ يۇقۇرقى كىتاپ، 519 - بەت.

⑤ بۇ كىتاپنىڭ ئاپتورى سوۋېت قازاغىستان جۇمھۇرىيىتى يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ شۇجىسى ئىلياس ئىسەنبەرلىن بولۇپ، بۇ كىتاپ سوۋېت «خەۋەر» نەشرىياتى تەرىپىدىن 1974 - يىلى نەشر قىلىنغان.

كۆچىنىڭ بىرىچە جۇڭگوغا قارشى قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، جۇڭگونى "قان شوراپ ئادەتلەنگەن ياۋۇز ئەجدىھا" دەپ ھاقارەتلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، چارروسىيىنىڭ يۇتۇۋالغانلىقىنى قازاقلارنىڭ "ئۆزىنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى ۋە ھەربى مەنپەئەتلىرىنى رۇس ئىمپېرىيىسىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن بىرلەشتۈرگەنلىكى" ۋە بۇنداق ئىختىيارى "بىرلەشتۈرۈش"، "قازاق خەلقىنى دۇنيانىڭ تارىخي تەرەققىياتىغا ئېلىپ كىرىپ، ئىجتىمائى ۋە سىياسى تەرەققىياتىنى تېزلەتتى" ۋاھاكازا دەپ شەرمەندىلەرچە جار سالدى. بىراق، ئاپتورنىڭ ئۆزىمۇ قازاقلارنىڭ «رۇس ئىمپېرىيىسىگە ھەقىقى قوشۇلغان ۋاقىت — چەكلىسىنى بىرەر يازما ئەسەردىن تېپىشنىڭ قىيىنلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى.» چارروسىيە تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ قازاق خەلقىنىڭ نەپرەت ۋە قارشىلىقىغا ئۇچرىغانلىقى ھەقىقەتەن ئاغرىقنى يوشۇرسا، ئۆلۈم ئاشكارا دېگىنىدەك، ئۇلارنىڭ تارىخنى ساختىلاشتۇرىدىغان رەزىل ئەپتى - بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ قويىدى. چارروسىيە قازاق دالىسىنى يۇتۇۋېلىشتا، تامامەن قوراللىق كۈچ بىلەن تەھدىت سېلىش، سىياسى جەھەتتىن ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىش، دىني جەھەتتىن ئالداش قاتارلىق ۋاستىلارنى قوللاندى، ئاتالمىش "ئىختىيارى قوشۇلۇش"، "تېچلىق ئۇسۇل" دېگەنلەر يېڭى چارپادىشا لوغىتىدىكى "قوراللىق يۇتۇۋېلىش" دېگەن سۆز بىلەن ئوخشاش. چارروسىيە تاجاۋۇزچىلىق جەريانىدا، قازاق خەلقىنى روسىيە پادىشالىقىنىڭ ئەبەدىيەتلىك "قۇلى" بولۇش ھەققىدە "ھۆججەت يېزىپ، قول قويۇپ بېرىش" ① كە مەجبۇر قىلغان. ئۇنىمىغانلارنى يۇرت - ماكانلىرىدىن قوغلاپ چىقارغان. ئۇلارنىڭ "تېچلىق ئۇسۇلى" دېگىنى ئەنە شۇ. بۈگۈنكى كۈندە بىرمۇنچە ياللانما سوۋېت ئالىملىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ چارروسىيىنى ئاقلاشلىرى ئۇلارنىڭ نوۋەتتىكى كېڭەيمىچىلىكتىن ئىبارەت ۋەھشى نىيىتىنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ، خالاس. ئۇلار دۇنياغا زومىگەر بولۇش مەقسىتىدە يېتىش ئۈچۈن، ئازاتلىق ھەركەتلىرىگە ياردەم بېرىش بانىسى بىلەن ھەممىلا جايدا تاجاۋۇزچىلىق ۋە ئاغدۇرمىچىلىق ھەركەتلىرىنى ئېلىپ بارماقتا.

## (3) خوجا ئەۋلاتلىرىنىڭ ئەسكەر توپلاپ، توپىلاڭ چىقىرىشىغا مەدەت بېرىپ، قەشقەرنى يۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇنۇشى

ئىسلام دىنى شىنجاڭغا 10 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا كىرىشكە باشلاپ، 12 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا پۈتۈن شىنجاڭغا تارالدى. ئىسلام دىنى تەسىر كۈچىنىڭ شىنجاڭدا كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىسلام دىنى كاتتىۋاشلىرى بارا - بارا نۇرغۇن جايلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئۆز قولىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن تۈزۈمنى ئورناتتى. شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىنىڭ كاتتىۋاشلىرى ئۆزلىرىنى خوجا دەپ ئاتىشىپ، ئۆزلىرىنى ئىسلام دىنى تارىخىدىكى 1-ئەۋلات خەلىپە (مۇھەممەتنىڭ ۋارىسى) ئابابەكرى (573 - 634) بىلەن 2 - ئەۋلات

① «ديات مىللەتلەرنى باشقۇرۇشنىڭ ئومۇمى تەپسىلاتى» تۆگجۇ خاندانلىقى تارىخى خاتىرىلىرى، 16 - جىلد، 22 - بەت.

خەلىپە ئۆمەر (584 - 644) نىڭ ئەۋلادلىرى دەپ ماختاندى، رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، خوجىلار ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەجدادى مەخدۇم ئىبن ئەزەم دېگەن كىشىدۇر. بىراق، ئۆزىنى خوجا دەپ ئاتىۋالغان بۇ كىشىلەرنىڭ بىر بولۇمى ئەمەلىيەتتە يەرلىك ئۇيغۇرلاردۇر. مىلادىنىڭ 17 - ئەسىرىدە، خوجىلار ئاق تاغلىقلار ("ئاق قالپاقلىقلار") ۋە قارا تاغلىقلار ("قارا قالپاقلىقلار") دەپ 2 گۇرۇھقا بولۇنۇپ كەتتى. بۇ ئىككى گۇرۇھ دەسلەپكى چاغلاردا، دىنىي مەزھەپ ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە بىر - بىرىگە زىت ئىككى سىياسىي گۇرۇھقا ئايلىنىپ كەتتى. خوجىلار يالغۇز دىنىنىڭلا رەھبىرى ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھاكىمىيەت رەھبەرلىرى بولۇپ، ئۇلار سىياسىي ھوقۇق ۋە دىنىي ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى شەپقەتسىز تۈردە ئەزدى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى.

1678 - يىلى (كاڭشىنىڭ 17 - يىلى) شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى ئاق تاغلىقلار گۇرۇھىنىڭ باشلىقى جۇڭغارلارنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر، يەركەن قاتارلىق جايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى قولغا ئېلىۋالدى. 1755 - يىلى جۇڭغارلارنىڭ توپىلىڭى چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن تىنجىتىلغاندىن كېيىن، ئاق تاغلىقلارنىڭ باشلىقى مۇھەممەتنىڭ ئوغلى بۇرھانىدىن (چوڭ خوجا) بىلەن خوجا جاھان (؟—1759- يىل، كىچىك خوجا)لار ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇن چىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرۇپ، بولۇنۇپ چىقىشقا ئۇرۇنغان قىلمىشلىرىدىن قورقۇپ، 1757 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 22 - يىلى) ۋەتەنگە قارشى توپىلاڭ كۆتەردى. خوجا جاھان قەشقەر، يەركەن قاتارلىق جايلارنى بېسىۋېلىپ، ئۆزىنى باتۇرخان دەپ ئاتىدى، شۇنىڭدەك دىنىي باشلىقلار بىلەن فېئودال يانچى ئىگىلىرىنىڭ بىرلەشمە دىكتاتۇرىلىك ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت تەسىس قىلىپ، كەڭ مۇسۇلمانلار ئۈستىدىن شەپقەتسىز زۇلۇم يۈرگۈزدى. 1758 - يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچى ئامبال يار خاشەننى ئەۋەتتى. كېيىن يەنە جياڭجۈن (گېنېرال) جاۋخۇيىنى زور بىر تۈركۈم قوشۇن بىلەن توپىلاڭنى تىنچلاندۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئىككى يىل جازا يۈرۈشى قىلىش نەتىجىسىدە، چوڭ - كىچىك خوجىلار بەدەخشانغا قېچىپ، ئاخىرى شۇ جايدىكى تاغلىقلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ ئاخىرقى ھېسابتا بىرلىككە كەلدى. چوڭ - كىچىك خوجىلار ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تىنچلاندۇرۇلغاندىن كېيىن، خوجىلارنىڭ بىر قىسىم ئەۋلادلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قوقان، مەرغىلان، بۇخارا قاتارلىق جايلىرىغا تاراپ كەتتى. ئەكسىيەتچى دىن باشلىقلىرى بىلەن ئاقسۆڭەك يانچى ئىگىلىرىنىڭ بۇ قالدۇق پۇشتلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەقسىتىدە، ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا تۈرلۈك پاراكەندىچىلىك سېلىپ بۇزغۇنچىلىق قىلدى، ھەتتا كۆپ قېتىم توپىلاڭ ئۇيۇشتۇردى. 1820 - يىلدىن 1827 - يىلى (جياچىڭنىڭ 25 - يىلىدىن داۋگۇاڭنىڭ 7-يىلى) غىچە، چوڭ خوجا بۇرھانىدىننىڭ نەۋرىسى جاھانگىر (؟—1828 - يىلى) ئەنگلىيىنىڭ قوللىشى ئاستىدا، قوقاندىن شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر، يېڭىسار، يەركەن، خوتەن — بۇ 4 شەھەردە توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، يەرلىك ئاھالىلەرنى ئېغىر بالايى - ئاپەتكە دۇچار قىلدى. 1830 - يىلى جاھانگىر خوجىنىڭ ئاكىسى يۈسۈپ قوقان فېئودال ھۆكۈمرانلىقىنىڭ قوللىشى بىلەن قەشقەرگە يەنە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ئارمىيە

ۋە خەلقىمىز تەرەپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. 1847 - يىلى (داۋگۇاڭنىڭ 27 - يىلى) جاھانگىر خوجىنىڭ جىيەنى قوقان، ئەنجاندە بۇيرۇت لەشكەرلىرىنى باشلاپ، شىنجاڭغا يەنە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، يوقۇرىدىكىگە ئوخشاشلا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى.

1856 - يىلى چاررۇسىيە تۈركىيە بىلەن بولغان قىرىم ئۇرۇشىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ غەربكە بولغان كېڭەيمىچىلىكى ۋاقىتلىق توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە مەملىكىتىمىزگە بولغان تاجاۋۇزچىلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ئۇلار بىر تەرەپتىن ئېلىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئىشغال قىلىۋالغان جايلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە كۈچەيتىش بىلەن بىللە، يەنە بىر تەرەپتىن جەنۇپقا قاراپ، ئېلىمىزنىڭ چۇ دەرياسى ۋە ئىسسىقكۆل ئەتراپلىرىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، تاجاۋۇزچىلىق تىغ ئۇچىنى دەل قەشقەرگە قاراتتى. 1857 - يىلى (شيەنفېڭنىڭ 7 - يىلى) قوقان خانلىقى قوقانغا قېچىپ بارغان خوجا ئەۋلادلىرىدىن يۈسۈپنىڭ جىيەنى، ۋاۋۇدۇننىڭ 2 - ئوغلى ۋەلىخاننى قەشقەرگە تاجاۋۇز قىلىشقا ئەۋەتتى. ۋەلىخان قەشقەردىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان يوقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن شىنجاڭدا تەسىرى بار، ئاقتاغلىقلارنىڭ ۋارىسلىق باشلىقى مەخدۇم ئەزەم (بۇ، ئەرەپچە سۆز بولۇپ، چوڭ خوجا دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) دەپ نام ئالغان بۈزرۈك (جاھانگىر خوجىنىڭ ئوغلى)نى بايراق قىلىپ كۆتۈرۈپ چىقتى، ۋەلىخان باندىتلىرى چوڭ خوجا نامىدىن قەشقەر يېڭىشەھەرنى ئالدى. ئاندىن ئۇ يەردە خالىغانچە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، خەلقلەرنى قىرغىنلىققا ئۇچراتتى. بولۇپمۇ قارا تاغلىق مۇسۇلمانلارغا تېخىمۇ دەھشەتلىك تۈردە زىيانكەشلىك قىلدى. ۋەلىخان قەشقەر رايونىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، بۇرۇندىن قەشقەرگە كۆز تىكىپ كەلگەن رۇسىيە ھۆكۈمىتى ئەمدى پۇرسەت كەلدى، دەپ قاراپ، بۇ ئىشقا ئاشكارا قول تىقتى، چاررۇسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئاسىيا مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى كاۋالېۋسكى «قەشقەردىكى ئەھۋال ۋە بىزنىڭ پوزىتسىيىمىز» دېگەن دوكلاتنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ جاھانگىر ئۇنۇر قاندىقتۇ روسىيە ھۆكۈمىتى قەشقەرنىڭ كونا ھۆكۈمدارلىرى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە كىشىلىرىدىن پايدىلىنىپ، قەشقەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا پائال ئارىلىشىش كېرەك، دەپ جار سالدى①. كاۋالېۋسكىنىڭ دوكلادىغا ئاساسەن رۇسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى بىلەن قۇرۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرلىكى بىرلىكتە مۇنداق قارار چىقاردى: (1) "خېلى تەربىيە كۆرگەن" بىر ھەربى ئەمەلدارنى قەشقەرگە ئەۋەتىپ ئەھۋال ئۇقۇش؛ (2) قەشقەر چېگراسىغا يېقىن جايلاردىكى ھەربى كۈچلەرنى كۈچەيتىش؛ (3) "قەشقەردىكى يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ تەلەپلىرىنى دوستانە كۆتۈۋېلىش"، قەشقەردىكى خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ ياردەم بېرىش ھەققىدىكى تەلەپلىرىنى رەت قىلماسلىق. قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرى سۇخوزانېت بۇ قارارنى سىبىرىيە باش ۋالىسى گاسفوردغا ئۇقتۇرغاندىن كېيىن گاسفورد دەرھال رۇسىيە ئارمىيىسىنىڭ ۋەلىخان باندىتلىرى-

① «چوقان. ۋەلىخانوۋ يازما ئەسەرلىرى»، 1 - جىلد، 62 - بەت. 1961 - يىل، ئالمۇتا نەشرى.

ھا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئەسكەر ئەۋەتىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىدۇ①. شۇنىڭ بىلەن بىللە روسىيە مەدەت بەرسەكلا، قەشقەر «بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا» بولۇنۇپ چىقىدۇ، دەپ داۋراڭ سالدى. ھالبۇكى، ئەھۋال تاجاۋۇزچىلار ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقتى، ۋەلىخاننىڭ توپىلىڭى ھەربى ۋە خەلقىمىزنىڭ بىرلىكتە قايتۇرما زەربە بېرىشى ئاستىدا، بىر نەچچە ئايغا بارمايلا تىنچلاندۇرۇلدى. دېمەك، چاررۇسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق پىلانى ئەمەلگە ئاشمىدى. ئاندىن كېيىن گاسفورد يەنە داۋاملىق تۇردە: «قەشقەر جۇڭگودىن ئايرىلىپ چىقىپ روسىيە ھامىلىقىدىكى دولەت بولىدىغان بولسا، يەرلىك خەلق بىزنىڭ ئىنتايىن زور ياردىمىمىزگە ئېرىشىدۇ.... بىز ئوتتۇرا ئاسيانىڭ خوجايىنى بولىمىز» دەپ جويلىدى②. بۇ روسىيىنىڭ قەشقەر رايونىنى يۇتۇۋېلىشتىن ئىبارەت ئۆزگەرمەس جاھىل، ۋەھشى نىيىتىنى ئاشكارىلاپ بەردى. چاررۇسىيىنىڭ بۇ ياۋۇز نىيىتى 1865 - يىلىدىكى ياقۇپبەگنىڭ قەشقەرگە تاجاۋۇز قىلغىنىدىن كېيىن يەنىمۇ ئىسپاتلاندى.

## (4) ياقۇپبەگنى يۆلەپ شىنجاڭدا جۇڭگو - روسىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئىسلام «قىستۇرما دۆلىتى» نى قۇرۇشى.

شەنشى، گەنسۇدىكى خۇيزۇ خەلقىنىڭ مەنچىڭ ھوكۇمىتىگە قارشى كۈرىشىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، 1864 - يىلى شىنجاڭ رايونىدا خۇيزۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھوكۇمرانلىقىغا قارشى قوراللىق قوزغىلىڭى پارتلىدى. بۇ قوزغىلاڭ تيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغىچە كېڭەيگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى باشتىلا يۇقۇرى تەبىقىدىكى ئاز سانلىق ئەكسىيەتچى دىندارلار، فېئوداللار تەرىپىدىن تارتىۋېلىندى. ئۇلار ئەسكىرى كۈچى بىلەن گېجۇي قىلىپ، ئۆز ئالدىغا خانلىق قۇرۇش ئۈچۈن «مانجۇلارنى چەتكە قېقىش، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش ۋە دىننى قوغداش» تىن ئىبارەت ئەكسىيەتچىل شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدا پاجىئەلىك قىرغىنچىلىق كەلتۈرۈپ چىقاردى، ھەتتا چەتئەل جاھانگىرلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، چەل بۆرىلەرنى ۋەتىنىمىزگە باشلاپ كىرىپ، ۋەتەننى پارچىلاش ھەركەتلىرىنى ئېلىپ باردى. شۇ چاغلاردا شىنجاڭ رايونىدا ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كەلگەن فېئوداللىق گېجۇي ھاكىمىيىتى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: «مۇسۇلمان خۇيزۇلار ۋاڭى توملىك باشچىلىق قىلغان، شىمالىي شىنجاڭ ۋە تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلارنى ئىگەللىگەن «تۇڭگان لوتەي خانلىقى»؛ خان خوجا باشچىلىق قىلغان، كۇچار، ئاقسۇ قاتارلىق رايونلارنى ئىگەللىگەن «تۈركىستان پادىشالىقى»؛ جىن شياڭيىن ۋە مۇھەممەت ياقۇپبەگ باشچىلىق قىلغان «يەتتە شەھەر خانلىقى»③؛ مەزەم زات

① ن. ئا. خالفىن: «روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسيادىكى سىياسىتى»، 1960 - يىل، موسكۋا نەشرى، 107 - بەت.

② ئوۋېن. راتىمار: «ئاسيانىڭ تۈگۈنى» 1950 - يىل، بىستون نەشرى، 28 - بەت.

③ «يەتتە شەھەر» — قەشقەر، يەركەن، خوتەن، كۇچار، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كورلا قاتارلىق 7 شەھەر كوزدە تۇتۇلىدۇ.

باشچىلىق قىلغان ئىلى قاتارلىق جايلارنى ئىگەللىگەن «ئىلى سۇلتانلىقى» قاتارلىقلار.

1864 - يىلى، قەشقەردىكى فېئودال خۇيزۇ جىن شياڭيىننىڭ چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى ساقلاۋاتقان قەشقەر يېڭىشەھەرگە قىلغان ھۇجۇمى نەتىجە بەرمىگەنلىكتىن، ئاخىرى ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقان خانى ئەلەمقۇلدىن ھەربىي ياردەم سوراپ، چوڭ خوجا بۇزرۇك خاننىڭ شىنجاڭغا قايتىپ كېلىشىنى تەلەپ قىلدى، بۇنىڭ بىلەن خۇيزۇلارنىڭ ۋە ئىسلام دىنىدىكى يۇقىرى تەبىقىلەرنىڭ ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى. قوقان ھۆكۈمرانلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، 1865 - يىلى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى ھەربىي قوماندان ياقۇپبەگ (1825 - 1877 - يىللىرى) نى بىر تۈركۈم ئارمىيىنى باشلاپ، شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىشقا ئەۋەتتى. ياقۇپبەگ بولسا، قوقان خانلىقىنىڭ ئەنجان دېگەن يېرىدىن ئىدى. ئۇ، ياش ۋاقتىدا بىر بايۋەچچە بولۇپ، كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە قوقان خانىغا مەھرەم بولغان، شۇ ئاساستا پەيدىن - پەي ھەربىي گېنېراللىق مەنسىپىگە كۆتۈرۈلگەن. ئۇ ئىسلام دىنى سۈننى مەزھىپىنىڭ مۇرىتلىرىدىن بولۇپ، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ۋەھشىلىك ۋە ئاچكۆزلۈك قىلاتتى، ئۇ ئىنتايىن مەككار ۋە ساختىپەز ئىدى. قوقان قوشۇنلىرى شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلار بىلەن تيانشاننىڭ شىمالىدىكى بىرقىسىم رايونلارنى ناھايىتى تېزلىكتە بېسىۋالدى، ئۇلار بارغانلا يېرىدە «قۇرئان ئوقۇپ، نەزىر - نۇزۇرەت قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى ئالداپ قاقتى - سوقتى قىلدى»①، كەڭ كۆلەمدە ئوت قويۇش، قىرىش، تالان - تاراج قىلىش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. 1867 - يىلى ياقۇپبەگ ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى بىلەن روسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ قوللىشى ئاستىدا، «يەتتە شەھەر خانلىقى»نى قۇرۇپ، ئۆزىنى بەدۆلەت خان (بەخت - سائادەتلىك خان) دەپ ئاتىۋالدى. ئۇ فېئوداللىق - دىنىي ھاكىمىيەتكە تايىنىپ ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ۋەھشىيانە ۋە ئەڭ رەھىمسىز تۈردە قۇل قىلدى ۋە تالان - تاراج قىلدى. ياقۇپبەگ ئىسلام دىنىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كۈچلۈك قورالى قىلىش ئۈچۈن، ئىسلام دىنىنىڭ يۇقىرى تەبىقىلىرىنى ھەدەپ ئۆز يېنىغا تارتىپ ئۆزىگە قارىتىۋالدى، ئۇلارغا تۈرلۈك ئىمتىيازلارنى ئىنئام قىلدى، ئىبادەتخانىلارنىڭ يەر - زېمىن ۋە مال - مۈلۈكلىرىنى كېڭەيتىپ، كۆپلىگەن مەسچىت، مازار ۋە دىنىي مەكتەپلەرنى يېڭىدىن قۇردى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىسلام دىنىي قانۇنلىرىنى كۆپلەپ يۈرگۈزۈپ، شەھەر - يېزىلاردا ئومۇمييۈزلۈك ھالدا مەھكىمە شەرئىي تەسىس قىلدى، قازى، مۇپتى، ئەلەملەرگە خەلقنى سوتلاش ھوقۇقى بەردى. ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ جازا چارىلىرى — دەررە ئۇرۇش، قولنى كېسىش، قىيىن - قىستاققا ئېلىش، ھەتتا ئولتۇرۇشتەك جازا چارىلىرىنى يۈرگۈزدى. ياقۇپبەگ ئاياللارنى بەكمۇ پەس كۆرەتتى، ئۇ، ئاياللار سىرتقا چىققاندا، يۈزگە چۈمبەل

① ياڭ يۈيشيۇ تۈزگەن: «مۇسۇلمانلارنى تىنچلاندۇرۇش تەسراتى» 7 - جىلد، «خۇيزۇلار قوزغىلىڭى» 3 - جىلد، 195 - بەت.

تارتىش، جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئاياللارغا ئوخشاش جىنايەت سادىر قىلغان ئەرلەرگە نىسبە-
تەن ئېغىر جازا بېرىشنى بەلگىلىگەن ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاس-
تىدىكى خەلقلەرنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. ئىسلام دىنىدا «سۈننى
مەزھىبى» دىن باشقا مەزھەپلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويمىدى. ئىسلام دىنىغا
ئېتىقات قىلمايدىغان كىشىلەرنى رەھىمسىز تۈردە باستۇردى ۋە ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلدى.
مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا غەيرى مۇسۇلمانلار-
دىن 40 مىڭدىن كۆپرەك كىشى ئۆلتۈرۈلگەن①.

چاررۇسىيە ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا ئۇزۇندىن كۆز تىكىپ كەلگەن ئىدى. 1864 -
يىلى، شىنجاڭدا مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى، بولۇپمۇ ياقۇپبەگ جەنۇبىي شىنجاڭغا
تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇلار: «جۇڭگو پارچىلىنىش تەھدىتىدىگە ئۇچراۋاتىدۇ،
جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدا...... مۇسۇلمانلارنىڭ مۇستەقىل ئىسلام زېمىنى شەكىللىنىشكە
باشلىدى»②، «چىڭ سۇلالىسى ئىمپېرىيىسى تامامەن مۇنقەرز بولىدۇ» دەپ قارىغان ئىدى.
شۇڭلاشقا، ئۇلار ياقۇپبەگ بىلەن تىل بىرىكتۈردى. 1866 - يىلى، چاررۇسىيە ياقۇپبەگ بىلەن
مەخپىي كېلىشىم تۈزۈپ، «ئىككى تەرەپ قارشى تەرەپنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ئارىلاشماسلىق، ھەر
قانداق بىر تەرەپ قارشى تەرەپنىڭ چېگراسىغا كىرىپ قاچقۇن جىنايەتچىلەرنى تۇتۇش ھو-
قۇقىغا ئىگە» دەپ بەلگىلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، چاررۇسىيە خىلۇدوۋ ئۈئەيىد قاتارلىق
ھەربىي ئەمەلدارلارنى قەشقەرگە بېرىپ ياقۇپبەگكە ياردەملىشىپ قوشۇن تەربىيىلەشكە ئە-
ۋەتتى. 1871 - يىلى، روسىيە ئوكتەملىك بىلەن ئەسكەر چىقىرىپ ئىلى رايونىغا تاجاۋۇز
قىلدى، 2 - يىلى چار ھۆكۈمىتى باش مەسلىھەت ئىشتاۋىنىڭ كاپىتانى كائۇلباس
باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكىنى قەشقەرگە بېرىپ ياقۇپبەگ بىلەن «سودا ئالاقە شەرت-
نامىسى» تۈزۈشكە ئەۋەتتى، چار ھۆكۈمىتى بۇ شەرتنامىدا «يەتتە شەھەر خانلى-
قى»نى قانۇنلۇق دۆلەت، ياقۇپبەگنى شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىنىڭ سەردارى دەپ ئۇچۇقتىن-
ئوچۇق ئېتىراپ قىلدى. ياقۇپبەگ بولسا، روسىيىلىكلەرنىڭ شىنجاڭ رايونىدا سودىگەرچىلىك
قىلىش ۋە بېرىش - كېلىش قىلىش ھوقۇقى بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. بۇ شەرتنامە
ئېلىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ۋە تېررىتورىيىسىگە قىلىنغان قىپ-ياڭاچ تاجاۋۇزچى-
لىق ئىدى. 1873 - يىلى، ياقۇپبەگ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كونا چار پادىشانىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئاتتى،
يەنە كېلىپ ئۆزىنىڭ جىيەن ئوغلى سەئىد ياقۇپنى پېتېربۇرگقا زىيارەتكە ئەۋەتتى، چار پادىشا-
سى ئالېكساندىر II بۇ ئەلچىلەرنى شەخسەن ئۆزى قوبۇل قىلىپ، ياقۇپبەگ ھۆكۈمىتىنى

① جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن: «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى، قىسقىچە تەزكىرىسى توپلىمى» 1962 - يىل بېيجىڭ نەشرى، 55 - بەت. موللا مۇسا سايرامى يازغان «تارىخىي ھەمىدىيە»دە خاتىرىلەنگەن ماتېرىياللاردىن ئېلىندى.

② ئى. ى. بابكوۋ: «غەربىي سىبىرىيىدىكى خىزمەت خاتىرىلىرىم» (1859، - 1975 - يىللىرى) 523 - بەت.

پائال قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. چار روسىيىنىڭ ئەسكىرىي كۈچلىرىنى كۆز-كۆز قىلدۇرۇش ئۈچۈن، سەئىد ياقۇپنى ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي مانېۋىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغۇزدى. 1877-يىلى، چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسى ياقۇپبەگكە شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى، شۇنىڭ بىلەن تيانشاننىڭ شىمالى تېچلاندۇرۇلدى، ياقۇپبەگ ھۆكۈمىتى يىمىرىلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى. بۇ چاغدا چار روسىيە ياقۇپبەگنىڭ جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشىگە ياردەم بېرىپ، شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى كەڭ زېمىننى ۋە مۇھىم ھەربىي بازىسىنى ياقۇپبەگنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن كروپاتكىن باشچىلىقىدىكى "پەۋقۇلئاددە ۋەكىللەر ئۆمىكى"نى ياقۇپبەگ تۇرۇشلۇق داۋولغا ئەۋەتىپ، ئۇ يەردە ھەركەت ئېلىپ باردى. كروپاتكىن ياقۇپبەگنى "ئۆزلىرى كاتتا دۆلەت قۇرۇپلا قالماي، بەلكى ئۇنى دانالىق بىلەن باشقۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ"① دەپ ماختاپ كۆككە كۆتەردى. كروپاتكىننىڭ بۇ ماختىشى روسىيە خوجايىنىنىڭ ئۆز قولىغا ئۆلۈم ئالدىدا بەرگەن تەسەللىسى بولۇپ قالدى، بىر نەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ياقۇپبەگ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. ئەمما بۇ ۋەقە ئۆتۈپ يۈز يىلدىن كېيىنمۇ يېڭى چار پادىشانىڭ ياللانما ئەدىپلىرى بۇ كونا مۇقامنى يېڭىۋاشتىن توۋلاپ، قانداقتۇ: "يەتتە شەھەر خانلىقى شەرقىي تۈركىستاندا ناھايىتى كەڭ رايوننى ئىگىلەپ شۇ يەردىكى ئەڭ مۇستەھكەم، ئەڭ كۈچلۈك رايون بولۇپ قالغان، ياقۇپبەگ باش كۆتىرىپ چىقىپ ئۇنىڭ ھۆكۈمرانى بولغان، بۇ كىشى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي دۆلىتىنى قايتىدىن گۈللەندۈرگەن ئىدى"② دەپ ۋالاقشىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ چىرىك مۇردىنى كۆتىرىپ چىقىشى يەنىلا كونا چار پادىشانىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى ئاقلاش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېڭى چار پادىشانىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ئۈچۈن تارىخىي ئاساس ئىزلەشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، بۇنىڭ مۇددىئاسى ناھايىتى ئېنىق.

چار روسىيىنىڭ "يەتتە شەھەر خانلىقى"نى قۇرۇشنى قوللاشتىكى ئوچۇق مەقسىدى — ئېلىمىزنىڭ غەربىي رايونىدا جۇڭگو - روسىيە ئوتتۇرىسىدا ئىسلام قىستۇرما دۆلىتى قۇرۇپ، ئەڭ ئاخىرى قىستۇرما دۆلەتنى بىراقلا يۇتۇۋېلىشتىن ئىبارەت. بۇ، كونا چار پادىشانىڭ سىرتقا قارىتا تاجاۋۇز قىلىشتا ھەمىشە قوللىنىدىغان ھىلە - مىكىرىسى. ماركس روسىيىنىڭ سىرتقا بولغان كېڭەيمىچىلىك ۋاسىتىلىرىنى تەھلىل قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قاراتقان ئەڭ ئاخىرقى مەقسىدى — ئاۋۋال شۇ جايدىكى بارلىق دۆلەتلەرنى روسىيىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋېلىش، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلارنى روسىيىنىڭ ھامىيلىقىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلىپ، ئەڭ ئاخىرى ئۇلارنى ئۆز ئىمپېرىيىسىگە قوشۇۋېلىشتىن ئىبارەت. كروپاتكىن ئوچۇق ئېتىراپ قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "روسىيە تۈركىستاننىڭ باش ۋالىيسى كائۇفماننىڭ قارىشىچە، تۈركىستاننىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس ماددىي باي-

① كروپاتكىن: «قەشقەر» 1879 - يىل پېتېربۇرگ نەشرى، 6 - بەت.

② گولبوۋىچ: «چوڭ خەنزۇ شوۋىنىزمى 18 - ۋە 19 - ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تارىخىغا ئائىت بىر قانچە مەسىلە». «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تارىخىي مەسىلىلەر» ژۇرنىلى، 1974 - يىل 9 - سان، 60 - بەت.

لىققا ئىگە جۇڭگو بىلەن خوشنا بولۇشىغا قارىغاندا، ئارىلىقتىكى قىستۇرما دۆلەت بولغان ياقۇپبەگنىڭ مۇنداق ئاجىز ئىسلام دۆلىتى بىلەن خوشنا بولۇشى روسىيە ئۈچۈن پايدىلىق». شۇڭلاشقا، «ئۇ ئىلىنى روسىيىگە قوشۇۋېلىشنى ماقۇللاش» بىلەن بىر ۋاقىتتا، «قەشقەردىكى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنى قوللىغان» ① ئىدى. ئىلىغا تاجاۋۇز قىلىش ھەركىتىگە بىۋاستە قاتناشقان غەربىي سىبىرىيە ھەربىي رايونىنىڭ سەنمۇجاڭى بابكوۋمۇ ئۆز ئەسلىمىسىدە مۇنداق دېگەن: «بۇ ۋەقە (چاررۇسىيە ئىلىنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىش ۋەقەسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ — نەقىل كەلتۈرگۈچى) نىڭ تەجرىبىسى شۇنى كۆرسەتتىكى، روسىيىگە خوشنا بولغان جۇڭگونىڭ غەربىدىكى جايلاردا، ئىسلام دىنىنىڭ مۇستەقىل زېمىنلىرى قۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىرى دائىم ئۆزگىرىپ تۇراقسىز بولۇپ كېلىۋاتىدۇ ...... ھەتتا قەشقەر ھۆكۈمرانى ياقۇپبەگكە ئوخشاشلارنى ئېلىمىز ئۈچۈن ئانچە خەۋپ دەپ قارىغىلى بولمايدۇ، بۇنداق زېمىنلار ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ»②. ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «بىز شۇنى كۆرۈپ تۇرۇۋېتۇقكى، ...... ئېلىمىزنىڭ دۆلەت چېگرىسىغا يېقىن جايدا بۇنداق ئىسلام دىنى زېمىنلىرى قۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە ئۆز ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ھېچقانداق كۈچلۈك تەبىي خۇسۇسىيەت بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بىزگە خەۋپ - خەتەر يەتمەسلىكى مۇمكىن» ③. جاھانگىر ئۇنسۇرلارنىڭ بۇ سۆزلىرى روسىيىنىڭ ياقۇپبەگنى قوللاشتىكى ھەقىقىي مەقسىدىنى ئەڭ ياخشى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى ھالاك بولغاندىن كېيىنمۇ، روسىيە شىنجاڭ رايونىدا ئىسلام دىنى قورچاق دۆلىتى قۇرۇشتىن ئىبارەت غالجىرانە پىلانىدىن يانغىنى يوق. ئۇلار بۇ ھەقتىكى ئۈمىدىنى ياقۇپبەگنىڭ چوڭ ئوغلى بەگقۇلى ۋە ياقۇپبەگنىڭ قول ئاستىدىكى ھەربىي قوماندان بەييەنخۇ قاتارلىق كىشىلەرگە باغلىدى. چاررۇسىيە جۇڭگو - روسىيىنىڭ «ئىلى - چۆچەك سودا ئالاقە نىزامنامىسى»نىڭ قاچقۇن جىنايەتچىلەرنى ئۆز ئارا ئۆتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىگە ۋە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بەييەنخۇ قاتارلىقلارنى تۇتۇش توغرىسىدىكى كۆپ قېتىملىق ئىلتىماسىغا پىسەنت قىلماي بەگقۇلى، بەييەنخۇ قاتارلىق قالدۇق باندىتلارنى ئۇزاق مۇددەتكىچە يوشۇرۇپ ساقلىدى ۋە ئۇلارنى ئېلىمىزنىڭ چېگرىسىغا كىرىپ پاراكەندىچىلىك، بۇزغۇنچىلىق سېلىشقا بۇيرىدى. شۇنداق قىلىپ، شەرت - شارائىت پىشىپ يېتىشكەندە ئاندىن ئۇلارنى ئۆز گۇماشتىلىرى قىلىپ تىكلىمەكچى بولدى. كائوفماننىڭ 1880 - يىلىدىكى ئىقرارىغا قارىغاندا، «جۇڭگولۇقلارنى جۇڭغارىيە ۋە قەشقەردىن قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، بۇ رايوندا مۇستەقىل ئىككى مۇسۇلمان خانلىقى قورماقچى بولغان. بىرسى بەي-

---

① كروپاتكىن: «روسىيە - جۇڭگو مەسىلىسى» 1912 - يىل مۇقەددەس پېتېربۇرگ نەشرى، 87 - 86 - بەتلەر.

② ئى. ف. بابكوۋ: «غەربىي سىبىرىيىدىكى خىزمەت خاتىرىلىرىم» (1859 — 1875 - يىللار) 484 ، 483 - بەتلەر.

③ ـ ② بىلەن ئوخشاش.

...يەنىڭ باشچىلىقىدىكى تۇڭگان خانلىقى (جۇڭغارىيەدە)، يەنە بىرسى ئوتتۇرا ئاسىيا يىلنامىسىدىكى مەشھۇر ياقۇپبەگنىڭ ئوغلى بەگقۇلى قارىمىقىدىكى تارانچى ① خانلىقى (قەشقەردە) ② بولۇپ، بۇ ئىككى قورچاق خانلىق ئارقىلىق شىنجاڭنى يۇتۇۋېلىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغان. لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ "شەرەپلىك ۋەزىپە"سى، شۇ چاغدىكى ۋەزىيەت ئۆزگەرگەنلىكى، چىڭ سۇلالىسى ھوكۇمىتىنىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونىغا بولغان مۇداپىئەنى كۈچەيتكەنلىكى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ روسىيەگە بىرنىيەتتە قارشى تۇرغانلىقى تۈپەيلىدىن ئەمەلگە ئاشمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، چار روسىيە بىگۇۋاشتىن ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش ئۈمىدىنى بەگقۇلىنىڭ ئوغلى مۇستافاخانغا باغلىدى، چار روسىيە ھوكۇمىتى مۇستافاخاننى بېقىپ سەمرىتىپ، ئۇنى تۈركىستان باش ۋالىسى مەھكىمىسىنىڭ ياللانما خادىملىقىغا تەكلىپ قىلدى. شۇ چاغدىكى چار روسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن كونسۇلى بىلىنس ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى كارتنېيگە ئاشكارىلاپ قويۇشىچە، روسىيە ھوكۇمىتى مۇستافاخاننى كۈشكۈرتۈپ شىنجاڭدا بىگۇۋاشتىن ئىسلام دۆلىتى قۇرۇپ، ئۇنى ئەنگلىيىنىڭ قول ئاستىدىكى ھىندىستان بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدىكى قىستۇرما دۆلەت قىلىشتەك سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلەردە بولغان ③. ئەمما ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان. شىنخەي ئىنقىلاۋى مەزگىلىدە، چار روسىيە بۇ جىنايى مەقسىدىنى يەنە قايتا ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۇرۇندى.

## (5) ئىلى رايونىدىكى مۇسۇلمان ئاھالىلارنى كۆپلەپ ھەيدەپ كېتىشى

ئىلى — دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي چېگرىسىدىكى ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم رايون. شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋە قاتناش تۈگۈنى. ھاۋا كېلىماتى موتىدىل، يېرى مۇنبەت، كان بايلىقى تولا، ماددى بايلىقى مول. شۇڭا چارپادىشا بۇ باي رايونغا بۇرۇندىنلا كۆز تىكىپ كەلگەن ئىدى. ياقۇپبەگنىڭ تەسىرى شىنجاڭدا شىمالغا كېڭىيىپ ئىلىنى ئىشغال قىلىشقا يۈزلەنگەندە، 1871 - يىلى چار روسىيە ئىلى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنى ئالدىن ئىشغال قىلىۋالدى. تاجاۋۇزچى قوشۇن قەيەرگە بارسا، ئوت قويۇپ قىرغىنچىلىق قىلدى ۋە بۇلاڭ - تالاڭ يۈرگۈزدى. قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىدى: ئۇلار "ئالتۇنلۇق" (ئىلىنىڭ دىنىي ۋە تىجارەت مەركىزى) نى ئىشغال قىلىپ خەنزۇ - خۇيزۇلارنىڭ تەگدىن - تولىسىنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتتى ...... مۇسۇلمانلارنى غەربىي شەھەرگە ئورۇنلاشتۇرۇش ئارزۇسىدا بول-

① 17 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 18 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا موڭغۇللارنىڭ جۇڭغار قەبىلىسى جەنۇبىي شىنجاڭلىق ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى بىر نەچچە قېتىم ئىلىغا بېرىپ بوز يەر ئېچىشقا كۆچۈرگەن، بۇ دېھقانلار ۋە ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى تارانچى دەپ ئاتالغان.

② كوستېنكى: «جۇڭغارىيە» 38 - بەت.

③ سكرىنې، نىگتىنگېل: «ماكارتنېي قەشقەردە» 1973-يىلى لوندون نەشرى، 202 -، 203- بەتلەر.

دى»①، بۇ ئارقىلىق مەڭگۈ بېسىۋېلىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى. چاررۇسىيە ئىلى رايونىنى
ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئىلىنى كۆۋرۈك قىلىپ، قوراللىق «سودا ئەترىتى» ۋە ھەربىي
قوشۇنلارنى ئەۋەتىپ شىمالىي شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ، ماناس، ئۈرۈمچى قاتارلىق جاي-
لارنى بېسىۋېلىش خام خىيالىدا بولدى.

چاررۇسىيىنىڭ «سودا ئەترەتلىرى» ۋە «يۈك كارۋانلىرى» ئەمەلىيەتتە تاجاۋۇزچى قوشۇن-
لارنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرى بولۇپ، تولىسى چاررۇسىيە تەرىپىدىن توپلانغان ئەنجانلىق
ئۆزبېكلەر ئىدى. ئۇلار مازارلارنى تاۋاپ قىلىش، زىيارەت قىلىش قاتارلىق دىنىي ۋاسى-
تىلاردىن پايدىلىنىپ، چار ھۆكۈمىتىنىڭ جىڭ ۋە شىخەنزى قاتارلىق رايونلارغا تاجاۋۇز قىلىپ
كىرمەكچى بولغان قوشۇنلىرىغا ئاخبارات توپلاپ بېرەتتى. تىل بىرىكتۈرۈش، فېئودال يۇقۇرى
قاتلامدىكى دىنىي ئەرباپلارنى سېتىۋېلىش، ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ مۇسۇلمانلىرى ئىچىدە
قۇتراتقۇلۇق، بۆلگۈنچىلىك ۋە ئاغدۇرمىچىلىق ھەركەتلىرىنى قىلاتتى.

چاررۇسىيىنىڭ ئىلى رايونىغا قىلغان ھەربىي مۇستەملىكىچىلىكى 10 يىلغا داۋام قىلىپ،
ئۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز جىنايەتلەرنى ئىشلىدى. 1878 - يىلى،
مەنچىڭ قوشۇنلىرى ئىلىدىن باشقا ھەممە جايلارنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، چاررۇسىيە
ئىشغالىيىتىدىن ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن قايتا - قايتا تەنپەن ئۆتكۈزۈپ، ئاخىرى 1881 -
يىلى «جۇڭگو - چاررۇسىيە ئىلى شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى. شەرتنامىغا ئاساسەن چاررۇسىيە
ھۆكۈمىتى جۇڭگودىن 9 مىليون رۇبلى (كۈمۈشكە سۇندۇرغاندا 5 مىليون سەردىن ئارتۇق
كۈمۈش بولاتتى) تۆلەم ئالدى. ئىلىنىڭ غەربىدىكى قورغاس دەرياسىنىڭ غەربى، ئىلى
دەرياسىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي قىرغاقلىرىدىكى كەڭ يەرلەرنى مەجبۇرلۇق بىلەن ئىشغال
قىلىۋالدى. يەنە رۇسىيە سودىگەرلىرى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىدە ۋاقىتلىق باج تۆ-
لىمەسلىك، موڭغۇل رايونلىرىدا ئاۋالقىدەكلا باج تۆلىمەسلىك ھوقۇقىغا ئىگە بولۇۋالدى.
«جۇڭگو - رۇسىيە ئىلى شەرتنامىسى» جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە مەجبۇرى تاڭغان تەڭ ھوقۇقسىز
شەرتنامە ئىدى.

«جۇڭگو - رۇسىيە ئىلى شەرتنامىسى» ئىمزالانغاندىن كېيىن، چاررۇسىيە ئىلى دەر-
ياسىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىي قىرغاقلىرىدىكى كەڭ زېمىنىمىزنى بېسىۋېلىپلا قالماستىن، بەلكى
قورال كۈچى ۋە دىنىي ئالدامچىلىق ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق ئىلى ئاھالىلىرىدىن يۈز مىڭدىن
ئارتۇق كىشىنى ھەيدەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئېلىمىزدىكى
ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئىدى.

چاررۇسىيە ئىلىنى بېسىۋالغاندا، ئىلى خەلقىنى رۇسىيە تەۋەلىكىگە (گىراژدانلىقىغا)
ئۆتۈشكە مەجبۇرلىدى ۋە قورقۇتتى ھەمدە ئۇلارنى ھەيدەپ ئېلىپ كەتتى. «جۇڭگو - رۇسىيە
ئىلى شەرتنامىسى»نى مەجبۇرى ئىمزالاتقۇزغان ۋاقىتتا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇنداق بۇلاڭچى-

① 1871 - يىلى 14 - ماي رۇڭ چۈەنشياڭنىڭ چىڭ سۇلالىسى پادىشاسىغا يوللىغان دوكلادى، «يات مىللەتلەرنى باشقۇرۇشنىڭ ئومۇمىي تەپسىلاتى»، تۇڭجى خانىدانلىقىنىڭ تارىخىي خاتى-رىسى، 83 - جىلد، 31 - بەت.

لىق ھەركەتلىرىنى قانۇنلاشتۇرۇۋالدى. بۇ شەرتنامىنىڭ 1 - ماددىسىدا: "مەنچىڭ ھۆكۈمىتى ئىلى پاراكەندىچىلىكىدە ۋە تېچلاندۇرۇلغاندىن كېيىن شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ئاھالىلارنىڭ سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلىرى بولسا، ئۇلارنىڭ مىللەت ۋە دىنىغا قارىماستىن بىردەك كەچۈرۈم قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلماسلىق توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈشى كېرەك" دەپ بەلگىلەنگەن. 3 - ماددىسىدا: "ئىلى ئاھالىلىرى مەيلى ئەسلى جايىدا قېلىپ، جۇڭگو پۇقراسى بولۇشنى خالىسۇن ياكى روسىيىگە كۆچۈپ بېرىپ روسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتۈشنى خالىسۇن، بۇ پۈتۈنلەي ئۇلارنىڭ ئۆز ئىختىيارىدا بولۇشى كېرەك"، 7 - ماددىسىدا: "روسىيە تەۋەلىكىگە كىرىپ، ئۆزىنىڭ يەر - ماكانلىرىدىن ۋاز كەچكەن ئاھالىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، ئىلىنىڭ غەربىدىكى رايونلار رۇسىيىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇشى كېرەك" دەپ بەلگىلەنگەن. دېمەك، بۇنىڭدىن شۇنى كۆرىمىزكى، چاررۇسىيە بىر تەرەپتىن، 1864 - يىلىدىكى قوراللىق توپىلاڭدا دۈشمەنگە تەسلىم بولۇپ ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلغان، چەتئەل جاھانگىرلىكىگە ساداقەتلىك بىلەن خىزمەت كۆرسەتكەن فېئوداللار ۋە يۇقۇرى قاتلامدىكى دىنىي ئۇنسۇرلارنى جىنايى مەسئۇلىيەتتىن قۇتۇلدۇرماقچى بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، توپىلاڭغا قاتناشقان كەڭ دىنىي ئېتىقادچىلار ۋە ئاھالىلارغا قارىتا ئۆزلىرىنى "ئادالەت يولىدا ھەقىنى سۆزلىگۈچىلەر" قىلىپ كۆرسىتىپ، ئۆزىنى "ئىسلام دىنى ۋە مىللەت"نىڭ ھامىيسى قىلىپ بېزەپ، بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقماقچى بولغان.

چاررۇسىيە ئوتتۇرا شەرقتە "گىرىتسىيىدىكى خىرىستىيانچىلارنى ئىسلام دىنىنىڭ زۇلمىدىن ئازات قىلىش" ① قالپىقى ئاستىدا، تۈركىيىگە كۆپ قېتىم ئۇرۇش قوزغىغان بولسا، دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونىغا تاجاۋۇز قىلىشتا، ئۇنىڭ ئەكسىچە، "ئىسلام دىنىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى" دېيىدىغان ئەبجەق چىققان بايراقنى كۆتۈرۈپ چىقتى. شەنشى، گەنسۇ رايونى ۋە شىنجاڭدىكى قوراللىق قوزغىلاڭلاردىن كېيىن، رۇسىيە ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن "ساياھەتچىلەر"، "ئېكسپېدىتسىيىچىلەر"، سودىگەرلەر، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بولسۇن، غەربىي شىمالدىكى مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا "ئاق پاشا" ئىسلام دىنىنىڭ تەبىي ھىمايىچىسى ۋە نىجات يۇلتۇزى" دەپ جار سالدى. قانداقتۇر يەنە، دۆلىتىمىزدىكى "كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلار، بولۇپمۇ تۇڭگانلار ②نى روسىيە ھۆكۈمىتىگە ئۆچۈقتىن - ئۆچۈق تەلپۈنمەكتە، بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ئۇرغۇنلىغان دىنىي قېرىنداشلىرى ياخشى، ئەركىن، باياشات ياشىماقتا" ③ دەپ بىلجىرلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەرلىك مۇسۇلمانلارغا تۈرلۈك ئالدامچىلىق ۋە تەھدىت يۈرگۈزۈپ: "سىلەر مانجۇلارنى ئۆلتۈردۈڭلار، ئەمدى ئۇلار كېلىپ سىلەرنى ئۆلتۈرىدۇ"، "خىتايلار (خەنزۇلار) سىلەردىن ئۆچ ئالىدۇ" دېگەندەك سۆزلەرنى تارقاتتى. ھەتتا دىنىي تونغا ئورۇنۇۋالغان غال-

---

① ئېنگېلس «چاررۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى سىياسىتى»، ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى، 22 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 37 - بەت.

② رۇسلار مەملىكىتىمىزدىكى خۇيزۇ مىللىتىنى شۇنداق دەپ ئاتايدۇ.

③ ئى. ف. بابكوۋ «غەربىي سىبىرىيىدىكى خىزمەت خاتىرىلىرىم» (1859 - 1875 - يىللار) 304 - بەت.

چەلەرنى ئىشقا سېلىپ ھەممىلا يەردە: «خۇدا سىلەرنى كەچۈرگەن بىلەن مەنچىڭ پادىشاسى سىلەرنى كەچۈرمەيدۇ!» دەپ جار سالدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق ئالدامچىلىق ۋە تەھدىت يۈرگۈزۈشتىكى مەقسىتى، ئاھالىلەر ئىچىدە ۋەھىمە تۇغدۇرۇش ھەمدە چارروسىيىنىڭ خەلقىمىزنى ھەيدەپ ئېلىپ كېتىشى ئۈچۈن جامائەت پىكرى پەيدا قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

«جۇڭگو - روسىيە ئىلى شەرتنامىسى» ئىمزالىنىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا، روسىيىنىڭ ئىلىدىكى ھۆكۈمران ئورگانى — ۋوروس ۋە قوراللىق قوشۇنلىرى ئاھالىلارنى ھەيدەپ ئېلىپ كېتىش ھەركەتلىرىگە كىرىشتى. تاجاۋۇزچىلار ئىلى ئاھالىلىرىنى مەھەللە بويىچە، توپ - توپى بىلەن ھەيدەپ روسىيە تەرەپكە ئېلىپ كەتتى. «ئۇ تەرەپكە بېرىشنى خالىمىغانلارنى قامچىلاپ مەجبۇرلىدى. ئۇلارنىڭ ئاھزارى پەلەككە يەتتى»①. 4 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە (1881-1884 - يىللار) چارروسىيە ئىلى رايونىدىكى ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز خەلقلىرىدىن يۈز مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى ھەيدەپ ئېلىپ كەتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ خىل بۇلاڭچىلىق ھەرىكىتى يەرلىك خەلقلەرنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. بەزى رايوندىكى ئاھالىلار، «قېرى-ياش، ئەر - ئاياللار ئۆلۈشكە رازى بولىدىكى، كۆچۈشكە رازى بولمىدى»②. چارروسىيىنىڭ ئېلىمىزنىڭ زور تۈركۈمدىكى ئاھالىسىنى ھەيدەپ ئېلىپ كەتكەنلىكى كورۇشتە يەرلىك خەلقنىڭ «ئارزۇسى»غا «ھۆرمەت قىلدۇق» دېگەن سۆز بىلەن پەردازلىنىپ «ئىسلام دىنىنى قوغداش»، «مىللەتنى قوغداش» دېگەن بايراق ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ھەربىي ئىشغالىيەت مەقسىتىگە يېتىش، «چارروسىيىنىڭ جۇڭگو چېگرىسىدىكى سىياسىي ۋە ھەربىي ئورنىنى كۈچەيتىش» شۇنىڭدەك ئۆزلىرى بىر تۈركۈم ئەمگەك كۈچىگە ئىگە بولۇپ، ئۇلار ئىگەللەپ تۇرغان كەڭ بوز يەرلەرنى ئېچىشتىن ئىبارەت. بۇ چارروسىيىنىڭ تۈركىستاندىكى باش ۋالىيسىنىڭ 1881 - يىلى 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىكى خەلقلەرنى كۆچۈرۈش مەسىلىسى توغرىسىدىكى بۇيرۇقىدا قەيت قىلىنغان: «ئەگەر مەنچىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن توقۇنۇش پەيدا بولىدىغان بولسا، بىز جۇڭگو چېگرىسىدا مۇكەممەل ۋە ھەرقانداق ۋاقىتتا جۇڭگولۇقلار بىلەن ئۇرۇش قىلالايدىغان بىر تۈركۈم تايانچ كۈچ ساقلايمىز. ئۇلار ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ خانىۋەيران بولغانلىقتىن، ھامان ئۆز يۇرتلىرىغا تەلپۈنۈپ، جۇڭگوغا ئىنتايىن ئۆچمەنلىك قىلىدۇ. ئىلى رايونىدىكى مۇسۇلمانلار ئەگەر ئۆز يېرىدە تۇرۇۋېرىدىغان بولسا، ھازىرقى جۇڭغارىيە مۇسۇلمانلىرىغا ئوخشاش تەدرىجىي يوسۇندا يوق قىلىنىدۇ ياكى جۇڭگو تەرەپنىڭ يول قويۇشى ئارقىسىدا، مۇسۇلمانلار بىلەن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئاخىرى ياخشىلىشىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ خىل شارائىتتا مەيلى قانداق ئەھۋال پەيدا بولمىسۇن، ئۇ چاغدا بىز بۇ خىل ئادەملەردىن ئايرىلىپ قالىمىز»③. چارروسىيىنىڭ

---

① «چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ تاشقى ئىشلارغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللىرى»، گۇاڭشۈي خاندانلىقى، 32 - جىلد، 15 - بەت.

② يۇقىرىقى كىتاب، 13 - جىلد، 16 - بەت.

③ گلازوۋ: «ئىنقىلابتىن ئىلگىرىكى يەتتە سۇ رايونىدىكى ئۇيغۇر ۋە تۇڭگان ئاھالىلىرى»، «19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 20 - ئەسىرگىچە قازاغىستان تارىخىغا دائىر مەسىلىلەر»، 1961 - يىلى، ئالمۇتا نەشرى، 78 - بەت.

ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىن زور مىقداردىكى ئاھالىلارنى ھەيدەپ ئېلىپ كەتكەنلىكى — كونا چار پادىشانىڭ قوراللىق كۈچكە دىنىنى ماسلاشتۇرۇپ، ئېلىمىزگە قارىتا تاجاۋۇزچىلىق يۈرگۈزگەنلىكىنىڭ يەنە بىر تارىخىي جىنايەت پاكىتى. ئەپسۇسكى، ئىخۇتىسكى قاتارلىقلار ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ يازغان «جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخى»دا چارروسىيىنىڭ "ئىلى چېگرىسىنىڭ غەربىدىكى ئانچە چوڭ بولمىغان بىر پارچە يەرنى ئىشغال قىلىشى" "جۇڭغارىيە ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە تۇڭگان مۇساپىرلىرىغا بولۇپ بېرىش ئۈچۈن ئىدى" دەپ جۆيلۈدى. كونا چار پادىشا قورال كۈچى ۋە ئالدامچىلىق ۋاستىلارنى قوللىنىپ ئېلىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنى چار پادىشانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلىپ، بۇنى "ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۆتكەن مۇساپىرلار" دەۋالدى. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن مۇساپىرلارنى بانا قىلىپ دۆلىتىمىزگە تۆھمەت قىلدى، مانا بۇ، ئاجاھانگىرلارنىڭ قاراقچىلىق مەنتىقىسى.

## (6) شىنخەي ئىنقىلابىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا "مۇستەقىل ئىسلام دۆلىتى" قۇرۇشنى پىلانلىشى

چارروسىيىنىڭ ياقۇپبەگنىڭ قورچاق ئىسلام دۆلىتى قۇرۇشنى قوللىغان تاجاۋۇزچىلىق پىلانى شەرمەندىلەرچە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ بۇ قارا نىيىتىدىن يانماي، ئۇنى شىنخەي ئىنقىلابىدا قايتا كۆتۈرۈپ چىقتى. 1911 - يىلى جۇڭگودا شىنخەي ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكىگە ئوخشاش، شىنجاڭدىمۇ چىڭ سۇلالىسىغا قارشى شىددەتلىك كۈرەش باشلاندى. 1911-يىلى 1-ئايدا، ئىلى خەلقى بىرىنچى بولۇپ ئىسيان كۆتەردى. گېلاۋخۇينى يادرو قىلغان ئىنقىلابىي پارتىيە كىشىلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە، يەرلىك ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت — "بەش مىللەت بىرلەشمىسى" قۇرۇلدى. ئىلى ئىسيانىنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن، قاراشەھەر، ئاقسۇ، كۇچار ۋە قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ئارقىمۇ - ئارقىدىن قوراللىق كۈرەش قانات يېيىپ، شۇنىڭ بىلەن چىڭ خاندانلىقىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلدى.

شىنجاڭدا بىر قاتار قوراللىق قوزغىلاڭ پەيدا بولغاندىن كېيىن، چارروسىيە شىنجاڭنى جۇڭگودىن ئايرىپ چىقىپ، چارروسىيە قانىتى ئاستىدىكى مۇستەملىكە ۋە بېقىندى مەملىكەتكە ئايلاندۇرۇش پۇرسىتى كەلدى دەپ بىلىپ، بۇ ئىنقىلابىي ھەركەتكە دەرھال چاڭگال سالدى. چارروسىيىنىڭ قەشقەردىكى مۇئاۋىن كونسۇلى ئىدۋارد بىلىنسكى "شىنجاڭ ئىسلام مەملىكىتى" بولۇشى كېرەك، دەپ ئوچۇقتىن - ئوچۇق جار سالدى①. بۇ جاھانگىر ئۇنسۇر جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا شاپاشلاپ يۈرۈپ، يەرلىك ئاھالىلارنى مەجبۇر قىلىش ۋە ئالداش يولى بىلەن چارروسىيە گىراژدانلىقىغا كىرگۈزدى، روسىيە مۇھاجىرلىرىنى قۇتراتىپ ۋە قوللاپ ماجرا تۇغدۇرۇپ، ھەر خىل بۇزغۇنچىلىق ۋە ئاغدۇرمىچىلىق ھەركەتلەرنى ئېلىپ بار-

① سكرىن، نىكتىنگىل «ماكارتنېي قەشقەردە» 203 - بەت.

دى. 1912 - يىلى 6 - ئايدا، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن چى-
رىيە ۋەقەسىگە رېژىسسورلۇق قىلدى. چىرىيە شىنجاڭ خوتەن ناھىيەسىنىڭ بىر مۇھىم سودا
كەنتى بولۇپ، روسىيە سودىگەرلىرى ھەمىشە بۇيەرگە كېلىپ سودا - سېتىق قىلاتتى. شىنخەي
ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، بىلمىسكىلارنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن، روسىيە سودا كاتتىۋېشى مەسىيىت
ئېلان چىقىرىپ: "جۇڭگو ھازىر ھالسىزلىنىپ كەتتى، مۇسۇلمانلار تېز روسىيىگە ئۆتۈڭلار، كۆپ
مەنپەئەت كۆرىسىلەر" دەپ بىلجىرلاپ، جۇڭگو پۇقرالىرىنى چاررۇسىيىنىڭ "ھىمايىسى" ئاس-
تىغا ئۆتۈشكە قۇتراتتى. لېكىن يەرلىك نۇرغۇن پۇقرالار ۋەتەنگە كۆيۈنۈپ، ئۇنىڭ ئالدى-
غا كىرمىدى. لېكىن بىر ئوچۇم مىللى مۇناپىقلار چاررۇسىيىنىڭ تاجاۋۇزچى كۈچىگە تايى-
نىپ ئەسكىلىك قىلىپ خەلقنى بېسىپ، جۇڭگونىڭ يەرلىك ھاكىمىيىتىگە ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ
بىلەن يەرلىك خەلق غەزەپكە كېلىپ، سېيىتلارنىڭ بېسىپ ياتقان جايىغا ئوت قويدى، تاجا-
ۋۇزچىلاردىن 20 نەچچە كىشىنى ئۆلتۈردى. بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، چاررۇسىيە بۇنى
باھانە قىلىپ ئەسكەر ئەۋەتىپ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلدى. شىنجاڭنى غەربىي شىمالدىكى ئىلى،
غەربىي جەنۇپتىكى قەشقەر، شەرقىي شىمالدىكى ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپتىن قور-
شىۋالدى، بۇنىڭدىن باشقا يۈەنشىكەي ھۆكۈمىتىگە ناماقۇل بولۇش، قاتىلنى جازالاش، تۆلەم
تۆلەشتىن ئىبارەت 3 تۈرلۈك يولسىز تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. تاجاۋۇزچى قوشۇنلار قەش-
قەرنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ۋەتەن ئاسىيلىرىدىن مافۇشەڭنى ئۆزىگە تارتىپ، جەنۇبىي شىن-
جاڭدا "مۇستەقىل ئىسلام دۆلىتى" قۇردى ۋە يەنە تيانشاننىڭ شىمالىغا تاجاۋۇز قىلىپ، ئۆز-
لىرىنىڭ ئوتمۇشتە ياقۇپبەگنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ چېنىپ قالغان ئويۇنلىرىنى قايتا ئوي-
نىماقچى بولدى. لېكىن چاررۇسىيىنىڭ بۇخىل تاجاۋۇزچىلىق ھەركىتى يەنە جۇڭگو خەلقىنىڭ،
بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى.

جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقى دەرھال نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەپ، كەسكىن جەڭ قىلىپ، ئاخىرى چاررۇسىيە تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرىنى قەشقەردىن قوغلاپ چىقاردى. مافۇشەڭ قاتارلىق خائىنلارمۇ قورقۇپ قېچىپ كەتتى. چاررۇسىيە قۇرغان قورچاق ئىسلام دۆلىتى يېرىم يولدا بەربات بولدى. چاررۇسىيىنىڭ ھەربى كۈچكە تايىنىپ، فېودال يۇقۇرى تەبىقىلەر ۋە ئىسلام دىنى ئېتىقاتچىلىرى ئىچىدىكى مۇناپىقلارنى يېنىغا تارتىپ ۋە سېتىۋېلىپ، "دىن ساقلاش"، "مىللەت قوغداش" شوئارىدىن پايدىلىنىپ، قورچاق "ئىسلام دۆلىتى" قۇرۇشقا ئۇرۇنغان ھەر بىر سۇيىقەستى شەرمەندىلەرچە مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. لېكىن جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزچىلىق خۇسۇسىيىتى شۇنى بەلگىلىگەنكى، ئۇلار مۇقەررەر يوسۇندا ئاخىرغىچە جاھىللىق قىلىدۇ. خۇددى ماۋجۇشى: "پاراكەندىچىلىك سېلىش، مەغلۇپ بولۇش، يەنە پاراكەندىچىلىك سېلىش، يەنە مەغلۇپ بولۇش، ئاخىرى بېرىپ ھالاك بولۇش — بۇلار جاھانگىرلارنىڭ ۋە دۇنيادىكى بارلىق ئەكسىيەتچىلەرنىڭ خەلق ئىشلىرىغا نىسبەتەن مەنتىقىسى، ئۇلار بۇ مەنتىقىغە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ" دېگىنىدەك چاررۇسىيە جاھانگىرلىكىمۇ مۇشۇ مەنتىقى بويىچە ھالاك بولغان. بۈگۈنكى يېڭى چاررۇسىيىمۇ مۇقەررەر يوسۇندا كونا چاررۇسىيىنىڭ ئىزىدىن بېرىپ، تارىخىي جاۋاپكارلىققا تارتىلىپ، ئەنە شۇنداق شەرمەندە ئاقىۋەتكە دۇچار بولىدۇ.

جۇنەيد بەكرى تەرجىمىسى

# مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي تەرەپلىرىدىكى قەدىمقى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ۋە شىنجاڭدىكى بىر قانچە خىل چالغۇ ئەسۋاپلىرى

بۇرغا، چوڭرى، نەي، بىلى، بارىبوت (پىپا) لارنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشلىرى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە

گۇباۋ

## (1)

جەنگۇ دەۋرىدە يېزىلغان «مۇتيەنزى تەزكىرىسى»، «تارشا پۈتۈك يىلنامىسى»، «تاغ - دەريالار قامۇسى» قاتارلىق كىتابلاردا، مىلادىيىدىن 10 ئەسىر بۇرۇن جۇمۇۋاڭ بىلەن غەربىي ئانا پادىشانىڭ كۆرۈشكەنلىكى توغرىسىدا تارىخىي رىۋايەتلەر خاتىرىلەنگەن. بۇلار كۆرۈشكەن ئورۇن "قاش تېشى تاغلىرى"دىكى "غەربىي ئانا پادىشانىڭ ئېلى" ئىدى.

"قاش تېشى تاغلىرى" ـ قاش تېشىنىڭ كۆپلىكى بىلەن مەشھۇر بولغان كۇئېنلۇن تاغلىرى، "غەربىي ئانا پادشا ئېلى" دېگىنىمىز قانداقتۇر خوشنا دۆلەت بولماستىن، بىر ئۇرۇقداش قەبىلىلەرنىڭ دىيارى ئىدى. بۇ ئۇرۇقداش قەبىلىلەر بىلەن خوشنىدارچىلىق قىلىۋاتقان باشقا ئۇرۇقداش قەبىلىلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى، ئاساسەن، ئوۋچىلىق ۋە كۆچمە چارۋىچىلىققا تايىناتتى. بەزەنلىرى دېخانچىلىقنىمۇ قوشۇمچە قىلاتتى. جۇمۇۋاڭ بىلەن ھەر قايسى ئۇرۇقداش قەبىلە باشلىقلىرى كۆرۈشكەندە، ئۆز ئارا سوغات قىلىشقان بويۇملار بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. ھەر قايسى ئۇرۇقداش قەبىلە باشلىقلىرىغا جۇمۇۋاڭ يىپەك توقۇلمىلىرى، مىس ئەسۋاپلار، سەدەپ پۇللار سوغا قىلاتتى. قەبىلە باشلىقلىرى بۇنىڭغا جاۋابەن قاش تېشى، ئات، كالا، قوي، قۇلان، تېرىق، بۇغداي قاتارلىقلارنى سوغا قىلاتتى. جۇمۇۋاڭ ياۋچىش (مەنىسى ـ ئىسىل قاش تېشى كانى)دە غەربىي ئانا پادىشاغا زىياپەت بەرگەندە، شاراب ئىچىپ ناخشا ئېيتىشقان. ناخشا ۋە قوشاقلاردا بۇلارنىڭ ئۆز ئارا ئىناق دوستانىلىقلىرى ئىپادىلەنگەن. ئېيتىلغان چىرايلىق قوشاقلار ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، ناخشا ـ ئۇسسۇللاردا چالغان چالغۇ ئەسۋاپلىرى توغرۇلۇق خاتىرە قالمىغان. پەقەت ياڭداشتۇرۇلغان بالمان توغرۇلۇقلا خاتىرە قالغان. لېكىن "غەربىي ئانا پادشا ئېلى"دا خېلى بۇرۇنلا بۇرغا، نەي، چوڭرى، قاتارلىق چالغۇ ئەسۋاپلارنىڭ بارلىقىغا مەن قىلچە شۈبھىلەنمەيمەن. بۇ، ئاساسسىز پەرەزمۇ؟ ياق ئۇنداق ئەمەس. ئىنسانلار ئىشلەپ-

چىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللانغان تارىختا 2 مىليون يىلدىن ئارتۇق بولدى. "ئەمگەك — ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ياساشتىن باشلانغان" («ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 3 - توم، خەنزۇچە نەشرى 513 - بەت). كىشىلەر بۇرۇنلا ئەمگەك مۇۋازىنىتى (رىتمى) بىلەن ئەمگەكنى سۆيۈش ۋە ھۇنەر قوشۇپ ئىشلەش جەريانىدا ئۆز ئالدىغا مۇزىكا ۋە ئۇسسۇللارنى ياراتقان. ئۆزلىرى قوللانغان ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىدىن چالغۇ ئەسۋابلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرغان ئىدى. بۇ نۇقتىنى قەدىمقى دەۋرلەردىكى شىنجاڭنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرىنى مىسالغا ئېلىپ، تۆۋەندە بىر بىرلەپ ئىزاھلاپ بەرمەكچىمەن:

جۇمۇۋاڭ غەربىي ئانا پادىشا بىلەن كۆرۈشۈپ، تەخمىنەن 800 يىلدىن كېيىن، جاڭ چيەن، گەنفۇ (بۇ كىشى ئاز سانلىق مىللەت، بەلكىم شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتتىن بولۇشى مۇمكىن) لەر غەربىي رايون يولىنى ئاچتى. ئۇنىڭدىن كېيىن مىلادىدىن 60 يىل بۇرۇن، غەربىي خەن ھۆكۈمىتى ئۇلۇبېي (بۈگۈنكى شىنجاڭ بۈگۈر ناھىيىسى دائىرىسىدە) غەربىي رايون ئۇتۇق مەھكىمىسىنى تەسىس قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن شىنجاڭ ۋەتەن تۇپرىقىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ قالدى. سىياسىي جەھەتتىكى بۇنداق بىرلىشىش ۋە تەرەققىياتقا ئەگىشىپ، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى مۇناسىۋەتلىرى كۈنسايىن راۋاجلانغان. شۇڭا غەربىي خەن دەۋرىدىن باشلاپ، خەنزۇچە يازما ھۆججەتلەردە شىنجاڭ مۇزىكىسى ۋە ئۇسسۇللىرى ھەققىدە يېزىلغان خاتىرىلەرمۇ كۈنسايىن كۆپەيگەن. دېمەك، بىزنىڭ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۇسسۇل، مۇزىكىلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىمىز يەنە شۇ خەن سۇلالىسىدىنلا باشلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، كېيىنكى كۈنلەردە شىنجاڭنىڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات خىزمەتلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ۋاقىتنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈشكە بولىدۇ.

"ھەربىر تارىخىي دەۋرنىڭ ئاساسىي ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى بىلەن ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى ۋە ئۇنىڭدىن مۇقەررەر يوسۇندا ھاسىل بولىدىغان ئىجتىمائىي قۇرۇلما شۇ دەۋرنىڭ سىياسىي ۋە مەنىۋى تارىخىنىڭ ئورنىتىلىشىدىكى ئاساس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ" («ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلەر» 1 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 237 - بەت). قەدىمقى دەۋرلەردە شىنجاڭدا ياشىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرقانچە خىل چالغۇ ئەسۋابلىرى: بۇرغا، چورى، نەي، بىلى، باربوت (پىپا) قاتارلىقلار خەن سۇلالىسىدىن كېيىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئارقا - ئارقىدىن تارقالدى. بۇ چالغۇ ئەسۋابلار شىنجاڭدا خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن بولماستىن، بەلكى خېلى بۇرۇندىنلا بار ئىدى. ئىجتىمائىي قۇرۇلما، مۇزىكا، ئۇسسۇل پائالىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىچ مۇناسىۋەتلەرنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي قۇرۇلمىلار توغرىسىدا قىسقىچە ئىزاھ بېرىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا كۇئېنلۇن ئېتەكلىرى ۋە تاغ رايونلىرىدىكى چاقىلىق، يولئېرىق، ئولمە، كوكيار، يېكىسارلاردىكى ئاھالىلارنىڭ ھەممىسى چياڭزۇ مىللىتى بولۇپ، "چارۋىچىلىق بىلەن سۇ - ئوتلاق قوغلىشىدىغان" كۆچمە چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى. قىسمەنلىرى بىر ئاز دېھقانچىلىقنى قوشۇمچە قىلاتتى. مەسىلەن، تاشقورغاندىكىلەرنىڭ "يەركەندە

تېرىلغۇ يېرى بار»، يېڭىسارىدىكىلەرنىڭ «قەشقەر، يەركەندە تېرىلغۇ يېرى بار» ئىدى. تيانشاننىڭ شىمالىغا ئولتۇراقلاشقان خونلار ۋە ئۇيسۇنلارنىڭ «دېخانچىلىق، ئورمانچىلىق بىلەن كارى بولمايتتى، ئۇلار سۇ - يايلاق ئىزلەپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى». ئۇلارنىڭ ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىنى گەرچە شۇنداق دېسەكمۇ، لېكىن ئۇلارمۇ دېخانچىلىقنى بىر ئاز قوشۇمچە قىلغان. مەسىلەن، خونلارنىڭ قانۇنلىرىدا تېرىلغۇ يېرى بار ئىدى. تيانشاننىڭ جەنۇبى، كۇئېنلۇننىڭ شىمالىدىكى تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى بوستانلىقلار مەسىلەن، كىڭگىت (قاراشەھەر)، كۇسەن (كۇچار)، قەشقەر، يەركەن، ئۇدۇن (خوتەن) قاتارلىق جايلاردا «ھەم شەھەر، ھەم دېخانچىلىق، ھەم چارۋىچىلىقمۇ بولۇپ، خون ۋە ئۇيسۇنلارنىڭ ئادىتىدىن باشقىچە ئىدى». بۇ نەقىللەر «خەن سۇلالىسى تارىخى. غەربىي رايون تەزكىرىسى»دىن ئېلىندى. يىغىپ ئېيتقاندا، كۇئېنلۇن تاغلىق رايونلىرى بىلەن تيانشاننىڭ شىمالىدىكى رايونلار چارۋىچىلىق ئىقتىسادىنى ئاساس قىلغان؛ تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىقلار دېخانچىلىق ئىقتىسادىنى ئاساس قىلغان رايونلار ئىدى. جەمئىيەت تارىخى تەرەققىياتىنىڭ ئىلگىرىلىشىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يۇقىرىقى 3 رايون ئىككى خىل ئىقتىسادىي خاراكتېردىكى جەمئىيەت بولۇپ، ھەر ئىككىسى قۇللۇق جەمئىيىتى باسقۇچىدا ئىدى.

## (2)

بۇرغا، چورى، نەيدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ خىل چالغۇ ئەسۋاپلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي تەرەپلىرىدە ياشىغان چىياڭ ۋە خون قاتارلىق قەدىمقى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەكلىرى جەريانىدىكى كەشپىياتلىرىدىن ئىبارەت. قەدىمقى دەۋردە شىنجاڭدىمۇ چىياڭزۇ ۋە خونلار ئۇزۇن مۇددەت چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللانغان ئىدى. ئۇ چالغۇ ئەسۋاپلىرىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىلىرىغا چارۋا مەھسۇلات بۇيۇملىرى — كالا مۈڭگۈزى، قوي ئۇستىخانلىرىدىن ماتېرىيال سۈپىتىدە پايدىلىنىلغان ئىدى. خەنزۇچە يازما ھۆججەتلەردە بۇ چالغۇ ئەسۋاپلار توغرىسىدىكى تەپسىلىي خاتىرىلەر خەن سۇلالىسىدىن كېيىن باشلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ دەسلەپكى شەكلى، سۈپىتى، ياساش سەنئىتى قاتارلىقلار خاتىرىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشكەن ئەھۋاللىرىمۇ بايان قىلىنغان.

بۇرغا دەسلەپتە چىياڭزۇ چارۋىچىلىرىنىڭ چالغۇ ئەسۋاۋى بولۇپ، تەبىئىي كالا مۈڭگۈزىدىن ياسالغان. كېيىنچە ئىچكى ئۆلكىلەردە يۆيلەپ چالىدىغان چالغۇلار ئىچىدە ئۆزگەرتىلىپ، تېرە، بامبۇك ۋە ياغاچتىن ياسىلىدىغان بولدى؛ قوشۇن مۇزىكىلىرى تەركىبىدە كالا مۈڭگۈزى بۇرغىسى شەكلىدە مىس بۇرغا بارلىققا كەلدى. كېيىن يەنە ئىچكى ئۆلكىلەردە يۆيلەپ چېلىنىدىغان خەلق مۇزىكىلىرى ئىچىدە چوڭ نەرە بولۇپ شەكىللەندى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر چاڭدىن ئارتۇق، 3 بوغۇملۇق ئىدى. ئۇزۇندىن بۇيان ئۇيغۇرلار ۋە زاڭزۇلار ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا تارقالغان كاناي بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەردە رەسمىيلەشكەن بۇ خىل كاناي

شەكىل جەھەتتە ئوخشاۋراق كېلەتتى. چورى خوجىيا، خۇ دېمۇ ئاتىلىدۇ. نەي دەستىلىك قامچا بولسا، ھون چارۋىچىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قورالى — قامچىسى، شۇنداقلا چالغۇ ئەسۋاۋى ئىدى. بۇ ئەسۋاپ ئەسلىدە قوي سۆڭەكلىرى ۋە قوي مۈڭگۈزىدە ئىچى كاۋاك (تۇرۇبا) قىلىنىپ ياسىلاتتى. چوڭ ھەم كىچىك چورى دەپ 2 تۈرلۈك بولاتتى⑨. چورى ئىچكى ئۆلكىلەرگە كىرگەندىن كېيىن، ھەربى مۇزىكىدا ئاساسىي چالغۇ ئەسۋاۋى بولۇپ قالدى. سەي ۋېنجى يازغان «چورىدىكى 18 ئۇدار» دېگەن ئەسەردىكى چورى (خوجىيا) دەل مۇشۇ چالغۇ ئەسۋاۋىنى كۆرسىتىدۇ. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ ئەسۋاپ ياغاچتا ئۈچ توشۇكلۇك، ئىككى ئۇچى ئەگمەش قىلىپ ياسىلىدىغان بولدى.

نەي — نەي دەستىلىك قامچا، كوندىلەڭ پۈۋلەيدىغان ئەسۋاپ بولۇپ، قەدىمقى چىياڭزۇ چارۋىچى خەلقلىرىنىڭ چالغۇ ئەسۋاۋى ئىدى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارالغان. كېيىنكى خەن دەۋرىدىكى ماروڭ يازغان «ئۇزۇن نەي ھەققىدە» دېگەن ئەسەردە: "ھازىرقى قوش نەي چىياڭزۇدىن باشلانغان" دېيىلگەن. بۇ ئىزاھ ئەڭ ياخشى دەلىل بولالايدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ قەدىمقى ئادەملىرى نەي بىلەن چىياڭزۇ مىللىتىنى زىچ باغلاشتۇرۇپ چىياڭزۇ نېيى دەپ ئاتاپ كەلدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدا بۇنداق مىساللار خېلى كۆپ. لى بەي «ئۇستەڭ بويىدا كېچە ئاڭلانغان نەي ئاۋازى» سەرلەۋھىلىك ئەسىرىدە: "چاڭزۇ نېيى ئويغىتار مېھىرۋا كۆڭلىنى، سۇپ سۈزۈك تىنىدۇرار ئۇستەڭ سۈيىنى" دەپ يازغان. لى جياۋ «نەي» دېگەن ئەسىرىدە "چاڭزۇ نېيى گويا ئەجدىھا ھايقىرىغاندەك ياڭرايدۇ. ئۇنىڭ ئەكس سادالىرى تۈن نىسپىدىچە جاراڭلايدۇ" دەپ يازغان. دىڭ شيەنجۈ «شەنشىگۇەندە ئاڭلانغان نەي ئاۋازى» دېگەن ئەسىرىدە: "تۈن يېرىمىدىچە چىياڭزۇ نېيى ئاڭلاندى، ئۆي ۋە زاللار جىمجىتلىققا چۆكتى" دەپ يازغان. ھازىرقى نەيلەرنىڭ يامبۇكتىن ئىشلەنگەنلىكىنى ھەممە كىشى بىلىدۇ. لېكىن قەدىمقى دەۋرلەردە چىياڭزۇ خەلقى چارۋىچىلىق قىلغان رايونلارنىڭ تولىسى يامبۇك ئۆسمەيدىغان رايونلار ئىدى، ئۇلار چارۋىچىلىق قىلغان كۇئېنلۇن ئېتەكلىرىدە يامبۇك يوق ئىدى. شۇڭا قوي ۋە قوش سۆڭەكلىرىدىن نەي ياسايتتى. شۇ دەۋردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسىدە ياغاچ، مېتال ۋە باشقا ماتېرىياللاردىن نەي ياساش ئىنتايىن قىيىن ئىدى. دېمەك چورى ۋە بىلىگە ئوخشاش نەيمۇ دەسلەپتە قوي ۋە قوش سۆڭەكلىرىدىن ياسالغان، كېيىن يامبۇكتىن ياسىلىدىغان بولدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا قويۇلغان يادىكارلىقلار ئىچىدە سۆڭەكتىن ياسالغان ئۈچ توشۇكلۇك نەينىڭ قالدۇق پارچىسى بار. بۇ يادىكارلىق مارالبېشى توققۇزسالادىن تېپىلغان بولۇپ، جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلار دەۋرىدىكى (مىلادى 420 — 580-يىللار) چالغۇ ئەسۋاۋى ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. تاڭ دەۋرىدىكى دۇەن چېڭشى يازغان «دېگەر خاتىرىلىرى» 6 - جىلدتا مايمۇن سۆڭىكىدىن ياسالغان نەي توغرىسىدا ئىزاھ بەرگەن. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى سەيدۇللا «تۇرنا سۆڭىكىدىن ياسالغان نەي» سەرلەۋھىلىك شېئىر يازغان، ھەتتا بۈگۈنگە قەدەر شىنجاڭ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى چارۋىچى خەلق نەقىشلەپ ئىشلەنگەن ئۈچ توشۇكلۇك ئۇستىخان نېيىنى ياخشى

كۆرۈندۇ. 2 مىڭ يىلنىڭ بۇيانىدا نەي ئىنتايىن كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن ۋە چوڭقۇر مۇھەببىتىگە ئىگە. ئېلىمىزنىڭ قەدىمقى شائىرلىرى يازغان ئەسەرلەردە نەينىڭ مۇڭلۇق ئاھاڭلىرى مەدھىيىلەنگەن نۇرغۇن شېئىرلار بار. شۇنىڭدەك نەي توغرىسىدا كىشىنى جەلپ قىلىدىغان ھېكايە - چۆچەكلەر تارقىلىپ كەلمەكتە. نەي ھازىرغىچە مىللىي مۇزىكىدا مۇھىم چالغۇ ئەسۋاپ ھېساپلىنىدۇ، شۇنىڭدەك بەزى يەرلىك ئويۇنلاردا تەڭكەش قىلىپ چالىدىغان چالغۇ ئەسۋاۋى بولۇپ كەلمەكتە.

چورى ۋە نەينى قەدىمقى كىشىلەر نەي قامچا دەپمۇ ئاتىغان، ئىسمى مەنىسىدىن قارىغاندا، بىر نەرسىدىن ئىككى خىل پايدىلىنىشقا، يەنى ئاتنى باشقۇرۇشقىمۇ، چالغۇ ئەسۋاۋى قىلىپ پايدىلىنىشقىمۇ بولىدۇ، دېگەن ئۇقۇم كېلىپ چىقىدۇ. كېيىنكى خەن دەۋرىدە ياشىغان مارۇڭ «ئۇزۇن نەي ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىدە "كېسىپ قامچا قىلىۋىسىدى تۇتىماققا ئاسان بولدى" دەپ يازغان. لى شيەن ئىزاھلاپ: "نەينى قامچا دەستىسى قىلغانلىقتىن، ئېلىپ يۈرمەك ئاسان بولدى. قامچا — ئات قامچىسىدۇر" دەپ يازغان. شىنجاڭدىكى قازاق چارۋىچىلىق رايونلىرىدا بىز بىر خىل ئات قامچىسى كۆردۇق. قولدا تۇتىدىغان قىسمى - يەنى دەستىسى قويىنىڭ پاچاق سۆڭىكىدە ئىشلەنگەن (ئادەتتە قامچا دەستىسى ياغاچتا ياسىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا مىتالدىن گۈل نەقىشە قىلىنىدۇ)، ئۇنىڭ ئۇچىغا تاسما بېكىتىلگەن. ئەگەر سۆڭەك دەستىگە ئۈچ تۆشۈك ئېچىلسا، نەي قامچىنىڭ ئۆزى بولامدۇ؟ ئۈرۈمچىدە مەلۇم بىر ئەدەبىيسەنئەت تەشكىلاتىدا خىزمەت قىلىۋاتقان بىر يولداش، شىنجاڭ چارۋا رايونلىرىدا قوي سۆڭىكىدىن ئىشلەنگەن قامچا دەستىسىگە تۆشۈك تېشىلگەن نەي قامچا كۆرگەنلىكىنى ماڭا سۆزلەپ بەردى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مارۇڭ ۋە لى شيەنلەرنىڭ نەينى قامچا ئورنىدا پايدىلىنىش توغرىسىدا بەرگەن شەرھلىرى، گەرچە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى بىلەن چالغۇ ئەسۋاپلىرى ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت بارلىقىنى توغرا كۆرسىتىپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزگىرىش جەريانىنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك مەسىلىسى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن. نەي ئات قامچىسى قىلىشقىلا ياسالغان بولماستىن بەلكى نەي ياسالغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا قامچا تىلى بېكىتىپ نەي قامچا قىلىنغان. ئۇنىڭدىن يەنە ئۆزگەرتىپ مەخسۇس چالغۇ ئەسۋاۋى سۈپىتىدە نەي ئىشلەنگەن. مەخسۇس چالغۇ ئەسۋاۋى سۈپىتىدىكى نەي — قوي ۋە قۇش سۆڭەكلىرىنى ئىشلەتمەي، بەلكى بامبۇكتىن پايدىلىنىپ نەي ياسايدىغان بولغان چاغدىلا پەيدا بولغان، چۈنكى بىر تال پاچاق سۆڭىكىگە بىر پۈيلەش تۆشۈكى، يەنە بىر پەردە تۆشۈكى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 6 ئاۋاز تۆشۈكى ئورۇنلاشتۇرۇش ھەقىقەتەن قىيىن. ئىشلەپچىقىرىش قورالى — ئات قامچىسىدىن ئۆزگىرىپ، پۈيلەپ تەڭكەش قىلىنىدىغان چالغۇ ئەسۋاۋى — نەي پەيدا بولۇش جەريانىدا، ئات قامچىسىنى مۇزىكا ئەسۋاۋىغا ئايلاندۇرغان ئارىلىقتا ئۆتكۈنچى باسقۇچ بار، نەي قامچىنىڭ پەيدا بولۇشى مانا شۇ ئۆتكۈنچى باسقۇچنى گەۋدىلەندۈردى. لېكىن زامان جەھەتتە ۋاقىت ناھايىتى ئۇزۇن، ماكان جەھەتتە چېگرا رايونلاردىن يىراقتا بولغان ئىچكى ئۆلكىلەردىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە، ئات قامچىسى بىلەن نەينى بىرلەشتۈرسەك، روشەنكى، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمىگەندەك تۇيۇلۇشى مۇمكىن،

بۇنىڭ ئۈستىگە قەدىمقى دەۋرلەردە پومېشچىك سىنىپىدىن كېلىپ چىققان زىيالىيلار، ئوقۇمۇشلۇقلار ئىشلەپچىقىرىش تەمسىگىگى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىغا سەل قارايتتى. نەي بىلەن ئات قامچىسىنى باغلاشتۇرساق ئۇلار چالغۇ ئەسۋاپلىرىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە ئۇقسان يەتكۈزدى دەيتتى، بەلكى مۇزىكا ئەسۋاپلىرىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىنغان قاباھەتلىك ئويۇن دەپ ھېساپلايتتى. بۇنىڭغا ئومۇمەن فېئوداليزىم زىيالىيلىرىلا ئەمەس، ھەتتا تەبىيەن ۋە مۇزىكا تارىخىنى تەتقىق قىلغان ۋە زور تۆھپە قوشقان سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر ئالىم شېن كومۇ قارشىلىق بىلدۈرگەن. ئۇ «چۈش خاتىرىسى» دېگەن ئەسىرىنىڭ 5-جىلدىدا: "ئۇنداق دېيىش بىمەنىلىك، نەي بىلەن ئاتنى قامچىلىغىلى بولامدىكەن؟" دەپ سوئال قويغان. ئۇنىڭ سوئالىغا سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى چېڭ داچاڭ ئۆزىنىڭ «يەنخەنلۇ» دېگەن ئەسىرىنىڭ 8-جىلدىدىكى «نەي قامچا» سەرلەۋھەلىك ماقالىسىدا مۇنداق دەپ جاۋاپ بەرگەن: يۈنەنىنىڭ «جىجۇبابى»دا: «پۈيلەيدىغان نەيچىدۇر. بامبۇكتىن ئىشلەنگەن قامچا دەستىسى ئىچى كاۋاك بولۇپ پۈيلەشكە بولىدۇ. شۇڭا نەي قامچا دەپ ئاتالغان، ئۇنىڭ تىلىدا ئاتنى ئۇرغىلى بولىدۇ، دەستىسىنى نەي قىلىپ چالغىلى بولىدۇ» دەپ يېزىلغان.

چېڭ داچاڭنىڭ مۇنازىرىسى، مارۇڭ، لى شيەنلەردىن كېيىن، قامچا بىلەن نەي ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى يەنە بىر قېتىم كۆرسىتىپ بەردى. شۇنىڭدەك قامچىدىن نەي سۈپىتىدە پايدىلىنىش ئەھۋالىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇ نۇقتا بەكمۇ مۇھىم. بۇنىڭ بىز چۈشەندۈرمەكچى بولغان مەسىلىگە غايەت زور ياردىمى بار. لېكىن ئۇنىڭ بەرگەن چۈشەنچىسى ئوخشاشلا كىشىنى قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ. بۇنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا، چالغۇ ئەسۋاۋى — نەي ئۆزگىرىپ، ئىشلەپچىقىرىش قورالى — قامچا بولغان ئەمەس، بەلكى قامچا — ئىشلەپچىقىرىش قورالى. ئۆزگىرىپ، نەي — چالغۇ ئەسۋاۋى بولۇپ شەكىللەنگەن. چېڭ داچاڭ ئالدىنقى سەۋەپ بىلەن كېيىنكى نەتىجىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتكەن، بىز ئۇنى ئوڭلىشىمىز كېرەك.

نەينىڭ قوي ۋە قوش سۆڭەكلىرىدە ياسىلىشتىن ئۆزگىرىپ بامبۇكتا ياسالغانلىقى ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال سەۋەبىدىن بولغان ئەمەس، بەلكى تۆشۈك كۆپەيتىش، پەردە تۆشۈكى ئېچىش ئارقىلىق نەينىڭ ئاۋاز سۈپىتىنى ئىسلاھ قىلىش سەۋەبىدىن بولغان. قوي ۋە قوش سۆڭەكلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى چەكلىك بولغىنى ئۈچۈن ئاۋاز تۆشۈكلىرىنى كۆپەيتىشكە بولمايتتى. «شۇي ۋېن» دە "نەي ئۈچ تۆشۈكلۈك نوكەش بولىدۇ، بامبۇكتىن ياسالغان، ئۇنىڭدىن ئاۋاز چىقىدۇ، 3 تۆشۈكلۈك بولىدۇ" دەپ يېزىلغان، مېنىڭچە بۇ، ئاشۇ داۋلىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مارۇڭ «ئۇزۇن نەي ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىدە "ھازىرقى قوش نەي چىياڭزۇدىن چىققان، چىياڭزۇ خەلقى ئۇنى بامبۇكتىن ياسىغان. سۇدا ئەژدىھا كۆرۈنمىسىمۇ، نەينىڭ ئاۋازى ئەژدىھا ئاۋازىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ يۇقۇرقى كاۋىكى نوكەش تۆشۈكتۇر. ئۇنىڭغا قامچا تىلى بېكىتىسە تۇتىۋېلىشقا ئاسان. جىڭفاڭنىڭ ھەزرەت ئاھاڭ قانۇنىيەتلىرىنى بىلگەشكە، تۆت تۆشۈككە يەنە بىرنى قوشتى، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، نەي 5 ئاۋازلىق بولدى" دەپ يازغان. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، نەي بامبۇكتا ياسالغاندىن كېيىن ئاۋاز تۆشۈكلىرى كۆپەيتىلگەن. بىز ھازىر كۆرۈۋاتقان نەيدە بىر پۈيلەش تۆشۈكى، ئالتە ئاۋاز تۆشۈكى بار. يەنە

پۈپلەش تۇشۇگى يېنىدا بىر تۇسۇق پەردە تۇشۇگى بولۇپ، بامبۇك ياكى قومۇچ پەردىسى بىلەن تۇسىلىپ تۇرىدۇ. ئىسلام قىلىنغان يەنە بىر خىل نەي بولۇپ، ئۇنىڭغا بىرىم ئاھاڭ (ئوغرى پەردە) تۇشۇگى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. «ئۈچ تۇشۇكلۈك چىياگىزۇ نەيى» ئېھتىمال قوي سۆڭىكىدىن ئىشلەنگەن بولۇشى مۇمكىن، كېيىن گەرچە ئىسلاھ قىلىنىپ بامبۇكتا ياسالغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا كونا شەكلىنى ساقلاپ قالغان. تاھازىرغىچە، تاشقورغان ناھىيەسىدىكى تاجىك خەلقىدە ئەقشلەنگەن ئۈچ تۇشۇكلۈك ئۇستىخان نەي بار.

چىياگىزۇ نەيدە ئورۇنلانغان ناخشا - ئاھاڭلاردىن، بۈگۈن بىزنىڭ بىلگەنلىرىمىز ناھايىتى ئاز. سۇڭ دەۋرىدە ئۆتكەن خۇزى دېگەن كىشى توپلىغان «باياننلار مەجمۇئەسى»نىڭ 4 - جىلدىدا: «نەي بولسا، چىياگىزۇ مۇزىكىسى - قەدىمقى ناخشىلاردىن «مەجنۇن تالنىڭ شىكەستى»، «مېيخوا گۈلىنىڭ غازاڭ بولۇشى» قاتارلىقلار بار. لى بەيىنىڭ «باھار شەھىرىدە ئاڭلانغان نەي» دېگەن ئەسىرىدە: نەي ساداسى پەرۋاز قىلىدىكى كىمنىڭ سارايىدىن، باھار شامىلىغا جور بولۇپ ئورۇن ئالغان شەھىرى دىيارىدىن، ئول كېچە نەي ساداسىدىن قايرىلدى مەجنۇن تال، بول سەۋەپتىن ھەر بىر كىشى قىزىقماسمۇ ئىشتىياقىدىن؟» دەپ يېزىلغان. دۇشاۋلىن «نەي چېلىش» سەرلەۋھەلىك شېئىرىدا: «مەجنۇن تاللار قايرىلدى ئول نەينىڭ ساداسىدىن، ناخشا - كۈي قانداقمۇ كەتسۇن غەمكىن قۇلاغىمدىن» دەپ يازغان. ۋاڭ زىخۇەن: «مەجنۇن تالنى ئەگمىسە ئەگەر چىياگىزۇ نەيى، يۈيمىگگۈەندىن ئۆتمەس ئىدى باھار شامىلى» دەپ يازغان. يۇقۇرقى ئىبارىلەر مەجنۇن تالنىڭ شىكەستى ناخشىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ناخشىنىڭ نوتىسى گەرچە ساقلانمىغان بولسىمۇ، تېكىستى ساقلانغان. «مەجنۇن تال شىكەستى»نىڭ تېكىستى: «ياخشى ئاتقا قامچا كەتمەس، تالى مەجنۇن سىماي تۇرالماس. ئاتتىن چۈشۈپ نەي چالىدۇ، يول بويىدا غەمكىن ياتىدۇ» دېگەنىدىن ئىبارەت. بۇ يەردىكى ئاتتىن چۈشۈپلا چالغان نەي ئېھتىمال «يورغا ئاتقا قامچا كەتمەس»دىكى نەي قامچا بولۇشى كېرەك.

## (3)

بىلى – قەدىمقى كۇسەن (بۈگۈنكى كۇچار ۋە ئۇنىڭغا يېقىن رايونلار) دىكى ئەمگەكچى خەلق ئىجات قىلغان بىر خىل نوكەشلىك چالغۇ ئەسۋاپ. بۇ خىل چالغۇ ئەسۋاپ مەملىكىتىمىزدە 2 مىڭ يىلدىن بۇيان تارقىلىپ كەلگەن بولۇپ، بۇنى ھەر مىللەت خەلقى ئىنتايىن ياقتۇرىدۇ. ھازىر ئىچكى ئۆلكىلەردە تارقىلىپ يۈرگەن گۈەنزى (نەيچە) 8 ۋە 9 تۇشۇكلۈك ئىككى خىل بولۇپ، قەدىمقى كۇچار مۇزىكىسى بىلەندىن ئۆزگىرىپ كەلگەن.

تاڭ دەۋرىدىكى دۇەن ئەنجيې يازغان «مۇزىكا مەھكىمىسى خاتىرىلىرى»دا: «بىلى – كۇچار مۇزىكىسىدۇر، چورى تۈرىگە ئائىتتۇر» دەپ يېزىلغان.

تاڭ دەۋرىدىكى دۇيۇ يازغان «قاموس كىتاۋى»دا: «بىلى ھونلار ئىچىدە پەيدا بولغان، ئاۋازى مۇڭلۇق، رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ھونلار بۇ چالغۇنى چېلىپ يىلقىلارغا سىگنال بېرىدىكەنمىش، كېيىنكى چاغلاردا چورىنى باش، بامبۇكنى نەيچە قىلغان» دەپ يېزىلغان.

سۇڭ دەۋرىدىكى چېن ياڭنىڭ «مۇزىكا كىتاۋى»دا: «بىلى، يەنە بىر ئىسمى جياگۇەن، كۇچار مۇزىكىسىدۇر. بامبۇكتا نەيچە، قومۇشتا باش قىلىنغان. ھونلارنىڭ چورى شەكلىدە 9 توشۇكلۇكتۇر» دەپ يېزىلغان. «تارىخ مەجمۇئەسى» 146 - جىلدىدا: «شۇي جىڭشەن ئېيتىدۇكى: ئەسلىدە ھون چارۋىچىلىرى ئۈستىخاندىن كېسىپ نەيچە ياسايتتى، قومۇشتىن باش ياساپ، پۈيلەش ئارقىلىق يىلقىلارغا سىگنال بېرەتتى» دەپ يازغان. تاڭ دەۋرىدىكى لى گۇ يازغان «ئەنۋەنشەنىنىڭ بىلى ئاخشىمىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن» سەرلەۋھەلىك شېئىرىدا: «كونىلۇندىن بامبۇك كېسىپ ياسالدى بىلى، بۇ چالغۇ ئەسلىدە كۇچارنىڭ ئىدى. كەلدى ئۇنىڭ كۈيلىرى خەندىيارىغا، چېلىپ بېرەتتى لياڭجۇدىكى ھونلار دىل ئارامىغا» دەپ يازغان.

يۇقۇرىدا ئېيتىلغان نەقىللەردىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، بىلى ئەڭ دەسلەپتە كۇچار چارۋىچىلىرىنىڭ چالغۇ ئەسۋاۋى بولۇپ، دەسلەپتە سۆڭەكتىن، كېيىن بامبۇكتىن ياسالغان. بىلى دەسلەپتە قوي سۆڭىكى، قوي مۈڭگۈزى، كالا مۈڭگۈزى، قۇش سۆڭەكلىرىدىن ياسىلىپ، كېيىن ئۆزگىرىپ بامبۇكتىن ياسالغان بولۇپ، چورى، بۇرغا، نەي قاتارلىقلارنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن تەرەققىيات جەريانلىرىغا تامامەن ئوخشاش. بىراق چورى ۋە نەيلەرگە سېلىشتۇرغاندا، بىلىنىڭ تۈزۈلۈشى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولسىمۇ، يەنىلا چورى ئاساسىدا تەرەققى تاپقان. كېيىنچە بىر قەدەر ئىلغار ئورۇنغا ئىگە بولغان. بىلىنىڭ چورى ۋە نەيلەرگە سېلىشتۇرغاندا پۈيلەپ چالىدىغان خۇسۇسىيىتى ۋە دەسلىۋىدە قوي سۆڭىكى ۋە قوي مۈڭگۈزىدە ياسىلىشى جەھەتتىن ئوخشاشلىقى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىلىقىدا زور ئوخشىماسلىقمۇ بار. بىلىنىڭ پۈرژىنىسى بار. شۇڭلاشقا نەيدىكى ئاۋاز توشۇكلىرى قوبۇل قىلىنغان. تاشقى كۆرۈنۈشتىن قارىغاندا، بىلى بىلەن چورى ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى چورى نەيچىسى دەپمۇ ئاتايتتى. بىلى ئۈستىخان نەيچە، مۈڭگۈز نەيچىدىن بامبۇك نەيچىگە ئۆزگەرگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە قومۇشتىن پۈرژىنا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. شائىر بەي جۈيى «شاكچىك شۇي ياڭتاۋ بىلى چالغاندا» سەرلەۋھەلىك ئەسىرىدە: «قومۇش كېسىپ، بامبۇكقا بېكىتكەندە، 9 توشۇكتىن خىلمۇ - خىل ئاھاڭلار ياڭراپ كېتەتتى» دەپ يازغان.

جۇڭگودا قەدىمقى دەۋرلەردىكى ھەممە چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى 8 تۈرگە ئايرىپ 8 ئاۋاز دەپ ئاتىغان. يەنى: مېتال، تاش، تۇپراق، تېرە، يىپەك، ياغاچ، قاپاق، بامبۇك قاتارلىقلار. بۇ 8 خىل چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى، ئاساسەن، ياسالغان ماتېرىياللارغا، بولۇپمۇ ئاۋاز بېرىدىغان ئورۇنلىرىغا ئىشلىتىلگەن ماتېرىياللارغا قاراپ تۈرگە ئايرىغان. چورى، نەي، بىلىلار كېيىنچە ھەممىسىلا بامبۇكتىن ياسالغانلىقى ئۈچۈن، سۇڭ دەۋرىدىكى چېن ياڭنىڭ «مۇزىكا كىتاۋى» ۋە يۈەن دەۋرىدىكى ما دۇەنلىنىڭ «يادىكارلىقلار توپلىمى»دا ئۇلارنى بامبۇكتىن ياسالغان چالغۇ ئەسۋاپلىرى گۇرۇپپىسىغا كىرگۈزگەن. بۇ مەنانى مەزكۇر چالغۇ ئەسۋاپلىرىغا بېرىلگەن خەنزۇچە خەتلەرنىڭ شەكلىدىنمۇ چۈشەنگىلى بولىدۇ. بۇ چالغۇ ئەسۋاپلىرىنىڭ بېشى ⺮ (بامبۇك) ھەرپى بىلەن يېزىلىشىمۇ ئۇلارنىڭ بامبۇكتىن ياسالغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. لېكىن شىنجاڭدا ئەزەلدىن بامبۇك قومۇچى چىقمايدۇ. شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەزكۇر چالغۇ ئەسۋاپلارنى ياغاچ ياكى مېتالدىن ياسىغان دەيدىغان

خاتىرىلەرنىمۇ ئۇچراتمىدۇق (مەسىلەن تاڭ دەۋرىدە كاۋلىنغانلار بىلى چالغۇسىنى شاپتۇل
دەرىخىنىڭ قوۋزىقىدىن ياسىغانلىقى ئۈچۈن، شاپتۇل قوۋزىقىدىن ياسالغان بىلى دەپ ئاتى-
غان)، ئۇنداق بولسا، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر چېلىپ كەلگەن چورى، نەي، بىلى
قاتارلىقلارنى ئىچكى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا كەلتۈرۈلگەن بامبۇكتىن ياسىغانمۇ ياكى ئىچكى
ئۆلكىلەردە بامبۇكتا ياساپ تەييارلانغان چالغۇ ئەسۋاپلارنى شىنجاڭغا ئەكىلىپ قوللانغانمۇ؟
بۇ ئىككى ئېھتىمالدىن باشقا يول يوق. قەدىمقى دەۋرلەردە قاتناش قىيىن بولغان ئەھۋال
ئاستىدا، ئىچكى ئۆلكىلەردىن بامبۇك ياكى چالغۇ ئەسۋاپلارنى يۆتكەپ كېلىش ئىنتايىن مۈش-
كۈل ئىدى. لېكىن بىز شۇنى ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز لازىمكى، خەن، تاڭ دەۋرلىرىدىن
بۇيان چاڭئەندىن چىقىپ شىنجاڭ ئارقىلىق غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپاغا بارىدىغان، ئالەم-
گە مەشھۇر "يىپەك يولى" شەرق بىلەن غەربنىڭ ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرىدىغان
مۇھىم قاتناش يولى بولۇپ كەلگەن. مىلادىدىن 2 ئەسىر بۇرۇن جاڭچيەن بىلەن گەنفۇ (ئاز
سانلىق مىللەت) لەر غەربىي رايون يولىنى ئاچتى. باكتىرىيىگە يېتىپ بارغاندا، سودىگەرلەر
شۇ يەرگە ئېلىپ بارغان سىچۈەن بامبۇكلىرى (4 قىرلىق بامبۇك بولۇپ، كوپىنچە ھاسا
ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى) ۋە سىچۈەن رەخلىرىنى كورگەن. («تارىخىي خاتىرىلەر، پەرغانە تەز-
كىرىسى»). ئەينى ۋاقىتتا بامبۇكلار ئەڭ يىراق باكتىرىيىگە يەتكۈزۈلگەن ئىكەن. چالغۇ ئەس-
ۋاپلىرى ياسايدىغان بامبۇكلارنى ياكى بامبۇكتا ياسالغان چالغۇ ئەسۋاپلارنى شىنجاڭغا كەل-
تۈرۈش ھېچقانچە قىيىن بولمىسا كېرەك. شىنجاڭنىڭ قەدىمقى بىر قانچە خىل چالغۇ ئەس-
ۋاپلىرى — نەي، چورى، بىلى قاتارلىقلارنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىن چىقىدىغان بامبۇكتىن ياسال-
غانلىقى جۇڭگو مۇزىكا تارىخىدىكى قىزىقارلىق داستان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. شۇنداقلا، بۇ،
خەنزۇ مىللىتى بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۇزۇن - ئۇزۇندىن تارتىپ ئىت-
تىپاق ۋە دوستانە ئۆتكەن تارىخىنى چۈشەندۈرىدۇ.

## (4)

بارىبىت، ھەمىلكىتىمىزدە بۇ خىل مۇزىكىنىڭ تۈرى بەك تولا. قەدىمقى دەۋرلەردە ئەڭ
كوپ ئومۇملاشقان بارىبىت 2 خىل ئىدى: بىرسى خەنزۇ ئەمگەكچى خەلقلىرى چىن سۇلالىسى
دەۋرىدە كەشپ قىلغان "چىن خەنزى" بارىبىتى، يەنە بىرسى كۇچاردىن ئىچكى ئولكىلەرگە
كىرگەن بارىبىت ۋە بەشتار. (پەنج تار، ئۇد دەپمۇ ئاتىلاتتى — تەرجىماندىن) جىن دەۋرى-
دىكى دۇجۇ: "چىن دەۋرىدە سەددىچىن سېپىلىنى سوققاندا، پۇقرالار ئۇزۇن دەستىلىك تار-
لىق كىچىك دۇمباق چالاتتى" دەپ يازغان. دەستىلىك كىچىك دۇمباق دېگىنىمىز ئۇزۇن
دەستىگە كىچىك دۇمباقچە بېكىتىپ قول بىلەن تىتۇرىتىپ چالىدىغان چالغۇ
ئەسۋاۋى ئىدى. دەستىلىك كىچىك دۇمباق راۋاجلىنىپ كېيىنكى كولدۇرما دۇمباقلار
بارلىققا كەلگەن. تارلىق دۇمباق دېگىنىمىز، دەستىدىن دۇمباق سەتھىگىچە
ئەچچە تال تار ئورنىتىلغان ،ولۇپ دۇمباقنى، چالغاندا بۇ تارلار تىترىپ ئەكس سادا بې-

رەتتى. كىشىلەر تار (كىرىچ) نىڭ قانۇنىيەتلىرى بىلەن چالغۇ ئەسۋاپ — دۇمباق چېلىشنى بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى تارلىق چالغۇ ئەسۋاۋى — تارلىق دۇمباقنى كەشپ قىلدى. بۇ چالغۇ ئەسۋاۋىمۇ چەنخەنزى دەپ ئاتالدى. يەنى تۈز بويۇنلۇق باربىت شۇنىڭ ئۈچۈن چەنخەنزى دەپ ئاتالدىكى، ئۇ دەسلەپ پەيدا بولۇپ تارقالغان ۋاقىتتا قاراپ شۇنداق دەپ ئاتالغان. بۇ چالغۇ كېيىنچە راۋاجلىنىپ رومەنشيەن، يۈەچىن (بىر خىل 4 تارلىق ساز) بولۇپ شەكىللەندى. كۇچار خەلقى ماھىرلىق بىلەن چالىدىغان داڭدار كۇچار باربىتى 2 خىل بولىدۇ. ئادەتتە 4 تارلىقنى باربىت، 5 تارلىقنى بەشتار دەپ ئاتايتتى. كىشىلەر دولىتىمىزدىكى 4 تارلىق باربىتنى ھىندىستاندىن، بەشتارلىق باربىتنى پېرسىيەدىن كەلگەن دېيدۇ. بەزىلەر يۇقۇرقى ھەرئىككى ساز پېرسىيەدىن كەلگەن دېمەكتە. مەن باربىت ئىختىرا قىلىنغان جاي مەسوپوتامىيە بولۇپ، ئۇنىڭ پېرسىيە ۋە ھىندىستان ئارقىلىق مەملىكىتىمىزگە كەلگەنلىكىگە ئىشىنىمەن. لېكىن باربىتنىڭ ئەسلى پەيدا بولغان جايى پېرسىيە دېيىلسە، بۇنىڭدا بىرئاز ئىختىلاپ پەيدا بولۇپ، بۇنى چۈشەندۈرۈش قىيىنلىشىدۇ. مەسىلەن: ۋاڭگۇاڭچى يازغان «جۇڭگو مۇزىكا تارىخى»نىڭ 4 - بابىدا: "ئەرەپ باربىتى، ئىسمى ئۇد...... ئىككەنلىكىنى خاتىرىلەردىن كۆرىدۇم. يەنە بىر تەرەپتىن غەرپ تارىخىدا مىلادىيە 10 - ئەسىر ئەرەپ مۇزىكاشۇناسى ئالفارىبى (مىلادى 950 - يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ كىتاۋى ئەڭ بالدۇر ھىساپلىنىدۇ. شۇ ۋاقىتلاردا ئەرەپ مۇزىكا تۈزۈملىرى بىلەن پېرسىيە مۇزىكا تۈزۈمى پۈتۈنلەي ئوخشاش ئىدى. شۇڭا كېيىنكى ياۋروپا ئالىملىرى ئەرەپ - پېرسىيە مۇزىكا مەدەنىيىتى دەپ ئاتىغان. ئەرەپلەرنىڭ باربىتى مەملىكىتىمىزنىڭ باربىت شەكلى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ. دەسلەپتە 4 تارلىق بولسا، كېيىن ئالفارىبى يەنە بىر تال تار قوشۇش بىلەن بەشتارلىق بولدى دېيدۇ" بۇنداق دېيىش روشەنكى مەسىلىنى چىگىشلەشتۈرىدۇ. چۈنكى كۇچارنىڭ 5 تارلىق باربىتى جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلار دەۋرىدە (مىلادى 420 — 589 - يىللار) ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقالغان. 581 - يىلى دولەت قۇرغان سۇي سۇلالىسى شىمالىي جۇدىن مىراس قالغان «7 قىسىم مۇزىكا» ئىچىدىكى «كۇچار مۇزىكىسى» ئوركېستىرىدە باربىت ۋە بەشتاردىن ئىبارەت چالغۇ ئەسۋاپلىرى بار ئىدى. ۋاقىت جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئالفارىبى تۇغۇلۇشتىن نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى كۇچارلىقلار بەشتارنى چېلىۋاتقان تۇرسا، ئالفارىبى نەدىكى بەشتارنى كەشپ قىلسۇن؟

كۇچارنىڭ 4 تارلىق ۋە بەشتارلىق باربىتى بىلەن ھىندىستان ۋە پېرسىيەنىڭ 4 تارلىق ۋە بەشتارلىق باربىتى ئوتتۇرىسىدا زادى قانداق مۇناسىۋەت بار، بولۇپمۇ كۇچارنىڭ بەشتارلىق باربىتى بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەردىكى تارلىق دۇمباق (چەنخەنزى) ئوتتۇرىسىدا يەنە قانداق مۇناسىۋەت بار؟ بۇ مەسىلىلەرنى مەن تېخى ئايدىڭلاشتۇرۇپ كېتەلمىدىم. داۋاملىق تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك. بەزىلەر باي ناھىيىسىنىڭ قىزىلدىكى مىڭ ئۆي تاملىرىدا بەشتارلىق كۇچار باربىتىنىڭ سۈرىتى بار دېيىدۇ. بۇنىڭدىن بىز سۇي، تاڭ دەۋرىدە ياشىغان كۇچارلىق باربىت چالغۇچى مەشھۇر سازەندە سۇجىۋپو، بومىڭدا قاتارلىقلار چېلىپ يۈرگەن بەشتارلىق چالغۇ ئېسىمىزگە چۈشىدۇ. بۇ كۆڭۈل بۆلۈشكە ۋە تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك

مەسىلە. بىزنىڭ دەسلەپكى پىكرىمىز شۇكى، ئۆز بويۇنلۇق بەشتارلىق بارىبىتنى كۆچار خەلقى ئىختىرا قىلغان دېيدىغان قاراشقا مايىلمىز.

قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي چالغۇ ئەسۋاپلىرى ئىچىدە بارىبىت باشتىن - ئاياق مۇھىم چالغۇ ئەسۋاۋى بولۇپ كەلمەكتە. ھازىر مەملىكىتىمىزدە قوللىنىۋاتقان بارىبىتلارنى قەدىمقى دەۋرلەردىكى بارىبىتلارغا سېلىشتۇرغاندا فايەت زور ئوخشىماسلىقلار بار. بۇ ئۆزگىرىشلەرنى قانچە ئون ئەۋلادلار يۈرەك قانلىرىنى سەرپ قىلىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن بولغىنى! بارىبىت مۇزىكىسى قەدىمقى دەۋرلەردە مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولۇپ كەلگەن. كۆپلىگەن شائىرلار بارىبىتقا بېغىشلىما يازغان. بىز بۇ يەردە بەيجۇيىي يازغان «بەشتار» شېئىرىنى مىسالغا ئالماقچىمىز:

يارقىن ناخشا ئېيتىلغان ھامان ÷ قىزىل كۆڭلەكلەر قىلاتتى جەۋلان. جاۋ بوۋاي دىلكەش چالماقتا بەشتار ÷ كۆكسىدە بەشتار ياڭراتتى خۇشتار. ئەۋج - مەرغۇلدىن ياڭرىغان سادا ÷ بوران - يامغۇردەك ھايقىرار گويا. زىل سادالىرى قىلاتتى مەمنۇن ÷ ھۆر - پەرىلەرمۇ بولاتتى مەپتۇن. گويا سېغىزخان قاقىلدىغاندەك ÷ گويا مايمۇنلار چىقىراشقاندەك. ئۇنىڭ قولىدىن تەڭلا ئۇرغۇيدۇ ئاۋاز ÷ گۈللۈك چىنگىيۇي پەرىسى قىلاتتى پەرۋاز. بۇ ئاۋازلارنى ئاڭلىسا ھەر كىم ÷ يوقىتار ئىدى ھوشىنى بەلكىم. گەر يولۇچى ئاڭلىسا ئەردى ÷ ماڭالماس بولۇپ توختىشار ئەردى. جاراڭلىق سادا كۆكنى ياراتتى ÷ كونا مۇقامدىن يېڭىسى ياڭرايتى. شۇڭا لۈيچۇەنلىق ئۆز تەكچىسىدە ÷ تۇپا بېسىپ مەيۈس قالاتتى.

بەيجۇيىي يەنە ھەممىگە تونۇش بولغان «بارىبىت مىسرالىرى» ناملىق ئۇزۇن داستانىمۇ يازغان ئىدى. قەدىمقى دەۋرلەردىكى كۇچار مۇزىكىسى، قەشقەر مۇزىكىسى ۋە قوجو (بۇگۈنكى تۇرپان) مۇزىكىلىرىدىكى بارىبىت ۋە بەشتارلار سۇڭ سۇلالىسىدىكى چېن ياڭ يازغان «مۇزىكا كىتابى» ۋە يۈەن دەۋرىدىكى مادۇەنلىنىڭ يازغان «يادىكارلىقلار توپلىمى»دا، بارىبىت، بەشتارلار تارلىق چالغۇ ئەسۋاۋى بولغاچقا، تارلارنىڭ ھەممىسى يىپەكتىن ئىشلەنگەچكە، ئۇلار يىپەك تارلىق چالغۇ ئەسۋاپلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلار ھەم سۇي، تاڭ دەۋرلىرىدىن بۇيان كۇچار مۇزىكىسى، قەشقەر مۇزىكىسى، تۇرپان مۇزىكىسىدىكى بارىبىت، بەشتارلارنىڭ تارلىرى يىپەكتىن ئىشلەنگەن. بۇنىڭدا ھېچقانداق شەك يوق. مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرى پىلە بېقىش، يىپەك ئىشلەپچىقىرىش، ھەرخىل يىپەك رەختلىرى توقۇش ئارقىلىق دۇنياغا تونۇلغان. بۇ رايونلارنىڭ پىلە بېقىش، يىپەك چىقىرىش، يىپەك رەخ توقۇش جەھەتتىكى سەنئەتلىرى جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلار ۋاقتىدىلا شىنجاڭغا كەلگەن. دېمەك، شۇ چاغدىن باشلاپ شىنجاڭدا بارىبىت، بەشتارلارغا يىپەك تار سېلىنىدىغان بولدى. يىپەك تارنىڭ كېلىشى ئىككى مەنبەدىن چەتنەپ كېتەلمەيدۇ: بىرى، ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلتۈرۈلگەن. يەنە بىرى، شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە ئىشلەنگەن. بۇ ئىككى مەنبەدىن قايسى بىرى بولسۇن، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ھەر مىللەت خەلقلىرى بىلەن

شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقلىرىنىڭ ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

بارىبەت تارى توغرىسىدا توپلۇشتۇرۇشقا تېگىشلىك قىزىقارلىق تارىخىي پاكىتلار بار. سۇيى، تاڭ، بەش دەۋر، شىمالىي سۇڭ، جەنۇبىي سۇڭ دەۋرلىرىدە بارىبەتقا ئادەتتە يىپەك تار ئىشلىتىلگەن، بەلكى پىششىقلاپ، ئىشلەنگەن يىپەك تار ئىشلىتىلگەن ئىدى. لېكىن بەزىدە بارىبەت چالغاندا كىرىچ تار، تۇرنا سىڭىردىن ئىشلەنگەن تار، كالۇتۇن تارلارنىمۇ ئىشلەتكەن ئىدى. بۇ ئىشلار شۇ ۋاقىتلاردا كەم كۆرۈلىدىغان ئەھۋاللار بولغاچقا، خاتىرىگە ئېلىنغان. مەسىلەن:

تاڭ دەۋرىدىكى دۇەن ئەنجېيىنىڭ «مۇزىكا مەھكىمىسى خاتىرىلىرى، بارىبەت بابى»دا: "يۈەن يىلى باشلانغاندا، خې خۇەيجۇ دېگەن كىشى بار ئىدى. ئۇنىڭ چالغۇ ئەسۋاۋى تاشتىن ياسالغان، تۇرنا سىڭىرىنى تار قىلغان، تومۇر زەخمەك بىلەن چالغان ئىدى" دەپ يېزىلغان.

سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋۇ سېڭنىڭ يازغان «نىڭجۇجەي خاتىرىسى» 5 - جىلد «دۇبىگىنىڭ كىرىچ تارلىق بارىبىتى» دېگەن بابىدا: تاۋيۈي يازغان «بەش دەۋر تارىخىغا قوشۇمچە بايان»غا ئاساسلانغاندا: فېڭداۋنىڭ ئوغلى بارىبەت چالاتتى، شەۋەك بۇيرۇپ چالدۇرۇپ، ياقتۇرۇپ ئاڭلايتتى. راۋىيەنلىبىي كىرىچ تارنىلا بىلەتتى. قەدىمدا شۇ ئۇسۇللار بار ئىدى" دەپ يازغان.

يۈەن، مىڭ دەۋرلىرىدە ياشىغان مادۇەنلىنىڭ يازغان «يادىكارلىقلار توپلىمى» 136 - جىلدىدا "چىچۇيۈەن ئۇستا بارىبەتچى ئىدى. ئۇنىڭغا ۋۇدى پادىشا شەرقىي قەسىرىدىن، ئالتۇن قوساقلىق، كۈمۈش دەستىلىك بارىبەت ئىنئام قىلغان" دەپ يېزىلغان.

يۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن بىر مۇنچە يازما خاتىرىلەر، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ھامان ئۈزلۈكسىز تەرەققى قىلىدىغانلىقى، ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەيدىغانلىقى، ھەر قانداق شەيئىنىڭ دەسلەپ پەيدا بولغان ھالەتتە تۇرماستىن، ئۆزگىرىپ بارىدىغانلىقىدىن ئىبارەت مۇھىم تارىخىي پاكىتنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بارىبەتنىڭ تۈزۈلۈشىدىكى ھەر قايسى قىسىملىرى شۇنداق، ئۇنىڭ تارىسىمۇ خۇددى شۇنداق تەرەققى قىلغان. كۆچار بارىبىتى ۋۇجۇتقا چىققان ۋاقىتتا، تېرە ۋە ھايۋانات پەيلىرى ۋە ئۈچەيلىرىنى تار قىلغان بولۇپ، يىپەك تار ئىشلىتىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. چۈنكى ئۇ چاغلاردا شىنجاڭدا يىپەك، يىپەك توقۇمىچىلىقى ۋە يىپەك تار يوق ئىدى. سۇي، تاڭ، بەش دەۋر ۋە سۇڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە ئىچكى ئۆلكىلەردە كىرىچ ۋە پەي تارلىق بارىبەت چالىدىغانلارمۇ بار ئىدى. بۇنى پەقەت قەدىمدىن قېپقالغان بىر خىل كونىلىققا ئائىت نەرسە دەپ قاراشقىلا بولىدۇ. يىپەك تارغا سېلىشتۇرغاندا، كىرىچ ۋە پەي تارلارنىڭ يېتەرسىزلىگى بەك كۆپ. بۇ خىل تارنى تەكشى قىلىپ ئىشلىمەك قىيىن. شۇنىڭدەك ھاۋا تۇتۇلۇپ يامغۇر ياققان چاغلاردا ئۇنىڭ ئاۋاي نەم تارتىپ، ئاۋاز سۈپىتىگە تەسىر يېتەتتى. «خېيدا خاتىرىلىرى» دېگەن كىتاپتا: ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزلىرى ئىشلەتكەن كىرىچ تارلارنىڭ ھاۋا تۇتۇلۇپ يامغۇر ياققاندا نەملىشىپ ئىشلەتكىلى بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا زارلانغان قىزىقارلىق بىر ھېكايە يېزىلغان. دېمەك، كىرىچ تارلارنىڭ ئاجىزلىق نۇقتىسى

دەل كىرىچ تارلىق بارىبتىنىڭ ئاجىزلىقى ئىدى. يىپەك تار ئىختىرا قىلىنغاندىن كېيىن، تارلىق چالغۇ ئەسۋاپلىرىدا كىرىچ ۋە پەي تارلارنى ئىشلىتىش تەدرىجىي يوسۇندا ئەمەلدىن قالدى.

## (5)

چالغۇ ئەسۋاپلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا، سوقما سازلار ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغان، ئاندىن تارلىق چالغۇ ئەسۋاپلىرى بارلىققا كەلگەن. پۈۋلەپ چالىدىغان چالغۇ ئەسۋاپلار بىر قەدەر كېيىن پەيدا بولغان.

خەن سۇلالىسىدىن بۇرۇن، مەملىكىتىمىزدىكى هون ۋە چياڭزۇ مىللەتلىرى بۇرغا، چورى، نەي قاتارلىق 3 خىل پۈۋلەپ چالىدىغان چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى كەشپ قىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتىگە غايەت زور تۆھپە قوشتى. قەدىمقى كۇچار ئەمگەكچى خەلقلىرى بىلى چالغۇ ئەسۋاۋىنى كەشپ قىلىپ، كۇچار بارىبت چالغۇسىنى ئۇستىلىق بىلەن چېلىش ئارقىلىق داڭ چىقىرىپلا قالماستىن، بەلكى بۇ ئارقىلىق ۋەتىنىمىزنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتىگە ئۇلۇغ تۆھپە قوشقان. 2 مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، بۇرغا، چورى، نەي، بىلى، بارىبت قاتارلىق بىرقانچە خىل چالغۇ ئەسۋاپلىرى ياسىلىش، چېلىنىش جەھەتتە غايەت زور ئۆزگىرىپ كەلدى. بۇ ئۆزگىرىش جەريانىدا هەر قايسى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ قانچە ئەۋلات چالغۇ ئەسۋاپ ئۇستىلىرى ۋە سازەندىلىرىنىڭ يۈرەك قانلىرى ۋە ئېقىل - پاراسەتلىرى جۇغلانغان! "تارىخ هەر قايسى دەۋرلەرنىڭ ئۆز ئارا ئورۇن ئالماشتۇرۇشىلا ئەمەس. هەر بىر دەۋر هەر قايسى دەۋرلەردىن قېپقالغان ماتېرىيال، مەبلەغ ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدىن پايدىلىنىدۇ؛ شۇ سەۋەپتىن، هەر بىر دەۋر تامامەن ئۆزگەرگەن شارائىت ئاستىدا، ئالدىنقىلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن تامامەن ئۆزگەرگەن شەرت - شارائىت ئارقىلىق كونا شارائىتنى ئۆزگەرتىدۇ" («ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 1 - توم، خەنزۇچە نەشرى ى - بەت). ئەگەر بىز دەۋرنىڭ رېتى بويىچە، خەن، تاڭ دەۋرىدىن بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر هەر قايسى دەۋرلەرگىچە، مەملىكىتىمىزنىڭ هەر قايسى مىللەت خەلقلىرى چېلىپ كەلگەن بۇرغا، چورى، نەي، بىلى ۋە بارىبت قاتارلىقلارنى مۇزېيغا تىزىدىغان بولساق، ئەڭ جانلىق تارىخىي ماتېرىيالىزىملىق تەربىيە بولۇشى مۇقەررەر. ئوتمۇشتىكى تارىخ كىتاپلار بارلىق چالغۇ ئەسۋاپلارنىڭ كەشپىياتىنى خان، پادىشا، لەشكەر بېشى، ۋەزىر - ۋۇزرالار نامىغا باغلاپ، بۇرغىنى خۇاڭدى پادىشا كەشپ قىلغان، چيۇ جۇڭ (خەنۋۇدى دەۋرىدىكى بىر ئادەم) نەي ياسىغان دېگەندەك تۈرلۈك ئەپسانىلارنى توقۇغان. بۇ يالغۇز هەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقلىرىنىڭ بۇ خىل چالغۇ ئەسۋاپلارنى كەشپ قىلغان نەتىجىلىرىنى تارتىۋالغانلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى هەر مىللەت خەلقىنىڭ يۈرەك قانلىرىنى زور مىقداردا سەرپ قىلىپ ئۈزلۈكسىز ئىسلاھ قىلغان مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يوققا چىقارغانلىقتىن ئىبارەت.

خېۋىر تۆمۈر تەرجىمىسى

# ئاسنا سادىقنىڭ غەربىي رايوندا بولۇشى

## «ئاسنا سادىقنىڭ قەۋرە تەزكىرىسى»گە دائىر قىسقىچە ئىزاھات

### گو پىڭلياڭ

كونا، يېڭى «تاڭ سۇلالىسى تارىخى»دا ئاسنا سادىقنىڭ تەرجىمىھالى ناھايىتى قىسقا يېزىلغان. لېكىن ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئاساسەن «ئاسنا سادىق ئابىدىسى» (تۆۋەندە قىسقارتىپ «ئا. ئابىدە» دەپ ئاتىلىدۇ) دە يېزىلغان. يېقىندا تېپىلغان، «ئارخېئولوگىيە» ژورنىلىنىڭ 1977 - يىل 2 - سانىدا بېسىلغان «ئاسنا سادىقنىڭ قەۋرە تەزكىرىسى» (تۆۋەندە قىسقارتىپ «ئا — تەزكىرىسى» دەپ ئاتىلىدۇ)، مەزمۇن جەھەتتە بەزى يېرى «ئا. ئابىدە» دىن خېلى تولۇق بولۇپ، يېزىقلىرى ئاساسەن بۇزۇلمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ قىممىتى «ئا. ئابىدە» دىن ئېشىپ چۈشىدۇ.

ئاسنا سادىق سەركەردىلەردىن بىرى بولۇپ، تاڭ خاندانلىقىغا كۆپ خىزمەت كۆرسەتكەن. «ئا — تەزكىرىسى» ۋە «ئا. ئابىدە» سىدە يېزىلغان ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى، شۇ چاغدىكى غەربىي رايونغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ئاساسىي تەركىۋى قىسمى بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭغا دائىر ئەھۋاللار تارىخىي كىتابلاردا ئاساسەن يېزىلمىغان. بۇ ماقالىدا «ئا — تەزكىرىسى»گە ئاساسلىنىپ ھەمدە «ئا. ئابىدە»سىدىن پايدىلىنىپ، ئاسنا سادىقنىڭ غەربىي رايوندىكى پائالىيەتلىرىنى رەتلەپ، شۇ چاغدىكى مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، بىر گەۋدە قىلماقچى بولدۇم. بۇ «ئا — تەزكىرىسى»نىڭ مۇناسىۋەتلىك قىسمى توغرىسىدىكى ئىزاھات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## I

«ئا — تەزكىرىسى»دە: تاڭ سۇلالىسى پادىشاسى لى شىمىن لياۋدۇڭغا شەخسەن ئۆزى يۈرۈش قىلغاندا، ئاسنا سادىق "بۇيرۇققا بىنائەن دەرھال ئاتلىنىپ غەربىي رايوننى تىنچلاندۇردى" دەپ يېزىلغان. ئاسنا سادىق بۇ سەپەردە "لوپنۇرغا يۈرۈش قىلىپ، تاغ - دەريالارنى كېسىپ ئۆتۈپ"، "چىگىل - كىنگىتلاردا بەگلىك ئورناتتى"، "بۇ باتۇرانە ھۇجۇمغا ئۆتۈپ رۇڭ قەبىلىلىرىنى تارمار قىلدى"، "ئىسىل ئاتلارنى ياڭگۇەنگە يەتكۈزدى، كەشمىر قوشلىرى بىلەن خان بېغىنى تولدۇردى"، دېمەك، ئۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ ئىچكىرىگە ياندى. لى شىمىن تېخى لياۋدۇڭدا ئىدى. شۇڭا، «ئا — تەزكىرىسى»دە ئۇنىڭ لياۋدۇڭدا خان بىلەن كۆرۈشكەنلىكى يېزىلغان.

لى شىمىن جېڭگۇەننىڭ 18 - يىلى (644 - يىلى) 2 - ئايدا لياۋدۇڭغا ئۆزى يۈرۈش قىلىش

قارارىغا كەلگەن. كېيىنكى يىلىنىڭ ئىككىنچى ئېيىدا، ئۇ قوشۇنلىرىنى باشلاپ لوياڭدىن سەپەرگە چىقىپ، 5 - ئايدا لياۋ دەرياسىدىن ئۆتكەن، 9 - ئايدا قوشۇنلىرىنى قايتۇرۇپ كەلگەن. ئاسنا سادىقىنىڭ غەربىي رايوننى تىپچلاندۇرۇش سەپىرىگە ماڭغان ۋاقتى جېڭگۇەننىڭ 18 - يىلىدىن بۇرۇن ئەمەس بولۇشى مۇمكىن. قايتىپ يەنە ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغان ۋاقتى 19 - يىلىنىڭ 5 - ئايى بىلەن 9 - ئاي ئارىلىقى بولسا كېرەك. بۇ ۋاقىت دەل، تاڭ خاندانلىقىنىڭ كىنگىتتقوزغىلىڭىنى تىنجىتقان ۋاقتى ئىدى.

كىنگىت جېڭگۇەننىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا تاڭ خاندانلىقىغا بېقىندى ئىدى. ئىدىقۇت جۇيشى بەگلىكى غەربىي تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن تاڭ خاندانلىقىغا قارشى چىقىپ، غەربىي رايوندىن ئىچكى رايونغا بارىدىغان قاتناش يولىنى ئۈزۈپ تاشلىغاندا، كىنگىت تاڭ خاندانلىقى تەرىپىدە تۇرۇپ ئىدىقۇتقا قارشى تۇردى ھەمدە ئىچكى رايونغا بارىدىغان باشقا بىر يول ئاچتى. لېكىن، تاڭ خاندانلىقى جۇيشى بەگلىكىنى تىنجىتقاندىن كېيىن، غەربىي تۈرك ئاقسۆڭەكلىرى كىنگىتنى قاتتىق ئىزگىلىۋالدى. كىنگىت ھۆكۈمرانلىرى تاڭ خاندانلىقىغا قارشى مەۋقەدە بولدى. جېڭگۇەننىڭ 18 - يىلى، تاڭ خاندانلىقى ئەنشى تۇتۇق بېگى گوشياۋكېنى ئاستانە ئايمىقىنىڭ ھەربىي مەھكىمىسىنىڭ باش سەردارى قىلىپ بەلگىلەپ، كىنگىتكە جازا يۈرۈش قىلدۇردى. گوشياۋكې شۇ يىل 8 - ئايدا، ئەنشى دۇخۇ تۇتۇق مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق ئاستانە ئوبلاستى (بۈگۈنكى تۇرپان ناھىيىسىنىڭ دائىرىسىدە)دىن يۈرۈش قىلىپ، 9 - ئايدا ئۇرۇش غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى، 10 - ئايدا كىنگىت خانى لۇكتۇچىجىنى ئەسىرگە ئېلىپ، لوياڭدا تۇرغان لىشىمىنغا يەتكۈزۈپ بەردى. تارىخ كىتابلىرىدا يېزىلغان تاڭ سۇلالىسىنىڭ كىنگىتنى تىپچلاندۇرغانلىق ئەھۋالى ئومۇمەن مۇشۇنىڭدىن ئىبارەت. يۇنا — تەزكىرىسىدە كۆرسىتىلگەن يۇقىرىدىكى ئەھۋاللار شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى: بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا، تاڭ خاندانلىقى بېقىندىن ئەنشى تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ قوشۇنلىرىنى ئۇرۇشقا سېلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مەركەزدىن ئەسكەر ئەۋەتكەن. بۇلار ئاسنا سادىقىنىڭ قوماندانلىقىدىكى قوشۇن ئىدى، بۇ ئۇرۇش جېڭگۇەننىڭ 18 - يىلى 10 - ئايدا ئەمەس، بەلكى 19 - يىلىنىڭ 5 - ئايى بىلەن 9 - ئاي ئارىلىقىدا ياكى ئۇنىڭدىن سەل بۇرۇن ئاياغلاشقان.

چىگىل ۋە ئۇنىڭ بىلەن دائىم ئالاقە قىلىپ تۇرغان چومۇللار غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ قارىمىقىدىكى قەبىلە ئىدى. جېڭگۇەننىڭ 9-يىلى (مىلادى 635 -يىلى) چىگىللارنىڭ باشلىقى تاڭ خاندانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان قىلدى. بۇ مۇشۇ ئىككى قەبىلىگە ئالاقىدار ئەڭ بۇرۇنقى خاتىرىدۇر. 12 - يىلى غەربىي تۈرك ئاق سۆڭەكلىرىنىڭ تەھدىدى ئاستىدا، چىگىل بىلەن چومۇل، قوجو (ئىدىقۇت) بىلەن بىرلىكتە كىنگىتقا ھۇجۇم قىلىپ، بەش شەھەرنى ئىشغال قىلدى. 13 - يىلى غەربىي تۈرك باشلىقى ئاسنا مىش بىر تۈركۈم چىگىل، چومۇل خەلقلىرىنى باشلاپ، تاڭ خاندانلىقىغا بېقىندى؛ لېكىن شۇندىن كېيىن غەربىي تۈرك ياپغۇسى ئاسنا قۇلىنىڭ قارىمىقىدا چىگىل، چومۇل قەبىلىلىرى ئاۋالقىدەكلا بار ئىدى. 16 - يىلى، غەربىي تۈرك قاغانى چىگىل ۋە چومۇل ئىككى قىسمىنى ئەۋەتىپ ئاستانە ئايمىقىنىڭ تىيانشان ناھىيىسى

(بۇگۇنكى تۇقسۇن)غا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى، لېكىن بۇلار ئەنشى تۇتۇق بېگى گوشياۋگېي تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. 22 - يىلى، كۈنچىيۇ ئايىمىقى ھەربىي باش سەردارى ئاسىناشېر كۇچارغا ھەربىي يۈرۈش قىلغاندا، چىگىل، چۇمۇللارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن كىنگىتنىڭ غەربىدىن كۇچارنىڭ شىمالىغا يېتىپ بارغان. يۇڭخۇينىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 650 - يىل) بەش بالىق بېگى لوخۇڭيى چىگىل، چۇمۇل ۋە چىبى قاتارلىق قەبىلىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئاسىنا قۇلىغا ھەربىي جازا يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن. ئاسىنا قۇلى تاڭ خاندانلىقىدىن يۈز ئۆرۈپ، بەش بالىق ئوبلاستىغا ھۇجۇم قىلىشقا چىگىل ۋە چۇمۇل قوشۇنلىرىنى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، گوڭيۇي ئايىمىقىنىڭ ھەربىي باش سەردارى لياڭ جەنفاڭ، چەبى خەلى قاتارلىق كىشىلەر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. كېيىنكى يىلى، تاڭ خاندانلىقى چىگىل دېگەن يەردە جىمسار ۋەساتۇ ئىككى ئوبلاست تەسىس قىلدى. شيەنچىڭنىڭ تۇنجى يىلى (656-يىلى) سۇڭشەن ئايىمىقىنىڭ ھەربىي باش سەردارى چېڭجىجيە ئاسىنا قۇلىغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، چىگىل بەگلىرى بىلەن يۇيمۇگۇ دېگەن يەردە ئېلىشقان. مانا بۇ، چىگىل ۋە چۇمۇل قەبىلىلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدىكى ئەھۋالى. بۇ ئەھۋالدىن شۇنىسى مەلۇمكى: ئىككى قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ غەربىي تۈرك قاغانى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بىر قەدەر قويۇق بولغان، ئۇلار تاڭ خاندانلىقى بىلەن خېلى كۆپ ئالاقىلىشىپ تۇرغان. ئۇلارنىڭ ھەرىكەت قىلىدىغان جايلىرى كىنگىتتىن ئانچە يىراق بولمىغان. كېيىنكى ئەھۋال توغرىسىدا، يەنە بىر كۈچلۈك ئىسپات باركى، تۇڭخۇاڭدا تېپىلغان تاڭ دەۋرىگە ئائىت ھۆججەتلەردە ئاستانە ئوبلاستى يارغۇل ناھىيەسىدىن چىققان بەيشۈي جىلغا يولى غەربىي شىمالغا قاراپ "چىگىل، يېشىلەردىكى يات قەبىلىلەرگە يېتىپ بارىدۇ" دەپ ئوچۇق يېزىلغان. شۇنداق ئىكەن، كىنگىت ھۆكۈمرانلىرىنىڭ غەربىي تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ مەجبۇرلۇشى بىلەن تاڭ خاندانلىقىغا قارشى تۇرغان ۋاقىتتا، چىگىل ۋە چۇمۇلدىن ئىبارەت بۇ ئىككى قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ تاڭ خاندانلىقى بىلەن دۈشمەنلىشىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. «ۋنا. ئايىدە» سىدە "چىگىل، كىنگىت دوست بولۇشۇپ، باشقىلارنى خالىغىنىچە پاراكەندە قىلدى. تاڭغا ھۇجۇم قىلدى»، دەپ يېزىلغىنى مۇشۇ ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تاڭ خاندانلىقى بىر تەرەپتىن گوشياۋگېينى كىنگىتقا ئالدىدىن ھۇجۇم قىلدۇردى، يەنە بىر تەرەپتىن ئاسىنا سادىقنى 2 - بىر يول بىلەن چىگىل ۋە كىنگىتنى تېپىلاندۇرۇشقا ئەۋەتتى.

«جېڭگۇەنجۇڭنىڭ چىگىل ۋە چۇمۇلدىن ھال سورىشى ھەققىدە يارلىق» دېگەن كىتابتا يېزىلىشىچە، ئاسىنا سادىقنىڭ ئۇنۋانى "ئاستانە ئوبلاستىدىن ھال سوراش ئەلچىسى" بولۇپ، بۇ گوشياۋگېينىڭ ئاستانە ئوبلاستىنىڭ "ھەربىي باش سەردارى" دېگەن ئۇنۋانى بىلەن تامامەن ئوخشىغۇن كېلىدۇ. بۇ، ئىككىسىنىڭ شۇ چاغدا بىر ۋەزىپىنى بولۇشۇپ ئورۇندىغانلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. يارلىقتا يەنە سۇنۇڭشىنشۇ دېگەن كىشىنى "چىگىل ۋە چۇمۇل قەبىلىلىرىگە قوشۇمچە تۇدۇن، نازارەتچى بولسۇن" دەپ تەيىنلىگەن. بۇنىڭدىن ئاسىنا سادىقنىڭ ئەشۇ قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى بولۇپ، ئۇنىڭ

ئاساسىي ۋەزىپىسى چېگىل ۋە چومۇللاردىن «ھال سوراش» ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. يارلىقتا يەنە شۇ چاغدا غەربىي رايوندىكى چارۋىچى قەبىلىلەر ئارىسىدا بولغان مەسىلىلەر قىسقىچە ئېيتىلىپ، «ھال سوراش» تا يېتەلىگەن مەقسەت ئوچۇق كۆرسىتىلگەن. يارلىقتا: «بەگلەر شەپقەتلىك يولنى تاشلىدى، ھەربىي باشلىقلار ھەددىن خالىغىنىچە ئىش كۆرۈپ ئەلنى زارلاتتى، شەپقەتسىزلىك قىلدى، شۇڭا خەلقنىڭ كۆڭلى بۇلۇنۇپ كەتتى، ئۇرۇش بولۇپ تۇردى؛ ھەممىلا يەر خاراپلىشىپ، پۇقرالار زارلاندى، چوڭ كىچىك بەگلەر ئۈستىدىن ئەرزىلەر كېلىپ تۇردى» دېيىلگەن. يارلىقتا ئاسنا سادىق قاتارلىق كىشىلەردىن «شەپقەتلىك پەزىلەت ئېلان قىلىپ، تەسلىمچىلەرنى قوبۇل قىلىش، جاپا كەشلەرنىڭ دادى ئەھۋالىغا يېتىش، ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە كەڭچىلىك يۈرگۈزۈش» تەلەپ قىلىنغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى «ۋېي - تەزكىرىسى»گە مۇھىم قوشۇمچە بولۇپ، ئاسنا سادىقنىڭ غەربىي رايونغا يۈرۈش قىلىشىنىڭ ئىنتايىن زۆرۈر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

نېمە ئۈچۈن ئاسنا سادىق ۋەزىپىسىنى گۇشياۋگېدىن نەچچە ئاي كېيىن ئورۇنلىدى؟ ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئەسلىدە چېگىل ۋە چومۇلدىن «ھال سوراش» ئىدى. نېمە ئۈچۈن ئۇ كېيىن يەنە كىنگىتكە يۈرۈش قىلدى؟ ئەھۋالغا قارىغاندا، بۇ، تۆۋەندىكى ئۆزگىرىشكە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. خاتىرىلەرگە قارىغاندا، گۇشياۋگې غەلىبە قازىنىپ قوشۇنلىرىنى ياندۇرغاندىن كېيىن، غەربىي تۈرك ئاقسۆڭەكلىرى ئارقىدىنلا كىنگىتكە بېسىپ كىرىپ، تاڭ خاندانلىقى تەسىس قىلغان «ئەل بېشى» ئولپوچۇنى قاماققا ئالىدۇ. چوناجۇ دېگەن بىر باشلىق تۇدۇنى كىنگىتلار ھۆكۈمرانى قىلىپ تەيىنلەيدۇ ھەمدە تاڭ خاندانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغات سۇنىدۇ. لېكىن بۇ، لى شىمىننىڭ ئەيىپلىشىگە ئۇچرايدۇ. كېيىن كىنگىتلار ئولپوچۇنى خان قىلىپ تىكلەيدۇ. لېكىن چوناجۇ يەنە ئولپوچۇنىڭ ئاكىسى شيوپو ئانازىنى يولەپ، ئولپوچۇنى كۇچارغا ماڭدۇرۇپ ئۆلتۈرگۈزىدۇ. نېمە ئۈچۈن ئولپوچۇن تۈرمىدىن چىقىرىلىپ، قايتا باشلىق قىلىنىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن باشلىق قىلىنىپ كېيىن يەنە ئۆلتۈرۈلىدۇ؟ ئېھتىمال، ئىسياننىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئاسنا سادىق چېگىل ۋە چومۇل قەبىلىسىدە بولۇپ، خەۋەر تېپىپ دەرھال كىنگىتكە بېرىپ، ئولپوچۇنى خان قىلىپ بەلگىلىگەن. ئاسنا سادىق بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن، ئەسكەرلىرىنى باشلاپ شەرققە ماڭغاندىن كېيىن، چوناجۇ قايتىدىن ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن، شۇڭا ئولپوچۇن يەنە كۇچارغا يەتكۈزۈلۈپ ئۆلتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن.

## II

«ۋېي - تەزكىرىسى»دە «زۇڭجاڭ يىلى، تىبەتلىكلەر بېسىپ كىرگەن، بۇ چاغدا ئۇنى (ئاسنا سادىقنى) پادىشا لى شىمىن چىڭخەي ئايمىقىنىڭ باش ھەربىي سەردارى قىلىپ بەلگىلىگەن، ئۇنىڭ تەدبىرلىرىنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن ئەتراپتىكىلەر ئۇنىڭغا بويسۇنغان» دېيىلىدۇ.

لى شىمىن دەۋرىدە (627 - 649) تىبەتلىكلەر بىلەن تاڭ خانىدانلىقىنىڭ مۇناسىۋىتى بەك ياخشى ئىدى. لى جى خانلىققا ئولتۇرغان (650 - 683) دەۋرنىڭ دەسلىۋىدە، تىبەت بىلەن تاڭ خانىدانلىقىنىڭ مۇناسىۋىتى يامانلاشتى. بۈگۈنكى چىڭخەيدىن بۈگۈنكى جەنۇبىي شىنجاڭغىچە بولغان جايلار ئىككى تەرەپ مۇقابىل تۇرغان ۋە ئېلىشقان رايون ئىدى. لۇڭشۆنىڭ 3 - يىلى (663 - يىلى) تىبەت ئەسكەرلىرى بىلەن گۇگېيۇي قەبىلىسى سۇلېي (بۈگۈنكى قەشقەر) نىڭ جەنۇبىدا پەيدا بولغان بولسىمۇ، تاڭ خانىدانلىقىنىڭ قوشۇنى ئۇلار بىلەن سوقۇشمىدى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى، تاڭ خانىدانلىقى ئەنشى تۆتتۇق بېگى كاۋشەننى باش ھەربىي سەردار قىلىپ بەلگىلەپ، گۇگېيۇي قەبىلىسىگە زەربە بېرىپ، خوتەنگە ياردەم بەردى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا تاڭ ئەسكەرلىرى بىلەن سوقۇشقانلار ئىچىدە تىبەت قوشۇنلىرىنىڭمۇ بولۇشى چوقۇم. لىڭدېنىڭ 2 - يىلى (665 - يىلى)، قەشقەر، گۇگېيۇي ۋە تىبەت قوشۇنلىرى بىرلىكتە خوتەنگە ھۇجۇم قىلدى، تاڭ خانىدانلىقى ئاستانە ئوبلاستى تۆتتۇق بېگى سۇي جىڭبىيەن قاتارلىق كىشىلەر ياردەمگە قوشۇن ماڭدۇرۇپ، تىبەت قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى.

يازما خاتىرىلەرگە قارىغاندا، زۇڭجاڭنىڭ تۇنجى يىلى (668 - يىلى)، تاڭ خانىدانلىقى بىلەن تىبەتلىكلەر ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئۇرۇش يۈز بەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاسسەن تۈيغۇنلار (ئۆز ۋاقتىدا بۈگۈنكى چىڭخەيدىن شىنجاڭنىڭ شەرقىي جەنۇپ تەرەپلىرىگىچە بولغان جايلاردا ياشىغان) مەسىلىسى سەۋەبىدىن ئوتتۇرىدا قاتتىق سۈركىلىش پەيدا بولغان ئىدى. تۈيغۇنلار بۇرۇن تاڭ خانىدانلىقىغا قارايتتى. تىبەت ئاقسۆڭەكلىرى ئۇلارنىڭ يېرىنى ئىگەللىمەكچى بولغاندا، ئۇلار يول قويمىدى. ئىككىلا تەرەپ تاڭ خانىدانلىقىغا مەكتۇپ يېزىشىپ، ئادالەت تەلەپ قىلىپ، ياردەم سورىدى.

چيەنفېڭنىڭ 2 - يىلى (667 - يىلى) دىن بۇرۇن تاڭ خانىدانلىقى سۇدىڭفاڭنى ئەنجىگە ئەلچى قىلىپ، تۇپىلاڭنى تىنجىلاندۇرۇشقا ئەۋەتتى. كېيىن تۈيغۇننىڭ بىر ۋەزىرى تىبەتلىكلەر تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىپ، تۈيغۇننىڭ ئىچكى سىرلىرىنى تىبەت ئاقسۆڭەكلىرىگە مەلۇم قىلىپ قويدى. شۇ سەۋەپ بىلەنلا تىبەتلىكلەر تۈيغۇننى بىر دەسلا مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى بېسىۋالدى. ئۈزۈل - كېسىل ئىش قىلالمايدىغان لى جى زۇڭجاڭنىڭ 2 - يىلى ۋەزىرلىرىنى چاقىرىپ چارە - تەدبىر ئىزلىسىمۇ، ھېچ نەتىجە چىقىرالمىدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئاسنا سادىقنىڭ سۇدىڭفاڭدىن كېيىن چىڭخەيگە يۈرۈش قىلغانلىقى ئەقىلگە تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ. «ئا. تەزكىرىسى» دىكى بۇ خاتىرە تارىخ كىتابلىرىدىكىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ ھەم تارىخ كىتابلىرىدىكىنى تولۇقلايدۇ. بۇنىڭدىن بىز شۇنى بىلدۇقكى، تىبەت قوشۇنلىرى تاڭ خانىدانلىقىغا پاراكەندىچىلىك سېلىشتا قەشقەر، خوتەندىن شەرققە قاراپ ئىلگىرىلەپ چىڭخەيگە يېتىپ بارغان. بۇ ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسى توغرىسىدا، «ئا. ئابىدە» دىكى خاتىرە، «ئا. تەزكىرىسى» دىكىدىن كونكرېتراق يېزىلغان. ئۇنىڭدا: "ئۇلار چېگرا جايلارغا بېرىپ × × ئالۋاستىلارنى تۇنجۇقتۇردى. ئەركەردە يېڭىلمەس نەتىجە قازىنىپ، خاننى بىر غەمدىن خارىج قىلدى" دەپ يېزىلغان. دېمەك، تاڭ خانىدانلىقىنىڭ قوشۇنى تېز غەلىبە قازانغان بولسىمۇ، لېكىن ۋەزىيەت سەل بوشىدى، مەسىلە ئاساسىي جەھەتتىن ھەل بولمىدى.

بۇ نۇۋەتتە، ئاسنا سادىقنىڭ بۇقېتىمقى ھەركىتىنىڭ يەككە - يېگانە بولمىغانلىقى ئېھە-
تىمالغا ناھايىتى يېقىن. «تاڭ سۇلالىسىنىڭ كونا تارىخى» 5 - جىلدتا يېزىلىشىچە، "چيەنفېڭنىڭ
3 - يىلى (يەنى زۇڭجاڭنىڭ تۇنجى يىلى) 4 - ئايدا باھار پەسلى بىرىنچى ئاينىڭ 27 - كۈنىدىكى
يارلىقتا: "مۇھەررەم ئاغا قوشۇمچە خاگخەي تۇتۇق بېگى ليۇشېن، غەربىي رايوننى تېچ-
لاندۇرۇش ئەلچىسى قىلىپ تەيىنلەندى" دەپ يېزىلغان. بۇ چاغدا غەربىي رايوننىڭ ۋەزىيە-
تى ئاساسىي جەھەتتىن تۇراقلاشقان. كۈنلىك تۇتۇق بېگى ئاسنامۇ ئۆلتۈرۈلگەن، مېڭچىش
تۇتۇق بېگى ئاسنا بۇكون ئۆلگەن. تۈركەش قەبىلىسى يېڭىدىن گۈللەنگەن بولسىمۇ، لېكىن
ئۇ تېخى غەربىي رايوننىڭ ۋەزىيىتىگە تەسىر يەتكۈزگىدەك دەرىجىگە يەتمىگەن ئىدى. ئەنشى
تۇتۇق بېگى ئورۇنباسارى پېي شىڭجيەن مۇشۇ چاغدا ياكى بۇنىڭدىن سەل بۇرۇنراق خىز-
مىتىدىن ئايرىلغان. ئۇ ئەنشى تۇتۇق بېگى ئورۇنباسارى بولۇشتىن ئىلگىرى، ئاستانە ئوبلاس-
تىنىڭ دورغابېگى بولغان. ئۇ غەربىي رايوندا 7 يىلچە سىياسىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان.
تارىخ كىتابلىرىدا ئۇنىڭغا "ھەممىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ھەل قىلدى" دەپ باھا بېرىلگەن.
بۇنىڭدىن غەربىي رايون ۋەزىيىتىنىڭ تېچلاندۇرۇلغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇ چاغدىكى ئاسا-
سىي مەسىلە يەنىلا تىبەتلىكلەرنىڭ غەربىي رايونغا كىرگەن تەسىرىدىن ئىبارەت ئىدى. شۇنىڭ
ئۈچۈن، ليۇشېننىڭ غەربىي رايون ئەلچىسى بولۇپ كېلىشى بىلەن ئاسنا سادىقنىڭ چىگ-
خەيگە يۈرۈش قىلىشى ئىنوز ئارا ماسلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ نىشانى تىبەت ئاقوگەك-
لىرىنىڭ پاراكەندە قىلىشىغا تاقابىل تۇرۇش ئىدى. بىزنىڭ مۇنداق دېيىشىمىزدە يەنە بىر
ئاساس باركى، تاڭ خاندانلىقىدا ھەر قېتىمقى ھەربىي يۈرۈشتە "جازا يۈرۈشى ۋە "ھال
سوراش" قوشۇنىدىن ئىبارەت ئىككى قوشۇن ئەۋەتىش ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان. ئاسنا سا-
دىقنىڭ ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىلا بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان كىنگت لوگتۇركەش خانىنى تېچلاندۇرۇش ئورۇشىدا گوشياۋگې
باش ھەربىي سەردار بولسا، ئاسنا سادىق ھال سوراش ئەلچىسى بولغان. تىبەتلىك-
لەرگە جازا يۈرۈش قىلغان ئورۇشتا، شۆي رېنگۈي باش ھەربىي سەردار بولسا، ئاسنا سادىق
ھال سوراش ئەلچىسى بولغان ئىدى.

# III

«ئا - تەزكىرىسى»دە "گۈگېيۇبلەر قوتراپ كەتتى، تىبەتلىكلەر قىستاپ كېلىۋاتىدۇ، يەنە-
شۇ قارشى تۇرالمىدى، خۇيزۇلۇڭ ئامالسىز قالدى. ئاسنا سادىق غەربىي رايوننىڭ ھال سو-
راش ئەلچىسى ۋە باش ھەربىي سەردارى بولدى، ئاسنا سادىقنىڭ ئاتىقى ھەممە يەرگە مە-
لۇم بولدى، ئەللەر ئارا يۇقىرى ئىناۋەتكە ئېرىشتى. ئەزىمەتلەرگە دەنچۇ دېگەن مۇقەددەس
يەردە زىيايەت قىلدى، ئېتىنى ياۋچىش (زۇمرەت كول)دە سۇغاردى. كۆڭلۈمۇ ئۇنىڭغا يېتەل-
مەيتتى. جاڭخەي ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلغان، كېيىن كىرگەن فەنۋۇنىڭ
كورسەتكەن خىزمىتىنىڭ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق. قېچىيسىمۇ ئۇنىڭغا تەن بېرىپ، ئورنىنى بوشى-
تىپ بەرگەن" دېيىلگەن.

ئاسىنا سادىق شاڭيۈەننىڭ ئىككىنچى يىلى (675 - يىلى) ئۆلدى. بۇ ۋەقە زۇڭجاڭنىڭ تۇنجى يىلىدىن مۇشۇ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا يۈز بەرگەن. مۇشۇ مەزگىلدە غەربىي رايوندىن چىڭخەيگىچە بولغان يەرلەردە يۈز بەرگەن چوڭ ئىشلار، شيەنخېڭنىڭ تۇنجى يىلى (670-يىلى) تىبەتلىكلەرنىڭ قورال كۈچى "جەمئىي 18 ئوبلاستنى ئاياق - ئاستى قىلدى، خوتەندىن تاكى كۇچارغىچە بولغان شەھەرلەرنى ئىشغال قىلدى. ئارقىدىن ئەنشىدىكى تۆت ئايماقنى تۈگەتتى ۋە تاڭ خاندانلىقى شۈې رېنگۈينى لوسا ئايمىقىنىڭ باش ھەربىي سەردارى قىلىپ، ئەسكەر باشلىتىپ تىبەتكە جازا يۈرۈشى قىلدۇردى. جەزمەنلەشتۈرۈشكە مۇمكىنكى، بۇ قېتىمدا ئاسىنا سادىقنىڭ غەربىي رايونغا بارغانلىقى بىلەن شۈې رېنگۈينىڭ چىڭخەيگە بارغانلىقى دەل يۇقۇرىدا ئېيتىلغاندەك، تاڭ خاندانلىقىنىڭ بىر مەقسەت ئۈچۈن يۈرۈش قىلغان ئىككى قوشۇنىدىن ئىبارەت.

«ۋئا — تەزكىرىسى»دە يۇقۇرىدىكى سوزدىن كېيىنلا يەنە "شەرقىي پايتەختكە مەلۇمات سۇنۇپ خاننى خۇرسەن قىلدى" دەپ يېزىلغان. كونا يېڭى «تاڭ سۇلالىسى تارىخى»، گاۋزۇڭ خاتىرىسى»گە قارىغاندا، لىجۇ خان شيەنخېڭنىڭ 2 - يىلى 1 - ئايدىن 3 - يىلى 10-ئايغىچە، شەرقىي پايتەخت لوياڭدا تۇرغان. ئاسىنا سادىق غەلىبە قازىنىپ مۇشۇ يەرگە قايتقان. مۇشۇ قېتىمقى ئۇرۇش توغرىسىدا، «ۋئا — تەزكىرىسى»دە كۆرسىتىلگەن يېڭى ئەھۋاللار ئاساسەن تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىدىن ئىبارەت.

1 - بۇ قېتىمقى ئىسيانغا تىبەت ئاقسۆڭەكلىرىلا ئەمەس، بەلكى يەنە گۇڭيۇې قەبىلىسىنىڭ باشلىقلىرىمۇ قاتناشقان. ئەھۋالغا قارىغاندا، گۇڭيۇې قەبىلىسى 663 يىلى بۇگۇنكى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا پەيدا بولغاندىن تارتىپ، بۇ يەردىن كەتمىگەن ھەمدە كۆپ ھەرىكەت قىلىپ يۈرگەن، «ۋئا — تەزكىرىسى»دە يېزىلىشىچە، "قەشقەردە يەنە چاتاق چىقتى" دېيىلگەن، بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بۇ قېتىمقى ئىسيان ئاۋۋال ئېيتقاندەك يەنىلا قەشقەر ئەتراپىدا بولغان.

2 - ئىسيان يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئەنشى تۇتۇق بېگى مەھكىمىلىرىنىڭ شارائىتى خېلى ئېغىر بولدى. ئىسياندىن ئىلگىرى، تاڭ خاندانلىقىنىڭ ئەمەلدارلىرى، قوشۇنلىرى ھەم "قارشى تۇرالمىدى" ھەم "ئامالسىز قالدى"، لېكىن، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، «ۋئا — تەزكىرىسى»دە «تۆت ئايماق تۈگىدى» دېگەن سۆز تىلغا ئېلىنمىغان. قەۋرە تەزكىرىسى شاڭيۈەننىڭ 2 - يىلى (675 - يىلى) يېزىلغان بولۇپ، ئىسيان بولغانغا يىلدىن ئاشقان، ئىسيان نەتىجىسى يۇرۇنلامۇ قىملاشقان. قەۋرە ئىگىسى خان بىلەن بىللە دېپنە قىلىنغان ئۇلۇغ زات ئىدى. قەۋرە تەزكىرىسىنى يازغۇچى شۇ چاغدىكى داڭلىق ئەدىپ سۈي شىڭگۇڭ بولۇپ، ئۇنىڭ يازغانلىرى ھەرگىز ئەمەلىيەتتىن يىراقلاشمايتتى. شۇ چاغدا تۆت ئايماق قولدىن كەتمەي بىر قېتىم مۇھاسىرىگە يولۇققان بولۇشى كېرەك، دەپ قىياس قىلالاق بولارمىكىن؟ بۇنداق بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

3 - بۇ ئىسياننى تىنجىتىش ئۈچۈن، تاڭ خاندانلىقى شۈې رېنگۈينى لوسا ئايمىقىنىڭ باش ھەربىي سەردارى قىلىپ تەيىنلەشتىن تاشقىرى، يەنە ئاسىنا سادىقنى غەربىي

رايون ھال سوراش ئەلچىلىكىگە ۋە باش ھەربىي سەردارلىققا تەيىنلىگەن. ئاسنا سادىقنىڭ غەربىي رايونغا قىلغان سەپىرى ناھايىتى ئۇزۇن ئىدى. قەۋرەتەزكىرىسى يازغۇچى "دەنچىيۇ"، "ياۋچى"دىن ئىبارەت بۇ خىل قەدىمقى ئەپسانىلاردىكى غەرپنىڭ يەر ئىسىملىرىنى تەمسىلگە كەلتۈرگەنلىكى، كۇافۇنىڭ قۇياش قوغلىغانلىقى توغرىسىدىكى ئەپسانە بىلەن تەسۋىرلىشى ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس.

4 - بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتىدە، شۆي رېنگۇيلار دافېيچۇەندە مەغلۇپ بولغان. بۇ تارىختىي ھۆججەتلەردە يېزىلغان، ئاسنا سادىققا كەلسەك، «ئا - تەزكىرىسى»دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئۇنىڭ نەتىجىسى چوڭ بولمىغان. "نەتىجە ھېساپسىز تۆۋەنلىدى"، "نەتىجىدىن زوقلاندى" دېيىشلەر بۇرمىلاش، يوشۇرۇشتىن ئىبارەت، ھېچقانداق نەتىجە بولمىغانلىقنى چۈشەندۈرىدىغان سۆزدىن ئىبارەت. لېكىن ئۇمۇ شۆي رېنگۇيدەك پاجىئەلىك مەغلۇپ بولغان ئەمەس. «ئا. ئابىدەسى»دە يەنە: "پۇرسەت بىلەن ماڭدى، جانلىق ئىش كۆردى، ۋاپادارلىق بىلەن ھەرىكەت قىلدى، ھەربىي يۈرۈش قىلىپمۇ سوقۇشمىدى، ئىناۋەت بىلەن ئىش كۆردى. ئايپلار × × ×، ھەرىكەت قىلىشنى كۈتۈپ تۇردى، پات - پات ھال سورىدى" دەپ يېزىلغان. ئۇ غەربىي رايوندا ئاساسەن ھال سوراش، تىبەت ئاق سۆڭەكلىرىنىڭ تىزگىنىدە بولغان قەبىلىلەر ۋە جايلاردا تەشۋىقات ۋە ئەل قىلىش خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ بارغان بولۇشى مۇمكىن. شيەنخېڭنىڭ 4 - يىلى (673 - يىلى) 12 - ئايدا «گۇڭيۆي ۋە قەشقەر بۇ ئىككى ئەلنىڭ ۋەكىللىرى ئوردىغا كىرىپ تەسلىم بولغانلىقىنى مەلۇم قىلغان، بۇ ئاسنا سادىقنىڭ "ھال سورىشى" بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

# IV

«تاڭ دەۋرىدىكى ئاسنا سادىق قەۋرىسىنىڭ تېپىلغانلىقى توغرىسىدا قىسقىچە مەلۇمات»تا: "ئاسنا سادىق جېڭگۇەننىڭ 18 - يىلى ۋە زۇڭجاڭ يىللىرىدا ئىككى قېتىم ھەربىي يۈرۈش قىلىپ، غەربىي رايوننى تىنچلاندۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغان. بۇ ئەھۋال تەيزۇڭ، لى شىمىن ۋە گاۋزۇڭ، لى جىۋلارنىڭ دەۋرىدە ھازىرقى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى تيانشاننىڭ جەنۇبى (قاراشەھەر، كۇچار، قەشقەر ۋە خوتەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تاڭ خانىدانلىقىنىڭ سىياسىي باشقۇرۇشىدا بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ" دېيىلگەن. بۇ سۆز تارىختىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بىرىنچىدىن، ئاسنا سادىق چىڭخەيدىن شىنجاڭغىچە بولغان جايلاردا ئىككى قېتىم ئەمەس، 3 قېتىم ھەرىكەت قىلغان، بەلكى 3 - قېتىمقى ھەرىكىتى زۇڭجاڭ يىلىدا ئەمەس، شيەنخېڭنىڭ ئۈچىنچى يىلىدا باشلانغان. بۇنى، مۇشۇ ماقالىدا ئىزھار قىلىنغان بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ئابىزاسنى ھېساپقا ئالمىغاندىمۇ، پەقەت «ئا - تەزكىرىسى»دە يېزىلغان ئاسنا سادىقنىڭ ئىككى ئەملى — چىڭخەي ئايىمىنىڭ باش ھەربىي سەردارى

ۋە غەربىي رايون"ھال سوراش"ئەلچىسى قوشۇمچە باش ھەربىي سەردار ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئەگەر ئاسنا سادىقىنىڭ «ئا - تەزكىرىسى»دە يېزىلغان غەربىي رايون ھال سوراش ئەلچىسى قوشۇمچە باش ھەربىي سەردار دېگەن بۇ ئەمەلىي ۋاقىت جەھەتتىن تېخى ئېنىق ئەمەس دېيىلسە، ئۇ ۋاقىتتا «ئا. ئابىدەسى» دە يېزىلغان بۇ ئەمەلدىن بۇرۇنقى تېپىلغان يازلىقتا كۆرسىتىلگەن رەقەمدە گۇمان بولمىسا كېرەك.

2 - لى شەمەن ۋەلى جۇلار دەۋرىدە، تاڭ خاندانلىقىنىڭ غەربىي رايونغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمى بىلەنلا چەكلەنمەيتتى. كېڭگەت ۋەچىگىلدىكى ئىسيانچىلار تېچلاندۇرۇلغاندىن كېيىن، تاڭ خاندانلىقى يەنە جېنگۇەننىڭ 22 - يىلى (648 - يىلى) كۇچاردىكى ئىسيانى تېچلاندۇردى ھەمدە ئەنشى تۇتۇق مەھكىمىسىنى ئاستانە ئوبلاستىدىن كۇچارغا كۆچۈرۈپ، سۇياپ شەھىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەنشىدىكى 4 شەھەرنى ئىدارە قىلاتتى. بۇ چاغدا، تيانشاننىڭ شىمالىي رايوندىكى ئەھۋاللار مۇنداق ئىدى: تيانشاننىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىنىڭ شەرقىي قىسمىدا 640 - يىلى تەسىس قىلىنغان بەش بالىق ئوبلاستى (ئوبلاست مەھكىمىسى بۈگۈنكى جىمسار ناھىيىسىنىڭ چېگرىسىدا) بار ئىدى. جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدىن بالقاش كۆلىگىچە بولغان جايلاردا تاڭ خاندانلىقى تەسىس قىلغان ياۋچى (زۇمرەت كۆل) تۇتۇق مەھكىمىسى بار بولۇپ، ئەنشى تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ قوماندانلىقىدا ئىدى. ياۋچى تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ غەربىدە ئىل بىلگە شوك قاغانىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بولۇپ، ئۇ تاڭ خاندانلىقى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ۋە تاڭ خاندانلىقىنىڭ قارىمىقىدا ئىدى. لى جىژ دەۋرىدە ئەھۋال باشقىچە بولدى. شيەنچىڭنىڭ 2 - يىلى (657 - يىلى) تاڭ خاندانلىقى غەربىي تۈرك خاقانى ئاسنا قۇلنىڭ توپىلىڭىنى تېچلاندۇرغاندىن كېيىن، تيانشاننىڭ شىمالىدىكى چارۋىچىلىق رايونلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ئومۇميۈزلۈك ھالدا تۇتۇق قىراۋۇل مەھكىمىسى، تۇتۇق مەھكىمىسى، ئوبلاستلار تەسىس قىلىنىپ، ئەنشى تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ ئىدارە قىلىشىدا بولۇپ كەلگەن. بۇ چاغدا، ئەنشى تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ قارىمىقىدىكى جايلار ئاز دېگەندە، شىمالدا ئالتاينى، غەربىي شىمالدا بالقاش كۆلى، غەرپتە چۇ دەرياسى، تالاس دەرياسى، سىر دەرياسى، ئامۇر دەرياسى قاتارلىق ۋادىلاردىكى ناھايىتى كۆپ رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ قانداقچە بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمى بىلەنلا چەكلىنىپ قالسۇن! ئاسنا سادىقنىڭ غەربىي رايوندىكى ھەرىكەت دائىرىسى پەقەت تيانشاننىڭ جەنۇبىدىلا ئەمەس ئىدى. ئۇ بىرىنچى قېتىمدا ئۇچراتقان چىگىل، چومۇل قەبىلىلىرى شەرقىي تيانشاننىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدە كۆچمە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى.

3 - ئەنشىدىكى 4 شەھەر جېنگۇەننىڭ 22 - يىلى قۇرۇلغاندىن تارتىپ كۇچار،

قەشقەر، خوتەن ۋە سۇياپتىن ئىبارەت 4 شەھەرنى كۆرسىتىدۇ. كىنگىت شەھىرى كەيىۋەننىڭ 7 - يىلى (719 - يىلى) سۇياپ شەھىرىنىڭ ئورنىدا 4 شەھەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، ئەنشىدىكى 4 شەھەر، بولۇپمۇ سۇياپ شەھىرى بىلەن كىنگىت شەھىرى توغرىسىدا، تاڭ، سۇڭ دەۋرلىرىدىكى خاتىرىلەردە نۇرغۇن قارىمۇ - قارشىلىقلار بار. يېقىنقى زاماندىكى مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەردە ھەر قايسى ئۆز ئېھتىياجلىرى بويىچە ئۆز قاراشلىرىنى بايان قىلغان. شۇڭا بەزى مەسىلىلەر ئېنىقلانمايلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ قايمۇقالاشتۇرۇۋېتىلگەن. ھازىر بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا خېلى ئەجىر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن، نىمە بولسا بولسۇن، لى شىمىن، لى جى دەۋرلىرىدە، سۇياپنى 4 شەھەرنىڭ بىرسى قىلىپ كۆرسەتىش قارا شەھەرنى 4 شەھەرنىڭ بىرسى قىلىپ كۆرسىتىشكە قارىغاندا، ئاساسى تولۇقراق. يۇقۇرىدىكى پىكىرلەرنىڭ توغرا بولۇشى ناتايىن. شەنشى ئۆلكىلىك مەدىنىي يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش كومىتېتى، لى چۈەن ناھىيىسى شاۋلىن يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش پونكىتى ۋە باشقا يولداشلىرىمىزنىڭ تۈزىتىش بېرىشنى ئۈمىت قىلىمەن.

ليۇجېنجيا تەرجىمىسى

# قەشقەردىكى «ئىپارخان قەۋرىسى» توغرىسىدىكى خاتا چۈشەنچىلەرگە قارىتا تۈزىتىش

جى داچۈن

چىڭرا شەھەر — قەشقەرنىڭ شەرقىي شىمالىدا بىر قەدىمقى قەۋرە بار، ئىگىز گۈمبەزلىك بۇ قەۋرە يىراقتىن قارىغاندا ھەشەمەتلىك كۆرۈنىدۇ. بۇ ئۇيغۇر ئۇسلۇبىدىكى مۇسۇلمانچە قەۋرە قۇرۇلۇشى. بەزى خەنزۇچە مەتبۇئاتلاردا، ئۇنى «ئىپارخان قەۋرىسى» دەپ ئاتىشىدۇ. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن بۇيان ئاشۇنداق بىر ئۇقۇشماسلىق بولۇپ كەلمەكتە. كېيىنكى چاغلاردا بەزى ھەۋەسكارلار بىر پارچە سىزما رەسىمنى ئاپاراتقا ئېلىپ، بۇ «ئىپارخاننىڭ رەسىمى» دەپ، گۈمبەزنىڭ ئىچىدىكى بىر قەۋرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويغان. بۇنىڭ بىلەن يەنە بىر ئۇقۇشماسلىق كېلىپ چىققان. مۇشۇنداق قىلىپ بۇنىڭغا يەنە بىر قانچە مۇناسىۋەتسىز كىشى ۋە ئىشلار قوشۇلۇپ بىر خىل تارىخىي «خاتا ئەنزە» ۋۇجۇتقا كەلگەن. بۇ خاتا نەرسە خاتاچە تارقىلىپ، تارقالغانسېرى كېڭىيىپ، ئېكسكۇرسىيىگە بارغان جۇڭگولۇق ۋە چەتئەللىك كىشىلەر ئارىسىدا نۇرغۇن كۆلكىلىك سۆزلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ تەسىرى ناھايىتى يامان بولغان.

بۇ تارىخىي ئەمەلىيەتنى ئېنىقلاپ، بۇ خاتا ئەنزىنى تۈزىتىش ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار ئورۇنلار ۋە جايلارنىڭ كەسكىن تەلىۋى بولۇپ قالدى.

بۇ ماقالىدا تارىخىي يازما ھۆججەتلەردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسەن، تارىخنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى تونۇشتۇرۇپ مۆجمەللىكنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، پاكىتلارنى ئېنىقلىماقچىمىز. خاتا ۋە نامۇۋاپىق جايلىرىغا يولداشلارنىڭ كۆپلەپ تۈزىتىش بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## 1. كىچىك خانىش ئىپارخان ۋە ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىسى

چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ خاننىڭ بىر كىچىك خانىشى ئۇيغۇر بولۇپ، ئۇنىڭ ئوردىدىكى رەسمىي ئىسمى رۇڭفېي (ساھىبجامال خانىش) دەپ ئاتىلاتتى. «چىڭ سۇلالىسى تارىخى. كىچىك خانىشلار تەزكىرىسى»دە مۇنداق دېيىلگەن: كىچىك خانىش ئىپارخان خوجا نەسەبىدىن بولۇپ، ئۇ شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى تەيجى خوجامنىڭ قىزى ئىدى. دەسلەپ ئوردىغا كىرگەندە، «ئىسلزادە» دەپ ئاتالغان، كېيىن مەرتىۋىسى ئۆسۈپ كىچىك خانىشلىققا كۆتۈرۈلگەن. كىشىلەر ئادەتتە دەۋاتقان «شياڭفېي» (ئىپارخان) ئەنە شۇنىڭ ئۆزى.

خانىش ئىپارخان توغرىسىدا يازما خاتىرىلەر ناھايىتى كەم. «چىڭ سۇلالىسى خاتىرىلىرى»دە دەسلەپ ئۇچرايدىغان ئىسلزادە «خوجا نەسەبى» (خوجا نەسلى) توغرىسىدا مۇنداق دەپ يېزىلغان: چيەنلۇڭنىڭ 26 - يىلى 12 - ئايدا (1762 - يىلى 1 - ئايدا)، خان ئانا 1

ئەمىر چۈشۈرۈپ، ئىبىلزادە خوجا نەسەبىگە «توقال خانىش» دەپ ئۇنۋان بەرگەن. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ئۇنى رەسمىي بېكىتكەن. 33 - يىلى 6 - ئاي (1768 - يىلى 7 - ئاي)دا، خان ئانا ئەمىر چۈشۈرۈپ توقال خانىشقا «كىچىك خانىش» دەپ ئۇنۋان بەرگەن. 10 - ئاي (11 - ئاي)دا، خوجا نەسەبىي توقال خانىش ئىپارخاننى «ساھىبجامال كىچىك خانىش» دەپ رەسمىي بېكىتكەن. چىڭ سۇلالىسى خان ئوردىسىنىڭ تۈزۈمى بويىچە، پادىشا ئوردىسىدا بىر خانىشتىن قالسا يەنە بىر شاھ بانۇ، ئىككى ئەتىۋارلىق كىچىك خانىش، تۆت كىچىك خانىش، ئالتە توقال خانىش بولاتتى، بۇنىڭدىن باشقا مەرتىۋە جەھەتتە ئۇلاردىن تۆۋەن بولغان خانىشلار، كېنىزەكلەر ۋە دىدەكلەرنىڭ بەلگىلىك سانى يوق ئىدى. دېمەك، ئارقا ئوردىدا 3000 خان - قىزلار بار دېگىنى مانا مۇشۇلارنى كۆرسىتەتتى. بۇنىڭدىن ساھىبجامال كىچىك خانىش ئىپارخاننىڭ ئارقا ئوردىدا خېلى يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ساھىبجامال كىچىك خانىش ئىپارخاننىڭ ئائىلە نەسەبى توغرىلىق، تارىختا ئوچۇق بىر نەرسە يېزىلمىغان. «چىڭ سۇلالىسى تارىخى. كىچىك خانىشلار تەزكىرىسى»دىكى بىر نەچچە جۈملە سۆزلەردىن قارىغاندا، بىرىنچىدىن، ئۇ خوجا نەسلىدىن ئىكەنلىكى، ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ دادىسى تەيجىلىك مەرتىۋىدە ئىكەنلىكى مەلۇم. بۇ ئىككى شەرتكە ئىگە بولغان كىشى تارىختا ئانچە كۆپ ئۇچرىمايدۇ. بۇنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئانچە قىيىن بولمىسا كېرەك.

چيەنلۇڭنىڭ 22 - يىلى (1757 - يىلى)، چوڭ خوجا بۇرھانىددىن بىلەن كىچىك خوجا خوجا جاھان مەنچىڭ خاندانلىقىدىن يۈز ئۆرۈپ بۆلۈنۈش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارغان. ئىككى يىلدىن كېيىن مەنچىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن تىنچلاندۇرۇلغان. بۇرھانىددىن بىلەن خوجا جاھان ئاكا - ئۇكا بۇ ئىككىسى 17 - ئەسىردىكى ئاق تاغلىقلار باشلىقى ئاپپاق خوجىنىڭ ئەۋلادى. ئاپپاق خوجىنىڭ ئىنىسى كارامەت خوجىنىڭ ئەۋلادلىرى بۇ قېتىمقى توپىلاڭغا قارشى تۇرغان. بۇرھانىددىن ئاكا - ئۇكا توپىلاڭ كۆتەرگەندە، مومىننىڭ بەشىنچى ئوغلى ھۆسەيىن (يەنى ئەرك خوجا) نىڭ باشچىلىقىدا ئۇنىڭ ئىنىسى فارسا، چوڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى مامۇت (يەنى ئوتتۇرانچە خوجا)، ئۈچىنچى ئاكىسىنىڭ ئوغلى تۇردى ھەمدە شىرىم تۇققىنى بولغان ئابدۇراھمان قاتارلىقلار قىرغىزلارنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ ئۆزىنى دالدىغا ئالغان. كېيىن مەنچىڭ قوشۇنلىرى توپىلاڭنى تىنجىتقىلى بارغاندا، مەنچىڭ قوشۇنلىرىغا ماسلىشىپ قەشقەر ۋە يېڭىسار قاتارلىق شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، توپىلاڭنى تىنجىتىش ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىلىرىنى قوشقان. چيەنلۇڭنىڭ 25 - يىلى (1760 - يىلى)، ھۆسەيىن قاتارلىق 5 ئائىلىلىك خوجا بىلەن يەنە توپىلاڭنى تىنجىتىشتا خىزمەت كۆرسەتكەن جەنۇبىي شىنجاڭلىق 3 ئائىلە ئۇيغۇر يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى كەينى - كەينىدىن بېيجىڭغا بېرىپ چيەنلۇڭ خانغا بەيئەت قىلغان، چيەنلۇڭ خان ئۇلارنى بېيجىڭدا ئەپقېلىپ ئولتۇراقلاشتۇرغان ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەمەلدارلارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنىمۇ بېيجىڭغا ئەكەلدۈرگەن. چيەنلۇڭ خان يەنە ھۆسەيىنگە ئوتتۇرانچى گۇڭلۇق ئۇنۋان بەرگەن، شۇنىڭدەك تۇردى، مامۇت، ئابدۇراھمان، فاسار قاتارلىق كىشىلەرگە 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلىك تەيجى دېگەن ئۇنۋاننى بەرگەن. 3 يىلدىن كېيىن تۇردىنى يەنە ئوتتۇرانچى گۇڭلۇققا ئۇستۇر-

كەن. جۇنغاردىن باشقا، خوجا ئەۋلادى بولمىغان 3 ئائىلىلىك كىشىدىن خوجىس بەگكە "بەل" دىگەن ئۇنۋانىنى، خوجەك (؟) كە "ئوتتۇرانچى گۆلەك" لۇق، ھاشىمغا "تەيجى" لىك ئۇنۋانىنى بەرگەن. بۇ سەككىز ئائىلىلىك كىشى موڭغۇل ئاق تۇغ قوشۇن تەۋەلىكىگە كىرگۈزۈلگەن. تارىخ كىتابلىرىدا ئۇلارنى "سەككىز بەگ" دەپ ئاتايدۇ. بۇ "سەككىز بەگ" بېيجىڭغا ئۇزلىرى بىلەن بىللە غوجىدار، خىزمەتكار، دىدەك، ئاشپەز قاتارلىق نۇرغۇن كىشىلەرنى ئېلىپ بارغان. شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئۇيغۇر مىللىتىدىن بولغان يۇقۇرى تەبىقىدىكى كىشىلەردىن ئۇنۋانى ئۆسكەن ۋە ئۇنۋانغا ئىگە بولغانلاردىن يەنە 7 ئائىلە بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە: قۇمۇل، تۇرپاننىڭ باشلىقلىرىغا كاڭشى خان ۋە يۇڭجېڭ خاننىڭ ۋاقتىدا "جۇنۋاڭ" ئۇنۋانى بېرىلگەن: كۇچار، ئاقسۇ، باي، خوتەن، ئۇچتۇرپانلارنىڭ باشلىقلىرىغا گوڭلۇق ئۇنۋانى بېرىلگەن، ئۇلارنىڭ جەمەتلىرى ئىچىدىكى ئايرىم كىشىلەرگە "تەيجى" لىك ئۇنۋانىمۇ بېرىلگەن. لېكىن بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدا خوجىلىق مەرتىۋىسى يوق ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىپارخاننى بېيجىڭدا ئاق تۇغ قوشۇنىغا كىرگەن ھېلىقى خوجا جەمەتلىرىنىڭ ئەۋلادى دەپ قىياس قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ئۇ بېيجىڭغا 1760 - يىلى بارغان. بۇ قىياس «چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ ئوردا خاتىرىسى» دە دىيىلىپ ئۇچرايدىغان «خوجىلار نەسەبى» نىڭ يىللىرى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئىپارخاننىڭ ئاتىسى كىم؟ «چىڭ سۇلالىسى تارىخى. خانىشلار تەزكىرىسى» دە ئۇنى تەيجى خوجامنىڭ قىزى دىيىلگەن. "تەيجى" ۋە "خوجام" دىگەن بۇ سۆزلەر شەخسنىڭ ئىسمى ئەمەس. شۇڭا بۇ يەردە ئىپارخان كىمنىڭ قىزى ئىكەنلىكى مەسىلىسى تېخى ھەل بولغىنى يوق.

ھازىر ئىككى خىل ماتېرىيال بار. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئىپارخاننىڭ ئۆز ئاتىسى توغرىلىق مۇنداق قىياس قىلىشقا بولىدۇ:

1. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى رىۋايەتلەردە ئىپارخان تۇردىنىڭ ھەمشىرىسى دىيىشىدۇ. تۇردىنىڭ ئاتىسى ئەلى خوجا بولۇپ، ئۇنىڭغا تەيجىلىك ئۇنۋان بېرىلمىگەن، شۇڭا ئۇ، مۇشۇ مەزگىلدىكى بىر مۇنچە پائالىيەتلەردە ئوتتۇرىغا چىقمىغان. پەرىزىمىزچە، ئۇ بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن بولسا كېرەك. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ تۇردى بىلەن بىر قېرىنداش ئاكا - سىڭىل بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر بىر نەۋرە ئاكا - سىڭىل دىيىلىدىغان بولسا، تەيجىلىك ئۇنۋانغا ئىگە بولغان 4 كىشى ئىچىدە، تۇردى بىلەن مامۇت ئۇنىڭ بىلەن (ئىپارخان بىلەن) بىر دىمەتلىك بولغانىنىڭ سىرتىدا، فارسا بىلەن ئابدۇراھمان ئىككىسىلا ئۇنىڭدىن بىر دىمەت چوڭ بولغان بولىدۇ. دىمەك، ئىپارخاننىڭ ئاتىسى مۇشۇ ئىككى تەيجىنىڭ بىرسى بولۇشى كېرەك.

2. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن باشلاپ، بېيجىڭدىن قەشقەرگە قايتقانلار خوجىلار مازىرىنىڭ ۋەخپى يەر ۋە مۈلۈكلىرىنى تالىشىپ كۆپ دەۋا قىلىشقان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى دايائىشى (؟) دىگەن ئايال ئېرىنىڭ چوڭ بوۋىسى ئىپارخاننىڭ بىرتۇققان ئاكىسى بولىدۇ دەپ، بىر پارچە نەسەپنامىنى كۆتىرىپ چىققان. بۇ نەسەپنامىدا يېزىلغان كىشىلەرنىڭ

ئىسمى تارىخ كىتابلىرىدىكى خاتىرىلەرگە كۆپىنچە ئوخشىمايدۇ. بۇنىڭ يالغاندىن ياساپ چىقىلغان نەسەپنامە ئىكەنلىكى ئېنىق. لېكىن ياڭ زىڭشىڭنىڭ «سەۋەبلىكتىن ئىبرەت ئېلىش مۇجىرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار» دېگەن ئەسىرىدە ئىپارخاننىڭ ئاتىسى "فارىس" دېيىلگەن. "فارىس" بىلەن فارسا بىر ئىسىمنىڭ ئوخشىمىغان تەرجىمىسى. بېيجىڭدا ئولتۇراقلاشقان داڭ ياڭشى(؟) قاتارلىقلار ئىپارخاننىڭ ئۆزئاتىسىنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىنى بىلسە كېرەك، ئەلۋەتتە، يەككە ئىسپاتنى كۆپچىلىك ئىگە قىلىش تەس. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى نۇقتىنى «چىڭ سۇلالىسى تارىخى. خانىشلار تەزكىرىسى» بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندە، ئىپارخاننى 3-دەرىجىلىك تەيجى فارسانىڭ قىزى دەپ قىياس قىلسا بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. چيەنلوڭ خاننىڭ ئىپارخاننى خانىشلىققا قوبۇل قىلىشتىكى مەقسىدى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خوجىلارنى ۋە بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق "سەككىز بەگ" قاتارلىق ئۇيغۇرلاردىن بولغان يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش ۋە بويسۇندۇرۇشتىن ئىبارەت بولسا كېرەك.

ئىپارخاننىڭ ئارقا ئوردىدىكى تۇرمۇش ئەھۋالى توغرىسىدا، 1938-يىلى مىڭ سېن دېگەن كىشى تەپسىلى ھالدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇ، ئىپارخاننىڭ يېڭى ياسىغان «تولۇن ئاي» راۋىقىدا ئولتۇرغانلىقىنى، چيەنلوڭ خانغا ھەمرا بولۇپ رەخې (خېبېينىڭ چېڭدې) دېگەن جايغا ئىشكارغا چىققانلىقىنى، ئوردىدا ياللاپ ئىشلەتكەن ئەجنەبىي رەسساملارنىڭ ئۇنىڭ رەسىمىنى ماي بوياق بىلەن سىزىپ چىققانلىقىنى تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىغان. مىڭ سېن يەنە چيەنلوڭ خاننىڭ يازغان نۇرغۇن شېئىرلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، چيەنلوڭنىڭ ئىپارخانغا بەكمۇ ئامراق ئىكەنلىكىنىڭ ھەقىقەتەن راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. بۇ ماقالىدا بۇنى كۆپ تەسۋىرلەپ ئولتۇرماستىن، ئازغىنە قوشۇمچە قىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

شىنجاڭنىڭ باي ناھىيىسىدىن چىققان موللا مۇسا سايرامى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا بىر تارىخ كىتاب يازغان. بۇنىڭدا كەلتۈرۈلگەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: جەنۇبىي شىنجاڭدا ساھىپجاماللىقتا تەڭدىشى يوق بىر گۈزەل قىز بولغان ئىكەن، بۇ قىز 15 ياشقا كىرگەندە ئەمەلدارلار ئۇنى پادىشاغا خوتۇنلۇققا سوغا قىپتۇ. ئۇ خانغا بەكمۇ ياراپ كېتىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، خان ئۇنىڭ يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن كۆڭلىنىڭ نېمە ئۈچۈن مالال بولغانلىقىنى سوراپتۇ. ئۇ: مېنىڭ يۇرتۇمدا يوپۇرمىقى كۈمۈشتىن، چېچىكى ئالتۇندىن بولغان بىر خىل دەرەخ بار، بۇ دەرەخ چېچەكلىگەندە چەكسىز خۇش پۇراق چاچىدۇ، مەن ئۆز يۇرتۇمنى سېغىنىپ يىغلىدىم، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. جىگدە دەرىخىنىڭ ئەزەلدىن چېچىكى ئالتۇنغا، يوپۇرمىقى كۈمۈشكە، غولى تۆمۈرگە ئوخشىتىلاتتى. خەيرىيەت، خاننىڭ يارلىقى بىلەن جىگدە دەرىخى بېيجىڭغا كۆچۈرۈلۈپ تىكىلگەن ئىكەن.

بۇ ئۇيغۇرچە تارىخ كىتاۋىدىن شۇنى بىلگىلى بولىدۇكى: 1. ئىپارخاننىڭ ئەسلى ئىسمى يېزىپ قالدۇرۇلمىغان، شۇڭا مەزكۇر كىتابنىڭ ئاپتورىمۇ ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمىنى بىلمىگەن؛ 2. ئىپارخان بېيجىڭغا بارغاندا ئاران 15 ياشلاردا ئىكەن؛ 3. چيەنلوڭ خان ئىپارخاننىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن جىگدە ئالۋىڭى سېلىپ، ئۇنىڭ ئۆز يۇرتىنى سېغىنىش تەشنالىقىنى قاندۇرغان.

جىگدە دەرىخىنى ئالۋاڭ سالغانلىق تارىختا ھەقىقەتەن ئۆتكەن ئىش بولۇپ، چيەنلوڭ-

نىڭ 30-يىلى (1765-يىلى) يۈز بەرگەن. ئاشۇنداقلا بۇ ۋەقە ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىغا سەۋەپ بولغان. شۇ يىلىنىڭ ئەتىياز پەسلىدە، ئۇچتۇرپاندىن 240 كىشى شۇ جايدا تۇرۇشلۇق چېگرا مۇداپىئە ئامبىلى بىلەن ھاكىم بەگنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، ئالدى بىلەن ياغاچ تۇڭغا كۆچۈرۈلگەن جىگدە كۆچىتىنى توشۇماقچى بولغان. ئۇلار ئاپىرىدىغان جاينى بىلمىگەنلىكتىن يوليورۇق سورىغىلى بارسا، ئەكسىچە تىل-ھاقارەت، تاياق-توقماققا ئۇچرىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمەلدار-بەگلەرنىڭ ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىكى دەھشەتلىك زۇلمى تۈپەيلىدىن قوزغىلاڭ كۆتىرىلىپ، قوزغىلاڭ يېرىم يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان.

جىگدە دەرىخىنى ئالۋاڭ سېلىش ۋەقەسى توغرىسىدا كۆپ گۇمانلار كېلىپ چىققان. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىدە جىگدە بار، لېكىن ئەمەلدار-بەگلەر قوي بىلەن ئاشلىقلا ئالۋاڭ سالغان بولۇپ، جىگدە ئالۋىڭى سېلىنغانلىقىنى ھېچكىم ئاڭلاپ باقمىغان. جىگدە دەرىخى زادى كىمگە كېرەك بولۇپ قالدى؟ جىگدە ئالۋىڭى سېلىنغان بولسا، نېمە ئۈچۈن ئەمەلدار-بەگلەر جىگدە كۆچىتى ئەۋەتىدىغان جاينى ئوچۇق ئېيتمايدۇ. يەنە نېمە ئۈچۈن باشقا ئالاھىدە مەھسۇلاتلارغا ئوخشاش ھەر يىلى ئالۋاڭ سالماستىن، مۇشۇ بىر قېتىملا ئالۋاڭ سالىدۇ؟ قوزغىلاڭ يۈز بەرگەندىن كېيىن، چيەنلوڭ خان ئادەمنى كۆپ ئەۋەتىپتۇ دەپ كايىغان، ئۇ، جىگدە كۆچىتىنى توشۇش ئۈچۈن 240 ئادەم كەتمەيدىغانلىقىنى قانداق بىلىدۇ؟ قوزغىلاڭ بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن، چيەنلوڭ خان ئۇچتۇرپان خەلقىنى ھە دەپ قىرىشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. نېمە ئۈچۈن شۇ چاغدا ئۇ چوڭ-كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتىش ۋاقتىدىكى ئېغىر بېسىقلىق پوزىتسىيە تۇتۇشتىن بىراقلا ئۆزگىرىپ، بىگۇناھ خەلققە شۇنچە غەزەپلىنىدۇ؟ جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى لياڭ پادىشاھلىقى زامانىسى (502 — 507) دا ئۆتكەن ئەدىپ ۋاڭ زىگرۇ «ئارزۇلۇق خانىشقا مەدھىيە» دېگەن شېئىرىدا: "بىر قىيانە باقىشىدىن مەپتۇن بولۇر پۈتكۈل شەھەر، ساھىبانە بىر كۈلكىسى قەدرى مىڭ ئالتۇن-گوھەر" دەپ يازغان. چيەنلوڭ خان بولسا، ئىپارخاننىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن شۇنچە يىراق جايدىن دەرەخ ئەكەلدۈرمەكچى بولغان، لېكىن دەرەخنى ئەكەلدۈرەلمەي بىگۇناھ خەلقنى قىرغان. بۇ ئىككى خىل ئەھۋالنى سېلىشتۇرغاندا، ئالدىنقىسى كېيىنكىسىنىڭ ئالدىدا ھېچقانچە ئىش ئەمەس.

ئىپارخاننىڭ 28 يىللىق ھاياتى مەنچىڭ ئوردىسىدا ئۆتكەن. «ئۇلۇغ چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇراسىم خاتىرىلىرى» دە: چيەنلوڭنىڭ 53-يىلى 4-ئاينىڭ 19-كۈنى (1788-يىلى 5-ئاينىڭ 24-كۈنى) ئىپارخان "ئالەمدىن ئۆتتى" دەپ يېزىلغان. شۇ يىلى ئىپارخاننىڭ جەسىدى سېلىنغان ئالتۇن ساندۇق "چۇڭخۇي خانىشلار قەۋرىستانلىقى" غا قويۇلغان، ئۇنىڭ ئەرۋاتاختىسى شۇيىي خانىشنىڭ ئەرۋا تاختىسىدىن تۆۋەن قويۇلغان. جياچىڭنىڭ 4-يىلى (1799-يىلى) چيەنلوڭ خان ئۆلگەندە، ئۇنى يۈيلىڭگە دەپنە قىلغان، چۇڭخۇي خانىشلار قەۋرىستانلىقى يۈيلىڭنىڭ يېنىدا بولۇپ، ئىپارخاننىڭ جەسەت ساندۇقىمۇ مۇشۇ جايغا قويۇلغان. مەنچىڭ پادىشا جەمەتلىرىنىڭ قەۋرىستانلىقى 3 جايغا سېلىنغان بولۇپ، تارىختا شىمالىي قەۋرىستانلىق، شەرقىي قەۋرىستانلىق، غەربىي قەۋرىستانلىق دەپ ئاتالغان. يۈيلىڭ شەرقىي قەۋرىستانلىق دائىرىسىدە بولۇپ، ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ زۈنخۇا ناھىيىسىدە.

## 2. ئىپارخان ھەققىدىكى رىۋايەتلەر

ئىپارخان دېگەن بۇ ئىسىمنىڭ قاچان ئوتتۇرىغا چىققانلىقى تېخى ئېنىق ئەمەس. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى بەزى شەخسلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىپارخان توغرىسىدىكى خىلمۇ-خىل رىۋايەتلەر يېزىلغان. ئۇ، ئۆزىنىڭ مەرتىۋىسى ۋە چيەنلۇڭ خاننىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئامراقلىقىغا تايىنىپ، جىگدە چېچىكىنى كۆرەتتىم دەپ غەلۋە قىلغان. ئوردىدا ئاجايىپ گۈللەر ۋە غارايىپ گىيالار، ئاجايىپ قىممەتلىك خۇش پۇراق گۈللەر بار بولۇپ، لېكىن جىگدە دەرىخى بولمىغانلىقتىن، خانمۇ 10 مىڭ چاقىرىم يەردىن جىگدە دەرىخى ئەكەلدۈرۈش ئۈچۈن بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە مەجبۇر بولغان. "ئىپار" دېگەن بۇ سۆز بەلكى بۇ خانىش كۆرىمەن دەپ غەلۋە قىلغان جىگدە چېچىكىنىڭ ئالاھىدە خۇش پۇرىقى بىلەن باغلىنىشلىق بولۇشى مۇمكىن.

كېيىنكى چاغلاردا ئوردا ئىچىدىكى بۇ سۆزلەر ئاستا-ئاستا سىرتقا تارقىلىپ، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر خەۋەر تاپقان. يېقىنقى بىر قانچە 10 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدا دېيىلىپ كەلگەن "ئىپارخان" دېگەن بۇ نامنى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، پىشقەدەم بىر ئۇيغۇر ئالىم خەنزۇچە «شياڭفېي» (香妃) دېگەن سۆزدىن تەرجىمە قىلغانىمىش. "ئىپار" دېگەن بۇ سۆز ئىسىم بولۇپ سۈپەت ئەمەس، "خان" دېگەن سۆز ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كېلىدىغان قوشۇمچىدىن ئىبارەت.

"ئىپارخان" دېگەن بۇ نام، پادىشالىق تۈزۈم ئاغدۇرۇلغان شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن مەشھۇر بولغان. شۇ چاغلاردا نەشر قىلىنغان «مەنچىڭنىڭ غەيرى رەسمىي تارىخى»، «مەنچىڭنىڭ غەيرى رەسمىي تارىخىدىن كوچۇرمىلەر»، «قەدىمقى ۋە ھازىرقى ئوردىلارنىڭ مەخپى خەۋەرلىرى»، «چىڭ سۇلالىسىنىڭ غەيرى رەسمىي تارىخىنىڭ ئومۇمى كۆرۈنۈشى»، «خانىشلار تەزكىرىسى» ۋە «فەن تيەنلۇ مەجمۇئەسى» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت غەيرى رەسمىي تارىخ كىتابلىرى ۋە خاتىرىلەردە ئىپارخان ئاجايىپ-غارايىپ شەخس قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. بۇ تەسۋىرلەر بارغانسېرى غەلىتىلىشىپ كەتكەن. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئوخشاش بولمىغان مۇنداق ئىككى خىل تەسۋىر شەكىللەنگەن: بىر خىل ئېيتىلىشىچە، ئىپارخان ئىپپەت-نومۇسىنى ساقلاپ قۇربان بولغان ئايال، ئۇ، ئەسلى خوجا جاھاننىڭ خانىشى دېيىلىدۇ؛ بەزىلەر: ئىپارخان ئەسلى بۇرھانىدىننىڭ قىزى بولۇپ، تۇغۇلغان چاغدىلا ئۇنىڭ بەدىنىدە خۇش پۇراق بولغان ئىكەن دېيىشىدۇ. بۇرھانىدىن ئاكا-ئۇكا ئىككىسىنىڭ ئىسيانى مەنچىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تىنجىتىلغاندىن كېيىن، ئىپارخان ئەسىرگە چۈشۈپ بېيجىڭغا ئەۋەتىلگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوردىغا كىرىپ خانىش بولۇپ قالغان، ئۇنىڭ ئائىلە، يەر-زېمىنلىرى خانىۋەيران بولۇپ كەتكەنلىكتىن كۆڭلىدە ئۆچمەنلىك ساقلاپ، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش خىيالىدا بولغان، ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يەڭ ئىچىدىن ئونلاپ خەنجەر چىققان، ئۇ، ئىپپەت-نومۇسىنى ساقلاپ خانغا بوي بەرمىگەن دېيىدۇ. يەنە بىر خىل ئېيتىلىشىچە، ئىپارخان ئەتىۋارلىق خانىش بولۇپ، 3000 خانىشنىڭ تاجىسى ئىكەن، شۇڭا باشقا خانىشلار ئۇنى كۆرەلمەي، پادىشانىڭ ئا-

نىسىغا چىقىشتۇرغان. پادىشاھنىڭ ئانىسى چيەنلۇڭ خاننىڭ سىرتقا چىقىپ كەتكەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ يارلىق چۈشۈرۈپ ئىپارخاننى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. چيەنلۇڭ بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ دەرھال ئوردىغا قايتىپ كېلىپ، ئىپارخاننىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ھوكۇرەپ يىغلاپ، كۆزى كاردىن چىققان دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەمۋالىق خانىش ئىكەنلىكى راست بولغاننىڭ سىرتىدا، قالغانلىرى يازغۇچىنىڭ خىيالى بويىچە توقۇپ چىقىلغان بولۇپ، قىلچە تارىخىي پاكىتى يوق. قېنى ئېيتايلى، ئادەم ئوغۇلۇش بىلەنلا ئۇنىڭ بەدىنىدە قانداقمۇ بىر خىل ئاجايىپ خۇش پۇراق بولسۇن؟ ئەسىرگە چۈشكەن بىر قىز ئۇنلىغان خەنجەرنى قوينىغا تىقىپ ئىنتايىن قاتتىق مۇداپىئەلەنگەن خان ئوردىسىغا قانداقمۇ كىرەلىسۇن؟ ئىپارخان خوجا جاھاننىڭ بىر جەمەت ھەمشىرىسى بولۇپ تۇرۇقلۇق قانداقمۇ ئۇنىڭ خانىشى بولۇپ قالسۇن؟ چيەنلۇڭنىڭ ئانىسى بولغان خان ئانىغا كەلسەك، ئۇ، يۇڭجېڭ پادىشاھنىڭ ۋاپادار خوتۇنى بولۇپ، 86 يىل ئۆمۈر كۆرگەن. چيەنلۇڭنىڭ 42-يىلى (1777-يىلى) ئۆلگەن. دېمەك، ئىپارخاندىن 11 يىل بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن. روشەنكى، خان ئانا ئىپارخاننى ئۆلۈمگە بۇيرۇغان دېگەن سۆزنىڭ ئويدۇرما ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. ھەتتا خان ئانىنىڭ ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى چيەنلۇڭ خاننىڭ 2-خوتۇنى بولغان ئۇلانارا 1766-يىلى ئۆلگەندىن كېيىن (خانىشنى دەپنە قىلىش قائىدىسى بويىچە دەپنە قىلىنمىغان) "قايتىدىن خانىشلىققا تىكلەنمىگەن." تا 1795-يىلى جياچىڭ ۋەلى ئەھدە قىلىپ تىكلەنگەندە، ئاندىن ئۇنىڭ 20 يىل بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن ئانىسىغا "ۋاپادار شاھبانۇ" دېگەن ئۇنۋان بېرىلگەن.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، شۇنچىۋالا كۆپ غەيرىي رەسمىي تارىخ، خاتىرە، رومانلاردا نۇرغۇن ھېكايىلار توقۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىپارخان ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ جەسىدى شىنجاڭغا ئاپىرىپ دەپنە قىلىنغان دېگۈچىلەر بولمىغان.

## 3. خوجىلار قەۋرىگاھى قانداقچە ئىپارخاننىڭ قەۋرىسى بولۇپ قالدى

ئوردا كىتابلىرىدا ئىپارخان يۈيلىڭدىكى خانىشلار قەۋرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان دېيىلگەن. غەيرىي رەسمىي تارىخ كىتابلىرىدىمۇ ئىپارخاننىڭ جەسىدى شىنجاڭغا ئاپىرىپ دەپنە قىلىنغان دېيىلمىگەن. شۇنداق ئىكەن، قەشقەردىكى "ئىپارخان قەۋرىسى" قەيەردىن كېلىپ قالدى؟ "ئىپارخان قەۋرىسى" دېيىلگەن جاي ئەسلى خوجىلار قەۋرىگاھى. 17-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، قەشقەردە ئىسلام دىنىدىكى ئاق تاغلىقلارنىڭ باشلىقى ئاپپاق خوجىنىڭ ئاتىسى مەخمۇت يۈسۈپ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ جەسىدى قەشقەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بىر جايغا دەپنە قىلىنغان، ئاپپاق خوجا ئۆلگەندىن كېيىن ئۇمۇ شۇ جايغا دەپنە قىلىنغان. ئۇلارنىڭ جەددى-جەمەتىنىڭ تولىسى مۇشۇ جايغا قويۇلغان بولۇپ، دائىرىسى بارغانسېرى كېڭىيىپ، ئۇنىڭغا قاراشلىق ۋەخپە ئۆي، يەر-زېمىنلەر بارغانسېرى كۆپەيگەن. يەرلىك خەلق بۇنى "ھەزرەتمازار" دەپ ئاتىشىدۇ، بەزىلەر "ئاپپاق خوجام مازىرى" دەپمۇ ئاتىشىدۇ. بۇ ئىككى خىل ئاتاش تا ھازىرغا قەدەر داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

مەنچىڭ قوشۇنلىرى بۇرھانىددىن ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسىنىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ قەۋرىسىنى بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى توغرىلىق چيەنلوڭ خانىدىن يولىيورۇق سورىغان. چيەنلوڭنىڭ 25 ـ يىلى (1760 ـ يىلى) چۈشۈرگەن يارلىقتا: توپىلاڭچى خوجا جاھانلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى يۇرت سوراپ كەلگەن، ئۇلار گۇناسىز، ھازىر ئۇيغۇرلار يۇرتى (شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمى) پۈتۈنلەي تىنجىدى، ئۇلارغا دۆلەتنىڭ خەيرى ـ خاھىشىنى تونۇتۇش ئۈچۈن، قەشقەردىكى بۇرۇنقى خوجاملارنىڭ بارلىق كونا قەۋرىلىرىگە قاراشقا ئادەم قويۇلسۇن، دەل ـ دەرەخلىرىنى كېسىشكە، بۇزۇپ قىلىشقا يول قويۇلمىسۇن، بۇزۇلغانلىرى قائىدە ـ نىزام بويىچە رېمونت قىلىنسۇن، ئىگىدارچىلىق قىلىشقا ئەمەلدار قويۇش كېرەك، دېيىلگەن. بۇ، خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا قەشقەردىكى خوجىلار قەۋرىگاھىغا دائىر ئەڭ بۇرۇنقى خاتىرىلەر بولۇپ، بۇنىڭدا رەسمىي ئىسىم يېزىلماي، «كونا خوجاملار قەۋرىگاھى» دەپلا ئاتالغان.

بۇ قەۋرىگاھنىڭ قايسى ۋاقىتتا «خوجىلار قەۋرىگاھى» دەپ قىسقارتىپ ئاتالغانلىقى تېخى ئېنىق ئەمەس. بىراق چيەنلوڭنىڭ 59 ـ يىلى (1794 ـ يىلى) يېزىلغان «قەشقەر يېڭى شەھەر» دېگەن كىتابتا «خوجىلار قەۋرىگاھى» دېگەن سۆز ئىشلىتىلگەن. بۇ كىتابتا: قەشقەر كونا شەھەر (ھازىرقى قەشقەر شەھىرى) نىڭ شەرقىي شىمالىدىكى 10 چاقىرىمچە كېلىدىغان جايدا خوجىلار قەۋرىگاھى بار، ئۇنىڭغا ئۇيغۇرلار ئالاھىدە تاۋاپ قىلىدۇ، تاۋاپ قىلىشقا بارغان ئەر ـ ئاياللار ئاخۇنلارغا پۇل ـ ئاشلىق سەدىقە قىلىدۇ، ئاخۇنلار قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ، ناماز ئوتەپ بولغاندىن كېيىن تارقىلىپ كېتىدۇ؛ دەرۋازا ئالدىغا بىر كۆل قېزىلغان، ئىبادەت قىلغۇچىلار كۆلگە سۇ قۇشلىرىنى قويۇپ بېرىدۇ. سىرتتىن كەلگەن كىشىلەر بۇ قۇشلارغا چېقىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ، دېيىلگەن. ئۇ يەردىكى كۆلنىڭ «شەرۋەت كۆلى» دەپ ئاتىلىپ قېلىشى ئۇقۇشماسلىقتىن كېلىپ چىققان. قالغان بايانلار ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يېزىلغان كىتابلاردا، مەسىلەن، شۈي سۇڭنىڭ «غەربىي رايوندىكى ئېقىن ـ دەريالار»، خې نىڭنىڭ «ئۇيغۇر رايونى ھەققىدە ئومۇمىي تەپسىرات» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە «خوجىلار قەۋرىگاھى» دېگەن بۇ ئىسىم ئىشلىتىلگەن.

تۇڭجىڭ خاننىڭ 3 ـ يىلى (1864 ـ يىلى)، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغان بولۇپ، فېئودallar شەھەرلەرنى بۆلۈشۈۋېلىپ ئۆز ئالدىغا ھۆكۈم سۈرگەن. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ياقۇپبەگ قوقاندىكى باندىتلارنى باشلاپ شىنجاڭ رايونىغا بېسىپ كىرگەن، مانا شۇندىن باشلاپ، شىنجاڭدا 10 نەچچە يىل بۆلۈنۈش ۋە توپىلاڭ يۈز بەرگەن. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، خوجىلار قەۋرىگاھى توغرىسىدىكى خاتىرىلەردە ئۆزگىرىش پەيدا بولغان. گۇاڭشۈي خاننىڭ 18 ـ يىلى (1892 ـ يىلى) شاۋ شۇڭ يازغان «تىڭيۈەن غەربىي شىنجاڭ نەزمىسى» دېگەن كىتابنىڭ 2 ـ جىلدىدا مۇنداق دېيىلگەن: قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى 5 چاقىرىمچە كېلىدىغان جايدا بىر قەۋرىستانلىق بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ قەۋرىستانلىق بۇرھانىددىن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ مازىرى ئىكەن، بۇ مازاردا پەقەت بىرلا قۇرۇق شىپاڭ بار ئىكەن، شىپاڭنىڭ ئۈستى يۇمىلاق ھەم ئۈچلۈق ياسالغان ئىكەن، دېيىلگەن. مانا بۇ يەردە ئاشۇ خوجىلار قەۋرىگاھىنى دېمەكچى بولغانلىقى ئېنىق. شۇ كىتابنىڭ 4 ـ جىلدىدا يەنە: «قەشقەر كو-

شەھەرنىڭ شىمال تەرىپىگە 5 چاقىرىمچە كېلىدىغان يەردە ئىپارخاننىڭ قەۋرىگاھى بار. ئۇنىڭ شەكلى 4 چاسا بولۇپ، ئۈستى يېشىل سىرلىق كاھىش بىلەن يېپىلغان، ئوتتۇرىسى بوش، ئۈستى يۇمىلاق گۈمبەز شەكلىدە ياسالغان، ئىچىدە يالغۇزلا بىر قەۋرە بولۇپ، رەسىم يوق. ئۇنىڭ 4 ئەتراپى ياپ-يېشىل دەرەخلىق، سۇ باشلايدىغان كۆلى بار" دېيىلگەن. روشەنكى، بۇ يەردە يازغۇچى خاتالاشقان. بۇ، ئىككى قەۋرە بولماستىن، بىر قەۋرە بولۇپ، بۇ قەۋرە شەھەرنىڭ شەرقىدە ئەمەس، بەلكى شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىدا. شەھەرگە 5 چاقىرىم ئەمەس، بەلكى 10 چاقىرىم كېلىدۇ.

شاۋ شۈگۈڭنىڭ تەخەللۇسى تىڭيۈەن ئىستىقامەتچىسى بولۇپ، ئۇ مەنچىڭ قوشۇنىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئىدى. تاجاۋۇزچى ياقۇپبەگنى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن گۇاڭ شۈي خاننىڭ 3-يىلى (1877-يىلى) قەشقەرگە بارغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆز يۇرتى خۇنەنگە قايتىپ كەتكەن. گۇاڭ شۈي خاننىڭ 18-يىلى (1892-يىلى) مۇساپىر بولۇپ چاڭشادا تۇرغان. ئۇ سارايدا يېتىپ ئىچى پۇشۇپ، ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ جەمئىي 40 نەچچە پارچە شېئىر يېزىپ چىققان. بۇنى 4 جىلد قىلىپ تۈزگەن. ئۇ ئەسلەش داۋامىدا بۇرۇنقى كۆرگەن ئىشلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۆز خىيالى بويىچىلا "خوجىلار قەۋرىگاھى"، "ئىپارخان قەۋرىسى" دەپ يېزىپ قويغان. دېمەك، بۇ سۆز ئەڭ ئاۋۋال شاۋ شۈگۈڭنىڭ ئاغزىدىن چىققان. بۇنىڭ شېئىرلىرى «لىڭجەن مەجمۇئەسى» گە كىرگۈزۈلگەن. مىڭگو يىللىرىدا يەنە «گۈەن جۈڭ مەجمۇئەسى» ۋە «مەجمۇئەلەر توپلىمىنىڭ دەسلەپكى قىسمى» غا كىرگۈزۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بارا-بارا تارقىلىپ كەتكەن.

شۇندىن كېيىن، خوجىلار قەۋرىگاھىنى ئىپارخان قەۋرىسى دەيدىغان ئەھۋال بارغانسېرى ئومۇملىشىپ كەتكەن. 1920-يىلى شيا بىننىڭ «شىنجاڭغا ساياھەت خاتىرىسى» دىگەن كىتاۋىدا خوجىلار قەۋرىگاھى تىلغىمۇ ئېلىنمىغان. ئۇ توغرىدىن-توغرا ئىپارخان قەۋرىگاھى ياكى ئىپارخان قەۋرىسى دەپ ئاتىغان. ئۇ مۇنداق دەپ يازغان: ئىپارخاننىڭ قەۋرىسى (قەشقەرنىڭ شەرقىي شىمالىدا بولۇپ، ئۈستى يۇمىلاق، ئاستى چاسا شەكلىدە، تاملىرىنىڭ ھەممىسى يېشىل رەڭلىك گۈللۈك خىش بىلەن ياسالغان...... كەڭ ھەم ھەيۋەتلىكلىكىدە قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر ۋاڭىنىڭ قەۋرىسىدىن بىر قانچە ھەسسە ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر قانچە 10 قەۋرىلەر رەت بويىچە ئايلاندۇرۇپ تىزىلغان. بىز مازارغا قارايدىغان شەيختىن ئىپارخاننىڭ قەۋرىسى قايسى دەپ سورىساق، ئۇ جاۋاپ بېرەلمىدى. ئۇ، پەقەت قەۋرىلەرنى كۆرسىتىپ چوڭلىرى ئەرلەرنىڭ قەۋرىسى، كىچىكلىرى ئاياللارنىڭ قەۋرىسى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىپارخاننىڭ ئۇرۇق-تۇققان، جەددى-جەمەتلىرىنىڭ قەۋرىلىرى دىگەنىلا ئېيتالىدى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئاپتور شيا بىن بۇ قەۋرىنى ئىپارخاننىڭ قەۋرىسى دەپ قارىغان. ئەمما شەيخ پەقەت بۇ قەۋرىلەرنىڭ ھەممىسى ئىپارخاننىڭ ئۇرۇق-تۇققان، جەددى-جەمەتلىرىنىڭ قەۋرىسى دىگەن، ئىپارخاننىڭ قەۋرىسى قەيەردە؟ دىگەن سوئالغا جاۋاپ بېرەلمىگەن. 1945-يىلغا كەلگەندە، شۈي لىن يازغان «شىنجاڭنىڭ ئىچكى سىرى» دىگەن كىتاپتا: ئىپارخان قەۋرىسىنىڭ شەيخى ئوڭ تەرەپتىكى بۇلۇڭدىكى كىچىك قەۋرە ئىپارخاننىڭ قەۋرىسى دىگەن، لېكىن يەنەبە-

زى كىشىلەر، ئوتتۇرىدىكى چوڭراق قەۋرە ئىپارخاننىڭ قەۋرىسى دەيدۇ، دەپ يېزىلغان. دېمەك، ئازاتلىققا يېقىن قالغاندىمۇ، شەيخ يەنىلا ئىپارخاننىڭ جەسىدى ھەققىدە مۇشۇ يەرگە كۆمۈلگەن دېگەن قاراشتا بولغان. شۇنداق قىلىپ قەشقەردىكى خوجىلار قەۋرىگاھى ئىپارخان قەۋرىسى بولۇپ قالغان. بەزى كىشىلەر بۇنىڭدىن گۇمانلانسىمۇ، لېكىن قەۋرىگاھتا قويۇپ قويۇلغان كونا ئىشتىن چىققان مەپە شەكلىدىكى تەختىراۋاننى كۆرۈپلا، جىم بولۇپ قېلىشقان.

## 4. قەشقەرغە ئاپىرىپ دەپنە قىلىنغان زادى كىم؟

چاتاق مانا مۇشۇ تەختىراۋان ئۈستىدە. بۇ تەختىراۋان ئادەتتىكى "جو" غا ئوخشىمايدۇ، بۇ خېچىر بىلەن جەسەت ساندۇغىنى توشۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، "تاۋۇت مەپىسى" مۇ دېيىلىدۇ. «تىسگيۇەن. غەربىي شىنجاڭ نەزمىسى» دېگەن كىتاپنىڭ ئاپتورى شاۋ شۇڭ خوجىلار قەۋرىگاھى ئىچىگە قويۇلغان تەختىراۋاننى كۆرگەن، ئۇنىڭ ئەسلى خاتىرىسىدىكى سەۋەنلىكتىنمۇ قانداق، ئۇ ئىپارخان ھايات ۋاقتىدا تۇققان يوقلاش ئۈچۈن شىنجاڭغا بارغاندا شۇ تەختىراۋانغا چۈشكەن دەپ قارىغان، بۇ شەكسىز خاتا. تېخىمۇ ئورغۇنلىغان كىشىلەر بۇ تەختىراۋاننى ئىپارخان ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ جەسىدىنى يۇرتىغا ئاپىرىشتا ئىشلەتكەن دەپ قارىشىدۇ. بۇ تەختىراۋان سەۋەۋىدىن كېلىپ چىققان خىلمۇ-خىل قىياسلارنىڭ ھەممىسى ئاساسسىز بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ.

مەسىلە تەختىراۋاننىڭ ئۆزىدە ئەمەس، بەلكى شۇ چاغدا شىنجاڭغا يوتكەپ كېلىنگەن كىمنىڭ جەسىدى ئىكەنلىكىدە. بۇ تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا تېگىشلىك مەسىلە. شيەنفېڭ خاننىڭ 7-يىلى (1857-يىلى) ئوتتۇرا ئاسىيا قوقان كېنەزلىكىدە قېچىپ يۈرگەن بۇرھانىدىننىڭ چەۋرىسى ۋەلىخان قوقان كېنەزلىكىدە يۈرگەن قاچاقلارنى باشلاپ شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا بېسىپ كىرگەن. بۇ چاغدا دۆلىتىمىزگە قارىتا ئالجىرلىق بىلەن تاجاۋۇز قىلىش قارا نىيىتىدە بولۇپ كەلگەن چار روسىيە مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، پاروتچىك ۋەلىخانوۋنى سودىگەرچە ياسىنىپ دۆرۈپ قەشقەرگە يوشۇرۇن كىرگۈزگەن. 1858-يىلى ئۇ قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندە، بۇرھانىدىننىڭ چەۋرىسى ۋەلىخان ئاللىقاچان شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قوشۇن ۋە خەلق تەرىپىدىن زەربە بېرىلىپ چېكىندۈرۈلگەن. ۋەلىخانوۋ جەنۇبىي شىنجاڭدا سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى ئاخباراتلىرىمىزنى كەڭ توپلاپ قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، 1859-يىلى «ئالتە شەھەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن كىتاپنى يېزىپ چىققان، بۇ كىتاپتا يېزىلغان بىر ئىش بىزنىڭ مۇھاكىمە قىلىۋاتقان مەسىلىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ۋەلىخانوۋ مۇنداق دەپ يازغان: "قەشقەرلىقلەر: بېيجىڭدا ئاپپاق خوجا جەمەتىدىن بولغان، جەنۇبىي شىنجاڭنى تىنچلاندۇرغاندا تىرىك ئەسىرگە چۈشكەن تۇردى خوجىنىڭ ئەۋلاتلىرى بار، دېيىشىدۇ. تۇردى خوجىغا "گۆڭ" دېگەن ئۇنۋان بېرىلگەن، 1856-يىلى ئۇنىڭ بىر ئەۋرىسىنىڭ جەسىدىنى يوتكەپ كېلىپ، ئاپپاق خوجا جەمەتىنىڭ قەۋرىگاھىغا دەپنە قىلىنغان. بۇ جەسەتنى يوتكەپ كەلگۈچى 'نايىپ' تۈركچە سۆز بىلمەيدىكەن، ئۇ، جوڭگوچە كىيىم كەيگەن ئىكەن". بۇ، 1856-يىلىدىكى ۋەقە بولۇپ، بۇ ئىش 1859-يىلى خاتىرىگە ئېلىنغان، دېمەك، ۋاقىت جە-

ھەلتە خاتا بولمىسا كېرەك. بۇنىڭدىن شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، شيەنفېڭ خاننىڭ 6-يىلى بېيجىڭدىكى خوجا ئەۋلادلىرىدىن بىرىنىڭ ئۆلۈكىنى قەشقەرگە ئاپىرىپ دەپنە قىلغان. لېكىن ئۇ زادى كىم؟ بۇ ھەقتە ئۇچۇق بىر نەرسە يېزىلمىغان. ئەسىرگە چۈشۈپ بېيجىڭغا ئېلىپ بېرىلغىنى بۇرھانىدىنىنىڭ كىچىك ئوغلى ئابدۇخالىق، كۆڭلۈك ئۇنۋان بېرىلگىنى بولسا تۇردى. بۇ يەردە ۋېلىخانوۋ بۇ ئىككى ئادەمنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن. "ئۇ" ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەنلىكتىن، "ئۇنىڭ بىر نەۋرىسى"نىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ.

بۇ مەسىلىنى بىر ئاز ئېنىقلاش ئۈچۈن، تارىخىي پاكىتلارنى ئىزھار قىلىپ ئۆتمەي بولمايدۇ.

ئابدۇخالىق تىرىك ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىن، يېشى كىچىك بولغانلىقتىن ئۆلتۈرۈلمەي بېيجىڭغا يالاپ ئېلىپ بېرىلىپ، خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە قۇل قىلىپ بېرىلگەن. ئۇ، داۋگۇاڭ خاننىڭ 3-يىلى (1823-يىلى) قۇللۇقتىن ئازات قىلىنىپ موڭغۇل ئاق تۇغ قوشۇنىغا كىرگۈزۈلگەن. 40 يىل ئۆتكەندىن كېيىن جاھانگىر خوجا قوقانلىقلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ جەنۇبىي شىنجاڭغا بېسىپ كىرىش ۋەقەسى يۈز بەرگەن. داۋگۇاڭ خان ئەمىر چۈشۈرۈپ جاھانگىر خوجىنىڭ تاغىسى ئابدۇخالىق ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى، بىر نەۋرىسى، كىچىك خوتۇنى، كېلىن، قىز نەۋرىلىرىنىڭ ھەممىسىنى جەنۇپ تەرەپتىكى ئۆلكىلەرگە پالىۋەتكەن. داۋگۇاڭ خاننىڭ 12-يىلى (1832-يىلى)، جاھانگىر خوجا ئالىقاچان قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكتىن ھەم تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئابدۇخالىقنىڭ بۇ ۋەقە بىلەن چېتىشلىقى بولمىغانلىقتىن، بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئائىلىدىكى ھەممە كىشىلىرىنى بېيجىڭغا يۆتكەپ كېلىپ يەنە موڭغۇل ئاق تۇغ تەۋەلىكىگە كىرگۈزگەن. بۇ چاغدا ئابدۇخالىق ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلى باباق بىلەن جەنۇپتا ئۆلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى بېيجىڭغا يۆتكەپ ئەكىلىشكە ئىجازەت قىلىنغان. ئۇلارنىڭ كۆڭلۈك ئۇنۋانى بولمىغانلىقى ھەم مۇشۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىدىن، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇلارنى ئۆز يۇرتىغا يۆتكەپ بېرىپ دەپنە قىلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرەلمىگەن. بېيجىڭغا كۆچۈپ بارغانلاردىن ھوشىيىن بىلەن تۇردىغا ۋە تۇردىنىڭ جىيەنىگە ئوتتۇرانچى كۆڭلۈك ئۇنۋان بېرىلگەن. تۇردى چيەنلۇڭ خاننىڭ 44-يىلى (1779-يىلى) ئۆلگەن، ئۇنىڭ بالىسى بولمىغان. بالىسى بولمىغان تۇردىنىڭ جەسىدىنى يۆتكەپ ئاپىرىدىغان نەۋرە-چەۋرىلىرى نېمىش قىلسۇن؟

جەنۇبىي شىنجاڭدا تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەتلەردە تۇردىنىڭ جەسىدىنى، تۇردىنىڭ خوتۇنى يەنى ئىپارخاننىڭ خەنزۇ يەڭگىسى سۇ دېڭشاڭ يۆتكەپ كەلگەنمىش، بۇ يالغان سۆز-چۆچەك بولۇشى ئېھتىمال. چۈنكى يۈز يىلدىن بۇرۇنقى رىۋايەتلەردە "ئۇنىڭ بىر نەۋرىسى" دېيىلگەن. شۇ چاغدىكى خاتىرىلەر ئەلۋەتتە راست بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇردى ئۆلۈپ ئارىدىن 77 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى يۆتكەپ دەپنە قىلىش مۇمكىن بولمىسا كېرەك. چۈنكى ئۇنىڭ خوتۇنى ئۆزىنىڭ ئۆلۈشىگە ئاز قالغان چاغدا ئالغان 15 ياشلىق ياش قىز بولغان تەقدىردىمۇ، 1856-يىلغا كەلگەندە بۇ خوتۇن 92 ياشقا كىرگەن موماي بولۇپ قالىدۇ. بۇ موماي شۇ چاغدا ھاياتمۇ-يوق؟ بۇمۇ بىر گەپ. ئەگەر ھايات بولغان تەقدىردىمۇ، 10 مىڭ چاقىرىم سەپەرنى بېسىپ شىنجاڭغا قانداق بارالىسۇن؟ ئەگەر سۇ دېڭشاڭ دېگەن ئايال

ھەقىقەتەن بار بولغان بولسا، ئۇ جەزمەن ئىپارخاننىڭ خەنزۇ يەڭگىسى بولسا، ئۇنداقتا سۇ دەيشاڭ باباقىنىڭ خوتۇنى ياكى كىچىك خوتۇنى بولغان بولىدۇ. باباقىنىڭ ئاتىسى فارسا چيەنلۇڭ خاننىڭ 55-يىلى (1790-يىلى) ۋاپات بولغان. ئاتىسى فارسانىڭ 3-دەرىجىلىك تەيجىلىك ئۇنۋانىغا بالىسى باباق ۋارىسلىق قىلغان. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن ھۇسەيىننىڭ ئوغلى كاشىن خوجا جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكتىن ئۇنىڭ جىنگو گۇڭلۇق ئۇنۋانى ئېلىپ تاشلانغان. ئۇ، بۇ ئۇنۋانغا 1791-يىلى ئوتتۇرانچى گۇڭلۇقتىن ئۆسكەن. بۇ جىنگو گۇڭلۇق ئۇنۋان باباققا مىراس قالغان. جيا چىڭ خان (1796 — 1820-يىللىرى) دەۋرىگە كەلگەندە، بېيجىڭدىكى 5 ئائىلىلىك خوجىلاردىن 2 ئائىلىلىكنىڭ بالىسى يوق بولۇپ ئۇلار ئۆلۈپ تۈگىگەن. يالغۇز 3 ئائىلىلىكلا قالغان. بۇ 3 ئائىلىلىكلەر ئىچىدە باباقنىڭ ئۇنۋانى ئەڭ يۇقۇرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ سىڭلىسى مەرھۇم پادىشانىڭ ئەتىۋارلىق خانىشى بولغانلىقتىن، ئۆزىگە خاس مەرتىۋىسى ۋە تەسىرى بار ئىدى. شۇڭا 1856-يىلى كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ دەپنە قىلىنغان جەسەت باباقنىڭ ياكى ئۇنىڭ بىر نەۋرىسىنىڭ جەسىدى بولۇشى ئېھتىمال.

ئەلۋەتتە بۇمۇ بىر قىياستىنلا ئىبارەت. يۆتكەپ كېلىنگىنى زادى كىمنىڭ جەسىدى ئىكەنلىكى توغرىسىدا تارىخىي ئاساس بولمىغانلىقتىن، بۇنىڭغا ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ. لېكىن رۇسچە خاتىرىلەردىن قارىغاندا، ئۇ ئايال كىشىنىڭ جەسىدى بولماستىن، ئەر كىشىنىڭ جەسىدى بولۇش كېرەك. دېمەك، بۇنىڭ ئىپارخاننىڭ جەسىدى ئەمەسلىكىدە شەك يوق.

شۇ چاغدىكى شارائىتتىن ئېيتقاندىمۇ، 10 مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى جايدىن بىر ئۆلۈكنى ئۆز يۇرتىغا يۆتكەپ ئاپىرىپ كۆمۈش ئاسان ئەمەس ئىدى. بۇ چوڭ ئەمەلدار ۋە ئىسىلزادىلاردىن غەيرى كىشىنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. بېيجىڭغا بېرىپ ئولتۇراقلاشقان "8 بەگ" ئادەتتىكى پۇقرا ئەمەس ئىدى. ھەر يىلى شىنجاڭدىن بېيجىڭغا بارغان ۋاڭ-گۇڭ، بەگلەر ئۇلار تەرىپىدىن كۈتۈۋېلىناتتى. ئۇلارنىڭ قىزلىرىدىن لايىق ئىزلەپ يۇرتىغا قايتقۇچىلارمۇ بولغان. مەسىلەن، ھۇسەيىننىڭ قىز نەۋرىسى پەخرىنىسا قەشقەرگە قايتىپ بېرىپ "شەھەرنىڭ سىرتىدىكى خوجىلار قەۋرىگاھىنىڭ يېنى"دا ئولتۇراقلاشقان. كېيىن ئۇ جيا چىڭ خاننىڭ 19-يىلى (1814-يىلى) زىياۋۇدۇنغا كىچىك خوتۇنلۇققا نىكالانغان. بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، بۇ جەمەتلەر بېيجىڭغا بېرىپ ئولتۇراقلاشقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆز يۇرتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈزۈلمىگەن. جەسەتنى يۇرتىغا يۆتكەش ئىشى بىرلا قېتىم بولغان ئىشمۇ؟ بۇنىڭغا بىر نەرسە دېيىش قىيىن. بىراق 1856-يىلدىكىدەك چوڭ ئۇقۇشماسلىق بولغان ئەمەس.

## 5. ئىپارخاننىڭ سۈرىتى توغرىسىدا

خوجىلار قەۋرىگاھىنى "ئىپارخاننىڭ قەۋرىسى" دەپ خاتا ئاتىغانغا ئوخشاش، ئىپارخاننىڭ رەسىمىمۇ راست ياكى يالغان ئىكەنلىكىنى ئايرىغىلى بولمايدىغان بىر مەسىلە بولۇپ كەلدى.

ئىپارخاننىڭ بىر سىزما رەسىمى بولغان، بۇنىسى شەكسىز. چيەنلۇڭ خان ئىپارخان ئۆلۈپ 3 يىلدىن كېيىن، ئاخىرقى بىر قېتىم ئىپارخان ھايات ۋاقتىدا ئولتۇرغان تولۇنئاي راۋىقىغا بېغىشلاپ يازغان شېئىرىدا: "كۆرۈپ ئۇنىڭ ھۆسنى-جامال سۈرىتىنى، بولدۇم گويا كور-

گەندەك ئۇنىڭ ئەسلى قامىتىن" دېگەن. ھازىر تارقىلىپ يۈرگەن ئىپارخاننىڭ رەسمى ئەنە شۇ سىزما رەسىمنى تەقلىت قىلىپ قايتا ئىشلەنگەن رەسىممۇ ـ ئەمەسمۇ؟ گەپ ئەنە شۇيەردە. ھازىرغىچە تارقىتىلىپ كەلگەن ئىپارخاننىڭ رەسمى دېيىلگەن رەسىملەردىن كىتابلاردا كۆرۈلگىنى 3 پارچە بولۇپ، ئۇنىڭ 2 پارچىسى ماي بوياق رەسىم. بۇنىڭ بىرى ياۋروپاچە دوبۇلغا ۋە ساۋۇت كەيگەن ھەربىچە يېرىم بەدەنلىك رەسىم. يەنە بىرى ئۇزۇن كوينەك كىيىپ، مىللىچە ياسىنىپ چۈشكەن پۈتۈن رەسىم. بۇ ئىككى پارچە رەسىمنى كىمنىڭ سىزغانلىقى ۋە كىمنىڭ رەسىمى ئىكەنلىكى يېزىلمىغان. جۇڭگو ۋە چەتئەل ئالىملىرىنىڭ ھەممىسى بۇ رەسىمدىن گۇمانلىنىدۇ. ياپونىيىلىك شىنيەن گەنجۇ: بۇرەسىم ئىپارخاننىڭ رەسىممۇ ـ ئەمەسمۇ؟ بۇنى تولۇق بىلگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن بۇنى چيەنلۇڭ خان ۋاقتىدا ئوردىدا ئىچكى خىزمەت قىلىدىغان چەتئەللىك رەسسام رومبىرانت دېگەن كىشى سىزغان. دەيدۇ. ئەگەر رومبىرانت سىزغان بولسا، بۇنىڭدا گۇمان بار دەپ قارايدۇ. مېڭ سېنمۇ ھەربى كىيىم كىيىپ چۈشكەن رەسىم توغرىلىق يازغان ئىزاھاتىدا، ئوردا كىتاپ خاتىرىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، ئىشىنىشكە بولىدىغان يېرى ناھايىتى ئاز دەپ قارىغان. فرانسىيىلىك فوۋل فىئىلليوت ھەربى كىيىم كىيىپ چۈشكەن رەسىمنى ئىتالىيىلىك رەسسام رومبىرانت سىزغان، ئۇ تاماشا ئورنىدا سىزغان دەيدۇ. تاماشا ئورنىدا سىزغان بولسا، ئۇ خالىغانچە سىزىلغان ئەرسە بولۇپ، ئۇنى ئىپارخاننىڭ رەسمى دەپ مۇقىملاشتۇرۇش ناھايىتى قىيىن. رومبىرانت 1766 ـ يىلى بېيجىڭدا ئۆلگەن. ئۇنىڭ سىزغان رەسىملىرى «گۇچاۋيۈەن رەسىملەر توپلىمى» ۋە «شىچۈن باۋجى» دېگەن كىتابلارغا كىرگۈزۈلگەن، ئۇ ئاخىرقى ئۆمرىدە شىنجاڭغا دائىر تېمىلاردىمۇ رەسىم سىزغان. لېكىن ئىپارخاننىڭ رەسمىنى سىزغانلىقى توغرىسىدا خاتىرە يوق. مۇندىن باشقا ھەربىچە ۋە مىللىچە كىيىنگەن رەسىملەردىن قارىغاندا، ئۇنىڭ چىرايىدىن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى كۆرۈنمەيدۇ. شۇڭا بۇ ئىككى پارچە سىزما رەسىم ئىپارخاننىڭ رەسمى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش ھەقىقەتەن قىيىن.

يەنە بىر پارچىسى بىر ساياھەتچى تەرىپىدىن يۈيلىڭ قەۋرىستانلىقىدا تارتىلغان بولۇپ، مېڭ سېنغا يادىكار قىلىپ ئەۋەتىلگەن. بۇ سۈرەت «ئىپارخان توغرىسىدىكى دېتاللار» دېگەن كىتاپقا بېسىلغان. بۇنىڭ ئىپارخاننىڭ سۈرىتى ئىكەنلىكى توغرىسىدا مېڭ سېنمۇ كېسىپ بىرنەرسە دېيەلمىگەن.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان 3 خىل رەسىمنى يەنىمۇ تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا توغرا كېلىدۇ. مۇندىن باشقا يەنە بىر ئۇيغۇر مويسىپىت كىشى بېيجىڭدا ئىپارخاننىڭ بىر پارچە ماي بوياق بىلەن سىزىلغان رەسىمنى كۆرگەن. بۇ رەسىمدىكى كىشىنىڭ چىرايى ئۇيغۇرلارغا ئوخشايدۇ دېگەن. بۇ رەسىم چيەنلۇڭ خاننىڭ شېئىرىدا تەسۋىرلەنگەن ھېلىقى رەسىممىكىن تاڭ؟ ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ ئېيتقىنى راست بولىدىغان بولسا، ئىپارخاننىڭ رەسمى توغرىسىدىكى گۇمان چوقۇم ئايدىڭلىشىدۇ.

## خاتىمە

1. ئىپارخان بولغۇنچىلىككە قارشى تۇرغان باشقا بىر خوجا جەمەتىدىن بولۇپ، ئاتا ـ ئاكىلىرى بىلەن بىللە بېيجىڭغا بېرىپ ئوردىغا كىرىپ خانىش بولغان.


2. ئىپارخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن يۈيلىڭدىكى خانىشلار قەۋرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان. قەشقەردە ئىپارخاننىڭ قەۋرىسى يوق.

3. قەشقەردىكى «خوجىلار قەۋرىگاھى»نى ئىپارخان قەۋرىسى دېيىش پۈتۈنلەي ئۇقۇشماسلىقتىن كېلىپ چىققان. «خوجىلار قەۋرىگاھى» دېگەن بۇرۇنقى ئىسمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك.


4. تەكشۈرۈپ ئەمەللەشتۈرۈلمىگەن رەسىمنى ئىپارخاننىڭ رەسمى دېيىش مۇۋاپىق ئەمەس. ئۇنى ئاپارات بىلەن قايتا تارتىپ قەشقەردىكى خوجىلار قەۋرىگاھىغا قويۇشمۇ ئۇقۇشماسلىقتىن بولغان ئىش. يۇقۇرىدىكى ئىككى خىل ئۇقۇشماسلىقنى تۈزىتىش كېرەك.

ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ نەسەپ شەجەرىسى ھەققىدە تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قارالسۇن.


ئابدۇقادىر
جياڭ گۇاڭيۈەن
تەرجىمىسى


مەختۇم ئەزەم
ئىسھاق
دوست‌خوجا
مۇستافا
مەخ
خان خوجا
كارامەت
ئۇش‌خوجا
ھەسەن
مومەن
ئابدۇخالىق
سۇلايمان
ئابدۇراخمان
فارسا
ھۇسەيىن (ئەركى)
ئابدۇللا
ئەلى‌خوجا
شاه
ئابدۇلناسىر
باباق
كاشىن‌خوجا
ئاق‌بۇتا
تۇردى
ئارنى
ئەلى
ئەخمەت
توختى


قوشۇمچە: ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ ئەۋلاتلىرى



## قوشۇمچە: ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ ئەۋلادلىرى



## قوشۇمچە: ئاقتاغلىق خوجىلار نىڭ ئەۋلاتلىرى



# شىنجاڭنىڭ تارىخ تەتقىقاتىنى ئەسلەش ۋە ئۇنىڭغا نەزەر سېلىش

## ۋاڭ جىژلەي

"4 كىشىلىك گۇرۇھ" تارمار قىلىنغاندىن بۇيان، تارىخشۇناسلىق ساھەسى ئومۇمىيۈزلۈك شات - خۇراملىققا چۈمدى، ئۇزاق مۇددەتلىك ئەنئەنىگە ئىگە ئېلىمىزنىڭ تارىخشۇناسلىقى دەپسەندە قىلىنىش، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش، بۇرمىلىنىش ۋە نەزەربەنت قىلىنىشتىن ئىبارەت ئاپەتتىن قۇتۇلۇپ، يېڭى ھاياتقا ئېرىشكەنلىكىنى خوشاللىق بىلەن تەبرىكلىمەكتىمىز. يولداش خۇاگوفېڭ باشچىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن مەملىكىتىمىز خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، يېڭى ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلانغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتتە، تارىخشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى ھەممە خادىملار ۋەتىنىمىزنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشى ئۈچۈن نىمەلەرنى ئىشلىشىمىز كېرەك دېگەن مەسىلە ئۈستىدە باش قاتۇرماقتىمىز.

بىز شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتىمىز، شۇڭا بىز ئاساسەن، شىنجاڭ رايونى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر قايسى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك. 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، بۇ جەھەتتە بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن بولساقمۇ، لېكىن بىزنىڭ بۇ پەننىڭ ئەھمىيىتىگە ۋە ئۇنىڭ جۇڭگو تارىخشۇناسلىق تارىخىدا تۇتقان ئورنى ھەم سىياسىي جەھەتتە ئوينايدىغان رولىغا بولغان تونۇشىمىز بەكمۇ يېتەرسىز بولۇپ كەلدى. قىسقىسى، بىزنىڭ خىزمىتىمىز ناھايىتى ئارقىدا قالدى، نەتىجىلىرىمىز ئانچە چوڭ بولمىدى. بىز ئارقىدا قالغانلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلىشىمىز، تېزدىن قوغلاپ يېتىشىۋېلىشىمىز، ۋەتەنگە، خەلققە، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم.

ئىلىم - پەن نۇقتىسىنەزىرىدىن قارىغاندا، شىنجاڭ توغرىسىدىكى تەتقىقات جۇڭگو تارىخى ۋە جۇڭگو تارىخشۇناسلىق تارىخىغا ئوخشاشلا ئۇزاق تارىخقا ئىگە. چىن سۇلالىسىدىن بۇرۇنقى خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىنىڭ غەربىي رايونلار توغرىسىدىكى بايانلىرى ھەققىدە ۋاقىتنىچە ئېغىز ئاچماي تۇرايلى، ئېلىمىزنىڭ تۇنجى ئومۇمىي تارىخىنىڭ ئاپتورى، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇلۇغ تارىخشۇناس سىماچيەن ئۆزىنىڭ دەۋر بۆلگۈچ ئەسىرى «تارىخنامە»دە بىر پارچە «فەرغانە تەزكىرىسى»نى يېزىپ قالدۇرغان، بۇنىڭدا جاڭچيەننىڭ غەربىي رايونغا كېلىپ قايتقاندىن كېيىن، خەن سۇلالىسىغا سۇنغان دوكلادى يېزىلغان، شۇنداقلا شۇ چاغدا بۈگۈنكى شىنجاڭ رايونى ۋە ئۇنىڭغا خوشنا بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران قاتارلىق جايلارنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى، مىللەتلەرنىڭ تارقىلىشى، ئىقتىسادىي ۋە مە-

دىنىيەت ئەھۋاللىرى ھەمدە خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بايان قىلىنغان. بۇ، پادىشا خەنزۇدىنىڭ چەت دۆلەتلەرنىڭ غەيرى ئەھۋاللىرىدىن خەۋەردار بولۇش ئارزۇسىنى قاندۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى خەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ غەربىي رايوننىڭ ئەھۋالىنى ئىگەللەش، غەربىي رايونلارغا قارىتا سىياسەت بەلگىلەشتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان ئىدى. جاڭ چيەننىڭ دوكلادى ۋە سىماچيەن تۈزگەن تەزكىرە شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئەڭ بالدۇر رەتلەپ چىقىپ، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مۇكەممەل ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «فەرغانە تەزكىرىسى»نى جۇڭگو تارىخشۇناسلىق تارىخىدىكى تۇنجى غەربىي رايون تەزكىرىسى دېيىشكە بولىدۇ.

شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر تارىخشۇناس بەنگۇ ئۆزىنىڭ «خەن سۇلالىسى تارىخى»دا تۇنجى قېتىم «غەربىي رايون تەزكىرىسى»نى يېزىپ چىققان. بۇ تەزكىرە جاڭ چيەننىڭ ماتېرىياللىرىنى ئاساس قىلىپ، شۇنىڭدەك خەنزۇدىنىڭ تەيچۇ دەۋرىدىن كېيىن، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ غەربىي رايونلارنى چۈشىنىشىگە ھەمدە ئۇنىڭ ئىنىسى بەنچاۋنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۇتۇق بەگلىرىنىڭ دوكلاتلىرىغا ئاساسەن، "ئۆتكەن ئىشلار ھەققىدە ئەسلىمىلەر قالدۇرۇپ، كۆرگەن - بىلگەن ئىشلار توغرىسىدا كىتاب يېزىش" يۈزىسىدىن يېزىپ چىقىلغان. بۇ كىتاب مەزمۇن جەھەتتە، «تارىخنامە. فەرغانە تەزكىرىسى»گە قارىغاندا خېلى ئىلگىرىلىگەن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يېزىش ئۇسۇلى جەھەتتىمۇ رايونلار، دۆلەتلەر بويىچە ئايرىم - ئايرىم ھالدا بايان قىلىنغان، مەسىلەن، بۇنىڭدا يوللار، ئاھالىلار، ئەسكىرىي كۈچلەر، ماددىي بايلىقلار، سىياسىي تۈزۈملەر، سۇلالىلەر تارىخىغا ئائىت خاتىرىلىنىشكە تېگىشلىك بولغان ھەققىي ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بىر قاراپلا چۈشەنگىلى بولىدۇ. دېمەك، كېيىنكى ئەۋلات ئوردا تارىخچىلىرىنىڭ «غەربىي رايون تەزكىرىسى»نى تۈزۈشى ئۈچۈن ئۈلگە تىكلەپ بەرگەن. شۇنداقلا بۇ بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشىمىزنىڭ مۇھىم ئاساسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«خەن سۇلالىسى تارىخى. غەربىي رايون تەزكىرىسى» ئېلىمىزنىڭ تارىخ كىتابلىرى ئۈچۈن نەمۇنە يارىتىپ بەردى. كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە، تارىختا ئۆتكەن سۇلالە ئەمەلدارلىرى ۋە شەخسلەر يازغان تارىخلار، ئاساسەن، رەسمىي تارىخ دەپ ئاتالغان 24 تارىخ («تارىخنامە» ۋە «خەن سۇلالىسى تارىخى»نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بولۇپ، بۇ تارىخلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك «غەربىي رايون تەزكىرىسى» بار. بۇلار ئوخشاشلا پادىشا، ۋەزىر ۋە ھۆكۈمرانلارنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن تۈزۈلگەن قامۇس خىلىدىكى ئەسەرلەردۇر. مەسىلەن، «تەيپىڭ شاھى ئوقۇيدىغان كىتاب»، «پادىشا كىتابخانىسى»، تارىختا ئۆتكەن سۇلالىلەرنىڭ «خاتىرىسى»، «يىتوڭ تەفسىراتى»، «قەدىمقى ۋە ھازىرقى زامان كىتابلار مەجمۇئەسى» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە، مۇستەسناسىز ھالدا، «غەربىي رايون» توغرىسىدىكى مەزمۇنلار كىرگۈزۈلگەن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، پادىشا ياكى شەخسلەرنىڭ باش تەھرىرلىكىدە، «غەربىي رايون تەفسىراتى»، «شىنجاڭ ھەققىدە چۈشەنچە»،

«غەربىي چېگرىدىكى ئومۇمى ئىشلار ھەققىدە بايان»، «جەنۇبىي شىنجاڭ تەفسىراتى» قاتارلىق شىنجاڭ توغرىسىدا مەخسۇس توختالغان كىتابلار بارلىققا كەلدى. شىنجاڭ توغرىسىدىكى تەتقىقات ئېلىمىزنىڭ تارىخشۇناسلىق تارىخىدا نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا ئۇزاق داۋام قىلىپ ھەم كۈندىن - كۈنگە راۋاجلىنىپ كەلدى؟ بۇنى بىر ئېغىز سۆز بىلەن چۈشەندۈرۈش مۇمكىن، ئۇ بولسىمۇ تارىختا ئۆتكەن ھوكۇمرانلار ئۇنىڭغا مۇھتاج، خەلق ئۇنىڭغا مۇھتاج، ۋەتىنىمىز ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۇنىڭغا مۇھتاج.

بىز جۇڭگولۇقلار ئەزەلدىنلا تارىخنى تەتقىق قىلىپ ئادەتلەنگەن. تارىختا مەيلى قايسى بىر سۇلالىنىڭ فېئودال پادىشالىرى، لەشكەر بېشى، ۋەزىرلىرى بولسۇن، ئۇلار غەربىي رايون مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەندە ۋە ئۇنى ھەل قىلغاندا، ھامان غەربىي رايونغا مۇناسىۋەتلىك ئارخىپ ھوججەت ۋە بۇرۇنقى سۇلالىلار تارىخنامىلىرىنىڭ غەربىي رايون ھەققىدە يېزىلغان خاتىرىلىرىنى كۆرۈپ چىقاتتى. ئۇلار خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ، شىنجاڭ رايونى جۇڭگونىڭ زېمىنى قىلىپ ئېنىق بەلگىلەنگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ پاكىتنى چۈشەنگەچكە، بارلىق كۈچى بىلەن جۇڭگونىڭ بۇ بىر قىسىم زېمىنىنى قوغداپ كەلگەن ئىدى. ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تېخىمۇ شۇنداق بولۇپ كەلگەن ئىدى. پېشقەدەملەردىن ئېغىز ئاچماي، مەن ئۆزەمنى مىسالغا ئالسام، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقىنىمدا، تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكىدە جاڭ چيەننىڭ غەربىي رايونغا بارغانلىقى ۋە بەنچاۋنىڭ قەلەمنى تاشلاپ، ئەلەمنى تۇتقانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىنى ئاڭلىغان ئىدىم. ئۇ زامانلاردا ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ بۇ ئىككى قەھرىماننى ۋە شىنجاڭنىڭ قەدىمدىن تارتىپ جۇڭگونىڭ زېمىنى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ پاكىتنى بىلەتتى. قارىماققا بۇ بىر تارىخىي ساۋاتتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما بۇ تارىخىي ساۋات بىز جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى يېتىشتۈردى. بىز بۇ نۇقتىدىن تارىختا ئۆتكەن تارىخشۇناسلارنىڭ شىنجاڭغا ئائىت ساۋاتلارنى يىغىشقا، توپلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، دۆلەتكە، مىللەتكە پايدا يەتكۈزگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ ساۋاتلار تېخى بەكمۇ تولۇقسىز، پارچە - پۇرات بولۇپ، بەزى تارىخنامىلاردا پەقەت بۇرۇنقى كىشىلەر يېزىپ قالدۇرغانلىرى ئەپلەپ - سەپلەپ كوچۈرۈپلا قويۇلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاۋالقى «غەربىي رايون تەزكىرىسى»دىمۇ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى رايونلارنىڭ بولۇنۇشى ئېنىق يېزىلمىغان، مەسىلەن، بەزىلىرىدە ھازىرقى ئىران، ئەرەب قاتارلىق دولەتلەرمۇ «غەربىي رايون تەزكىرىسى»گە كىرگۈزۈپ قويۇلغان. بۇلارنى غەربىي رايون توغرىسىدىكى ھەقىقىي بىر ئىلىم دەپ ھېسابلاشقا بولمايدۇ.

ئېلىمىزنىڭ چېگرا رايون تارىخى ۋە جۇغراپىيىسىنى تەتقىق قىلىش بولسا، 19 - ئەسىردىن كېيىن تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان ئىدى. ئەگەر شىنجاڭنىڭ يەرلىك تەزكىرىسىنى تۈزۈشكە قاتناشقان ئالىملارنى ھېساپقا ئالمىغاندا، «غەربىي رايون سۇ يوللىرى خاتىرىسى» نىڭ ئاپتورى شۈي سۇڭنى بۇرۇنقى كىشىلەردىن ئېشىپ چۈشكەن ئىجادكار دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ تۆھپىسى — ئۆزى بىۋاستە تەكشۈرگەن بىلىملەرنى تولۇقلاش ئارقىلىق ھوججەتلەرنى تۈزۈپ خاتىرلىگەنلىكىدە ھەمدە كونا تارىخلارنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق جۇغراپىيىلىك تەرەققى-

ياتجەريانىنى شەرھلىگەنلىكىدە بولۇپ، ئۇنىڭ بىزنىڭ شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشىمىزغا بولغان پايدىسى ناھايىتى زور.

داۋگۇاڭ ۋە شيەنفېڭلاردىن كېيىن، شىنجاڭ توغرىسىدىكى تەتقىقات، ئاساسەن، چاررۇسىيە قاتارلىق جاھانگىرلارنىڭ ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونلىرىغا تاجاۋۇز قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان. ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا باتۇرانە قارشىلىق كۆرسەتكەن مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەر لىن زېشۈي شىنجاڭغا سۈرگۈن قىلىنىپ، بىر نەچچە يىل تۇرغاندىن كېيىن، جۇڭگوغا ئاساسىي تەھدىت چاررۇسىيەدىن كېلىدىغانلىقىنى بايقىغان. «دېڭىز قىرغاقلىرىدا مالىمانچىلىق يۈز بەرسە، ئۇ چاغدا ئېنگلىزلاردىن ئەندىشە قىلاتتۇق. لىن زېشۈي بولسا، "رۇسلار جۇڭگوغا بالايى - ئاپەت كەلتۈرىدۇ" دېگەن ئىدى. كېيىنكى ئەمەلىيەت ئۇنىڭ سۆزىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى.» («چىڭ سۇلالىسى تارىخى. لىن زېشۈي تەزكىرىسى») بۇ كۆز قاراش بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنىلا توغرا بولۇپ چىقتى.

چاررۇسىيە جاھانگىرلىكى ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونىنى پەيدىن - پەي يۇتۇۋېلىۋاتقان ئېغىر ۋەزىيەتتە، ئېلىمىز زىيالىيلىرى چېگرا رايون مەسىلىسىنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە غەربىي شىمالنىڭ تارىخى، جۇغراپىيەسىنى ھەقىقىي تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. شۇ زاماندىكى ئادەت يەنىلا ئەڭ ئاۋال تارىخىي خاتىرىلەردىن دەلىل تېپىش ئىدى. يەنە كېلىپ تارىختىكى يۈەن سۇلالىسىنىڭ يەر - زېمىنلىرى ئەڭ كەڭ بولغاچقا، خاتىرىلەردە غەربىي شىمالدىن ئوتتۇرا ئاسىياغىچە چېتىشلىق بولغانلىرى بىر قەدەر كۆپ بولغاچقا، شۇ زاماندىكى غەربىي شىمالنىڭ تارىخ ۋە جۇغراپىيەسىگە دائىر بىلىملەر موڭغۇل ۋە يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخىغا دائىر تەتقىقات بىلەن باغلىنىشلىق ئىدى. بۇ ساھەدە بارلىققا كەلگەن ئەسەرلەردىن جاڭمۇنىڭ «موڭغۇللارنىڭ كۆچمە - چارۋىچىلىق خاتىرىسى»، ۋېي يۈەننىڭ «دېڭىز بويلىرىدىكى دۆلەتلەرنىڭ تەزكىرىسى»، خې چيۇتاۋنىڭ «شىمالىي رايوندىكى ئاز سانلىق مەملىكەتلەرنى باشقۇرۇش ھەققىدە»، لى ۋىنتيەننىڭ «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخىغا ئىزاھات»، خوڭجۈننىڭ «يۈەن سۇلالىسى تارىخىنىڭ تەرجىمىسىگە بېرىلگەن قوشۇمچە ھوججەت» قاتارلىق ئەسەرلەر، شۇنىڭدەك چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكەن تۇجى، كې شاۋۋېن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئەسەرلىرى بار. 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرلىرىدىن كېيىنكى ئاپتورلارنىڭ بۇرۇنقى كىشىلەردىن ئېشىپ كەتكەن جايلىرى شۇ يەردىكى: ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭەيگەن بولۇپ، چەتئەللىكلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بولغاچقا، بۇ چاغدا كىشىلەر ئۆز دۆلىتىنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپلا قالماستىن، بەلكى دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەرنى تەتقىق قىلىشقىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن. بۇ، چېگرا رايوننىڭ تارىخى ۋە جۇغراپىيەسىنى تەتقىق قىلىشتا، شۈبھىسىزكى، كەم بولسا بولمايدۇ. مەسىلەن، ۋېي يۈەننىڭ «دېڭىز بويلىرىدىكى دۆلەتلەرنىڭ تەزكىرىسى» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن «يۈەن سۇلالىسى ۋاقتىدا غەربىي شىمالدىكى چېگرا رايونلارنىڭ يەر - زېمىن ئۆزگىرىش خەرىتىسى»، «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي رايوننى بويسۇندۇرۇش ھەققىدىكى تەكشۈرۈش» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش بىلەن مۇنا-

سۈرەتلىك، ئۇندىن باشقا، تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ كېلىش مەنبەسى كېڭەيگەن. بەزى ئاپتورلار مەسىلەن، خۇلاجۇن ئاشقى ئىشلار ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلەنگەندىلىكتىن، ئۇ تەرجىمان ئارقىلىق چەت تىلىدىكى ئەسەرلەرنى كۆرۈش ۋە چەتئەل يېزىقىغا تەرجىمە قىلىنغان پارسچە، ئەرەپچە، تۈركچە يېزىقلاردىكى تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن، يەنە كېلىپ، بۇرۇنقى كىشىلەر كۆرۈپ باقمىغان ئېخىمۇ توغرا سىزىلغان خەرىتىلەرنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. شۇڭا ئۇ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى چۈشىنىش، تارىخىي پاكىتلارنى تولۇقلاش، جاي ئىسىملىرىنى تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاش، ھەقىقىلىرى بىلەن ساختىلىرىنى پەرق ئېتىش قاتارلىق جەھەتلەردە بۇرۇنقى كىشىلەردىن خېلىلا ئېشىپ چۈشكەن.

ۋاھالەنكى، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، غەربىي شىمالنىڭ تارىخى ۋە جۇغراپىيىسىنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىملار بەزى جەھەتلەردىن يەنىلا چەكلىمىگە ئۇچرىغاچقا، ئېخىمۇ قانائەتلىنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشەلمىدى. بۇ خىلدىكى چەكلىمىلەر شۇكى: ئۇلارنىڭ تەتقىقات ئۇسۇللىرى ئاۋالقى كونا ئۇسۇل بولۇپ، بۇرۇنقى كىشىلەرگە ئوخشاشلا، ئۇلارمۇ ئاساسەن تارىخىي ماتېرىياللارنى قېزىپ سېلىشتۇرۇش ۋە يەر - جاي ئىسىملىرىنى تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاش بىلەن شۇغۇللاندى. نۇرغۇن كىشىلەر شىنجاڭغا كەلمىگەن، يەنە كېلىپ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى بىلمەيدۇ، شىنجاڭلىقلار بولسا، قەدىمقى يەر ئىسىملىرىنى بىر قاراپلا چۈشىنەۋالالايدۇ، يۇقۇرقىلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، كوپ مىقداردا قەلەم ۋە سىيا سەرپ قىلىش ئارقىلىق تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاشقا توغرا كېلىدۇ، ھەتتا تەكشۈرۈپ ئىسپاتلانغانلىرىنىڭ كوپ قىسمى يەنىلا مۇھىم نۇقتىلىرىنى ئىگەللىيەلمىگەن بولىدۇ. ئۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمىگەن، شۇڭا بۇ خىل يېزىقتىكى تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش ۋە ھەر قايسى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشقىمۇ ئەھمىيەت بەرمىگەن. ئۇلار شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ئەسەرلەرنى يېزىشتا، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارنى كوپرەك ئىگەللىگەنلىرى تەپسىلىي سوزلىگەن، ئەكسىچە يولغاندا قىسقارتىۋەتكەن، ھەتتا خاتا قىلىپ قويغان. ئۇلار شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى تارىخىنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ باققانمۇ ئەمەس. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي شىمالنىڭ تارىخ — جۇغراپىيە ئىلمىنى يەنىلا شىنجاڭ تارىخى ئۈستىدىكى ئىلمىي تەتقىقات دەپ ھېسابلاشقا بولمايدۇ. ئۇلار توپلىغان ماتېرىياللارمۇ تولۇق ئەمەس.

غەربىي شىمالنىڭ تارىخ ۋە جۇغراپىيە ئىلمىنىڭ شىنجاڭ تارىخشۇناسلىق تارىخىدا تۇتقان ئورنى، ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى جەھەتتىن ھەمدە يۇقۇرىدا ئېيتىلغان بىر قانچە تەرەپلەردىن كونا تارىخشۇناسلىقتا قىلىنغان بوسۇپ ئوتۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق بوسۇپ ئوتۇش بۈگۈنكى كۈندە يەنىلا تولۇق بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ زامانلاردا ھەقىقەتەن قەدىرلەشكە ئەرزىيتتى. بىز ئالدىنقى كىشىلەرنىڭ نەتىجىلىرىنى ۋە شىنجاڭ توغرىسىدىكى تەتقىقاتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى يەكۈنلىگىنىمىزدە، ئۇنىڭغا مەلۇم ئورۇن بېرىشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە.

چاررۇسىيە ۋە غەربىي ياۋروپادىكى يېقىنقى زامان ئالىملىرىنىڭ شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا توغرىسىدىكى تەتقىقاتىدىن بىزنىڭ ئۆلگە ئېلىشىمىزغا ئەرزىيدىغان نۇرغۇن جايلىرى بار (ھەجىمى چەكلىك بولغاچقا، بۇ ماقالىدا ئۇنىڭ بارلىق نەتىجىلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىشقا ئىمكان بولمىدى).

19 - ئەسىردىن كېيىن، چاررۇسىيە سىبىرىيىنى يۇتۇۋېلىش ئاساسىدا، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ قازاقىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلىپ، 60 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ئۇنى تامامەن ئىشغال قىلىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن چاررۇسىيە ئۆزىنىڭ شەرققە تاجاۋۇز قىلىش نەزەرىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ شەرقشۇناسلىقىغا دائىر بىر مۇنچە پايدىلىق شەرت - شارائىتلارغا ئېرىشتى. تۈرك، موڭغۇل، پارس تىللىرىدا سۆزلەيدىغان نۇرغۇن مىللەتلەر رۇسلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، روسىيىلىكلەرنىڭ بۇ مىللەتلەرنىڭ تىلى، تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشقا ئوڭايلىق تۇغۇلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مىللەتلەرنىڭ زىيالىيلىرىمۇ روسىيىگە بېرىپ تەربىيە ئالغانلىقى ئۈچۈن، بۇلار چار روسىيىنىڭ ئىلىم - ئەھلىلىرى ساھەسىگە قوبۇل قىلىندى. يۈز يىل داۋامىدا، چار روسىيىدە رادلوپ، ۋېسىلوۋىسكىي، رۇسون، مىلىئورانسكىي، بارتولد، مالوپ قاتارلىق پارس، ئەرەپ ۋە تۈرك تىللىرىنى پىششىق بىلىدىغان ئالىملار مەيدانغا چىقتى. سوۋېت سوتسىيال جاھانگىرلىكى چار روسىيىنىڭ شەرقشۇناسلىق ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ھەر قايسى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر ۋە ئۆزىگە خوشنا بولغان شىنجاڭ، ئافغانىستان، ئىران ۋە غەربىي ئاسىيادىكى ھەر قايسى ئەللەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتىنى كۈچەيتتى. بۇنىڭدىن مەقسەت، ئىچكى جەھەتتە رۇسلاردىن غەيرى مىللەتلەرگە بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش، سىرتقا قارىتا ئاغدۇرمىچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، جەنۇپ بىلەن شەرققە تاجاۋۇز قىلىش ئېھتىياجىنى قامداشتىن ئىبارەت، بىزنىڭ تارىخنى تەتقىق قىلىشتىكى مەقسىتىمىز ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، لېكىن، بىزنىڭ شىنجاڭدىمۇ ئوخشاشلا يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان پارس، ئەرەپ، تۈرك ۋە موڭغۇللارنى تەتقىق قىلىشقا بولىدىغان شەرت - شارائىتلىرىمىز بار، شۇنداقلا مۇنەۋۋەر، ئۇزاق تارىخقا ۋە مەدەنىيەتكە ئىگە ئاز سانلىق مىللەتلىرىمىز بار. بىز بۇ پايدىلىق شەرت - شارائىتلاردىن پايدىلىنالىدۇقمۇ - يوق؟ ئازاتلىقتىن ئىلگىرى، چىڭ سۇلالىسىدىن تارتىپ تاكى مىنگوغا قەدەر بولغان فېئودال ئورتودوكس تارىخشۇناسلىرى بۇ نۇقتىغا ئەھمىيەت بەرمىگەن، بۇ ئاجىز بۇرژۇئازىيىنىڭ بۇنى ئورۇنلىيالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مېنىڭ قارىشىمچە، ھازىرغا كەلگىچە بىزنىڭ تارىختا شىنجاڭ بىلەن زىچ ئالاقىدار بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىراننى تەتقىق قىلىشىمىز يېتەرسىز بولۇپلا قالماستىن، ھەتتا ئۆزىمىزنىڭ قېرىنداش مىللەتلىرىمىزنىڭ تارىخىنى ۋە شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشىمىزمۇ ئىنتايىن يېتەرسىز بولۇپ كەلدى. بۇ ھال ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ تۇتقان ئورنىغا مۇناسىپ كېلەمدۇ؟ ھازىر سوۋېت سوتسىيال - جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق، ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرى قەدەممۇ - قەدەم يېقىنلىشىۋاتقان ۋە بارغانسېرى غالجىرلىشىۋاتقان ئېغىر ۋەزىيەتتە، شىنجاڭنى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى تەتقىق قىلىش خىزمىتىدىكى بۇنداق ئاجىز ھالەتكە يول قويغىلى بولامدۇ؟

غەربىي ياۋروپادىكى ئالىملارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئارخېئولوگىيىسى جەھەتتىكى نەتىجىلىرى غەربىي رايون ئىلمىنىڭ قىياپىتىگە يېڭى بىر تۈس كىرگۈزدى. ۋاڭ گوۋېي: يېڭى كەشپىيات يېڭى ئىلىمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، جۇڭگونىڭ كىتاۋىي بىلىملىرى كۆپ ھاللاردا يەر ئاستىدىكى بىلىمگە تايىنىدۇ، دەپ قارايدۇ. مۇشۇ ئەسىردىن بۇيان، ئەنگلىيىلىك ستەيىن، فرانسىيىلىك پېللىئوت، گېرمانىيىلىك لىكاك، ياپونىيىلىك ئوتانى قاتارلىقلار ئارقا - ئارقىدىن ئېلىمىزنىڭ دۇنخۇاڭ، تۇرپان، خوتەن ھەمدە شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، ئۇلار تاپقان يادىكارلىقلار: دۇنخۇاڭ قەلئەسىدىكى ۋە غەربىي رايوننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تارشا پۈتۈكلەر، دۇنخۇاڭدىكى مىڭئۆيدە قويۇلغان تاڭ دەۋرىدىكى كىشىلەر تەرىپىدىن يېزىلغان، 6 سۇلالىغا دائىر، كالتەككە ئورالغان يوگىمە كىتاپلار، جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىكى قەدىمقى مىللەتلەرنىڭ يېزىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (ۋاڭ گوۋېي: «جىڭئەن توپلىمىنىڭ داۋامى. يېقىنقى 20 - 30 يىل ئىچىدە جۇڭگودا يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىلىمگە قاراش»). مانا بۇلارنىڭ تېپىلىشى جۇڭگونىڭ قەدىمقى يازما خاتىرىلىرىنى يېڭى دەلىللەر بىلەن تولۇقلاپلا قالماستىن، بەلكى تەتقىقات ساھەلىرىنى كېڭەيتتى. مەسىلەن، كىشىلەر دەسلەپتە غەربىي رايوندىكى قەدىمقى مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى، يىپەك يولى ۋە جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ قاتناش ئالاقىلىرىنى، شەرق بىلەن غەربنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى، قەدىمقى غەربىي رايوننىڭ گۈللەپ تەرەققىي قىلغان مەدەنىيەت - سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشقا باشلىغان ئىدى، كېيىن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ غەربىي شىمالدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشتى. روسىيىلىكلەرنىڭ جەنۇبىي سىبىرىيە ۋە موڭغۇلىيىدە ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشى ھەمدە ئۇنىڭ قەدىمقى تۈرك يېزىقىنى تېپىشى ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىشىمۇ مۇشۇ خىلغا كىرىدۇ. بۇ ئارخېئولوگىيىلىك كەشپىياتلارنىڭ تېپىلىشى تارىخ تەتقىقاتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولۇپلا قالماستىن، يازما خاتىرىلەر بىر قەدەر ئاز بولغان شىنجاڭ تارىخى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ چەتئەللىك ئارخېئولوگلارنىڭ بەزىلىرىدە يامان غەرەزلىك سىياسىي مەقسەت بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە يەنىلا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

چەتئەللىك ئالىملار قەدىمقى زاماندىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆچكەن يېزىقىنى تەتقىق قىلغاندىن باشقا، يەنە ئوتتۇرا ئەسىردە غەربىي رايونلاردا ياشىغان مىللەتلەر ئىشلەتكەن پارس يېزىقى، ئەرەب يېزىقى ۋە تۈرك يېزىقىدىمۇ بىر قەدەر كۆپرەك تەتقىق قىلدى. مەسىلەن، گېرمانىيىلىك ئالىم موللېر، نولدېكې، بروسكېلمان قاتارلىقلار ئەرەب يېزىقىنى ۋە ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغان جۇغراپىيە ۋە تارىخىي ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلغان، ئەنگلىيىلىك ئالىم روسس قاتارلىقلار پارس يېزىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارنى تەرجىمە قىلغان، فرانسىيىلىك ئالىم كۇرتاي بابۇرنىڭ چاغاتاي يېزىقىدىكى تەرجىمىھالىنى تەرجىمە قىلغان، دېمون ئەبۇلغازىنىڭ «تۈرك - موڭغۇل تارىخى» قاتارلىقلارنى تەرجىمە قىلغان. دانىيىلىك تارىخشۇناس تامسېن قاتارلىقلار تۈرك يېزىقىدىكى قەۋرە تېشىغا ئويۇلغان يادنامە قاتارلىقلارنى

ئوقۇپ ئىزاھلىغان. بۇلار بىزنى يېڭى تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەپ، خەنزۇچە تارىخ كىتاپلىرىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. بىراق بۇرۇنقى غەربىي ياۋروپادىكى ئالىملارنىڭ كوپ قىسمى رۇسچىنى بىلمىگەچكە، روسىيىلىكلەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئانچە كوپ قوبۇل قىلالمىغان ئىدى.

ئازاتلىقتىن ئىلگىرى، ئېلىمىزدە شىنجاڭنى تەتقىق قىلىشتا نەتىجە قازانغان ئالىملار ئىچىدە چەتئەلدە ئوقۇغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دولەتلەرگە چىقىپ ئوقۇغان، شۇڭلاشقا ئۇلار روسىيىلىكلەرنىڭ تەتقىقاتىدىن ئانچە خەۋەرسىز، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلار ئەرەپچە، پارسچە ۋە تۈركچە يېزىقلارنى ۋە تارىخىي ماتېرىياللارنىمۇ تەتقىق قىلمىغان. مۇشۇنداق چەكلىمىگە ئۇچراشتىن باشقا، يەنە جۇڭگونىڭ تارىخشۇناسلىق ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرى تۇپەيلىدىن، ئۇلار ئوز تەتقىقاتىدا پەيدىن - پەي جاي ئىسىملىرى ياكى تارىخىي ماتېرىياللارنى تەكشۇرۇپ دەلىللەشكە كوپرەك ئەھمىيەت بېرىپ (ئەلۋەتتە بۇنداق دەلىللەشمۇ زورۇر)، جەمئىيەت، ئىقتىسات، مەدەنىيەت، مىللەت توغرىسىدىكى تەتقىقاتقا كەمرەك ئەھمىيەت بەرگەن.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، شىنجاڭنىڭ تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە بىزگە قالدۇرۇلغان يادىكارلىقلار ئانچە كوپ ئەمەس. ئازاتلىقتىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ئارخېئولوگىيە خىزمىتى ناھايىتى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. يېڭىدىن تېپىۋېلىنغان يازما ھوججەت، ماددى نەرسىلەرنىڭ سانى ئازاتلىقتىن ئىلگىرى چەتئەللىكلەر شىنجاڭدىن ئوغرىلاپ كەتكەن مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ ئومۇمىي سانىدىن زوردەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئېلان قىلىنغان تەتقىقات دوكلاتلىرى ناھايىتى ئاز بولدى. بۇ بىزنىڭ تەتقىقات خىزمىتىمىزگە ناھايىتى زور قىيىنچىلىقلارنى كەلتۇرۇپ بەردى. شىنجاڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى 1956 - يىلى قۇرۇلغاندىن بېرى، شىنجاڭ رايونىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى باشلىغان ئىدى. بۇنىڭغا ھازىر 20 يىلدىن كوپرەك ۋاقىت بولدى. بىز «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»نى 1963 - يىلى يېزىشقا باشلىغان ئىدۇق، جەمئى 18 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، 1 - ۋە 2 - قىسمىنى ئىشلەپ تاكى 1979 - يىلغا كەلگەندە ئاندىن تاماملىدۇق. بۇ مەزگىلدە لىن بياۋ، "4 كىشىلىك گۇرۇھ" نىڭ كاشىلىسى ۋە بۇزغۇنچىلىقى تۇپەيلىدىن، ئەمەلىيەتتە تەتقىقات خىزمىتىمىز بىر مەزگىل توختاپ قالدى. بىزنىڭ بۇ خىزمىتىمىز قانداق خاراكتېرلىق خىزمەت؟ مېنىڭچە بۇ ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى خىزمەت، يەنى بۇ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»نى يېزىشتىن مەقسەت كەڭ خەلق ئاممىسى ئىچىدە شىنجاڭ توغرىسىدىكى تارىخىي بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ ھەقتە پايدىلىنىشقا بولىدىغان تەتقىقات نەتىجىلىرى (جۇملىدىن مەخسۇس تېمىلار بويىچە يېزىلغان ئىلمىي ماقالىلار ۋە ئارخېئولوگىيىلىك دوكلاتلار) كەم بولغانلىقتىن، بىزنىڭ بۇ تارىخنى يېزىپ چىقىشىمىز ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتتى. ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقى ۋە چەت تىل يېزىقىدىكى تارىخىي ماتېرىياللارنى مەخسۇس تېمىلار بويىچە تەتقىق قىلىش ياكى توپلاشقا كەڭتاشا ۋاقىت بولمىدى ۋە ئىقتىدارىمىز كەم بولدى. ھالبۇكى، مېنىڭچە، بۇنداق ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئاساس سېلىش خىزمىتى تامامەن زورۇر ئىدى، ئۇنداق قىلمىغاندا يەنىمۇ

ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆستۈرۈش ياكى مەخسۇس تەتقىق قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىز ۋاقىتنىڭ ھەممىسىنى تەتقىقاتقا سەرپ قىلالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن مەلۇم يېزىقلارنى قايتىدىن تەتقىق قىلىشقا ئىمكانىيەت بولماي قالدى، شۇنداقتىمۇ كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ يۇقۇرى پەللىگە چىقىشى ئۈچۈن ئاساس يارىتىپ بەردۇق دېيىشكە بولىدۇ، مېنىڭچە مۇشۇنداق قىلىشقىمۇ ئەرزىيدۇ.

شىنجاڭ ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش، جۈملىدىن تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش، مەخسۇس تېمىلار بويىچە تەتقىق قىلىش ۋە تېخىمۇ يۇقۇرى سەۋىيىلىك شىنجاڭ تارىخىنى يېزىپ چىقىش ئىنتايىن زۆرۈر. سوۋېت سوتسىيال جاھانگىرلىكىنىڭ شىنجاڭ توغرىسىدىكى، شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى بىر مۇنچە ئەللەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتى ناھايىتى تەپسىلىي، ناھايىتى چوڭقۇر بولغانىدى، ئۇلارنىڭ ئاغدۇرمىچىلىق، تاجاۋۇزچىلىق ھەركەتلىرىمۇ شۇنچە غالجىرلاشتى. بىزنىڭ تەتقىقات خىزمەتچىمىزنىڭ مەقسىدى ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت. ئەگەر بىز مۇشۇ جەھەتتە بىر ئاز ياخشى رول ئوينىيالىساق، ۋەتىنىمىزنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان بولىمىز.

ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلىشى پەيدىن - پەي چوڭقۇرلىشىدۇ، بىلىم ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا توپلىنىپ بارىدۇ، ئىلمىي تەتقىقات ئىلگىرىكىلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئاساسىدا ئۆسۈپ بارىدۇ، ھازىر بىز تېخى كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىۋارىنى قوزغىۋەتكىدەك نەتىجىلەرگە ئېرىشتۇق دەپ ئېيتالمىساقمۇ، لېكىن كەلگۈسىگە نەزەر سالغىنىمىزدا بۇنىڭغا ئىشەنچىمىز كامىل. پارتىيىنىڭ توغرا لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شىنجاڭ تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى بۇرۇنقى نۇرغۇن بوشلۇقنى چوقۇم پەيدىن - پەي تولدۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپلىگەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى جەزمەن بارلىققا كەلتۈرىمىز. شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى ۋەتىنىمىزنىڭ پەن تەتقىقات باغچىسىدا قىزىل گۈل بولۇپ، پورەكلەپ ئېچىلغۇسى.

مۇھەممەد ھاشىم تەرجىمىسى

# يىپەك يولى

## چېن خۇا

قەدىم ئەييامدىمۇ شۇنداق ئىدى ئاي،
ئەزەلدىنلا چىرايلىق ئىدى بۇ جاي.
كۆئېنلۈندىن نەزەر سالسا كىشى گەر،
كۆرەر گۈلزارنى گويا مۇندا، ئايھاي!

ئون ئوقنىڭ ① ئەزىمەت باتۇر ئەرلىرى
تىيانشاندا زەپەر قىلغاچقا ھەر دەم،
غەربىي يۇرت كارۋانلىرى ئەندىشە چەكمەي،
يىپەك يوللىرىدا قاتنايتتى خۇررەم.

بۈگۈن بۇ گۈل دىيار شۇنچە گۈزەللىكى،
نەلەردە قالدى ئۇ قەدىمقى چاڭئەن②.
يېڭىدىن بىر ئۇزۇن سەپەر باشلانغاچ،
چاقناشتۇرماقتا كۆزنى نۇرى بىرلەن.

گۈرۈلدەر ماشىنا يوللاردا تىنىماي،
نەلەرگە كەتتى ئۇ توگە - قوڭغۇراق.
بەل باغلاپ چوققىغا ئۆرلىمەكتە ئەل،
ئىقبالى كۈن كەبى نۇرلۇق ۋە پارلاق.

ئا.ت. ئۇتكۇر تەرجىمىسى

① ئون ئوق — بۇ يەردە شىنجاڭدا ياشىغۇچى تۈركى تىللىق ھەممە مىللەت خەلقلىرى كۆزدە تۇتۇلغان. ت.

② چاڭئەن — ھازىرقى شىئەن. قەدىمقى چاغلاردا مەملىكىتىمىزنىڭ پايتەختى ئىدى. ت.

# بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىك قىلغان ئۈرۈمچى قوزغىلىڭى

چىڭ خۇيشىڭ

يىخېتۇەن ھەرىكىتىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى، «شىنچۇ شەرتنامىسى» نىڭ ئىمزالىنىشى جۇڭگونى پۈتۈنلەي يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ گىرداۋىغا ئېلىپ كەلدى. ئىنقىلاۋىي ئىرادىتىسىگە باي جۇڭگو خەلقى، جاھانگىرلىك ۋە فېئوداللىزمنىڭ ئېزىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىغا چىداپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئۇلار بۇ خىل ئېزىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيەدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن داۋاملىق ئىنقىلاۋىي ۋاستىلارنى قوللىنىشى مۇقەررەر ئىدى. لېكىن ئىنقىلاپنىڭ كېيىنى - كەينىدىن مەغلۇپ بولغان تەجرىبە-ساۋاقلىرى جۇڭگو خەلقىنى چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە قىلدى. ئۇلار ئازاپ - ئوقۇبەت ئىچىدە دۆلەتنى قۇتقۇزۇش، خەلقنى قۇتقۇزۇش يولىنى ئىزلىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئىنقىلاپنىڭ ۋەزىيىتى، مىللەتنى مۇنقەرزلىك خەۋپىدىن قۇتقۇزۇش، خەلقنى ئېزىلىش، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىش ئورنىدىن قۇتۇلدۇرۇشتىن ئىبارەت بىر يېڭى سىنىپنىڭ ئىنقىلاپنىڭ سىياسى يېتەكچىلىكىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشىنى تەلەپ قىلاتتى. لېكىن ئەينى ۋاقىتتا "جۇڭگو پرولېتارىياتى تېخى ئاڭلىق، مۇستەقىل سىنىپىي كۈچ سۈپىتىدە سىياسى سەھنىگە چىقمىغان ئىدى، ئىنقىلاپقا تېخى ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەگەشكۈچىسى سۈپىتىدە قاتناشقان ئىدى."① شۇڭلاشقا، كىشىلەر يەنىلا ئۇنىڭغا ئېتىۋار قىلمىدى، ئۇنىڭ ئىنقىلاپنىڭ سىياسى يېتەكچىسى ئىكەنلىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلمىدى. يېقىنقى زامان سانائىتىنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ، مىللى بۇرژۇئازىيە تەرەققى قىلىپ زورايدى. سۇن جۇڭشەن ۋەكىللىكىدىكى بۇرژۇئازىيە ئىنقىلاپچىلىرى كاڭ يۇۋېي، لياڭ چىچاۋ قاتارلىق بۇرژۇئا ئىسلاھاتچىلىرىنىڭ ئورنىنى بېسىپ، دېموكراتىك ئىنقىلاپنىڭ سىياسى يېتەكچىلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر قەدەر ئېنىق بولغان بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاۋى سۇن جۇڭشەن ئەپەندىدىن باشلاندى.

سۇن جۇڭشەن رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگو تۇڭمېڭخۇيى، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئىنقىلاپنىڭ ئوتىنى ياقتۇردى، ھەممە يەردە ئىنقىلاۋىي تەشۋىقات يۈرگۈزدى، ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتلارنى قۇردى، قوراللىق قوزغىلاڭ قىلدى، بۇنىڭغا مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنتىزىلىك كۈرەشلىرى قوشۇلۇپ، جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا قارشى قايناق - تاشقىنلىق بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاۋىي ھەرىكىتىگە ئايلىنىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۈچىنچى قېتىملىق ئىنقىلاۋىي دولقۇننى شەكىللەندۈردى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىنقىلاپ جۇش ئۇرۇپ تەرەققى قىلغان يېڭى ۋەزىيەتتە، بۇر-

① «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 2 - توم، ئۇيغۇرچە نەشرى 624 - بەت.

ژۇڭنا ئىنقىلابچىلىرى 1911 - يىلى (چىڭ سۇلالىسى شۈەنتۇڭ خانلىقىنىڭ 3 - يىلى) 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ۋۇچاڭدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتىرىپ، ھەربىي ھۆكۈمەت قۇردى. چىڭ ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ، خانلىق تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، جۇڭخۇا مىنگونىنى قۇردى، بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى مەملىكەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا پۈتۈنلەي مۇۋاپىق كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ھەر قايسى ئۆلكىلەر ئارقا - ئارقىدىن ۋۇچاڭ قوزغىلىڭىغا ئاۋاز قوشتى، 1912 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ھەر قايسى ئۆلكىلەر ۋەكىل سايلاپ، نەنجىڭگە ئەۋەتىپ، جۇڭخۇا مىنگونىنىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى رەسمىي قۇردى، سۇن جۇڭشەن ۋاقىتلىق رەئىس جۇمھۇر بولۇپ سايلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى مىڭ يىلدىن كۆپرەك ھۆكۈم سۈرگەن جۇڭگونىڭ فېئوداللىق ئىستىبدات تۈزۈمىگە خاتىمە بېرىلگەنلىكى جاكالاندى.

شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ناھايىتى تېزلىكتە شىنجاڭغا يېتىپ كەلدى. شىنجاڭنىڭ بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتى تېخىمۇ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتىرىلدى. شىنخەي ئىنقىلابىدىن خېلى بۇرۇنلا، شىنجاڭدا ئىنقىلابىي پارتىيە كىشىلىرىنىڭ ھەرىكىتى بار ئىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ كۈچى ئەينى ۋاقىتتا يەنىلا بىر قەدەر ئاجىز ئىدى. شىنجاڭدىكى ئىنقىلابىي پارتىيە كىشىلىرى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىدىن ئىلھاملىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىنقىلابىي قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى پائال قانات يايدۇردى. ئىنقىلابىي تەشۋىقات يۈرگۈزدى، ئىنقىلابىي تەشكىلاتلارنى تەرەققىي قىلدۇردى. ئىنقىلابىي پارتىيە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىنقىلابىي پارتىيە كىشىلىرىگە ماسلىشىپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى كۈتۈۋالدى.

ئەينى ۋاقىتتا، شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە كۆرەش ئەۋج ئېلىپ، ئىجتىمائىي زىددىيەت ناھايىتى كەسكىنلەشكەن ئىدى، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى قىل ئۇستىدە تۇرغان ئىدى، تېگىپ كەتسىلا ئىنقىلاب پارتلاپ كېتىدىغاندەك ۋەزىيەت شەكىللەنگەن ئىدى. شىنجاڭنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدە 1909 - يىلى (چىڭ سۇلالىسى شۈەنتۇڭ خانلىقىنىڭ تۇنجى يىلى) 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، چىڭ ھۆكۈمىتى ئەسكەرلىرىنىڭ خوجىسەن ئاغزىدا سودىگەرلەرنى باستۇرۇش ۋەقەسى يۈز بەردى، نەتىجىدە چىڭ ھۆكۈمىتى ئەسكەرلىرى 7 - 8 دىن كۆپرەك سودىگەرلەرنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. 1910 - يىلى (شۈەنتۇڭنىڭ 2 - يىلى) 7 - 8 - ئايلاردا چىڭ ھۆكۈمىتى ئەسكەرلىرى ئاتلىق قىسىمنىڭ يېڭىجاڭى تيەن شىنيەن "مۇھاپىزەتچى قىسىملارنى ئېتىپ ئۆلتۈردى، بۇ ھال ۋاڭ گاۋشىڭنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئادەم يىغىپ ئوت قويۇش ۋەقەسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، "شەھەر ئىچىدىكى دۇكان ئالدى ئۆيلەر كۆيۈپ تۈگىدى"①، بۇلغان زىيان 394،500 سەر كۆمۈشكە يەتتى.② ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، "ئۆلكىدە تۆرۈشلۈك قورۇقلۇق ئارمىيىسى گازارمىدىن بىر قەدەممۇ سىرتقا چىقالمايدىغان بولۇپ قالدى". خەلقنىڭ غەزىۋىنى بېسىش ئۈچۈن، ھەربىي مەمۇرى ۋالى ليەن كۈي تيەن شىنيەننى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى ھەم "100 مىڭ تەڭگە پۇل ئاجرىتىپ سودىگەرلەرگە نەپىقە بەردى"③.

① ياڭ زېڭشىن «سەھۋەنلىكتىن ئىبرەت ئېلىش ھوجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلەر» A توپلام 57- بەت.

② «شىنجاڭ تەزكىرىسى» 160 - جىلد، تەكلىپنامە 16.

③ ياڭ زېڭشىن «سەھۋەنلىكتىن ئىبرەت ئېلىش ھوجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلەر» A توپلام 57- بەت.

بۇ ئىجتىمائىي زىددىيەت ئىجتىمائىي كرىزىسنى قوزغىدى، "بىر كىشى مۇشت كۆتەرسە ھەممە قوشۇلىدىغان" ① ۋەزىيەت شەكىللەندى. شۇندىن كېيىن، "ئىنقىلاۋىي پارتىيىنىڭ ئادەملىرى ئۇچقۇندىن يالقۇن چىققاندەك ھەركەتكە كەلدى"②.

دەل شىنجاڭدىكى ئىجتىمائىي كىرىزىس كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلاشقان ۋاقىتتا، ئىنقىلاۋىي پارتىيە كىشىلىرىدىن ليۇ شيەنجۈن ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئۇ خۇنەن نىڭشياڭلىق بولۇپ، ياپونىيىنىڭ سىرژۇنتىلار مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن ئىدى. ئۇ شىنجاڭدا ئىنقىلاۋىي ھەركەت يۈرگۈزۈش ئۈچۈن، تاغىسى تاۋسېنجيا ئارقىلىق يۈەن داخۇا بىلەن مەخپىي تونۇشتى. لېكىن يۈەن داخۇ ليۇشيەنجۈنگە ئىشەنمىگەنلىكتىن ئۇنى ھەربىي تەلىم-تەربىيە باشقارمىسىنىڭ ئادەتتىكى كىچىككىنە مەشق ئەمەلدارى قىلىپ بەلگىلىدى؛ ئۇ بۇنىڭغا خاپا بولۇپ بۇ خىزمەتنى رەت قىلدى، شۇنىڭدەك يۈەننىڭ ئۇنىڭغا سوغا قىلغان پۇل خىراجىتىنىمۇ قوبۇل قىلماي ئۈرۈمچىدە يوشۇرۇنۇۋېلىپ ئىنقىلاۋىي ھەركەت بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ تاڭ شياۋيۈن، چېن گۇاڭمو قاتارلىق ئىنقىلاۋىي پارتىيە كىشىلىرى بىلەن بىرلىكتە، بىر تەرەپتىن شەنشىدىكى ئىنقىلاۋىي پارتىيە كىشىلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاپ، بىر-بىرىنى قوللىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئۈرۈمچىدە ئىنقىلاۋىي تەشكىلات ئۇيۇشتۇرۇپ ئىنقىلاۋىي ھەركەت ئېلىپ باردى. ئۇلار ئۈرۈمچىدىكى خۇنەن، ئەنخۇي ئىككى ئارمىيىسى ئىچىدە زور مىقداردا تەشۋىقات ۋە تەشكىلىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەسكەرلەرنى قوزغىلاڭغا ئاۋاز قوشۇشقا رىغبەتلەندۈردى؛ شۇنداقلا ئۇلار يەنە ئۈرۈمچىدىكى گېلاۋخۇينىڭ ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ ئۆز كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇردى، ئۇلارنى تەشكىللەپ ئىنقىلاپ سېپىگە قاتناشتۇردى. ئەنچاڭ قوزغىلىڭى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرى بۇنىڭغا ئارقا-ئارقىدىن ئاۋاز قوشتى، "ھەر بىر ئۆلكىنىڭ مۇستەقىللىق ياراڭلىرى ھەممىلا يەردە تەشۋىق قىلىندى"، "شىنخەيدە قوزغىلاڭ بولۇپ، خەۋەرلەر تەرەپ-تەرەپتىن كېلىپ تۇردى" شىنجاڭنىڭ "مەركىزىي شەھىرىمۇ زىلزىلىگە كەلدى" ③ ئىنقىلاپنىڭ بۇ يېڭى ۋەزىيىتى، شىنجاڭ بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاۋىي ھەركىتىنىڭ دولقۇنىغا تېخىمۇ تۈرتكە بولدى. ليۇشيەنجۈن قاتارلىق ئىنقىلاۋىي پارتىيە كىشىلىرى، بۇ يېڭى ئىنقىلاۋىي ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، ئۈرۈمچى قوزغىلىڭىنىڭ قەدىمىنى تېزلەتتى.

بۇ ۋاقىتتا، ئۈرۈمچىدە ناھايىتى كەسكىن ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، ئۆلكە مەركىزىدىكى ھەربىي-خەلقلەر "جاھان ئۆزگىرىش ئالدىدا تۇرىدۇ" دەپ ئەنسىرىدى. "پىتنە-پا-

① جوڭ گۇاڭشېڭ «شىنخەي. شىنجاڭدىكى ۋەقەنى تېچلاندۇرۇش خاتىرىسى» جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخىي ماتېرىياللار توپلىمى «شىنخەي ئىنقىلاۋى» 7-قىسىم، 441-بەت.

② ئەن ۋېنخۇي «يېقىنقى يۈز يىلدىن بۇيان شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر» «تىيانشان» ژۇرنىلى خەنزۇچە 1-سان.

③ جوڭ گۇاڭشېڭ: «شىنخەي. شىنجاڭدىكى ۋەقەنى تېچلاندۇرۇش خاتىرىسى» جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخىي ماتېرىياللار توپلىمى «شىنخەي ئىنقىلاۋى» 7-قىسىم 442-بەت.

ساتلار يامراپ كەتتى»، «ئاھالىلار چوچۇپ كەتتى»①. شەھەر ئاھالىسى ئارقا - ئارقىدىن سەرراپخانىغا بېرىپ چەكسىز نەق پۇلغا ئالماشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن «پۇللار توسىلىپ كەتتى»، «تيەنجىنلىك 8 چوڭ سودىگەرنىڭ ئىشىكى تېخىمۇ تىقما - تىقماق بولدى»②. شۇڭا ئەسكەرلەر چىقىپ تەرتىپ ساقلاشقا مەجبۇر بولدى. شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى تېخىمۇ تەشۋىشكە چۈشۈپ ئالاقزادە بولۇپ، دەرھال ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىپ، ئادەم يەيدىغاندەك ئەلپاز بىلەن «قوزغىلاڭ قىلغۇچىلار، ئىسيانكارلار دەپ قارىلىپ ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىدۇ»③ دەپ جاكالىدى. باستۇرۇش ۋاستىسى بىلەن ئىنقىلاۋىي كۈچلەرنى يوقىتىش غەرىزىدە بولدى. يۈەن داخۇا گەرچە باستۇرۇش ۋاستىسىنى قوللانغان بولسىمۇ، ئىنقىلاۋىي ھەركەتنىڭ يۈز بې-رىشىنى توساپ قالالمىدى.

ليۇشيەنجۇن قاتارلىق ئىنقىلاۋىي پارتىيە كىشىلىرى ئاكتىپلىق بىلەن ئۈرۈمچى قوزغىلىڭىغا تەييارلىق قىلىۋاتقان جەددىيەتتە ئىنقىلاۋىي پارتىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدىن خائىن چىقتى. ئۇ ھەربىي مەمۇرىي مەھكىمىگە بېرىپ «تەسلىم بولۇپ، ئىسىملىكلەرنى سۇندى»④. شۇنىڭ بىلەن ھەربىي مە-مۇرىي ۋالىي يۈەن داخۇا ئىنقىلاۋىي پارتىيە كىشىلىرىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشتىكى كونكرېت پىلانىنى قولغا چۈشۈردى. يۈەن دەرھال مۇھاپىزەتچى قىسىملارنى يىغىپ، ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئو-رۇنلاشتۇرۇشنى ئېلىپ باردى ھەمدە ئاۋال قول سېلىشتەك ئەكسىلئىنقىلاۋىي ۋاستە بىلەن تاڭ شياۋيۈن، چېن گۇاڭمو قاتارلىق ئىنقىلاۋىي پارتىيە كىشىلىرىنى تۇتقۇن قىلىپ ئۆلتۈردى. ئىش باشقا كەلگەندىلا ليۇشيەنجۇن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش پىلانىنى ئاشكارا قىلىپ قويغان ئادەم بار-لىقىنى بايقىدى، شۇڭلاشقا ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ ئەسلىدىكى قوزغىلاڭ پىلانىنىڭ ۋاقتىنى ئۆز-گەرتىپ، مۇددەتتىن بۇرۇن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى بەلگىلىدى.

ئۈرۈمچى قوزغىلىڭى 1911 - يىلى 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى (شۈەنتۇڭنىڭ 3 - يىلى 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى) يۈز بەردى. شۇ كۈنى ئاخشىمى ليۇشيەنجۇن يۈزلىگەن قوزغىلاڭچى ئاممىغا باشلامچىلىق قىلدى، سول بىلىكىگە ئاق لاتا باغلاشنى بەلگە قىلىپ، ھەرقايسى ئۆز مىلتىغىنى تۇتقان ھالدا، كېچىسى چارلىغۇچى ئەسكەرلەر قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، ليۇ ئىشتاۋىنىغا ھۇجۇم قىلدى. ئاندىن ليۇنىڭ شەرقىي گازارمىسىغا دەھشەتلىك ھۇجۇم قىلدى. ئەسلىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسلانغاندا، شەرقىي گازارمىدىن بىر قىسىم ئەسكەرلەر ئىچكى جەھەتتىن ماسلاشقۇچى بو-لۇپ، قوزغىلاڭچى ئاممىنىڭ ليۇ ئىشتاۋىنى ئېلىشىغا ماسلاشماقچى ئىدى، لېكىن چىڭ ئارمىيىسىنىڭ باستۇرۇشى بىلەن، ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىش پىلانى ئەمەلگە ئاشمىدى، قوز-

① جۇڭ گۇاڭشېڭ «شىنخەي. شىنجاڭدىكى ۋەقەنى تەپچىلاندۇرۇش خاتىرىسى» جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخىي ماتېرىياللار توپلىمى «شىنخەي ئىنقىلاۋى» 7 - قىسىم 442 - بەت.

② يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

③ يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

④ يۇقىرىقى كىتاب 443 - بەت.

غىلاڭچى ئامما ھەم دىگەندىلا ئۇتۇقسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. ئۆلكىلىك چېگرا مۇداپىئە مەھكىمىسىنىڭ شەرقىي سېپىلىنىڭ سىرتىدا، چىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ مۇھاپىزەتچى قىسىملىرى بىلەن ئۇچراشتى، ئىككى تەرەپ كەسكىن ئېلىشتى، قوزغىلاڭچى ئاممىنىڭ شەرقىي گازارمىنى ئېلىش پىلانى ئۇتۇقسىزلىققا ئۇچرىدى. لىيۇشىيەنجۇن دەرھال پىلانىنى ئۆزگەرتتى، ھۇجۇم قىلىش نۇقتىسىنى قۇرۇقلۇق ئارمىيە زەمبىرەكچى يىڭىغا قاراتتى، ئۇنىڭ مەقسىدى ئاۋال زەمبىرەكنى قولغا كەلتۈرۈپ، سېپىلگە چىقىپ، ھەر قايسى مەھكىمە ۋە ھەربى قورال - ياراق ئىدارىسىنى توپقا تۇتۇپ، شۇنىڭ بىلەن چىڭ ئەسكەرلىرىنى تەسلىم قىلىش ئىدى. باشلىنىشىدا ئۇلار يە- نىلا قۇرۇقلۇق ئارمىيىنىڭ توپچى يىڭىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، ئالدىغا ئۇچرىغان ئەمەلدارلارنى قىرىپ، ئۆلكىلىك چېگرا مۇداپىئە قىسمىنىڭ ئوفىتسېرى دىڭ يۈيشەن قاتارلىق كىشىلەرنى ئۆل- تۈردى. بەختكە قارشى، قوراللىنىپ چارلاشقا چىقىش ئالدىدا تۇرغان 30 نەچچە توپچى قى- سىم ئەسكەرلەرگە ئۇچرىشىپ قېلىپ كەسكىن سوقۇشتى، قوزغىلاڭچى ئامما نەچچە قېتىم ئىل- گىرلەپ، نەچچە قېتىم چېكىنىپ غەلىبە قىلالمىدى. لىيۇشىيەنجۇن دۈشمەننىڭ تەييارلىقتا تۇرغان- لىقىنى بىلىپ، پىلانىنى يەنە بىر ئۆزگەرتىپ، ساقچىنىڭ 1 - رايونىغا ھۇجۇم قىلدى. قوزغى- لاڭچى ئامما دالىدا ئىشىك ئالدىدا مۇئاۋىن ۋالى سۇڭ جىڭشىنىڭ بېشىنى يارىدار قىلدى، ساقچى خو بىڭشېڭ قاتارلىقلارنى ئۆلتۈردى. رايون ئەمەلدارى جۇرۇيلىن بىر تەرەپتىن ساق- چىلارنى نازارەت قىلىپ سۇڭ جىڭشىنى قۇتۇلدۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ساقچىلار بىلەن قوز- غىلاڭچى ئاممىنىڭ كەسكىن جەڭ قىلىشىغا قوماندانلىق قىلماقتا ئىدى، شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچى ئاممىنىڭ ھۇجۇمى يەنە بىر ئۇتۇقسىزلىققا ئۇچرىدى. لىيۇشىيەنجۇننىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغى- لاڭچى ئامما بىراقلا ئۈچ ئورۇنغا ھۇجۇم قىلدى، دۈشمەننىڭ تەييارلىقى بولغانلىقتىن ھەممى- سىدە ئۆزلىرىنىڭ قوزغىلاڭ قىلىش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى، لىيۇشىيەنجۇن ليۇئىشتابىغا چې- كىنىشكە مەجبۇر بولدى، بىر تەرەپتىن كۈرەشكە داۋاملىق قوماندانلىق قىلدى، يەنە بىر تە- رەپتىن قايتىدىن كۈچ تەشكىللەپ، قايتىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلاندى. بۇ ۋاقىتتا، يۈەن داخۇا جىددىيلىك بىلەن قۇرۇقلۇق ئارمىيىنىڭ ئاتلىق قىسمىنى شەھەرگە يۆتكەپ، ليۇ ئىشتابىنى قورشىدى، مۇھىم جايلارنى ئىگەللەپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى. بۇ ئىككى تەرەپنىڭ شىددەتلىك ئۇرۇشى 2 - كۈنى چۈشكىچە داۋام قىلدى، لىيۇشىيەنجۇن قوماندان- لىقىدىكى قوزغىلاڭچى ئامما ئاخىرى دۈشمەنگە تەڭ كېلەلمەي، ئېچىنىشلىق ھالدا مەغلۇپ بولدى.

بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىك قىلغان ئۈرۈمچى قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، يۈەن داخۇا قوزغىلاڭچى ئاممىنى دەھشەتلىك باستۇردى، نەچچە ئونلىغان كىشىلەرنى ئۆلتۈردى، ليۇ شيەنجۇن، چېن جۇيفاڭ قاتارلىق قوزغىلاڭ مەسئۇللىرىمۇ ئۆلتۈرۈلدى. ليۇ ئىشتابى بىلەن ھەربى مە- مۇرى مەھكىمىنىڭ شەرقىي گازارمىسىدىكى ئەسكەرلەرگە تازىلاش يۈرگۈزدى، 200 دىن ئوشۇق كىشىنى تارقىتىۋەتتى، بىر قىسمىنى بۇيرۇق بىلەن ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى جايلارغا بوز يەر ئېچىشقا ئەۋەتتى، بىر قىسمىنى چېن جىستاڭنىڭ تەشەببۇسى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قاراشەھەر، كۇچار، ئاقسۇ قاتارلىق جايلىرىغا يالاپ ئاپىرىپ يېڭى ئارمىيىنى تولۇق-

لىندى. بۇنىڭ بىلەن ئىنقىلاۋىي كۈچنى پارچىلاپ تاشلىدى ھەم يوقاتماقچى بولدى. ھالبۇكى، ئىنقىلاۋىي كۈچنى يوقىتىپ بولمايتتى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئۈرۈمچىدىكى ئىنقىلاۋىي پارتىيىنىڭ مەسئۇلى ليۇخەيجيالىڭ، قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، باشقا يەرگە قېچىپ كېتىپ داۋاملىق ئىنقىلاۋىي ھەركەت بىلەن شۇغۇللاندى؛ ئىنقىلاۋىي پارتىيىنىڭ يەنە بىر خادىمى جياخۇڭجۇن مەخپىي ھالدا ئىلىغا بېرىپ، بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىكىدىكى ئىلى قوزغىلىڭىغا قاتناشتى؛ جەنۇبىي شىنجاڭغا يالاپ ئېلىپ بېرىلغان بىر قىسىم قوزغىلاڭچى ئامما، تەن چاڭگۇنىڭ رەھبەرلىكىدە تەرەققى قىلىپ زورايدى. ئۇلار گېلاۋخۇينى قوزغىتىپ، ئىلى قوزغىلاڭچى ئارمىيىگە قاتناشتى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈپ، يۈەن داخۇا، ياڭ زېڭشىنلارنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا بىۋاستە تەھدىت سالدى.

ئۈرۈمچى قوزغىلىڭى شىنخەي ئىنقىلاۋىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ شىنخەي ئىنقىلاۋىنىڭ بىۋاستە تەسىرى ئاستىدىكى، بۇرژۇئازىيە ئىنقىلاپچىلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق ئىنقىلاۋىي قوزغىلاڭ ئىدى. گەرچە ئۇنىڭ كۆلىمى كىچىك، ۋاقتى قىسقا بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭ تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. شىنجاڭدىكى بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاۋىي ھەركىتىدە ئۈرۈمچى قوزغىلىڭى بىرىنچى توپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئىلى قوزغىلىڭىمۇ ئۈرۈمچى قوزغىلىڭىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن يۈز بەرگەن.

ئۈرۈمچى قوزغىلىڭىنىڭ مەغلۇپ بولۇش سەۋەپلىرى ناھايىتى كۆپ، لېكىن تۈپكى مەسىلە، ئۇ كەڭ كۆلەمدىكى ئىشچى - دېھقان ئاممىسىنى ئىنقىلاپنىڭ ئاساسىي كۈچى دەپ ھېسابلىمىغان، ليۇشيەنجۇن ئۈرۈمچىدە ئىنقىلاۋىي ھەركەت بىلەن شۇغۇللانغاندا، شەھەر كەمبەغەللىرى ئىچىگە چوڭقۇر چۆكۈپ بىر قەدەر پۇختا، ئىنچىكە تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن تەشكىلىي خىزمەتلەرنى ئېلىپ بارمىغان، شۇنداقلا يېزىلاردىكى نامرات دېھقانلار ئاممىسى بىلەنمۇ مۇناسىۋەت ئورناتمىغان، ئۇ ئاساسەن يېڭى ئارمىيە بىلەن گېلاۋخۇي ۋە ئىنقىلاۋىي پارتىيىگىلا يۆلەنگەن، بىر قىسىم سودىگەرلەر بىلەن ئالاقە قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇلار ئىنقىلاپنىڭ ئاساسىي كۈچى ئەمەس ئىدى، جىددىي پەيتتە ئۇلار ھەمىشە ئىنقىلاپنى سېتىۋېتەتتى. مەسىلەن، ئىنقىلاۋىي پارتىيە كىشىلىرى ئۈرۈمچىدە قوزغىلاڭ كۆتىرىش ھارپىسىدا سودىگەرلەر "ئىنقىلاپتىن ۋاز كەچكەنلىكىنى ھەممىدىن ئاۋال ئېلان قىلدى"①.

يۈەن داخۇا ئىشتىن بۇرۇن ئىنقىلاۋىي پارتىيە خادىملىرىنىڭ قوزغىلاڭ قىلىش پىلانىنى بىلىۋالغانلىقتىن، ئۇنىڭ تەييارلىقى تولۇق بولۇپ، ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئورۇنلاشتۇرۇشنى بىمالال ئېلىپ باردى. نەتىجىدە قوزغىلاڭچى ئامما ھەربىي مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ شەرقىي گازارمىسىغا، قۇرۇقلۇق ئارمىيىنىڭ زەمبىرەكچى يىڭىغا ھەم ساقچى 1 - رايونىغا ھۇجۇم قىلغان ۋاقىتتا، داۋاملىق ئوڭۇشسىزلىققا يولۇقتى. بۇرژۇئازىيە ئىنقىلاپچىلىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىقتىسادىي ئورنى ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقىنى بەلگىلىگەنلىكتىن، ئىشچى - دېھقان ئاممىسىنى قوزغىتىشتا ئۇلاردا تولۇق غەيرەت يوق ئىدى. يولداش ماۋزېدۇڭ «بارلىق ئىنقىلاۋىي يولداشلار بىلىشى كېرەككى، مىللىي

① جۇڭ گۇاڭشېڭ: «شىنخەي. شىنجاڭدىكى ۋە قەنى تېچلاندۇرۇش خاتىرىسى» جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخى ماتېرىياللار توپلىمى «شىنخەي ئىنقىلاۋى» 7 - قىسىم 442 - بەت.

ئىنقىلاپ يېزىلاردا بىر ئۆزگىرىشنىڭ بولۇشىغا مۇھتاج، شىنخەي ئىنقىلابى ۋاقتىدا مۇشۇنداق ئۆزگىرىش بولمىغان ئىدى، شۇڭا ئۇ مەغلۇپ بولدى"① دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. ئۈرۈمچى قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبەرلىرىمۇ شۇنداق قىلمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىنقىلاپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

قوزغىلاڭنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا، ئىشتىن ئاۋالقى پىلان پۇختا بولمىدى، تەييارلىقمۇ تولۇق بولمىدى، قوزغىلاڭ پىلانى پاش بولغاندىن كېيىن، ئالدىراپ - تېنەپلا قوزغىلاڭ قىلدى؛ قوزغىلاڭ باشلانغاندىن كېيىن، ئىشتىن ئاۋال ھۇجۇم قىلىشقا تاللىغان ھەربىي - مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ شەرقىي گازارمىسىدا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلىقتىن، قوماندانلىقتا قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىشكە باشلىدى، پىلان قايتا - قايتا ئۆزگىرىپ تەشەببۇسكارلىقنى يوقىتىپ قويغانلىقتىن، پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىپ، زەربە يەدى، ليۇ شيەنچۈن قاتارلىق مەسئۇللار، بۇ خىل پاسسىپ ھالەتنى ئۆز ۋاقتىدا ئۆزگەرتىپ كېتەلمىدى، دۈشمەننىڭ ئاجىز نۇقتىسىنى تاللاپ، ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلىپ، ئاساسىي نۇقتىنى بوسۇپ ئۆتەلمىدى، نەتىجىدە ۋاقىتنى ئۇزارتىۋەتتى، دۈشمەنگە ئەسكەرنى يىغىۋېلىش پۇرسىتىنى بېرىپ قويدى، دېھقانلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتمىغانلىقتىن، يېزىدا خىزمەت ئاساسى يوق ئىدى، چېكىنىشنى ئويلىمىغاچقا ھېچقانداق تەمبىھلەنگەندەك ئورۇننى تاللىيالمىدى. قوزغىلاڭ رەھبىرى بولغان ليۇ شيەنچۈن ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇ ئۈرۈمچىگە كەلگىنىگە ئەمدىلا ئىككى ئاي بولغان ئىدى، ئەھۋالنى ياخشى ئۇقمايتتى، يەرلىك ئامما بىلەن يېقىن ئالاقە باغلاشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالدى، ئۇ پەقەت مەملىكەتتىكى چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنىلا كۆرۈپ، يۈەن داخۇانىڭ كۈچىنى تولۇق مۆلچەرلىيەلمىدى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنقىلابىي تەشكىل تارقاق ئىدى، قوزغىلاڭغا قاتناشقۇچىلارنىڭ تەركىۋى مۇرەككەپ بولۇشىمۇ قوزغىلاڭنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشىنىڭ بىر ئامىلى بولۇپ قالدى.

ئەلۋەتتە، دۈشمەن كۈچىنىڭ بەك كۈچلۈك بولۇشىمۇ ئۈرۈمچى قوزغىلىڭىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى بىر مۇھىم سەۋەپ ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا يۈەن داخۇانىڭ ئۆلكە مەركىزىدە تۇرۇشلۇق ناھايىتى كۈچلۈك ئەكسىيەتچى ئارمىيىسى بار ئىدى، بۇ قوشۇننىڭ ئىچىدە يۇقۇرىسى لۈيجاڭ، تۇەنجاڭدىن تارتىپ، تۆۋىنى ليەنجاڭ، پەيجاڭغا ئوخشاش ئوفىتسېرلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىچكى ئۆلكىلەردىن يۆتكەپ چىققان ئىشەنچلىك كىشىلىرى ئىدى، ھەممىسى ئۆلسىمۇ نىيىتىدىن يانمايدىغان، ئۇنىڭغا سادىق غالچىلار ئىدى. ليۇ شيەنچۈن ئۈرۈمچىدە ئىنقىلابىي ھەركەت ئېلىپ بارغان چاغدا، پەقەتلا خۇنەن ئارمىيىسى بىلەن ئەنخۇي ئارمىيىسىنىڭ زىددىيىتىدىن پايدىلاندى، بىر بۆلۈم جەڭچىلەر بىلەن ئالاقە قىلىپ ئۈرۈمچى قوزغىلىڭىغا قاتناشتۇردى، لېكىن "قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئەگىشىپ كەتمەيتتى" ② "چۈنكى قۇرۇقلۇق ئارمىيىنىڭ ئوفىتسېرلىرى كۆپىنچە ھەربىي مەمۇرىي ۋالىي يۈەننىڭ يېقىنلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆزىگە تارتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى" ③ شۇنىڭ ئۈچۈن قوز-

① ماۋزېدۇڭ: «تاللانما ئەسەرلەر»، 1 - توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 31 - بەت.

② زېڭ ۋېنۋۇ «جۇڭگونىڭ غەربىي رايوننى باشقۇرۇش تارىخى» 482 - بەت.

③ ياڭ زېڭشىن «سەھۋەنلىكتىن ئىبرەت ئېلىش ھۇجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلەر» A توپلام، دەسلەپكى قىسمى 57 - بەت.

غىلاڭچى ئاما ھەربى مەمۇرى مەھكىمىنىڭ شەرقىي كازارمىسىغا ھۇجۇم قىلغان ۋاقىتتا، ئەسلى بىر بۆلۈم ئەسكەرلەر "ئىچكى جەھەتتىن ماسلاشماقچى ئىدى، لېكىن بارلىق كۈچنى بىلەن باستۇرغانلىقتىن، قولىدا نۇرغۇن ئادەم بولسىمۇ، قارشىلىق كۆرسىتەلمىدى"①. ۋاڭ پېيلېيەن، ساۋيۇڭ يۇي، دېڭ يۈيشەن، ۋىن شىنخې، خاۋبىڭشېڭ، جۇرۇيلىن قاتارلىق ئوفىتسېرلەرنىڭ ھەممىسى يۈەن داخۇانىڭ يېقىنى بولۇپ، ئۇلار قوزغىلاڭچى ئاما بىلەن كەسكىن سوقۇشتا، يۈەن داخۇانى جېنىنىڭ بېرىچە قوغداپ، قوزغىلاڭچى ئاما بىلەن ئەشەددىي دۈشمەنلەشتى، ھەتتا ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قۇربان قىلىشتىنمۇ يانمىدى. يۈەن داخۇا مۇشۇ بىر بۆلۈم ئادەملەرگە يۆلىنىپ، بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىكىدىكى "ئۈرۈمچى" قوزغىلىڭىنى دەھشەتلىك باستۇردى. ياڭ زېڭشىن بۇ بىر تارىخىي ئەھۋالنى ئەسلىگەن چېغىدا "يۈەن داخۇا شىنجاڭدا ھەربى - مەمۇرى ۋالىي بولغىنىدا، "لۈيجاڭ، تۈەنجاڭ، ليەنجاڭ، پەيجاڭغا ئوخشاشلار، ئىچكىرىدىن بىللە ئەكەلگەن ئۆزىنىڭ ئادەملىرى ئىدى. ۋەزىپىنى قولغا ئېلىپ ئىككى - ئۈچ ئايدىلا، قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرلىرىنى يەڭگۈشلەپ بولدى" دەپ ئېتىراپ قىلغان ئىدى. "ئەگەر يۈەن ۋەزىپىنى قولغا ئالغان ۋاقتىدا، قۇرۇقلۇق ئارمىيىنىڭ كونا ئوفىتسېرلىرىنى ئالماشتۇرمىغاندا، قۇرۇقلۇق ئارمىيە ھەربىيلىرىنى ساقلاپ قالالمايتتى، ليۇشيەنجۇن ئېزىقتۇرمىسىمۇ ھەربى مەمۇرى باشلىق يۈەن خەتەرلىك ئورۇنغا چۈشۈپ قالاتتى" ②. ياڭ زېڭشىن گەرچە ئەكسىيەتچى ھوكۇمران سىنىپلارنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ بۇ بىر بۆلۈم تارىختىن خۇلاسە چىقاردى، لېكىن ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئۈرۈمچى قوزغىلىڭىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى بەزى ئەمەلىي ئەھۋالنى ئەكس ئەتتۇردى. ئۈرۈمچى قوزغىلىڭى گەرچە مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، تارىخ تەرەققىي قىلدى، ئىنقىلاب ئالغا باستى، دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت كۆز قارىشى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. بۇ، ئەكسىيەتچى ھوكۇمران سىنىپلارنىڭ سۇبيېكتىپ ئىرادىسى قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدىغان تارىخىي ئېقىم ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، يۈەن داخۇا گەرچە ئۈرۈمچى قوزغىلىڭىنى باستۇرغان بولسىمۇ، لېكىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى فېئودال ھوكۇمرانلىقىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالمىدى. ئۈرۈمچى قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولۇپ 10 كۈندىن كېيىن، بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىكىدىكى ئىلى قوزغىلىڭى پارتلىدى. ئىلى قوزغىلىڭى ئۈرۈمچى قوزغىلىڭىغا ئوخشىمايتتى، ئۇ ۋاقىتلىق غەلىبە بىلەن ئاخىرلاشقان ئىدى، بۇ قوزغىلاڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى فېئوداللىق ھوكۇمرانلىقىنى ئاغدۇرۇۋەتتى. ئۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈرەش تارىخىدا شەرەپلىك سەھىپە قالدۇردى.

مۇھەممەدىن ۋېلىم تەرجىمىسى

---

① جۇڭ گۇاڭشىنىڭ «شىنخەي. شىنجاڭدىكى ۋەقەنى تېچلاندۇرۇش خاتىرىسى» جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىي ماتېرىياللار توپلىمى «شىنخەي ئىنقىلاۋى» 7 - قىسىم، 442 - بەت.

② ياڭ زېڭشىن: «سەھۋەنلىكتىن ئىبرەت ئېلىش ھوجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلەر» A توپلام، دەسلەپكى قىسمى 57 - بەت.

# 1830 - يىلدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەقەسىنىڭ خاراكتېرى توغرىسىدا

سەي جىنسۇڭ

1830 - يىلى 9 - ئايدىن 12 - ئايغىچە (داۋگۇاڭنىڭ 10 - يىلى 8 - ئايدىن 11 - ئايغىچە) يەنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنى تىنجىتىپ 2 يېرىم يىل ئۆتكەندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىدىكى تۆت شەھەردە يەنە بىر قېتىم غايەت چوڭ ئىجتىمائىي پاراكەندىچىلىك يۈز بەردى. 30 مىڭ قوقانلىق باستۇرۇپ كىرىپ، قەشقەر، يېڭىسارنىڭ كونا شەھەرلىرىنى (ئۇيغۇر شەھەرلىرىنى) بېسىۋالدى. ئاندىن بۇ ئىككى يەردىكى يېڭى شەھەرلەرنى (خەنزۇ شەھەرلىرىنى) ۋە يەركەننىڭ كونا شەھىرى (ئۇيغۇر شەھىرى) بىلەن يېڭى شەھىرى (خەنزۇ شەھىرى) نى قورشىۋالدى؛ چىغاۋۇل قىسمى توپ - توغرا ئاقسۇ، خوتەنگە قىستاپ باردى. 3 ئاي داۋام قىلغان يېغىلىقتا يېزا - قىشلاقلار تالان - تاراج قىلىندى، خەلق ئازاپ - ئوقۇبەت ئىچىدە قالدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 30 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر يۆتكەپ، 8 مىليون سەر كۆمۈش خەجلەپ، يېغىلىقنى بېسىقتۇردى. شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى جۇڭگولۇق ۋە چەتئەللىكلەردە بۇ قېتىمقى ۋەقەنىڭ خاراكتېرى توغرىسىدا ئوخشاش بولمىغان 3 خىل نۇقتىنەزەر مەيدانغا كەلدى. بىر خىل نۇقتىنەزەردىكىلەر، بۇ قېتىمقى ۋەقە جاھانگىر خوجا ۋەقەسىنىڭ داۋامى، جاھانگىر خوجا رەھبەرلىك قىلغان، "يەرلىك ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مىللىي زۇلۇم ۋە يەرلىك ئاھالىنى كەمسىتىش سىياسىتىگە قارشى قوزغىلاڭ" دېيىشتى (تىخۋىنسكى: «جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى، 120 - بەت). بىز بۇ قاراشنى "خەلق قوزغىلىڭى" دېيىدىغان نۇقتىنەزەر دەپ يىغىنچاقلايمىز. يەنە بىر خىل نۇقتىنەزەردىكىلەر بۇ ۋەقەنى يۈسۈپ خوجا توپىلىڭى دەپ قارايدۇ. 3 - خىل نۇقتىنەزەردىكىلەر بۇ ۋەقەنى قوقاننىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا قىلغان تاجاۋۇزچىلىقى دەپ قارايدۇ.

ئىلمىي - پەندە ئوخشاش بولمىغان نۇقتىنەزەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە مۇنازىرە قىلىش ئىلمىي - پەننى راۋاجلاندۇرىدۇ ۋە گۈللەندۈرىدۇ، لېكىن تەتقىقات خىزمىتىدە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش روھى بولۇشقا، تارىخىي پاكىتلارغا ئەقەللىي دەرىجىدە بولسىمۇ ھۆرمەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. سوۋېت سوتسىيال جاھانگىرلىكىنىڭ ياللانما ئالىملىرى 1830 - يىلدىكى ۋەقەنى جاھانگىر خوجا ۋەقەسى بىلەن ئوخشاش خاراكتېردىكى "خەلق قوزغىلىڭى" دەۋالدى، بۇ، غەرەزلىك بۇرمىلاش.

### جاھانگىر خوجا ۋەقەسىنىڭ خاراكتېرى زادى قانداق؟

جاھانگىر خوجا (1790 - 1828 - يىللار) چوڭ خوجا بۇرھانىدىننىڭ نەۋرىسى، سام-

ساق (1755 - 1811 - يىللار) نىڭ ئىككىنچى ئوغلى. بۇرھانىدىن خوجا توپىلاڭ كۆتىرىپ بول-
غۇنچىلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن 1759 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن جەنۇبىي شىنـ-
جاڭدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، سامساقتىن باشلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇخارا، قو-
قان قاتارلىق جايلىرىغا قېچىپ بېرىۋالغان خوجا ئەۋلادلىرى ئىرىلىش مەقسىتىدىكى توپىلاڭ-
چىلىقنى زادى توختاتمىدى. سامساق 1763 - يىلى بۇخارادا ئەكسىيەتچى دىنىي ئىتتىپاق تۈزدى،
1784 - يىلى قەشقەرگە مەخپىي ئادەم ئەۋەتىپ، قەشقەر بەگلىرى بىلەن ئالاقە باغلاپ، توپ-
لاڭغا تەييارلاندى. 1797 - يىلى سامساقنىڭ چوڭ ئوغلى يۈسۈپ خوجا (؟ — 1836 - يىللار)
جەنۇبىي شىنجاڭغا چېقىلىپ، ئىشى ۋۇجۇتقا چىقمىدى. 19 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدىن باش-
لاپ جاھانگىر خوجا كۆچ توپلاشقا كىرىشتى، 1820 -، 1824 -، 1826 - يىللىرى ۋە 1827 -
يىلىنىڭ ئاخىرى بولۇپ جەنۇبىي شىنجاڭدا 4 قېتىم توپىلاڭ قوزغىدى. ئۇنىڭ مەقسىتى "قە-
دىم جايىمنى قايتۇرۇۋېلىش"، "ئاتا - بوۋىسىنىڭ ئىشلىرىنى ئۇنتۇماسلىق" ئىدى. («ئۇيغۇر ز-
مىنىنى تىنجىتىش تەدبىرلىرى» 2 - كىتاپ 14 -، 17 - بەتلەر). قىسقىسى، چوڭ - كىچىك خو-
جىلار (بۇرھانىدىن، خوجا جاھان خوجىلار — ت) نىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەل-
تۈرۈپ، ئەكسىيەتچى يانچىدارلار، ئاخۇنلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى، سىياسىي بىلەن دىن بىر-
لەشتۈرۈلگەن ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش ئىدى. شۇڭا جاھانگىر خوجا ۋەقەسىنىڭ خاراكتېرى نا-
ھايىتى روشەنكى، تارىخ ئېقىمىغا قارشى بولغان بىر خىل ئىرىلىش ھەركىتى ئىدى. دىنىي تە-
سىر ئىنتايىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان جەنۇبىي شىنجاڭدا، خەلقنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ يەرلىك
ئەمەلدارلىرىغا ۋە بەگلەرگە بولغان نارازىلىقىدىن پايدىلىنىپ، پەيغەمبەر ئەۋلادى دېگەن باي-
راقنى كۆتىرىپ چىقىپ بىر مەزگىل ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇۋېلىش — بۇ تامامەن چۈشىنىشلىك
ئىش. بۇنىڭلىق بىلەنلا ئۇنى "خەلق قوزغىلىڭى" دېيىشكە بولمايدۇ. تارىخ بىزگە ئۇقتۇردى-
كى، جاھانگىر خوجا توپىلاڭچىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى، خەلق ئاخىر ئۇلاردىن ۋاز كەچ-
تى. سوۋېت سوتسىيال جاھانگىرلىكىنىڭ ياللانما ئالىملىرى كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىپ مۇنداق بىر
پاكىتنى كورمىدىكى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئىسيانىنى بېسىقتۇرۇش داۋامىدا ھەر مىللەت
خەلق ئامىمىسىنىڭ، ئاز سانلىق مىللەت يۇقۇرى تەبىقە كىشىلىرى بىلەن دىنىي زاتلارنىڭ قول-
لىشىغا ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشتى. بۇلارنىڭ كۈچى بولمىغاندا، ئىسيانىنى بېسىقتۇرۇشتا غەلىبە قى-
لىش مۇمكىن بولمىغان بولاتتى. ھەر مىللەت خەلقى، خۇسۇسەن ئۇيغۇر خەلقى ئۇرۇش يۈكى-
نى ئۈستىگە ئالدى، ئۇلار ھۇجۇمغا ئۆتۈپ دۈشمەننى قىردى، ئاخبارات يەتكۈزۈپ بەردى،
دۈشمەن ئەھۋالىنى چارلىدى، ئات، ئاشلىق، يەم - خەشەك، ھارۋا، پاختىلىق كىيىم ئىئانە
قىلدى، يول، كۆۋرۈك ياسىدى، قۇدۇق قازدى، ھەربىي ئوزۇق - تۈلۈك، قورال - ياراق تو-
شۇدى ۋە بۇ ئىشلاردا ئىنتايىن باتۇرلۇق، چىدامىلىق كورسەتتى.

ھەر قېتىمقى ئۇرۇشتا ئۇيغۇرلاردىن تەشكىل قىلىنغان قوشۇن جەڭگە قاتناشتى. مەسى-
لەن، جاھانگىر خوجا 3 - قېتىم بېسىپ كىرگەندە، شايارda 250 ئۇيغۇر ئەسكەر ئىساق بەگنىڭ
يېتەكچىلىگىدە ئالدىنقى سەپكە ئاتلاندى. قۇمباش دەرياسى بويىدىكى ئۇرۇشتا (1826 - يىل
و - ئاي) ئۇيغۇر خەلقى دۈشمەننى باتۇرلۇق بىلەن قىردى. ئۇچتۇرپان يېنىدا ئىسيانچىلار-

نى تازىلاش جەريانىدا قالدى ـ قاتتىق دۈشمەننى تۇتتى؛ قەشقەر، يېڭىسار، يەركەن، خوتەنلەرگە يۈرۈش قىلغاندا، ئۇيغۇرلار دۈشمەن ئۈستىدىن پايلاقچىلىق قىلدى، چىڭ قوشۇنىغا يول باشلىغۇچى بولدى؛ جاھانگىر خوجا چېگرىدىن قاچقاندا، 600 ئۇيغۇر قوشۇن تۈزۈپ جەڭگە چىقتى؛ ئاخىرىدا جاھانگىر خوجىنى تىرىك تۇتۇشتا، دۈشمەنگە ھەممە بىردەك نەپرەت ياغدۇرۇپ، دۈشمەنگە باتۇرلۇق بىلەن قوغلاپ زەربە بېرىپ، توپىلاڭنى تارمار قىلىش قەتئىي ئىرادىسىنى تولۇق نامايان قىلدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى دۈشمەنگە ئەسىر چۈشۈپ قالغاندا، دۈشمەننىڭ زورلۇق ـ زومبۇلۇقلىرىنى قاتتىق سوكۇپ، ئادالەتنى تەكىتلەپ، ئۆلسىمۇ دۈشمەنگە تىز پۈكمىدى. بەزىلىرى دۈشمەنگە سېتىلماي، ئالدانماي، جاھانگىر خوجىنىڭ ئەكسىيەتچى خەت ـ چەكلىرىنى مەلۇم قىلىپ، ئۇنىڭ جىنايىتىنى پاش قىلدى ھەتتا بىر نەچچە قېتىم جاھانگىر خوجىنى مەخپىي ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇش ۋەقەسىمۇ يۈز بەردى. خوتەن، يەركەنلەردە، جاھانگىر خوجىنىڭ ئىشەنچلىك ئاكابىرلىرىنى تىرىك تۇتۇش، توپىلاڭچىلارنى ئۆلتۈرۈش، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن توپىلاڭ كۆتىرىلدى.

قەشقەردە جىلىن، جىياڭشى، گۈيجۇ، سەندۇڭ، فۇجەن، خېنەن، خۇنەن، خۇبېي، گۇاڭدوڭ، گۇاڭشى، جېجىياڭ، سەنشى، شەنشى، گەنسۇ ئۆلكىلىرىدىن كەلگەن مىڭدىن ئوشۇق سودىگەر شەھەرنى قوغداش ئۈچۈن قۇربان بولدى.

جاھانگىر خوجا 3 ـ قېتىم باستۇرۇپ كىرگەن ۋاقىت تازا ياز كۈنلىرى ئىدى. بۇچاغدا قاراشەھەردىكى تۇرغۇت، خوشۇت قەبىلىلىرىدىكى چارۋىچىلار يايلاۋدا ئىدى. ئۇلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، شەھەردىن 500 چاقىرىم يىراقتىكى يۇلتۇزدىن قايتىپ كېلىپ، ئۆزلىرى ئات، قورال ـ ياراق تەييارلاپ، مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئۇيۇشتۇرۇپ ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقتى، بۇ موڭغۇل ئەسكەرلەر قۇمباش دەرياسى بويىدىكى ئۇرۇشتا ئىنتايىن باتۇرلۇق كۆرسەتكەچكە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مۇكاپاتلاندى.

جاھانگىر خوجا چېگرىدىن قېچىپ چىققان مەزگىلدە، قىرغىز، قازاق خەلقلىرىمۇ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئىسيانچىلارنى تۇتۇشىنى قوللىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ياردەملىشىپ جاھانگىر خوجىنىڭ ئىزىنى چارلىدى ۋە ۋاقتىدا خەۋەر قىلدى؛ بەزىلىرى تەھدىتتىن قورقماي، ئالدانماي، جاھانگىر خوجىنىڭ ئەسكەر، ئات ئېلىش ئالۋىڭىغا قارشى چىقتى. 1826 ـ يىلى 4 ـ ئايدا جاھانگىر خوجىنىڭ يېقىن كىشىلىرى ئادەم، ئات يىغىش ئۈچۈن جول ساياق قەبىلىسىگە كېتىۋاتقاندا، ساغىر ـ ساياق قەبىلىسى كىشىلىرى تەرىپىدىن تىرىك تۇتۇۋېلىندى. 5 ـ ئايدا جاھانگىر خوجا توققۇزتارا ئەتراپىدا كۈن كەچۈرۈشكە نائىلاج قېلىپ، چوڭ باغىش قەبىلىسىگە خوشنا بولغان بايار دېگەن جايدا ئېرىق ـ ئۆستەڭ چېپىپ يەر تېرىشقا ئادەم ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ يېقىن كىشىسى شۇ يەردە تۇرۇپ ئۆلتۈرۈلدى.

مەملىكىتىمىزنىڭ پامىر رايونىدىكى قىرغىز خەلقىمۇ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ھەمكارلىشىپ، جاپا ـ مۇشەققەت، خېيىم ـ خەتەرلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ئىسيانچىلارنى قوغلاپ تۇتۇپ، ئىسياننى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشقان.

ھەر مىللەت خەلقى يەنە ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى توشۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ،

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاقسۇدىكى 30 مىڭ ئەسكىرىنىڭ ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلدى. بۇ چاغدا چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى بۇ قېتىمقى ئىسياننى بېسىقتۇرۇشقا كېتىدىغان ھەربىي ئاشلىق - تەمىنات ئۈچۈن ئۈرۈمچىدە ساقلانغان ئاشلىق بىلەن ئىلىدىن سېتىۋېلىنغان ئاشلىقنى ئىشلىتىپ، ئىچكىرىدىن توشۇلىدىغان ئاشلىقنىڭ كۆپ قىسمىنى تېجەپ قېلىشنى قارار قىلدى. ئىلىدىن ئاقسۇغا كېلىشتە تيانشان تېغىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ، ئىككى رايوننىڭ ئارىلىقى 1300 چاقىرىمدىن ئۇزاق بولۇپ، 14 ئۆتەڭ بار ئىدى. كوكچاغايدىن تامغاتاشقىچە بولغان 140 نەچچە چاقىرىم ئارىلىق مۇز داۋان بولۇپ، يول خەتەرلىك تېيىلغاق ئىدى، ئۇلاق تەستە ماڭاتتى. ئۇيغۇر خەلقى ھەربىي تەمىنات ئاشلىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن 2 مىڭ كىشى چىقاردى، ھەر بىر كىشى 50 جىڭدىن ئاشلىقنى يۈدۈپ، جاپا - مۇشەققەت، خەۋپ - خەتەرگە قارىماي مۇز داۋاندىن ئۆتۈپ، ئاشلىقنى يەتكۈزۈپ بەردى. كۈچار خەلقى ئۈرۈمچىدىن كەلتۈرۈلگەن ئاشلىقنى يۆتكەش ئۈچۈن مىڭ ئادەم چىقىرىپ، 200 ھارۋا، 500 ئات، 1500 كالا، مىڭ ئېشەك ئىئانە توپلاپ ئاشلىق توشۇدى.

دەسلەپتە جاھانگىر خوجا تەرىپىدىن قايمۇقتۇرۇلغان بىر قىسىم ئۇيغۇرلارمۇ تېز ئويغاندى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى كېلىشى بىلەنلا، تەرەپ - تەرەپتە دۈشمەننى قىرىپ، چىڭ قوشۇنىغا ئەل بولدى. جەڭدە كۈچ چىقارغان ۋە خىزمەت كۆرسىتىش يولىدا ھاياتىنى قۇربان قىلغانلار ئىنتايىن كۆپ بولدى. جاھانگىر خوجىنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا بەكرەك ئۇچرىغان دولانلىقلارمۇ ئاق تاغلىقلار، خوجىنىڭ چاكارلىرى بولۇپ، كۆپچىلىكى (يەر تېرىش، ئات بېقىش، قارا قۇش بېقىش بىلەن شۇغۇللىناتتى) جاھانگىر خوجىدىن باش تارتىپ، ئۆزلىرى ساقلىغان قورال - ياراقلارنى تاپشۇرۇپ، ئىسيانچىلاردىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەنلىكىنى بىلدۈردى.

تارىختا ھەممە ئادەمنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىغان مۇشۇنداق "خەلق قوزغىلىڭى" بولغانمۇ؟ مۇشۇنداق خەلقنىڭ قوللىشىغا شۇ قەدەر ئېرىشكەن، "خەلق قوزغىلىڭى"نى باستۇرغان ھەربىي ھەرىكەت كۆرۈلگەنمۇ؟ سوۋېت سوتسىيال جاھانگىرلىكى ياللانما ئالىملىرىنىڭ مۇشۇنداق پاكىتنى قانداق چۈشەندۈرىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز. لېكىن تارىخ بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدىكى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئىسياننى بېسىقتۇردى دېگەندىن كۆرە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى جاھانگىر خوجىنىڭ ئىسيانىنى تارمار قىلدى دېگەن تۈزۈك.

دەرۋەقە، بىزنىڭ جاھانگىر خوجا ئىسيانىنى "خەلق قوزغىلىڭى" دەپ قارايدىغان نۇقتىئىنەزەرنى بىردەك "ئەكسىيەتچى" دەپ سوكۇش نىيىتىمىز يوق، ئوخشاش بولمىغان نۇقتىئىنەزەر ئۈستىدە ئۇزاققىچە مۇنازىرىلىشىشكە بولىدۇ. بۇنداق نۇقتىئىنەزەر سوۋېت سوتسىيال جاھانگىرلىكى ياللانما ئالىملىرىنىڭ نۇقتىئىنەزىرىنىڭ خاراكتېرىدىن كەسكىن پەرق قىلىدىغان باشقا بىر خىل ئىلمىي نۇقتىئىنەزەر. سوۋېت سوتسىيال جاھانگىرلىكىنىڭ ياللانما ئالىملىرى جۇڭگوغا قارشى تۇرۇشنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىيەتچى تارىخشۇناسلىق سىستېمىسىنى تىكلىگەندىن باشلاپ، شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتى بارلىق ئەكسىيەتچى نەرسىلەرنى شەرتسىز ھالدا مەدھىيىلەش ۋە كۆككە كۆتۈرۈشتە ئىپادىلىنىپ كەلدى. جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىسى، چوڭ - كىچىك خوجىلار، باماق، جاھانگىر خوجىلاردىن تارتىپ يۈسۈپ خوجا قاتارلىقلار

قوزغىغان بىر قاتار ئىسيانلارنىڭ ھەممىسىنى بىردەك «مىللىي ئازاتلىق»، «خەلق قوزغىلىڭى» دېيىشتى. بۇنىڭدىن كىشىلەرنىڭ ئاسانلا كۆرۈۋالالايدۇكى، تارىختا ئۆتكەن توپىلاڭلارنى مەدھىيىلەش ۋە ئاقلاشتىن مەقسەت — ئەمەلىيەتتە خەلق جۇمھۇرىيىتىگە قارشى تۇرۇپ، بۇ ھاكىمىيەتكە دۈشمەن بولغان بارلىق ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى قوللاش. «بىزنى يوقىتىش نىيىتىدىن يانمىدى» دىگەن ئەنە شۇ پۈتۈنلەي چۈشكۈنلىشىپ، دۇنياغا خوجا بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش قورالىغا ئايلىنىپ قالغان بۇنداق تارىخشۇناسلىقنى ئۈزۈل - كېسىل پاش قىلىشىمىز ۋە تەنقىت قىلىشىمىز لازىم.

1830 - يىلدىكى ۋەقەنىڭ خاراكتېرى ھېچقانداق «خەلق قوزغىلىڭى» ئەمەس ئىكەن، ئۇنداق بولسا، ئۇ زادى قانداق ۋەقە؟ خوجىلار توپىلىڭىمۇ؟ ياكى قوقانلىقلارنىڭ تاجاۋۇزىمۇ؟ ياكى ھەر ئىككىسىنىڭ قېتىشمىسىمۇ؟ ئەگەر ھەر ئىككى تەركىب بار دېيىلسە، قايسىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ؟ مېنىڭ نۇقتىئىنەزىرىمچە، 1830 - يىلدىكى ۋەقە قوقان ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى خوجا ئەۋلادلىرىدىن ئىبارەت تىرىلىش كۈچلىرىنى توپلاپ ئېلىپ بارغان ھەربىي تاجاۋۇزچىلىق. بۇ نۇقتىئىنەزىرىمنى تۆۋەندىكى ئۈچ تەرەپتىن ئىسپاتلايمەن.

## 1. ۋەقەنىڭ سەۋەبى

1830 - يىلى قوقانلىقلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىش سەۋەبى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنى بېسىقتۇرغاندىن كېيىن قوللانغان تاشقى ئىشلار تەدبىرى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

توپىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى جاھانگىر خوجىغا 1828 - يىلى 6 - ئايدا بېيجىڭدا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. لېكىن، توپىلاڭغا قاتناشقانلارنىڭ كۆپچىلىكى بۇرۇندىن تارتىپ خوجا ئەۋلادلىرى توپىلاڭ ئۇيۇشتۇرۇپ كەلگەن بارىگا — قوقانغا قېچىپ بېرىۋالغاچقا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قوقان دائىرىلىرىدىن توپىلاڭچىلار كاتتىۋاشلىرىنى ۋە قوقانغا ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كېتىلگەن غەربىيتىكى تۆت شەھەر ئاھالىسىنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. داۋگۇاڭنىڭ 8- يىلى 2- ئاينىڭ ئاخىرىدا (1824 - يىلى 4 - ئاينىڭ باشلىرىدا) دۆلەت كاتىۋى چاڭ لىڭ قاتارلىقلار قوقان، بۇخارا دائىرىلىرىگە ئۇقتۇرۇشنامە ئەۋەتىپ: ئەگەر «يۈسۈپنى ۋە ئىسيانچى جاھانگىر خوجىنىڭ بالا - چاقىسىنى قايتۇرۇپ بەرسەڭلار، كۆپ ئىنئام بەرگەنىمىزنىڭ ئۈستىگە ئۇلۇغ خاقانىمىز قوقانلىقلارنىڭ يەنە بۇرۇنقىدەكلا سودا قىلىشىغا رۇخسەت قىلىدۇ، بۇخارالىقلارغىمۇ بەدەخشان ئارقىلىق كېلىپ سودا قىلىشىغا رۇخسەت قىلىدۇ ھەم باج ئېلىنمايدۇ. قايتۇرۇپ بەرمىسەڭلار، سودا قىلىشىڭلارغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ» دىگەن («چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تاشقى ئىشلارغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار» داۋگۇاڭ دەۋرىگە ئائىت 2 - جىلد). ئۇزاق ئۆتمەي، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنە قوقان دائىرىلىرىدىن مەجبۇرى ئەگەشتۈرۈپ ئېلىپ كەتكەن ئەسكەر ۋە خەلقنى قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، قىسقىسى يۈسۈپ خوجىنى ۋە جاھانگىر خوجا ئائىلىسىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ۋە ئەسىر قىلىپ كېتىلگەن ئەسكەر، خەلقنى قايتۇرۇپ بېرىشتە سودا بېجى ئالماسلىقنى شەرت قىلدى. لېكىن قوقان دائىرىلىرى مەككارلىق بىلەن ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. داۋگۇاڭنىڭ 8- يىلى 5 - ئايدا، قوقان

دائىرىلىرى ئەلچى ھەم سودا كارۋىنى ئەۋەتتى. قوقان ئەلچىسى جەنۇبىي شىنجاڭدا ۋەقەدىن كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل بولغان خان ئەلچىسى نايەنچىڭغا ئېلىپ كەلگەن خەتتە "جاھانگىر خوجىنىڭ قولغا چۈشۈشى خۇدانىڭ تەقدىرىدۇر، بۇنىڭ ئۈچۈن مۇھتەرەم جاڭجۇنلەرنى مۇبارەكلەيمىز. ئەسىر چۈشكەن قالدى ئەسكەر ۋە سودىگەرلەرنىمۇ قايتۇرىمىز. لېكىن قۇرئاندا خوجاملارنى قايتۇرۇش ھەققىدە ئايەت يوق" دېيىلگەن. يەنى بىر تەرەپتىن، دوستانە قىياپەتتە بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ توپىلاڭنى بېسىقتۇرغانلىقىنى تەبرىكلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ماھىيەتلىك مەسىلىدە ئۆزلىرى ئىزچىل قوللاپ كەلگەن توپىلاڭ باشلىقلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى رەت قىلغان. دېمەك نۇقتىدىن تەھلىل قىلغاندا، قوقان دائىرىلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەۋلادى دەپ ئاتالغان خوجىلارنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى رەت قىلىشىنىڭ سەۋەبى بار، لېكىن بۇنى ھېساپقا ئالمىغاندا، يەنە تېخىمۇ چوڭقۇر سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى خوجىلارنى دەسمى قىلىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە پوپوزا قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىقتىسادىي، سىياسىي ئىمتىيازلىرىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئىدى.

قوقان دائىرىلىرى ئاسلارنى تاپشۇرۇشنى رەت قىلغانلىقتىن، نايەنچىڭ قوقان دائىرىلىرىگە كەسكىن تەدبىر قوللاندى: ئەنئەنىۋى رەسمىي - يوسۇننى بۇزۇپ، ئەلچىنى قوبۇل قىلمىدى ۋە ئۇنىڭغا ئىنئام بەرمىدى، ئۇنى قاتتىق پايلاپ، ئۇنىڭ "ئەنجانغا بېرىۋالغان ۋە بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلار بىلەن ئالاقە قىلىشقا رۇخسەت قىلمىدى، سودا - سېتىق قىلىشقىمۇ رۇخسەت قىلمىدى"، 80 ئەسكەرنى بويرۇپ ئۇنى چېگرىدىن چىقىرىۋەتتى. بۇ ھەرىكەت چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى. داۋگۇاڭخان نايەنچىڭنى تەقدىرلەپ، "قىلغىنىڭ ناھايىتى يوللۇق، مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىدەك بوپتۇ، ناھايىتى ماختاشقا ئەرزىيدۇ" دېگەن ھەم مۇبارەك قەلىمى بىلەن گۈل چەككەن يەلپۈگۈچ، يەلپۈگۈچ قېپى، ئېپار - زەپەر خالتىسى ئەۋەتىپ، غەمخورلۇق بىلدۈرگەن.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوقان بىلەن سودا مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈشى (بۇ ئىش ئەمەلىيەتتە داۋگۇاڭنىڭ 7 - يىلىدىن باشلانغان) قوقان ئۈچۈن قاتتىق زەربە ئىدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە، قوقان خانلىقىنىڭ بايلىق مەنبەسى ئاجىز ئىدى، بېزا ئىگىلىكىدىن باشقا، تۈزۈككىنە ئىگىلىكى يوق بولۇپ، خۇددى نايەنچىڭ ئېيتقاندەك "قوقانغا قاراشلىق ئەنجاننىڭ سودا - سېتىقتىن باشقا مۇقىم بايلىقى يوق" ئىدى («مەرىپەتلىك جەسۇر بەگ نايەنچىڭنىڭ خانىغا سۇنغان مەلۇماتى» 80 - جىلد، 36 - بەت). ۋېي يۈەننىڭ: "قوقان خانلىقىنىڭ ئىقتىسادى ئاجىز، يەرلىك مەھسۇلاتى ئاز بولۇپ، پۈتۈنلەي بازارغا كىرگەن سودا ماللىرىدىن ئېلىنىدىغان باج بىلەن خانلىقنىڭ خىراجىتىنى قاپلايدۇ" دېگەن. دېمەكچىكى، ئۇنىڭ بىردىن بىر جان تومۇرى تاشقى سودا بولۇپ، دۆلەتنىڭ مالىيە ئىقتىسادى، خان ھاكىمىيىتىنىڭ مۇقىم بولۇشى، ئاساسەن، سودىدىن ئېلىنىدىغان باجغا باغلىق بولغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بولغان سودىنى ئۈزۈپ قويۇشى ئۇنىڭ مالىيە مەنبەسىنى ئۈزۈپ تاشلىغانلىق بىلەن باراۋەر بولۇپ، قوقان بۇنىڭغا تاقەت قىلالمايتتى، قورال كۈچى ئىشلەتمەي ئامالى يوق ئىدى، شۇڭا سودىنى ئۈزۈپ تاشلاش قوقان دائىرىلىرىنىڭ تاجاۋۇز قىلىشىدىكى بىرىنچى ۋە بىۋاستە سەۋەپ ئىدى.

بۇنىڭدىن باشقا، چىڭ سۇلالىسى يەنە قوقان دائىرىلىرىنى يىلىم قالدۇرۇش ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىش بويىچە بىر قاتار نىزامنامىلەرنى يولغا قويىدى. مەسىلەن، ئۇنىڭدا چاي، رەۋەن ئېكسپورتىنى مەنئى قىلىش، شىنجاڭدا 10 يىلدىنچە تۇرغان ئەنجانلىقلارنى ھەيدەپ چىقىرىش بەلگىلەنگەن، 10 يىلدىن ئاشقانلارغا "بىردەك ئۇيغۇر ئاھالىسى قاتارىدا قارىلىپ ئالۋان - ياساق قويۇلىدۇ، دېخانچىلىق قىلىشقىلا يول قويۇلۇپ، سودا - سېتىق قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ؛ چېگرىدىن چىقىپ كېتىشكە ئىلتىماس سۇنسا، رۇخسەت قىلىنىدۇ، لېكىن يەنە قايتىپ كېلىشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ؛ بالا - چاقىلىقلار قاچان كۆپەيسە ياكى ئازايسا، ۋاقتىدا مەلۇم قىلىدۇ؛ پەرزەنتلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن نىكاھلىنىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ؛ بالا - چاقىسىزلارنىڭ بالا - چاقىلىق بولۇشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ؛ ئۆي مۈلكى بارلارنىڭ يەنە ئۆي سېلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ؛ تېرىلغۇ يېرىنى 100 مودىن ئاشۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، بۇ سانىدىن ئېشىپ كەتكىنى مۇسادىرە قىلىنىدۇ. ئەمىر - پەرمانغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار ۋە مەنئى قىلىنغان نەرسىلەرنى يوشۇرغۇچىلار ھەيدەپ چىقىرىلىدۇ" دېيىلگەن. (يۇقىرىقى كىتاب، 80 - جىلد، 87 - بەت).

شۇ چاغلاردا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بارلىق چەتئەللىكلەر ئەنجانلىق دېيىلەتتى، لېكىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھەيدەپ چىقارماقچى بولغان ئەنجانلىق، ئاساسەن، قوقانلىقلار ئىدى، ئۇزاق ۋاقىتلار مابەينىدە شىنجاڭدا تۇرغان ئەنجانلىقلارنىڭ سودا - سېتىق، دېخانچىلىق، جازانىخورلۇق بىلەن شۇغۇللانغانلىرى ئاز ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىلىرى شىنجاڭدا تەئەللۇق تۇپلاپ، ئۆيلىنىپ، پەرزەنتلىك بولۇپ، پەيدىن - پەي بىر خىل ئىجتىمائىي كۈچ بولۇپ قالغان ئىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەنجانلىقلارنى ھەيدەپ چىقىرىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب شۇكى، ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىلىرى جاھانگىر خوجا توپىلىڭىغا مەدەت بەرگەن ياكى قاتناشقان ئىدى، دېمەك ئەنجانلىقلار بىر خىل ئىچكى ئاپەت بولۇپ، ئۇلارنى ھەيدەپ چىقارمىسا، ئاپەت تۈگىمەيتتى. نايەنچىڭ بۇ تەدبىرنى يولغا قويۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندۈرگەندە مۇنداق دېگەن: ئەنجانلىقلار "ئۇزاققىچە بىزنىڭ تەۋەيىمىزدە سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللانغان، ئەھۋالىمىزنى ياخشى بىلىدۇ، سىرت بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىپ، ئەھۋال ئۇقتۇرىدۇ. ئاسى جاھانگىر خوجا چېگرا سىرتتىكى ئەنجانلىقلارنى قول - چوماق، بۇيەردە قالغان ئەنجانلىقلارنى تايانچ قىلغان، ئۇ توپىلاڭ قوزغاش بىلەنلا تارمار بولۇپ كەتتى. ئاساسىي جاھانگىر خوجا توپىلىڭى بىزنىڭ قاشا رولىنى ئۆتەپ تۇرغان بويرۇتلارنى رەنجىتىپ قويغىنىمىزدىن، شۇنىڭدەك ئەنجانلىقلارنىڭ ئىچكى - تاشقى جەھەتتىن ماسلىشىپ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشقا پېتىنغانلىقىدىن ۋۇجۇتقا چىققان. ئەگەر يەنە يول قويۇلىدىغان بولسا، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يەنە زور ۋەقە تۇغۇلۇشى مۇمكىن." دېمەك، ئەنجانلىقلارنى ھەيدەپ چىقىرىش ئۆتكەنكى تەجرىبە - ساۋاقنى قوبۇل قىلغانلىق بولۇپ، تارىختىكى مەغلۇبىيەت يولىغا قايتا قەدەم قويۇشتىن ساقلىنىش ئىدى.

داۋگۇاڭنىڭ 8 - يىلى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدا ئەنجانلىقلارنى ئېنىقلاش ۋە ھەيدەپ چىقىرىش ئىشى باشلاندى. ئىلى جياڭجۈنى دې يىڭئا ئىلى، تارباغاتاي شەھەرلىرىدە

ئىنقىلاپ چىقىلغان ئەنجانلىق سودىگەرلەر بېسىۋالغان 38 مىڭدىن ئارتۇق قارا چاي، 4 مىڭ 200 جىڭدىن ئوشۇق رەۋەندىنىڭ ھەممىسىنى مۇسادىرە قىلدى ھەم 18 سودىگەرنى چېگرىدىن ھەيدەپ چىقاردى. («چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تاشقى ئىشلارغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار» داۋگۇاڭ دەۋرىگە ئائىت 2 - جىلد). داۋگۇاڭنىڭ 9 - يىلى 2 - ئايدا، ئايەنچىڭنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسەن، جياچىڭنىڭ 24 - يىلى (1819 - يىل)، 25 - يىلىدىن داۋگۇاڭنىڭ 9 - يىلىغىچە (1829 - يىل)، ئىلىدا تۇرۇشلۇق ئەنجانلىقلاردىن چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال بولۇپ 1463 كىشى تۈزكۈم بويىچە چېگرىدىن چىقىرىۋېتىلدى. («ئۇيغۇر زېمىنىنى تىنجىتىش تەدبىرى» 78 - جىلد، 1 - بەت). بۇلارنى ئائىلىگە سۇندۇرۇپ، ھەر بىر ئائىلىنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5 كىشى دەپ قارىغاندا 300 گە يېقىن ئائىلە ئىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىنقىلاش دائىرىسى تېخىمۇ كەڭ بولۇپ، 7 شەھەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. كۇچار، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، يەركەن، خوتەن، قەشقەر، يېڭىساردىن ئىبارەت 7 شەھەردىن ئېلىنغان سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، ئەنجانلىق سودىگەرلەر بېسىۋالغان 9400 جىڭدىن ئوشۇق رەۋەن، 69 مىڭ جىڭدىن ئوشۇق قارا چاي (56 مىڭ سەردىن كۆپ كۆمۈشكە توغرا كېلىدۇ) ئاقتۇرۇپ مۇسادىرە قىلىنغان، 10 يىلغىچە تۇرغان ئەنجانلىقلاردىن 289 ئائىلە ھەيدەپ چىقىرىلغان، بۇ، 7 شەھەردىكى جەمى 1783 ئائىلە ئەنجانلىقنىڭ 16 پىرسەنتىنى ئىگىللىگەن. دەرۋەقە، ئايەنچىڭنىڭ سانلىق مەلۇماتى ئانچە دىگۈدەك توغرا بولمىغانلىقىنىڭ ئۈستىگە ئىلگىرى - ئاخىرقى سانلىق مەلۇماتىدىمۇ ئوخشىماسلىق بار. («مەرىپەتلىك جەسۇر بەگ ئايەنچىڭنىڭ خانغا سۇنغان مەلۇماتى» 80 - جىلد، 83 -، 84 - ۋە 86 -، 87 - بەتلەر؛ «ئۇيغۇر زېمىنىنى تىنجىتىش تەدبىرى» 69 -، 75 - جىلد). پەقەت يۇقۇرىدىكى سانلاردىنلا قارىغىنىمىزدا، ھەيدەپ چىقىرىلغانلار سان جەھەتتىن ئانچە كۆپتەك قىلمىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھەيدەپ چىقىرىلغانلار ئاز ئەمەس ئىدى. داۋگۇاڭنىڭ 9 - يىلى 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قەشقەر سەنزەن داچىنى زالۇڭئانىڭ چېگرا سىرتىدىكى ئەھۋالنى مەخپى بايان قىلغان مەلۇماتىدىن قارىغاندا، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان ئەنجانلىقلار 2 مىڭ ئائىلىچە بولغان. دېمەك، ئەمەلىي سان مەلۇم قىلىنغان ساندىن 3 ھەسسىدىن جىق. بۇ ھال ھەيدەپ چىقىرىلىش دائىرىسىنىڭ كېڭەيگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، نىزامنامە بويىچە ھەيدەپ چىقىرىلىدىغانلار 10 يىلغىچە تۇرغان ئائىلىلەر بىلەنلا چەكلىنەتتى. 10 يىلدىن ئاشقانلار ھەيدەپ چىقىرىلمايتتى، بۇ پىرىنسىپ ئىدى. بۇ، ئەمەلىيەتتە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ بىر تەدبىرىلا بولۇپ، ئەنجانلىقلارنى تولۇق ھەيدەپ چىقىرىش يەنىلا ئۇنىڭ نىشانى ئىدى. ئايەنچىڭ داۋگۇاڭنىڭ 8 - يىلى 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىكى مەلۇماتىدا ناھايىتى ئوچۇق ئېيتقان: "10 يىلغىچە تۇرغانلار ۋە ھازىر مەنئى قىلىنغان نەرسىلەرنى ساتقانلارنىڭ ھەممىسى ئاۋال ھەيدەپ چىقىرىلىدۇ. قالغانلىرىنىڭ تۇرۇۋېرىشىگە ھازىرچە رۇخسەت قىلىنىپ، ئۇلار خاتىرجەم قىلىنىدۇ. كېيىن قاراچاي، رەۋەنلەرنى ئوغرىلىقچە چېگرىدىن چىقارغانلىقى ياكى مەنئى قىلىنغان نەرسىلەرنى بېسىۋالغانلىقى تەكشۈرۈش ئارقىلىق مەلۇم بولۇپ قالسا ياكى باشقىلار تەرىپىدىن ئەرز - شىكايەت قىلىنسا، قىلمىشى، جىنايەت ئۆتكۈزسىلا ھەيدەپ چىقىرىلىدۇ. بۇ ئىش چاندۇرماي داۋاملاشتۇرۇلسا، بىر نەچچە يىل-

دىن كېيىن بىرنى قويماي ھەيدەپ چىقىرىۋەتكىلى بولىدۇ" («مەرىپەتلىك جەسۇر بەگنىڭ خانغا سۇنغان مەلۇماتى»، 73 - جىلد 32 - بەت). نىزامنامىنىڭ تۈپ نۇقتىسى "بىرنى قويماي ھەيدەپ چىقىرىش"قا مەركەزلەشكەن. بۇ نىزامنامە ئىجرا قىلىنىش داۋامىدا، بۇخارا، كەشمىر، بەدەخشان، ۋاخان، بالتىستان قاتارلىق مەملىكەت ۋە رايونلارنىڭ بىرمۇنچە سودىگەرلىرىمۇ ھەيدەپ چىقىرىلغان، بۇلارنىڭ سانى ھەتتا ھەيدەپ چىقىرىلغان ئەنجانلىقلارنىڭ سانىدىن ئېشىپ، 341 ئائىلىگە يەتكەن، بۇلارنىڭ ئىچىدە يالغۇز يەركەندىكىلەر 306 ئائىلىگە يەتكەن.

شۇڭا چىڭ سۇلالىسى ئەنجانلىقلارنى ھەيدەپ چىقىرىشتا زەربە بېرىش دائىرىسىنى تولىمۇ كېڭەيتىۋېتىپ، ئۆزى ئۈچۈن دۈشمەننى ھەددىدىن ئارتۇق كۆپەيتىۋالدى. ئائىلىلىك ئەنجانلىقلارنىڭ ھەممىسىلا توپىلاڭغا قاتناشمىغان ئىدى، نەتىجىدە كۆپچىلىكى ھەيدەپ چىقىرىلدى؛ ھەيدەپ چىقىرىلغانلارنىڭ مال - مۈلكىنىڭ ھەممىسى مۇسادىرە قىلىندى، بالا - چاقىلىرى ئۇلاردىن ئايرىۋېتىلىپ شىنجاڭدا قالدۇرۇلدى. بۇ ئادەملەرنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇنداق سىياسىتىدىن قاتتىق نارازى بولۇشى مۇقەررەر ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى 1830 - يىلى قوقانلىقلار باستۇرۇپ كىرگەندە، بۇ ۋەقەنىڭ ئاكتىپ قاتناشقۇچىلىرى بولۇپ قالدى. 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى قەشقەر يېڭىشەھەرگە قورشاپ ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇلار توپ - توپ بولغان ھالدا سېپىل خەندىكىنىڭ بويىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، قوغلاپ چىقىرىلغانلىقى ئۈچۈن بۇ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشكە قاتناشقانلىقى توغرىسىدىكى ئەلەمنى بايان قىلىپ مۇنداق دېيىشكەن: "بىز چيەنلۇڭ، جياچىڭ يىللىرىدىن باشلاپ مال - تاۋار ئەكىلىپ سودا - سېتىق قىلىپ كەلگەن، ئۇلۇغ خاقاننىڭ زور مەرھەمىتىگە مۇيەسسەر بولغان...... 6 - يىلى جاھانگىر خوجا ئىسيان كۆتەردى، بىزنىڭ بۇ ئىش بىلەن ئالاقىمىز يوق ئىدى، ھېچ سەۋەبسىزلا بىزنى چېگرىدىن ھەيدەپ چىقىرىۋەتتىڭلار، چاي، رەۋەنلىرىمىزنى مۇسادىرە قىلىۋالدىڭلار. بىز سودا - سېتىق قىلىشساق دەپ ئادەم ئەۋەتسەك، چېگرىدىن كىرىشكە رۇخسەت قىلمىدىڭلار، ئۇنىڭ ئۈستىگە دارۋاسلار، بەدەخشانلىقلار، غالچىلارنىڭ چېگرىدىن كىرىشكە رۇخسەت قىلدىڭلار، ئۇلارنى ناھايىتى ئىززەت - ئىكرام قىلىپ كەتتىڭلار، ئۇلار بىزنىڭ چاكارلىرىمىز ئىدى، بىز غەزەپتىن ئۆزىمىزنى باسالماي سىلەر بىلەن ئۇرۇشتۇق" («فۇلۇڭئانىڭ ئەرزنامىسى»).

قىسقىسى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەنجانلىقلارنى ھەيدەپ چىقىرىش سىياسىتىنىڭ، مەيلى ئەمەلىي ئىجرا قىلىنىش داۋامىدا بولسۇن ۋە ياكى ئۇنىڭ ئاقىۋىتىدە بولسۇن، زەربە بېرىش دائىرىسى بەك كەڭ بولۇپ كەتكەن. دۆلەت تەۋەلىكىدىن ئېيتقاندا، يالغۇز قوقانلىقلار بولۇپ قالماستىن، قوقانلىق ئەمەسلەرمۇ خېلى بار ئىدى. ۋاقىت جەھەتتىن ئېيتقاندا، 10 يىلغىچە تۇرغانلارمۇ بار ئىدى، 10 يىلدىن كۆپ تۇرغانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى؛ ھەيدەپ چىقىرىلغانلارنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، توپىلاڭغا قاتناشقانلارمۇ بار ئىدى، توپىلاڭ بىلەن مۇناسىۋەتسىزلەرمۇ بار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، چەتئەللىكلەر شىنجاڭدا سودىگەرچىلىك قىلغان ئىكەن، ھامان ئۇلارنىڭ بېسىلىپ تۇرغان ماللىرى بولىدۇ، ھېچبىر سۈرۈشتۈرمەيلا ھەممىنى قارا قويۇق مۇسادىرە قىلىشمۇ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىك. شۇڭا 1830 - يىلى قوقانلىقلارنىڭ

باستۇرۇپ كىرىشىدىكى ئىككىنچى بىۋاستە سەۋەب چىڭ سۇلالىسىنىڭ ماللارنى مۇسادىرە قىلىغانلىقى ۋە ئەنجانلىقلارنى ھەيدەپ چىقارغانلىقى بولغان. بۇ ھەقتە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىمۇ ئۆزىنى بىر مۇنچە تەكشۈرگەن، مەسىلەن، داۋگۇاڭ مۇنداق دەپ قارىغان: "قوقانلىق، ئەنجانلىق ئىسيانچى ئوغرىلارنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈپ كىرىپ ۋەقە تۇغدۇرۇشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلارنىڭ ماللىرى مۇسادىرە قىلىنىپ ئۆزلىرى ھەيدەپ چىقىرىلغاچقا، قوسىقىدا غۇم ساقلاپ، ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈۋېلىشقان" («داۋگۇاڭ دەۋرىدىكى چىڭ سۇلالىسى تارىخى» 184 - جىلد، 12 - بەت). چاڭ لىڭمۇ مۇنداق دەپ قارىغان: "ئەنجانلىقلار ھەيدەپ چىقىرىلغاچقا تىرىكچىلىك قىلىشقا ئامال قىلالماي، بىر نەچچە رەت ئىلتىپات تىلىگەن، زالوڭئا بولسا ئەھۋالغا قاراپ يۇقۇرىغا مەلۇمات سۇنمىغان، كۈندىن-كۈنگە ئۇلارنىڭ غەزىۋى ئېشىپ، قوقانلىقلار بىلەن بىرلىشىپ، بورۇتلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئۇلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن. بۇ قېتىم چېگرىدىن بېسىپ كىرىپ ۋەقە تۇغدۇرۇشىنىڭ سەۋەبى دەل ئەنە شۇ بولغان. بۇنىڭدىن باشقا ئۇقسان يوق" («مەرىپەتلىك مەدەتكار گۇڭچاڭلىڭنىڭ ئۆزى تۈزگەن يىلنامە» 4 - جىلد، 11 -، 12 - بەتلەر). زالوڭئامۇ بۇ سىياسەت "ئەسلىدە ئىچكى سۈيىقەستنى تىنجىتىشنى مەقسەت قىلغان ئىدى، ئەكسىچە سىرتتىكىلەرگە مەدەت بېرىپ قويىدى" دەپ قارىغان. بۇ تەھلىل ۋە باھالار شۇ چاغدىكى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن ئۇيغۇن كېلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ سىياسەتتىن پۈتۈنلەي ئەكسىچە ئۈنۈم كېلىپ چىققانلىقى دەسلەپتە ئويلىنىلمىغان.

يۇقۇرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن ئىككى تەرەپنى يىغىنچاقلىغاندا، قوقانلىقلارنىڭ بېسىپ كىرىشىدىكى بىۋاستە سەۋەب ئىككى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرسى ئۇلار بىلەن بولغان سودىنى ئۈزۈپ قويۇش، ئىككىنچىسى مال - مۈلۈكنى مۇسادىرە قىلىش ۋە ئەنجانلىقلارنى ھەيدەپ چىقىرىش ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. لېكىن مەسىلە بۇلا ئەمەس. بىۋاستە سەۋەبلەر تەسادىپى ئامىلدىنلا ئىبارەت. قوقانلىقلارنىڭ بېسىپ كىرىشىدە مۇقەررەرلىك بارمۇ؟ تۈپ سەۋەب بارمۇ؟ ئۇرۇش — سىياسەتنىڭ داۋامى. قوقان دائىرىلىرىنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان سىياسىتىنى بىرقۇر سۈرۈشتۈرۈپ كۆرسەك، دەل ئۇلارنىڭ كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا بېسىپ كىرىشتىكى ھەقىقى ھەركەتلەندۈرگۈچى كۈچ بولغانلىقىنى بايقىۋالىمىز.

قوقان ئەسلىدە بۇخارا خانلىقىغا قارايدىغان دولەت ئىدى. 18 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، پەرغانىلىك ئۆزبېكلەردىن بولغان شەرىپبەگ (؟ — 1721 - يىللار) ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى پەيدىن - پەي مۇستەھكەملىدى، ئۇنىڭ نەۋرىسى ئېردەنى بەگ (1757 - 1770 - يىللار) دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇ پەرغانىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مۇستەقىل قوقان ھاكىمىيىتىنى تىكلىدى. لېكىن ئېردەنى تېخى «خان» ئاتالمىغان ئىدى. چىڭ سۇلالىسى چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى بېسىقتۇرغاندىن كېيىن، ئېردەنى پەرغانە ئويمانلىقىدىكى قوقان، مەرغىلان، ئەنجان، نەمەنگان قاتارلىق تۆت شەھەرنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە چىڭ سۇلالىسىغا ئەلچى ۋە مەكتۇپ ئەۋەتىپ، چىڭ سۇلالىسىغا تارتۇق - خىراج تۆلەيدىغان دولەت بولغان. 19 - ئەسىرنىڭ بېشىدا ئالىم (1798 - 1809 - يىللار) تەختكە ئولتۇرۇپ، ئۆزىنى «خان»

دەپ ئاتىدى، ئۆز ئىسمى يېزىلغان تىللا قۇيدۇرۇشقا باشلىدى، قوقان شۇنىڭدىن تارتىپ «خانلىق» دەپ ئاتالدى. ئۆمەرخان دەۋرىدە (1809 - 1822 - يىللار) قوقان خانلىقى تېخىمۇ تەكەببۇرلىشىپ كەتتى. مۇھەممەت ئېلى (1822 - 1842 - يىللار) دەۋرىگە كەلگەندە، قوقاننىڭ كۈچى يۇقىرى پەللىگە يەتتى. مۇھەممەت ئېلى ئەتراپقا ئۈزلۈكسىز كېڭەيمىچىلىك يۈرگۈزدى، شىمال تەرەپتە ئىلى دەرياسى، چۇ دەرياسى، تالاس دەرياسى ۋادىلىرىغا، غەرپ تەرەپتە ئويرۇتلارغا، جەنۇپ تەرەپتە قاراتېگىن، دارۋاسلارغا، شەرق تەرەپتە بۇيرۇتلارنىڭ يايلاقلىرىغا ئۈزلۈكسىز تاجاۋۇز قىلىپ تۇردى. ئۇنىڭدىن ئېشىپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۈزلۈكسىز كېڭەيمىچىلىك يۈرگۈزۈش سىياسىتىنى قوللاندى. قوقان خانلىقى شىنجاڭنىڭ بۇخارا، دارۋاس، كەشمىر، بەدەخشان ئوتتۇرىسىدىكى سودىسىنى ئۆز ئالدىغا تارتىۋالدى. قوقان سودىگەرلىرى پارابېرىش ئارقىلىق شىنجاڭدا باج تۆلىمەي سودا قىلىش ئىمتىيازىغا ئىگە بولۇۋالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چوڭ يومىشىلىك، چوڭ سودىگەر، جازانىخورلار ھەدەپ جۇڭگو پۇقرالىرىنى بوزەك قىلاتتى، ئەنە شۇنداق يوللار بىلەن شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتلىرىگە ئۈزلۈكسىز تەسىر يەت-كۈزۈپ تۇردى. ئۇلارنىڭ خۇدايىدات دەپ ئاتىلىدىغان سودا ئىشلىرى ۋەكىلى بار ئىدى (خۇدايىدات مانجۇتىلى بولۇپ، سودا - سېتىق ئاقساقىلى دېگەن بولىدۇ). قوقان دائىرىلىرى سودىگەرلەرنى چىڭ سۇلالىسىگە باج تاپشۇرماسلىققا دالالەت قىلىپ، قوقان خانلىقىغا باج تاپ-شۇرۇشقا مەجبۇر قىلاتتى، تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئۆز ئالدىغا خۇدايىدات تىكلەش تەلىۋىنى قويدى. بۇلاردىن باشقا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، قوقان دائىرىلىرى پۇرسەت كەلسىلا چىڭ سۇلالىسىغا قارشى خوجا ئەۋلادلىرىدىن ئىبارەت تىرىلىش كۈچلىرىنى قوللاپ، ئۇلارنىڭ بېسىپ كىرىپ توپىلاڭ قىلىشىغا ياردەم قىلاتتى. شۇڭا بەزى چەتئەل ئالىملىرى قوقان دائىرىلىرىنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ بېرىۋاتقان كېڭەيمىچىلىك ھەرىكىتىنى «مۇستەملىكىچىلىك ھەرىكەت» دېگىنىنىڭ مەلۇم ئاساسى بار ئىدى. يۇقىرىقىدەك ئەھ-ۋالنىڭ تۇغۇلۇشىغا، بىر تەرەپتىن، قوقان دائىرىلىرىنىڭ سىياسىتى سەۋەپ بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، چىيەنلۇڭدىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى دۆلىتىنىڭ بارا - بارا زەئىپلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى ۋە شىنجاڭدا سىياسىنىڭ چىرىكلىشىپ كەتكەنلىكىمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

شۇڭا ۋەقەنىڭ خاراكتېرىنى ئۇنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەۋى ئارقىلىق تەھلىل قىلغاندا، ئەينى زاماندىكى ئاساسىي زىددىيەت خوجىلاردىن ئىبارەت تىرىلىش كۈچلىرى بىلەن چىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بولماي، بەلكى قوقان خانلىقى بىلەن چىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. خوجىلار تەرەپتىن ئېيتقاندا، جاھانگىر خوجىغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن، يۈسۈپ خوجا بۇخاراغا قېچىپ كەتكەن، شۇ چاغدا تىرىلىش ئۈمىدى بولسىمۇ، لېكىن تىرىلىش ئۈچۈن كۈچ يوق ئىدى. قوقان دائىرىلىرىنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان كېڭەيمىچىلىك سىياسىتى دەل ئۇنىڭ بېسىپ كىرىشىدىكى تۈپ سەۋەپ بولغان، چىڭ سۇلالىسىنىڭ توپىلاڭنى بېسىقتۇرغاندىن كې-

يېڭى ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش تەدبىرلىرى بولمىغاندىمۇ، قوقانلىقلارنىڭ بىۋاستە بېسىپ كىرىشى ياكى خوجىلار توپىلىڭىنى قوللىشى مۇقەررەر ئىدى.

## 2. ئۇزۇندىن پىلانلانغان

1830 - يىل ۋەقەسىنىڭ خاراكتېرىنى يەنىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، قوقان دائىرىلىرىنىڭ 19 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى، ئاساسەن، 1827 - يىلدىن 1830 - يىلىنىڭ دەسلەپكى يېرىمىغىچە بولغان جەريانىدا قانداق كېڭەيمىچىلىك قىلغانلىقىنى كونكرېت قاراپ چىقىپ، 1830 - يىلدىكى بېسىپ كىرىش ئۇنىڭ كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ چۈشەندۈرۈپ ئۆتمەكچىمەن.

1822 - يىلى قوقان خانى ئۆمەر ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەت ئېلى تېخى 14 - 15 ياشلىق گودەك بالا ئىدى، شۇڭا چوڭ ھوقۇق مىڭ بېشى (ۋەزىر) مۇھەممەت شېرىپنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. مۇھەممەت شېرىپ چوڭ ھوقۇقنى چاڭگىلىغا ئالغاندىن كېيىن ئىنتايىن تەكەببۇرلىشىپ كېتىپ، چىڭ سۇلالىسى بىلەن دۈشمەنلىشىپلا تۇردى ھەم ئەتراپتىكى قەبىلىلەرگە خوجايىن بولۇۋالدى. نايەنچىڭ ئېيتقانىدەك، ئۇ "ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تەگرىقۇتقا قارشىلىق كورسەتكەن، ئۆز يېرىنىڭ بېگى بولغان مۇھەممەت ئېلىنى ئالدىغان، سىرتقا قارىتا خوشنا قەبىلىلەرگە تەھدىت سالغان، ھەيۋە كۆرسىتىش يولى بىلەن ئۆز ئابرويىنى مۇستەھكەملىگەن" نەرسە ئىدى («چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تاشقى ئىشلارغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار» داۋگۇاڭ دەۋرىگە ئائىت 2 - جىلد). 19 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدىن تارتىپ، قوقان خانلىقىنىڭ كۈچى بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىدىكى ئېلىمىز رايونلىرىدا كېڭەيىشكە باشلىدى.

1. قوقان خانلىقىنىڭ شەرققە قاراپ كېڭەيىشتىكى بىرىنچى قەدىمى ئېلىمىزنىڭ قىرغىز مىللىتىنى تارتىۋېلىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە تەۋە بولۇشقا مەجبۇر قىلىش بولدى. مەسىلەن، قەشقەرنىڭ غەربىدىن تاكى ئوش يېنىغىچە بولغان جايلاردا كۆچمەنلىك قىلىپ كەلگەن ئېلىمىزنىڭ ئادىگىنا قەبىلىسىنى قوقانلىقلار خېلى بۇرۇنلا بېسىۋېلىپ، ھەر يىلى ئۇلارغا ئەسكەرلىككە ئالۋاڭ قويغان، ئۇلار يەنە ئېزىلىشكە ئۇچرىغان، "ئالۋاڭ - ياساق، قاقتى - سوقتى دەستىدىن ھەممىسى كۈن كەچۈرەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان" («چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تاشقى ئىشلارغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار» داۋگۇاڭ دەۋرىگە ئائىت 2 - جىلد). قوقان خانلىقىنىڭ ئېلىمىزنىڭ چېگرا رايونلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە تاجاۋۇز قىلىپ كېڭەيمىچىلىك يۈرگۈزۈشى ئۇزۇن مۇددەتلىك، مۇرەككەپ بىر جەريان؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەل - يۇرتىنى قوغداش ئۈچۈن قوزغىلىپ قارشىلىق كورسەتكەن، ئاجىزلىق قىلغان چاغلاردا بىرلىشىپ دۈشمەنگە ئورتاق تاقابىل تۇرغان ياكى چىڭ سۇلالىسى ھوكۈمىتىدىن ياردەم سورىغان. كۆرەشتە يېڭىلسە، قورۇللىرىمىز ئەتراپىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان ياكى قورۇللىرىمىزدىن بۇياققا ئۆتۈپ، چىڭ سۇلالىسى ھوكۈمىتىدىن قوغداشنى تەلەپ قىلغان. ئۇلۇغيۈز قازاقلىرىنىڭ بېگى ئابدۇللانىڭ قەبىلىسى "قوقانلىقلار ئۇلاردىن قارا مال بېجى تولەشنى قايتا -

قايتا تەلەپ قىلغاندا، ئۇلار ماقۇل دېيىشكە پېتىنالماي ھەم قوغلانغۇچىلارنىڭ ئۆكتەملىك قىلىشىدىن قورقۇپ، قورۇلمىمىزغا يېقىن يەرگە كېلىۋالغان» (يۇيلىنىلارنىڭ مەلۇماتى «قوشۇنىمىزنىڭ ئۇيغۇر شەھەرلىرىنى ۋە قەشقەر قاراۋۇلىنىڭ سىرتىدىكى بۇيرۇت قەبىلىلىرىنى چارلاش ئەھۋاللىرى توغرىسىدا بايان» داۋگۇاڭنىڭ 10 - يىلى 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تەستىقلانغان) ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئىلىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئارغۇ چولى قورۇلى ئەتراپىغا كۆچۈپ كەلگەن. قىرغىزلارنىڭ تېيىت قەبىلىسىمۇ قوقانلىقلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىغان. "بەزىدە 40 - 50 ئەنجانلىق چارلاپ كېلىپ، يىلقا - كاللىلارنى تارتىۋالىدىكەن، بۇ يەردىكى نايمانلار ئاشۇنداق پاراكەندىچىلىككە ئۇچراپ تۇرغاچقا، ھەممىسى تاغ - تاققا قېچىپ كېتىشكەن" (داۋگۇاڭنىڭ 10 - يىلى 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى زالوڭئانىڭ مەلۇماتى «ئەنجانلىق باسمىچىلارنىڭ قورۇلمىمىز ئەتراپىدا چارلاش ئېلىپ بارغانلىقىدىن ئاڭلىغانلىرىم»). يەنە چىلەكتىكى نايمانلار "بۇ يىل (داۋگۇاڭنىڭ 10 - يىلى) باھاردا ئات بېشى دېگەن يەرگە كۆچۈپ كەلدى. قوقانغا يېقىن يەردىكى بۇيرۇتلار بىر نەچچە نۆۋەت قوقانلىقلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىغاچقا، ھازىر ھەممىسى قوشقار دېگەن يەرگە كۆچۈپ كەلدى" (داۋگۇاڭنىڭ 10 - يىلى 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى زالوڭئانىڭ مەلۇماتى «چېگرا سىرتىدىكى بۇيرۇتلارنىڭ جەمجەتلىكى، ئىلىدىن چېكىنگەن قوشۇنىنىڭ بىخەتەرلىك قىلغانلىقى»). بۇ ئەھۋال قوقان كۈچلىرىنىڭ ئېلىمىزنىڭ قازاق، قىرغىز قەبىلىلىرى ئۈستىگە داۋاملىق باستۇرۇپ كېلىپ، بۇ قەبىلىلەرنىڭ بىر تەرەپكە ئىچكىرىلەپ كۆچۈپ كېلىشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، بىز يەنە شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قوقانلىقلارغا قارشى كۈرىشى ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ تۇرغان، قوقانلىقلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان بەزى قەبىلىلەر يەنە جۇڭگوغا قايتىپ كەلگەن ياكى ئىچكى جەھەتتىن جۇڭگوغا تەۋە بولۇشنى تەلەپ قىلغان، بۇ ئەھۋاللارمۇ قوقانلىقلارنىڭ بۇ يەرلەردىكى كۈچىنىڭ ئانچە مۇستەھكەم بولماي، ۋەزىيىتىنىڭ داۋالغۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئادىگىنا قەبىلىسىنىڭ 20 مىڭدىن ئوشۇق ئادىمى داۋگۇاڭنىڭ 8 - يىلى قوقانلىقلاردىن ئايرىلىپ جۇڭگوغا قايتىپ كەلگەن، ئۇلار تېرەك داۋان ئەتراپىدا چارۋىچىلىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. "قوقان خانلىقىغا بېقىنىپ كەلگەن تومى كاتار، سۇلتان نايمان، بۇريات، بېكۋاتلارمۇ بىزگە تەۋە بولۇشنى تەلەپ قىلغان" (يۇقۇرقى كىتاپ). ساردون نايمانلار بىراقلا قوقانلىقلارنى بۇلاپ، چۇ دەرياسى بويىدا، تالاستا قورغان سالدۇرۇپ، ئۆي ياسىتىۋاتقان قوقانلىق بەگلەر دەرھال قايتىپ كېلىپ ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. سۇلتان نايمان، سارباغىش نايمان قەبىلىلىرى خوشنا قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ، نارىن كۆۋرۈكى دېگەن يەردە قۇرئان تۇتۇپ: "ھەممىمىز ئۇلۇغ خاقانىمىزنىڭ چېگرىدىكى قوشۇنلىرىغا تايىنىپ، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، قوقانلىقلار بىلەن ئۇرۇش قىلىمىز" دەپ قەسەم ئىچىشكەن (داۋگۇاڭنىڭ 10 - يىلى 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى خان تەستىقلىغان يۇيلەن مەلۇماتىدىن پارچە)

2. قوقان دائىرىلىرى ئېلىمىزنىڭ چۇ دەرياسى بويىدا، تالاس، توققۇزتارا، پىشكەت قاتارلىق جايلىرىدا قورغان سالدۇرۇپ، ئۆي ياسىتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن زورلۇق بىلە-

لەن باج ئالغان. قوقان دائىرىلىرىنىڭ ئېلىمىزنىڭ پەشكەت دېگەن يېرىدە قورغان سالدۇرغان ۋاقتى 1827 - يىلى (داۋگۇاڭنىڭ 7 - يىلى) غا توغرا كېلىدۇ. پەشكەت — ھازىرقى فرونزې. قورغان سالدۇرغان ئەھۋالنى ئەڭ ئاۋال قازاقلارنىڭ كۆتى (بېگى) ئابدۇللائىلى جاڭجۈنى دې يىڭئاغا مەلۇم قىلغان. داۋگۇاڭنىڭ 7 - يىلى 8 - ئايدا يۇقۇرىغا مۇنداق مەلۇمات بەرگەن: "قازاقلارنىڭ بېگى ئابدۇللانىڭ مەلۇم قىلىشىچە، بۇ يىل ئۇ چارۋىچىلىقتىن كۆزلۈك ھوسۇل ئالغاندىن كېيىن غەربكە كۆچكەندە، قوقان بەگلىرىنىڭ پەشكەتتە قورغان سالدۇرۇۋاتقىنىنى كۆرگەن. بۇ بەگلەر ئۇنىڭغا قازاقلار شۇ يەرلەرگە كېلىپ چارۋىچىلىق قىلسۇن دەپ خەت ئەۋەتكەن. لېكىن ئۇ ئۇنىمىغان". ئىككىنچى يىلىنىڭ 2 - ۋە 4 - ئايلىرىدا، دې يىڭئا بىلەن قەشقەردىكى سەنزەن داچېن ۋۇلۇڭئالار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۇ يەرلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرتكەن. تەكشۈرۈش دوكلادىدا مۇنداق دېيىلگەن: "پەشكەتنىڭ ئوت - سۈيى ئوبدان بولغاچقا، بۇرىياتلار بۇرۇندىن مۇشۇ ئەتراپتا چارۋىچىلىق قىلغان. قوقان دائىرىلىرى ئۇ يەردە بۇرىياتلاردىن باج ئالغان. بۇرىياتلار بەزىدە قوقانلىقلارنىڭ چارۋىلىرىنى بۇلاپ كېتىدىكەن. شۇڭا ئۇلار بۇ يەرگە قورغان سالدۇرغان. قورغان سېپىلىنىڭ ئېگىزلىكى بىر جاڭ، ئۇزۇنلۇغى بىر چاقىرىمچە كېلىدىكەن، ئىچىدە بىر قانچە يەردە چەللىبارالڭ ئوي بولۇپ، قوقانلىق، ئەنجانلىقلاردىن ئالاھىزەل 100 چە ئادەم تۇرىدىكەن، ئەسلىدە بۇ بۇرىياتلارنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قۇرۇلغان ئىكەن" («چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تاشقى ئىشلارغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار» داۋگۇاڭ دەۋرىگە ئائىت 2 جىلد). بۇ دوكلات بىلەن ئابدۇللانىڭ مەلۇماتى شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، 1. پەشكەت بۇرۇندىن ئېلىمىزدىكى قىرغىز مىللىتى چارۋىچىلىق قىلىپ كەلگەن يەر؛ 2. قوقان دائىرىلىرى كېڭەيمىچىلىك قىلغاچقا، قىرغىز خەلقى قارشى چىققان؛ 3. 19 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قوقان خانلىقىنىڭ كۈچى ئىسسىق كۆلنىڭ غەربىگە يېتىپ كىرىپ، ئۇ يەردە قورغان پەيدا بولغان ھەم قورغاننى ساقلايدىغان قوراللىق كۈچ بولغان؛ 4. قوقان دائىرىلىرىنىڭ باج ئېلىش نىشانىسى نارىن دەرياسى ۋە ئىسسىق كۆل بويلىرىدا چارۋىچىلىق قىلىدىغان قىرغىزلارلا بولۇپ قالماي، بەلكى باج ئېلىش دائىرىسىنى ئۇلارنىڭ شىمالى ۋە شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى شائىراق قازاقلىرىغىچە كېڭەيتىشكە ئۇرۇنغان.

بۇنىڭدىن باشقا، قوقان دائىرىلىرى 1830 - يىلى ئېلىمىزنىڭ چۇ دەرياسى بويى، تالاس ۋە قارابەل قاتارلىق يەرلىرىگە بېسىپ كىرگەن ھەم چۇ دەرياسى بويى، تالاستىن ئىبارەت ئىككى يەردە 5 قورغان سالدۇرغان. چۇ دەرياسى بويى، تالاسلار ئەزەلدىن ئىلى جاڭجۈننىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ كەلگەن، 1763 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھوكۇمىتى بۇ يەرگە خاتىرە تاش ئورناتقان. بىزنىڭ قازاق ۋە قىرغىز چارۋىچىلىرىمىز بۇ يەرلەردە چارۋىچىلىق قىلغان ھەم چىڭ سۇلالىسى ھوكۇمىتىگە ئاتلارنى ئىجارىگە بەرگەن. قوقان دائىرىلىرى بۇ يەرلەردە قورغان سالدۇرغاندىن كېيىن، ئەتراپتىكى قەبىلىلەرنى "500 كالا بىلەن ياغاچ ئېلىپ كېلىپ، بۇ يەردە ئۆي سالسۇن" دەپ مەجبۇر قىلغان. كېيىن يەنە قىرغىزلارنىڭ سىياق قەبىلىسىنىڭ توققۇزتارا دېگەن يېرىدە

قورغان سالدۇرغان. («قوقانلىقلارنىڭ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلمىدىغانلىقى توغرىسىدا بۇيرۇت بېگى ئولجىبايىنىڭ بەرگەن مەلۇماتى»)

3. قوقانلىقلار ئارىدىن كوۋرۇكى يېنىدا چېگرىنى كۆزەت قىلىۋاتقان ۋە قاراۋۇل ئالماشتۇرۇشقا چىققان چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىگە توساپ زەربە بەرمەكچى بولغان. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى مۇداپىئە قىسىملىرىنى ئالماشتۇرۇش يولى مۇنداق ئىدى: 1798 - يىلى (جياچىڭنىڭ 3 - يىلى)دىن كېيىن، قوشۇن ئىلىدىن چىقىپ، سىنتاش تېغىدىن ئۆتۈپ، تۆمۈرتىنۇر (ئىسسىق كول)نىڭ جەنۇبىدىكى بارخان چوقىسىدىن ئېشىپ، ئارىدىن كوۋرۇكىدىن ئۆتۈپ قەشقەرگە كېلەتتى. لېكىن داۋگۇاڭنىڭ 9 - يىلى قوقان خانلىقىنىڭ قوش بېگى (ھەربىي قوماندان) يەنى جاھانگىر خوجا بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا بېسىپ كىرگەن ئەنجان شەھىرىنىڭ مۇھاپىزەت سىلىكى ئەيسا «نەچچە مىڭ ئەسكەر بىلەن ئارىدىن كوۋرۇكى ئەتراپىدا قەشقەرگە مۇداپىئە قىسمىنى ئالماشتۇرۇش، ئۈچۈن ئۆتكەنلەرنى بۇلاش ئۈچۈن كۈتۈپ تۇرغان». ئۇنىڭ كونكرېت ھەركەت قەدەم - باسقۇچى مۇنداق بولغان: ئۇلار «ئىلى، قەشقەردىكى ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى ئالمىشىدىغان ۋاقىتنى كۈتكەن، بۇ ھۆكۈمەت قوشۇنلىرىنى 2 مىڭچە بار دەپ پەرەز قىلىشقان» (نەقىل كەلتۈرگۈچىدىن: ھەر يىلى ئالماشتۇرۇلىدىغان مۇداپىئە قىسىم تەخمىنەن 250 كىشىدىن كۆپرەك بولۇپ، چېگرىنى چارلىغۇچى 200 چە ئەسكەرنى قوشقاندا جەمئىي 450 نەچچىگە يېتەتتى)، ئاۋال خۇدادىن يامغۇر تىلەپ، «ھۆكۈمەت قوشۇنى يېتىپ كەلگەندە يامغۇر - بوران تەڭلا كەلسە، يول تايغاق، كوۋرۇك تار بولغاچقا، ئۇلار پاتپاراق بولۇپ كېتىدۇ»، شۇ پۇرسەتتە قول سالماقچى بولغان. (يۇقۇرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن. داۋگۇاڭنىڭ 10 - يىلى 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىكى يۈي لىن مەلۇماتىدىن پارچىلار). شۇڭا، داۋگۇاڭ ئىلى جياڭجۈنى يۈي لىننىڭ ئىلتىماسىنى تەستىقلاشقا مەجبۇر بولۇپ، 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى (1830 - يىلى 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى) بۇ يىل جەنۇپتا قوشۇن ئالماشتۇرۇشنى ۋاقىتىنچە بىر يىل توختىتىپ تۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن («چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تاشقى ئىشلارغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار» داۋگۇاڭ دەۋرىگە ئائىت 2 - جىلد).

4. قوقان دائىرىلىرى بۇخاراغا قېچىپ بېرىۋالغان مۇھەممەت يۈسۈپنى ئوغرىلىقچە قوقانغا تەكلىپ قىلىپ كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر، قىرغىز خەلقى ئارىسىدىكى تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى بېسىپ كىرىش قورالى قىلغان. قۇتلۇق دېگەن قوقانلىق كىشىنىڭ ئىقرارىدىن قارىغاندا، قوقان بەگلىرى داۋگۇاڭنىڭ 10 - يىلى 6 - ئايدا، جاھانگىر خوجا تۇتۇلغاندىن كېيىن قوقانغا قېچىپ كېلىۋالغان ھەسەن پاكار، رەھمەتۇللا دېگەن ئىككى قەشقەرلىقنى ساراڭ قىياپىتىگە كىرگۈزۈپ يۈسۈپ خوجىنى ئوغرىلىقچە قوقانغا ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇغان، يۈسۈپ خوجا قوقانغا كېلىش بىلەنلا، قوقان بەگلىرىنىڭ ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچى جەھەتتىكى ياردىمىگە ئېرىشكەن.

5. جىددىي پىلانلاپ، كۈچ توپلاپ، بېسىپ كىرىشكە تەييارلانغان. خاتىرىلەردىن قارىغاندا، 1829 - يىلى (داۋگۇاڭنىڭ 9 - يىلى) يازدا، قوقان بەگلىرىدىن ھەسەن قاتارلىقلار 4 مىڭدىن كۆپرەك ئادەمنى باشلاپ، ئاتلارغا يېڭى تاقا قاقتۇرۇپ، چېگرىدىن بېسىپ كىرمەك-

چى بولۇپ ئالاي تېغىدا تۇرۇۋاتقان». قوقان دائىرىلىرى بىلەن يۈسۈپ خوجا تەڭ ھەرىكەت قىلىشىپ، «8 - ئايدا يېڭى ئاي چىقىش بىلەنلا» قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىشنى بەلگىلىگەنلىكى توغرىسىدا ھەرقايسى قىرغىز قەبىلىلىرىگە خەت ئەۋەتكەن. سارباغىش قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى تاشتان بەگكە (بۇ ئادەم جاھانگىر خوجا توپىلىڭىغا قاتناشقان) ئەۋەتكەن خېتىدە ئۇنى قوتراتقىپ مۇنداق دېگەن: «تاشتان بەگ، سەن بولساڭ باتۇر ئادەم، نېمىشقا ئاۋال ئىلىدىكى يېقىن يەرلەرگە بېرىپ بويروتلارنىڭ يىلقىلىرىنى بۇلاپ قايتىپ كەلمەيسەن؟ بىز ساڭا ياردەمگە ئادەم ئەۋەتىمىز، ئىلىنى ئالساق، ياخشى ئەمەسمىدى؟» جەنۇبىي شىنجاڭدا جاھانگىر خوجا توپىلىڭى بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ يەردە بىر قاتار ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇپ، بولۇپمۇ ئەمەلدارلار بىلەن يەرلىك بەگلەرنىڭ ناچار قائىدە - تۈزۈملىرىنى ئېلىپ تاشلاش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ، خەلق بىلەن ھۆكۈمرانلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ۋاقىتىنچە مەلۇم دەرىجىدە پەسەيتكەنلىكتىن، ۋەزىيەت نىسبىي ھالدا بىرقەدەر مۇقىم بولغان ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا يەنە ئەسكەر كۆپەيتىش ئارقىسىدا چېگرا مۇداپىئەسى خېلى كۈچەيگەن ئىدى، مانا بۇ ئەھۋاللارغا دىققەت قىلغان قوقان دائىرىلىرى ئۆزلىرىنىڭ چەكلىك ھەربى كۈچى بىلەن مەقسەتكە يېتىشنىڭ تەسلىكىنى ھېساپقا ئېلىپ، ئارىغا بۇلغۇنچىلىك سېلىشتەك زەھەرلىك ھىيلە ئىشلەتتى: قەشقەرنىڭ ھاكىم بېگى، جۇنۋاڭى ۋە ياردەمچى داچىنى ئىسھاق قوقانلىقلارنى بېسىپ كىرىشكە بىرنەچچە قېتىم تەكلىپ قىپتۇ، ئىسھاق ئىچكى جەھەتتىن ماسلاشماقچى بولۇپتۇ، دېگەن ئۇسەك گەپنى تارقاتتى: يەنە يۈسۈپ خوجىنىڭ نامىدىن پايدىلىنىپ، ئىسھاققا سەككىز قېتىم ۋەدە قىلىشقان ئىدۇق، نېمىشقا ئاينىپ قالدىڭىز؟ دەپ سۈرۈشتە قىلىپ خەت يازدى. ئۇلارنىڭ قەبىھ مەقسىدى ئۇنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ قولى بىلەن يوقىتىپ، قەشقەرنى زەئىپلەشتۈرۈش ئىدى. پاكىت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، قوقان دائىرىلىرىنىڭ بۇ ھىيلىسى مەلۇم رول ئوينىدى، دېگەندەك، زالۇڭئا ئىسھاقنى نەزەربەنت قىلىپ قويۇپ، زور ناھەق ئەنزە پەيدا قىلدى، ئىسھاق جېنىدىن جۇدا بولغىلى تاسلا قالدى، قوقانلىقلار چېكىنگەندىن كېيىن بۇ ئىش ئاندىن ئېنىقلاندى.

يەنە بىر مەلۇماتتىن قارىغاندا، «قوقان بەگلىرى قازاق، بويروتلار بىلەن بىرلىشىپ ئاۋال ئىلىغا ئۇتۇش ئۈچۈن قوش بېگى ئەۋەتكەن. ئىلىنى ئالغاندىن كېيىن، ئىلىدىن كۈچارغا ئۆتۈپ، قەشقەر قاتارلىق ئالتە شەھەرنى ئالماقچى بولغان» («بويروت بېگى ئولجىباينىڭ قوقانلىقلارنىڭ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقى ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتى»). بۇ شۇنى كۆرسىتىدۇكى، قوقانلىقلار ئىلى ئارقىلىق بېسىپ كىرمىگەن، چۈنكى ئىلى ئارقىلىق ماڭسا، يول بەك ئۇزاق، قىيىنچىلىق ناھايىتى كۆپ بولاتتى، قازاق، قىرغىزلارنىڭ قارشىلىقى بېسىقمايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، نىسبىي ھالدا ئېيتقاندا، ئىلىنىڭ مۇداپىئەسى ۋە يۇيلىنىڭ ھوشيارلىقى قەشقەرنىڭكىدىن ۋە زالۇڭئادىن كۆپ ئۈستۈن ئىدى. شۇڭا ئاخىرى، قوقانلىقلار قەشقەر ۋە سىرىققول (سىرىقۇلمۇ دېيىلىدۇ — بۈگۈنكى تاشقورغان) ئىككى تەرەپتىن تەڭلا بېسىپ كىرىش ئۇسۇلىنى قوللاندى، لېكىن ئاساسىي كۈچ قەشقەر تەرەپكە قارىتىلغان ئىدى.

يۇقۇرىدىكى تەھلىل شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، قوقان دائىرىلىرىنىڭ كېڭەيمىچىلىك سىياسى-

تىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بېسىپ كىرىش سۈيىقەستى ئۈزۈندىن پىلانلانغان. يۈسۈپ خوجىنى قوقانلىقلار ئوغرىلىقچە تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ۋاستە سۈپىتىدە پايدىلانغان. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پايدا - زىيان مۇناسىۋىتى بولسىمۇ، لېكىن ئۆتكەن قېتىمقى توپىلاڭدىن كېيىن تېخى 3 يىل ئۆتكەن چاغدا خوجا ئەۋلاتلىرىنىڭ يەنە توپىلاڭ كۆتەرگىدەك كۈچى يوق ئىدى، شۇڭا بۇ قېتىمقى ۋەقەنىڭ خاراكتېرى خوجا ئەۋلاتلىرىنىڭ توپىلىڭى دەپ قاراش مۇۋاپىق ئەمەس.

## 3. تەركىۋى

1830- يىل ۋەقەسىنىڭ خاراكتېرىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، تاجاۋۇزچىلارنى ئەسكىرىي كۈچى، باشلىقلىرى، تەركىۋى جەھەتلەردىن تەھلىل قىلساق، ۋەقەنىڭ ئاساسىي پىلانلىغۇچىسىنى تاپالايمىز.

تاجاۋۇزچى قوشۇننىڭ ئادەم سانى ۋە باشلىقلىرى توغرىسىدا، جۇڭگودىكى ۋە چەتئەلدىكى خاتىرىلەر ئوخشاش ئەمەس، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئارخىپ ماتېرىيالىدىمۇ ھەرخىل ئېيتىلغان. لېكىن ھەرخىل ئەھۋاللار بىلەن بىرلەشتۈرۈش، خۇسۇسەن كونكرېت ئۇرۇش جەريانىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق (بۇ جەھەتتىكى مەسىلىدە كېيىن توختىلىمىز) تاجاۋۇز قوشۇننىڭ ئادەم سانى 20 مىڭدىن 30 مىڭغىچە ئىكەنلىكىنى، ئاساسىي باشلىقلىرىنىڭ قوقانلىقلار ئىكەنلىكىنى ئاساسىي جەھەتتىن مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز.

1. ئەسىرگە چۈشكەن باشلىق باراتنىڭ ئىقرارى: «مەن قەشقەردىن چىققان ۋاقىتتا، ئاتقۇل، مەھەممەت شىرىپ، باتۇربەگ، جۇت بەگ، سۇدۇربەگ، باباق، يۈسۈپ خوجا، تورە خوجا، يولداش بەگ دېگەن قوقانلىقلار بار ئىدى. پولات بى (بەگ)، ساماق (ساماق؟) بى (بەگ) لەر ھوكۇمەت ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشىمىز دەپ، 7-8 مىڭ كىشى بىلەن قەشقەردە قالغان. ئاتا نتاي، تايلىقلار كەلمىدى» («چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تاشقى ئىشلارغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار»، داۋگۇاڭ دەۋرىگە ئائىت 4 - جىلد).

بارات قوقانغا قاراشلىق تاشكەنتلىك ئادەم بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى ھوكۇمىتى ماتېرىياللىرىدا ئۇنى «ئەنجان قوشۇننىڭ باشلىقى»، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئەسكەر باشلاپ كېلىپ قەشقەر، يېڭىسار، يەركەنلەرگە ھۇجۇم قىلغان، كېيىن ئەسىر چۈشكەن دېيىلگەن. ئۇنىڭ ئىقرارى ناھايىتى ئىشەنچلىك.

2. قۇتلۇقنىڭ ئىقرارى: «مىڭ بېشى ئاغا قۇل قوقان، نەمەنگان، ئورە توپە، جىيەك، مەرغولان، ئەنجان، خۇجەنتلىكلەردىن 30 مىڭ ئادەمگە باشچىلىق قىلغان؛ لەشكەر قوش بېگى 3 مىڭ تاشكەنتلىكنى ئېلىپ كەلگەن؛ ئىسەن باتۇر بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى مۇسا 3 - 4 مىڭچە ئەنجانلىق بىلەن بويروتلارنى ئېلىپ كەلگەن. تەخمىنەن ھەممىسى 40 مىڭچە. ئۇششاق كەلگەندە 10 مىڭ ئادەمنى قايتۇرۇۋېتىپ، ھەربىر كىشىگە بىردىن تىللا بەرگەن. ياردەمگە چىقىرىلغان 30 مىڭ، بۇلاردىن جىڭ قوقانلىق باسمىچىلار 20 مىڭدىن ئاشىدۇ، بويروتلار 10 مىڭدىن ئاشىدۇ. قوقانلىق باشلىقلار مىڭ بېشى ئاغا قۇل، ئىسەن باتۇر، مۇسا، ئىمىن لەشكەر، لەشكەرقوش بېگى، رەجەپلەر بولـ

غان. قەشقەردىكى توپىلاڭچىلار باشلىقلىرى باباق، رەھمىتۇللا، مۇھەممەت ئىمىن، ھەسەن پاكار، تۇردى ئاخۇن، ياقۇپ سوپىچاق، قۇربان سوپىچاق، موللا يادىكار، توكا، يۈسۈپ خوجا، تورت-خاننىڭ ئوغلى تورە خوجا، قاسىم ئاخۇنلار بولغان. بويرۇتلارنىڭ باشلىقى غازىنىڭ ئاڭلىشىچە، يەنە بەختىباي دېگەننىڭ قول ئاستىدىكى تىيىت دېگەن ئادەم مىڭ بېشىغا ئات ئەكىلىپ بېرىش بىلەن بىللە 150تىن كۆپ ئادەمنى كەلگەن (يۇقۇرىدىكى ماتېرىيالدىن).

بىز تاپقان ماتېرىيال ئىچىدە بۇ ئەسكەر كۆچى، باشلىقلار توغرىسىدا بىر قەدەر تو-لۇقراق ئىقرارنامە ھاپلىنىدۇ. ئۇ ئەسكەر كۆچىنى 30 مىڭ دېگەن. بۇ-باراتنىڭ ئىقرارى بى-لەن ئوخشاش، قوقانلىق ئاغاقۇل دېگەن كىشى ھەممىسىنىڭ باشلىقى بولغان.

3. موللاغوجەكنىڭ ئىقرارى: "بۇيىل (داۋگۇاڭنىڭ 10 - يىلى) قوقانلىقلارنىڭ باشلىقى مىڭ بېشى ئاغاقۇل، قوقان خانزادىسىنىڭ قېيناتىسى ئىمىن لەشكەر، لەشكەر قوش بېگى، ئىسەن باتۇر، مۇسالار، قەشقەردىكى كاتتىۋاشلار باباق، ئابدۇۋەلى، موللا مۇھەممەت ئاخۇن، ھەسەن پاكار، تورەخوجىلار بىلەن بىرلىكتە 30 مىڭدىن كۆپ ئادەم بىلەن چىققان" (يۇقۇرىدىكى ماتېرىيالدىن). ئەسكەر كۆچى 30 مىڭ، باشلىقى يەنىلا قوقانلىق ئاغا قول بولغان.

4. بىز ھۆكۈمەت تەرىپىدىن رەتلەنگەن باسمىچىلارنىڭ باشلىقىنىڭ تىزىملىكىنى تاپتۇق. بۇ تىزىمدىكىلەر ئۈچ تۈرگە ئايرىلغان. بىرىنچى تۈرگە "ئۇيغۇرلاردىن يېڭى، كونا ئاسىلار"-دىن 14 كىشى كىرگۈزۈلۈپ، بىرىنچىسىگە يۈسۈپ خوجا، ئاندىن قالسا ئۇنىڭ ئوغلى تۇلۇم خوجا، باباق، ھەسەن پاكار، ياقۇپ سوپى، ئابدۇكېرىم، يېڭىسارنىڭ ھاكىم بېگى سىدىقلار يېزىلغان. ئىككىنچى تۈرگە "قوقان، ئەنجان ئاسى ئوغرىلىرى"دىن 10 كىشىنىڭ ئىسمى كىرگۈزۈلۈپ، تو-ۋەندىكىچە يېزىلغان:

"1. ئەنجانلىق مىڭ بېشى ئاغا قول.

2. ئىمىن لەشكەر، قوقان بېگىنىڭ تاغىسى.

3. لەشكەر قوش بېگى.

4. ھەيدەر قارى بەگ. 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى (11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى) جەڭدە ئۆلگەن.

5. ئىمىن باتۇر.

6. باتۇر بېشى.

7. ھېكىم تومۇرگەن: 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى (11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى) جەڭدە ئۆل-گەن. (نەقىل كەلتۈرگۈچىدىن: زالۇڭئا، رولۇڭئالارنىڭ داگۇاڭنىڭ 10 - يىلى 11 - ئاي-نىڭ 17 - كۈنى خانغا يوللىغان «شەھەر قوغداش ئۈچۈن ئوغرىلارنى قىرىش ئەھۋالى» دېگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئۇ 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئۆلتۈرۈلگەن بولىدۇ).

8. شىرىپ لەشكەر: قوقان بېگىنىڭ قېيناتىسى.

9. قۇربان بەگ دادىخا.

10. باتۇر دادىخا."

يەنىلا مۇشۇ ئاغا قولنىڭ بىرىنچى ئورۇندا تۇرغانلىقى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

ئۈچىنچى تۈرگە "بوزيروت باسمىچىلار" كىرگۈزۈلگەن (قىسقارتىلدى)، ئاخىرىدا "8 - يىلى ھەر قايسى شەھەرلەردىن ھەيدەپ چىقىرىلغان ئەنجانلىقلار بىلەن 6 - يىلى ئىسيانچىلارغا ئەگەشكەن ئۇيغۇرلار بولۇپ جەمئى 20 مىڭدىن ئارتۇق باسمىچى" ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان («قولىمىزغا چۈشكەن ئەنجانلىق باسمىچى مۇھەممەت سالى ۋە تەسلىم بولغان ئۇيغۇر موللاغازىلار ئىقرار قىلىپ ئېيتىپ بەرگەن باسمىچىلار باشلىقلىرىنىڭ رويخىتى»).

5. ۋەلىخانوپنىڭ ئېيتىشىچە: "1830 - يىلى 9 - ئايدا" يۈسۈپ خوجا 20 مىڭ قوقانلىق، 15 مىڭ تاشكەنتلىك، 2 مىڭ قاراتېگىنلىك تاغلىقلار بولۇپ جەمئى 40 مىڭ ئادەم بىلەن جەڭگە چىققان،...... ھەممە قوشۇنغا قوقان خانىنىڭ ئىنىسى بولغان مىڭ بېشى ھەق قۇلى، مىرزا شېرىپ لەشكەر ۋە تاشكەنتلىك قوش بېشى قوماندانلىق قىلغان" (زوكوت: «شەرقىي تۈركىستاننىڭ 18 - ئەسىردىن 19 - ئەسىرگىچە ئۆتكەن ئىجتىمائى تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» نىڭ 469 - بېتىدىن).

دېمەك، يۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىللەردىن باشقا، بېسىپ كىرگەنلەرنىڭ باشلىقلىرى ۋە ئەسكىرىي كۈچى جەھەتتە يەنە بىر مۇنچە ماتېرىياللارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ. يۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن ماتېرىياللارغا تەھلىل قىلساق، ئەسكىرىي كۈچ توغرىسىدىكى خاتىرىلەردە ئەڭ كوپ بولغىنى ۋەلىخانوپ ئېيتقان 40 مىڭ كىشى، باشقىلىرىدا 20 مىڭ بىلەن 30 مىڭ ئارىلىقىدا ئىكەنلىكى ئېيتىلغان. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، يۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن ئىقرارلار بىلەن ئەمەلدارلارنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھوكۇمىتىگە قىلغان دوكلادى ئەلۋەتتە بىرىنچى قول ماتېرىيال. ۋەلىخانوپ ۋەقە تىنچىتىلىپ 28 يىلدىن كېيىنكى 1858 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۇسۇپ كىرگەن. ئۇنىڭ خاتىرىسىدىكى تارىخىي پاكىتلاردا خاتالىق بار. بۇنىڭدىن باشقا، 9 ئاي ئىچىدە قوقانلىقلار قەشقەر، يېڭىسار، يەركەنلەرگە قورشاپ ھۇجۇم قىلغان ئەھۋاللار بىلەن بىرلەشتۈرگىنىمىزدە، ھەممىسىدە "10 مىڭدىن جىق ئوغرى قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى"، "10 مىڭدىن جىق ئوغرى يەركەننى پاراكەندە قىلدى" دېگەن خاتىرىلەر يېزىلغان، (10 مىڭدىن ئوشۇق ئادەم يەركەنگە ھۇجۇم قىلغاندا، قەشقەرنى قورشىۋالغان دۈشمەن 7 - 8 مىڭدىن ئاشاتتى)، يېڭىسارغا ھۇجۇم قىلغانلار بولسا بىر نەچچە مىڭ بولغان. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، يېڭىسارنىڭ ھاكىمبېگى سىدىق ئەھۋالنى ئاڭلاپ ئاسلىق قىلغاچقا، كونا شەھەر (ئۇيغۇرلار شەھرى) مۇھاپىزەتسىز قالغان، قوقانلىقلار قورقىتىپ ئەگەشتۈرىۋالغان ئۇيغۇرلار بىلەن يېڭىسارغا قورشاپ ھۇجۇم قىلغان. شۇڭا بېسىپ كىرگەن قوقانلىقلارنىڭ ئومۇمى سانىنى 25 مىڭدىن 30 مىڭغىچە دەپ قاراش ئەمىلىيەتكە ئۇيغۇنراق كېلىدۇ.

ئەمدى باشلىقلىرى بىلەن تەركىۋىنى كورۇپ چىقساق، قوقان بېگىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقمىغانلىقىنى كورىمىز، بۇ ئۇنىڭ كىچىك بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان مۇھىم شەخسلەر تۆۋەندىكى بىر نەچچە كىشى: ئاغاقۇل، ئەيسا، مۇسا، يۈسۈپ خوجا ۋە باباقلار. مەن تاجاۋۇزچىلارنىڭ تەركىۋىنى 4 خىلغا يىغىنچاقلىدىم:

1. قوقان يۇقۇرى تەبىقىسى.

يۇقۇرىدىكى تىزىملار ئىچىدە قوقانلىق، ئەنجانلىق باشلىقلارنىڭ يېزىلغىنى مۇھىم

ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز بۇ تەزكىرىلەردە ھېلىقى ئاغاقول دېگەن مىڭ بېشى (ۋەزىر) نىڭ ھامان بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇنداق بولۇشى تاسادىپى ئەمەس. ئاغاقول قوقان خانى مۇھەممەت ئەلى خاننىڭ ئاتىسى بېقىۋالغان ئىنىسى بولۇپ، قوقاننىڭ باش ۋەزىرى ئىدى. ئۇنى بۇ قېتىمقى باسقۇنچىلىقنىڭ باش قوماندانى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئىككىنچى ئورۇندىكى كىشى ئەيسا بولۇپ، ئۇ جاھانگىر خوجا توپىلىڭىغا قاتناشقان، ئەنجان مۇھاپىزەت قىسمىنىڭ قوماندانى، شۇنداقلا نەچچە مىڭ ئەسكەرنى باشلاپ كېلىپ، نارىن دەرياسى بويىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇداپىئە قىسمىنى ئالماشتۇرۇشقا كەلگەن قوشۇنىنى بۇلىماقچى بولغان باشلىق ئىدى. ئۇنىڭ "قوش بېگى" (ھەربى قوماندان) دېگەن ئۇنۋانى بار ئىدى. ئۈچىنچى ئورۇندا قويۇلغىنى مۇسا بولۇپ، ئۇمۇ ھەربى قوماندان، ئەيسانىڭ ئىنىسى ئىدى. بۇلاردىن باشقا، قوقان بەگلىرىنىڭ تاغىلىرى ۋە قېيىناتىسىنىڭ بېسىپ كىرىشكە قاتناشقانلىقى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ، ئۇلارمۇ ئەسكەرلەرنى باشلاپ ھۇجۇم قىلغان. ئۇلارنى قوماندانلىق ئىشتاۋىنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرى دېيىشكە بولىدىغۇ دەيمەن! مانا بۇ ئەھۋاللاردىن قوقان ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ بېسىپ كىرىشكە بىۋاستە قوماندانلىق قىلغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

2. يۈسۈپ خوجا باشچىلىقىدىكى توپىلاڭچىلار. بۇلار ئاساسەن، جاھانگىر خوجا توپىلىڭى بېسىقتۇرۇلغاندا قوقانغا قېچىپ بېرىۋالغان ئاق تاغلىقلاردىن تەركىب تاپقان، بۇمۇ بىر تۈركۈم ئەكسىيەتچى تىرىلىش كۈچلىرى بولۇپ، چوڭ - كىچىك خوجا، سامساق، جاھانگىر خوجىلار بىلەن تومۇرداش ئىدى. ئۇلار ھەمىشە تىرىلىش كويىدا بولسىمۇ، لېكىن كۈچى ئاجىز بولغاچقا، قوقانغا تايىنىشقا مەجبۇر بولغان. يۈسۈپ خوجىنى ھىمايىغا ئالمىغاندا، باباق مۇھىم شەخس بولغان، ئۇ ئەسلىدە قەشقەرنىڭ 4 - جىركىلىك (دەرىجىلىك) بېگى ئىدى، داۋگۇاڭنىڭ 6 - يىلى ئاسىلار تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەن. قوقان قوشۇنى قەشقەر كونا شەھەرنى ئالغاندىن كېيىن، يۈسۈپ خوجا ئۇنى مۇشۇ شەھەرنىڭ ھاكىم بېگى قىلىپ تەيىنلىگەن. ئۇ ۋە ئوغلى قوقانلىق ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشقان بولسىمۇ، لېكىن باسقۇنچىلىق مەغلۇپ بولۇش بىلەنلا خۇددى كاردىن چىققان ئىتلاردەك ئىرغىتىپ تاشلاندى. قوقان بېگى ئۇنى تاشكەنتكە ئەكەلدۈرۈپ، ئۇنىڭغا: "قېرىپ قالدىڭىز، بىر كۆزىڭىز قارغۇ بولۇپ قالدى، ئۆيىڭىزدە ئارام ئېلىڭ!" دېگەن («چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تاشقى ئىشلارغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار»، داۋگۇاڭ دەۋرىگە ئائىت 4 - جىلد).

3 . ھەيدەپ چىقىرىلغان ئەنجانلىقلار. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ ئۇلارغا پايدا - زىيان مۇناسىۋىتى بار ئىدى، ئۇلار بېسىپ كىرىش ئارقىسىدا يەر - زېمىن، مال - مۈلكىنى قايتىدىن قولغا كىرگۈزۈپ، بالا - چاقىلىرى بىلەن ھەمدەستىخان بولۇشنى كۆزلەيتتى. شۇڭا ئۇلار بۇ قېتىمقى بېسىپ كىرىشنىڭ ئاكتىپ قاتناشچىلىرى بولدى.

4 . قىرغىزلار. توپىلاڭغا زادى قايسى قەبىلە قاتناشقانلىقىنى تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما، ئاز دېگەندە، ئىككى خىل تىپ بار ئىدى. بىرسى قوقانغا بېقىنغانلار:

يەنە بىر خىلى ئۆتكەندە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مىللىي مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇلاردىن كۆڭلى سوۋۇغانلار.

بۇ 4 خىل تەركىب ئىچىدە، شۈبھىسىزكى، ئاساسىي پىلانلىغۇچى، يادرو قوقانلىق بولغان؛ يۈسۈپ خوجا بولسا ئەگەشكۈچى، قورال. ئۇ بۇخارادىن قوقانغا ئوغرىلىقچە تەكلىپ بىلەن كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، قوقان بېگى ئۇنىڭغا: "جاھانگىر خوجا خاقانى چىن تەرەپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، ئەمدى سىز قەشقەرگە بېرىپ قىساس ئېلىڭ" دېگەن. يۈسۈپ خوجا: "خىراجەت ئۈچۈن پۇل يوق؛ بىرنەچچە يۈز ئادەم بىلەن قانداق بارغىلى بولىدۇ" دېگەندە، قوقان بېگى: "سىزگە كېرەكلىك پۇل، ئادەم، كىيىم - كېچەك، ئوزۇق - تۈلۈكنى مەن جايلاپ بېرىمەن" دېگەن. يەنە ئەنجانلىق ۋە قەشقەرلىق 400 دىن جىق ئويغۇرنىڭ ھەر بىرى 4 - 5 يۈزدىن تىللا چىقىرىپ ياردەم قىلىشقان («قۇتلۇقنىڭ ئىقرارى»). بۇنىڭدىن مەلۇمكى، يۈسۈپ خوجىنى قوقان دائىرىلىرى يۆلەپ تۇرغۇزغان. قوقان دائىرىلىرى ئۇنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىرى ۋە جەزبىي كۈچى باردەپ قارىغاچقا، ئۇنىڭغا شۇنچىۋالا دەسمايە سالغان. ئەمما قوقان ئەمەلدارلىرى ئۇنى زادى كۆزگە ئىلمايتتى. ۋەقە تىنجىتىلغاندىن كېيىن، يۈسۈپ خوجا قوقانغا قېچىپ بېرىپ، مۇھەممەت ئېلىمخانغا: "مەن قەشقەرگە بارغاندا، بىر پارچە زاغرا نانچىلىكمۇ قەدىر - قىممەتىم بولمىدى، مەلىك بېشلار مېنى كۆزگە ئىلىشمىدى" دېگەن. بۇ ئەھۋال يۈسۈپ خوجىنىڭ 1830 - يىل ۋەقەسىدىكى ئورنى ۋە رولىنىڭ قانداقلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا بۇ قېتىمقى ۋەقەنى يۈسۈپ خوجىنىڭ قىلغان غازاتى دەپ قاراشمۇ مۇۋاپىق ئەمەس.

يۇقۇرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەنلىرىمىزگە ئاساسەن، مېنىڭ قارىشىمچە، 1830 - يىلدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەقەسىنىڭ خاراكتېرى سوۋېت سوتسىيال جاھانگىرلىكىنىڭ ياللانما ئاملىرى غەرەزلىك بۇرمىلىغاندەك قانداقتۇ "خەلق قوزغىلىڭى" ئەمەس، شۇنىڭدەك نوقۇللا خوجىلار توپىلىڭى ياكى نوقۇللا قوقانلىقلارنىڭ بېسىپ كىرىشىمۇ ئەمەس، بەلكى قوقان ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ خوجا ئەۋلادلىرىدىن ئىبارەت تىرىلىش كۈچلىرىنى توپلىۋېلىپ ئېلىپ بارغان ھەربىي تاجاۋۇزچىلىقى. مېنىڭ "توپلاش" دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ھەدىسە، ھو دەيدىغان ئورتاق پايدا - زىيان مۇناسىۋىتى بار. بەزىلەر ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنى "تەھدىت سېلىش" دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەپ، يۈسۈپ خوجىنى پۈتۈنلەي ئىلاجسىز قالغان، بىقۇۋۇل بولۇپ قالغان، مەجبۇر بولغان ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ، پاكىت ئۇنداق ئەمەس.

مېنىڭ بۇ ئۇقۇمسىزلىرىمنىڭ خاتا بولۇشى ئېھتىماللىغا ناھايىتى يېقىن، كۆپچىلىكنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ بېقىشى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويدۇم.

مامۇت سابىت تەرجىمىسى

# چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى

گو يۈنخۇا

## شىنجاڭ — ئەزەلدىنلا مەملىكىتىمىزنىڭ زېمىنى

شىنجاڭ قەدىمدىن تارتىپ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ كەلدى؛ شىنجاڭ رايونىدا تۇرۇشلۇق قېرىنداش مىللەتلەر قەدىمدىن تارتىپ كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزنىڭ ئەزاسى ئىدى. شىنجاڭ رايونى يېڭى تاش قورال دەۋرىدىن باشلاپ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرى بىلەن ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن ئالاقىلىشىپ كەلگەن. مىلادىيىدىن 60 يىل ئىلگىرى (خەن سۇلالىسى شۈەندى خانىنىڭ شېنجۆي 2 - يىلى) غەربىي خەن خاندانلىقى شىنجاڭدا تۇتۇق مەھكىمىسى قۇرغان ①. بۇ مەھكىمە مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن بۇ رايوندا ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەن. ئۇ چاغدا بۇ رايوندا ياشايدىغان ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەسلىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورگانلىرى غەربىي رايون تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ "نازارىتى" ئاستىدا بولغان. ئۇلارنىڭ ۋاڭ، بەگ، سەركەردە، ۋەزىر ۋە تۇتۇق بەگ قاتارلىق ئەمەلدارلىرىنى خىزمەتكە تەيىنلەش ۋە خىزمەتتىن قالدۇرۇش ئىشىنى خەن سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئىشلىگەن، ئۇلارغا تامغا بېسىپ گۇۋانامە بەرگەن ②. دېمەك، شىنجاڭ رايونى غەربىي خەن خاندانلىقى بىلەن ئادەتتىكىچە "پادىشاغا سوغا تەقدىم قىلىش" مۇناسىۋىتىدە بولماستىن، بەلكى غەربىي خەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان مەمۇرى رايون بولۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ رەسمىي تەۋەلىكىگە ئۆتكەن، ئۇنىڭ غەربىي خەن خاندانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يەرلىك ئورۇننىڭ مەركەز بىلەن بولغان تەۋەلىك مۇناسىۋىتىگە ئايلانغان. شۇنىڭدىن كېيىن مەملىكىتىمىزدە ئۆتكەن ھەر قايسى سۇلالىلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى شىنجاڭ رايونىدا مەمۇرى باشقۇرۇش ئورگانلىرىنى قۇرۇپ، بۇ رايوننىڭ ھەربىي، سىياسى ۋە ئىقتىسادىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ھەربى ۋە مۈلكى ئەمەلدارلارنى ئەۋەتكەن. ۋېي، جىن سۇلالىلىرى، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە كەلگەندە، مەركىزىي خاندانلىق ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ مەمۇرى تۈزۈمى بويىچە بۇ يەردە ۋىلايەت، ناھىيە تەسىس قىلغان ③. سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگە كەلگەندە، بۇ يەردە ۋىلايەت، ناھىيە تەسىس قىلىش بىلەنلا قالماي، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئايماق تەسىس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردىكى مەمۇرى تۈزۈم تامامەن ئىچكى ئۆلكىلەردىكى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈلدى ④. مىلادى 11 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، چىڭگىزخان شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى جايلارنى بويسۇندۇرغان-

دىن كېيىن، بۇ جايلاردا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئورناتتى. مىلادى 1271 - يىلى قۇبىلاي يۈەن سۇلالىسىنى قۇرغاندىن كېيىن، شىنجاڭ رايونىدا بىر تۇتاش مەمۇرى باشقۇرۇش ۋە ئەدلىيە ئىشلىرىنى يولغا قويغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ جاي بىۋاستە يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. ⑤ مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى ۋاقتىدا، شىنجاڭ رايونىدىكى ھەر قايسى يەرلىك كۈچلەر مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قالغان. 18 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىغا كەلگەندە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جۇڭغار قەبىلىسى ۋە چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى بېسىقتۇرۇپ، تيانشاننىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، شىنجاڭ رايونىنىڭ مىڭ سۇلالىسىدىن تارتىپ ئۇزاق مۇددەت بۆلۈنۈپ تۇرۇش ھالىتىگە خاتىمە بەردى. مىلادى 1884 - يىلى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈي خانىنىڭ 10 - يىلى)، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا رەسمى ئۆلكە قۇردى، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن شىنجاڭ ئىسىم جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى مەمۇرى رايونغا ئايرىلىش جەھەتتىنمۇ پۈتۈن دۆلىتىمىزدىكى ئۆلكىلەر بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.

## چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىنىڭ تارىخىي مۇقەررەرلىكى

مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا، شىنجاڭ رايونىدا، ئاساسلىقى، موڭغۇل، ئۇيغۇر، قىرغىز، تاجىك، قازاق قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان ئىدى. ئۇ چاغدا، تيانشاننىڭ شىمالىدا ئويرات موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى، تيانشاننىڭ جەنۇبىدا چاغاتاي جەمەتىدىن بولغان موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. 17 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا تيانشاننىڭ شىمالىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىپ يۈرگەن ئويرات موڭغۇللىرى ئىچىدىكى جۇڭغار قەبىلىسى كۈچىيىپ، باشقا قەبىلىلەرنى بويسۇندۇرۇپ، مۇشۇ رايوننىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ قالدى. مىلادى 1678 - يىلى (چىڭ سۇلالىسى كاڭشى خانىنىڭ 17 - يىلى)، جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ كۈچى تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى جايلارغا كېڭىيىپ، چاغاتاي جەمەتىدىكى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئورنىنى ئالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، شىنجاڭدا تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىي تامامەن جۇڭغار قەبىلىسىدىكى ئاقسۆڭەك كۈچلىرى تەرىپىدىن كونترول قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن جۇڭغار قەبىلىسى مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي چېگرىسىنى بولىۋالغان كۈچ بولۇپ قالدى.

جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ تەپرىقىچى كۈچلىرى مىڭ سۇلالىسى بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئالمىشىشى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بىرلىككە كەلمىگەنلىكى، چىڭ خانىدانلىقىنىڭ يېڭى قۇرۇلغان ۋاقتىدا غەربكە تۇتۇش قىلىشقا چامى يەتمىگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ تەرەققى قىلىۋالدى. جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ يۇقىرى تەبىقە ھۆكۈمران گۇرۇھى تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، گەرچە چىڭ سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي خانىدانلىقى بىلەن بولغان تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى يەنىلا ئېتىراپ قىلغان ۋە ئۇنى ساقلاپ قالغان. چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە ئۈزۈلدۈرمەي ئەلچى ئەۋەتىپ خانغا سوغات تەقدىم قىلىپ ئۆزىنى نەۋكەر

ئاتاپ، ئۇنىڭغا بولغان ساداقەتمەنلىكىنى قايتا - قايتا ئىپادىلەپ تۇرغان، "جۇڭغار قەبىلىسى
جۇڭغۇانىڭ تۇتقان يولى بىلەن ماڭىدۇ»، "جۇڭغۇا بىلەن بىر يولدا ماڭىدۇ"،[6] "جۇاڭ-
خۇا خانىنىڭ كۆرسەتمىسىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتمەيدۇ"[7]
غالىبلىقنى ئىنىق ئىپتىراپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق تەۋەلىك مۇناسى-
ۋىتى مەركىزىي ھاكىمىيەتنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشى ۋە كۈچلۈك چەكلىمىسى كەم بولغا مۇس-
تەھكەملەنمەيتتى. شۇڭا جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ ھۆكۈمران گۇرۇھى ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇ-
تۇپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە قارىتا گاھىدا ئاسىيلىق قىلىش ۋە گاھىدا بويسۇنۇشتەك
سىياسىي پوزىتسىيە قوللاندى. بولۇپمۇ 1671 - يىلى (كاڭشىنىڭ 10 - يىلى) غالدان
تەختكە چىققاندىن تارتىپ 1727 - يىلى (يۇڭجېڭنىڭ 5 - يىلى) چېۋانارابدان تەخت-
تىن چۈشكەنگە قەدەر بولغان 50 نەچچە يىل ئىچىدە جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادى
خېلى راۋاجلاندى. ئەمەلىي كۈچى خېلى ئاشتى، تەپرىقىچىلىك كۈچى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ باردى،
ئۇ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن تاشقىرى، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ
خوشنا قەبىلىلەردىن بولغان قازاقلارنى تالان - تاراج قىلدى، شىزاڭ رايونىنى بېسىۋالدى،
شۇنىڭ بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي چېگراسىدا زومىگەر بولۇۋېلىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈ-
مىتى بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە مۇقىملىنىشىغا
قاتتىق تەھدىت سالدى. كاڭشى، يۇڭجېڭ سۇلالىرى بۇ تەپرىقىچى ۋە توپىلاڭچى كۈچلەرگە
ئۈرغۇن قېتىم جازا يۈرۈشى قىلدى، كاڭشى خان شەخسەن ئۆزى باش بولۇپ 3 قېتىم جازا
يۈرۈشى قىلىپ، غالداننىڭ غالجىرانە ھۇجۇمىنى چېكىندۈردى، غالدان تۇيۇق يولغا كىرىپ
قېلىپ، زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالدى، شۇنىڭ بىلەن غالدان توپىلىڭىنى تىنجىتىشنىڭ غەلىبىسى
قولغا كەلتۈرۈلدى. لېكىن بۇ توپىلاڭنى تىنجىتىش ئۇرۇشلىرىدا قىسمەن غەلىبە قولغا كەلتۈرۈل-
گەن بولسىمۇ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ ئىچكى قىسمىغا چوڭقۇرلاپ كى-
رىپ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمران گۇرۇھىنىڭ ياشاش ۋە راۋاجلىنىش بازىسىنى ئۈزۈل - كېسىل پا-
چاقلاپ تاشلىيالمىدى. غالداننىڭ كۈچى گۇمران قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ جىيەنى
چېۋانارابدان ئۇنىڭ ئورنىنى بېسىپ، ئىلى رايونىنى ئىشغال قىلىپ، جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ باش-
لىقى بولۇۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر تەرەپنى ئىگەللىۋالدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، چار روسىيە
سىرتقا قارىتا بارلىق كۈچى بىلەن كېڭەيمىچىلىك يۈرگۈزۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ تاجاۋۇزچى كۈچ-
لىرى بارا - بارا جۇڭغار رايونىغا قىستاپ كەلدى. ئۇلار جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ ئىچكى ئىش-
لىرىغا بىۋاستە ئارىلىشىپلا قالماي، بەلكى غالداننىڭ بۆلگۈنچىلىك قىلىش ۋە توپىلاڭ كۆتىرىش
ھەركەتلىرىنى قوللىدى ۋە ئۇنىڭغا قۇتراتقۇلۇق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن دىنويرات ۋاڭ،
گۇڭلىرى ۋە ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرنى روسىيىنىڭ ئەمەلدارلىرى قىلىۋېلىش، مۇشۇ ۋاڭ، گۇڭلار
ۋە ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرگە تەۋە ئاھالىلارنى روسىيىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەيدىغان پۇقراغا
ئايلاندۇرۇش ھەمدە ئۇلار تۇرغان رايوننى روسىيىنىڭ زېمىنى قىلىۋېلىش"قا ئۇرۇندى.[8]
غالدان مەغلۇپ بولسىمۇ، چار روسىيىنىڭ تاجاۋۇزچى كۈچلىرى غالداننىڭ ئۆلۈشى بىلەن ئۆز
ھەركىتىنى توختىتىپ قويمىدى، ئەكسىنچە جىددىيلەشتۈردى. ئۇلار ئۇرغۇن قېتىم دىيراققا يۈرۈش

قىلغۇچى قوشۇن" ئەۋەتتى. بۇ قوشۇن ئېرتىش دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرىنى بويلاپ ھەربىي تايانچ پونكىتلىرى قۇرۇپ، زايسان كۆلى تەرەپكە ھەربىي قورغانلارنى سېلىپ، جۇڭغار رايونىغا قەدەممۇ - قەدەم قىستاپ كەلدى. چېۋانارابدان تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ تەپرىقىچى كۈچلىرىنى كېڭەيتىش مەستانىسى بولۇپ كېتىپ، چاررۇسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇ-مۇ كورمەسكە سالدى. ئۇ 1716 - يىلى (كاڭشىنىڭ 55 - يىلى) ئەسكەر ئەۋەتىپ شىزاڭنى ئىش-غال قىلدى. چىڭ سۇلالىسى ھوكۇمىتى 1720 - يىلى (كاڭشىنىڭ 59 - يىلى) شىزاڭغا ئەسكەر كىرگۈزۈپ، چېۋانارابداننىڭ ئەسكەرلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، شىزاڭ رايونىنى قايتۇرۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، چېۋانارابدان غەربىي رايوندا بىر مەھەل زومىگەرلىك قىلدى. 1927-يىلى (يۇڭجېڭنىڭ 5 - يىلى) چېۋانارابدان ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى غالدان سېرىن ئولتۇردى. ئۇ چاررۇسىيىنىڭ قوللىشى بىلەن چىڭ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈشكە ئۇرۇندى. يۇڭ-جېڭ خانىمۇ غالدان سېرىننىڭ توپىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئىككى قېتىم ئەسكەر ئەۋەتتى. 1731 - يىلى (يۇڭجېڭنىڭ 9 - يىلى)سېرىنغا قارشى ئۇرۇشتا غالدان سېرىن گۇاڭشيەن ئىبادەت-خانىسى (ئېرىنجو)دا قاتتىق مەغلۇپ بولدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش غالدان سېرىننىڭ ئەمەلىي-كۈچىنى قاتتىق تالاپەتكە ئۇچراتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنى ئوڭشىۋالالمىدى. 1745 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 10 - يىلى) غالدان سېرىن ئۆلۈپ جۇڭغار ھوكۇمران گورۇھى ئىچىدە ۋارىسلىق ھوقۇقىنى تالىشىپ 10 يىل يېغىلىق بولدى. ئۇزاق مۇددەت داۋام قىلغان ھوقۇق - ئورۇن تالىشىش ئۇرۇشى نەتىجىسىدە، ئويروتنىڭ 4 قەبىلىسى بىر بىرىنى يوتۇپ، بىر بىرىنى ئاجىز-لاشتۇردى. ئەسلىدىلا زاۋالغا يۈز تۇتقان جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ تەپرىقىچى كۈچلىرى تېخىمۇ زا-ۋالغا يۈز تۇتتى.

ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى 80 يىلدىن ئوشۇق داۋام قىلىپ، جۇڭغار رايونىنىڭ ئىچ تۇرمۇشى ۋە نورمال ئىشلەپچىقىرىشىنى قاتتىق ۋەيران قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ھەر مىللەت خەلقى، بولۇپمۇ ئويروت خەلقى ئۇزاق مۇددەت نامراتلىشىپ، ئاچ - يالىڭاچ قالدى، سەر-سان - سەرگەردان بولۇپ، ئۆلۈم گىرداۋىغا كېلىپ قالدى. بۇ ئەھۋال موشۇ رايوننىڭ ئىجتىما-ئىي تەرەققىياتىغا، ئۇنىڭ ۋەتەن بىلەن بولغان بىرلىكىگە توسقۇنلۇق قىلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى جەنۇبىي سىبىرىيىگە پاتال تۇردە تاجاۋۇزچىلىق ۋە كېڭەيمىچىلىك قىلىۋاتقان چاررۇسىيىگە پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەردى، بۇنىڭ بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي چېگرىسىنى چاررۇسىيە ئۆ-زىگە قوشۇۋېلىشتەك جىددى خەۋپ تۇغۇلدى. دەل موشۇنداق ئاچچىقچىلىق پەيتتە، چيەنلۇڭخان يوشۇرۇن ئاپەتنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىپ، غەربىي چېگرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئىلىغا ئەسكەر چىقىرىپ، جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ داۋاجى تەپرىقىچى كۈچلىرىنى باستۇرۇش قارارى-غا كەلدى. بۇ ھەل قىلغۇچ تەدبىر ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بولۇپ، ئۇنىڭغا خەلقنىڭ قەلبى مايىل ئىدى، ئۇ ئەينى زامانىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات تەلىپىگە ئويغۇن كېلەتتى.

17 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن 18 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھو-قۇق مەركەزگە توپلانغان فېئوداللىق ھەربىي ھوكۇمرانلىقى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا پەيدىن-پەي ئىشقا ئاشتى ۋە تەدرىجىي مۇستەھكەملەندى. كاڭشى خانى تەختتە ئولتۇرغان 60 يىلدىن ئوشۇغراق ۋاقت

ئۇچىدە غەربىي جەنۇبتىكى ۋە بىقىندا جاينىڭ تەپرىقىچى كۈچلىرىنى بارلىق كۈچى بىلەن يوقاتتى، تەيۋەندە ئېلىپ بېرىلغان چىڭ سۇلالىسىگە قارشى كۈرەشنى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى دېخانلار قوزغىلىڭىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى باستۇردى، پۈتۈن مەملىكەتنى غەربتىكى جوڭغار تەپرىقىچى كۈچلىرىنى ھىمايىقا ئالمىغاندا، بىرلىككە كەلتۈردى؛ بىر قاتار سىياسىي، ئىقتىسادىي تەدبىرلەرنى يولغا قويۇپ، جەمئىيەت تەرتىۋىنى مۇقىملاشتۇردى. ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئېگىلىكنى راۋاجلاندۇردى، بۇنىڭ بىلەن دۆلەتنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى ئاشۇردى. بۇ ھال چيەنلۇڭ دەۋرىدە جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسات ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك راۋاجلىنىشىغا ئاساس ھازىرلاپ بەردى، شۇنىڭدەك چيەنلۇڭ خاننىڭ جوڭغار قەبىلىسىدىكى تەپرىقىچى كۈچلەرنى ئۈزۈل - كېسىل بېسىقتۇرۇشىغا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مالىيە كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئاخىرىدا ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتەك چوڭ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا كۈچلۈك ماددىي ئاساس يارىتىپ بەردى.

دۆلەتنىڭ بىرلىككە كېلىشى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىشقا ۋە تىنچ تۇرمۇشقا ئېرىشىشى، جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسات ۋە مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشى، دۆلەت مۇداپىئەسىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى، جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش — تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى.

## چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلىغا ئەسكەر ئەۋەتىپ، جوڭغارنى تىنجىتىشى، تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى

1745 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 10 - يىلى)، جوڭغار قەبىلىسىنىڭ باشلىقى غالدان سېرىن ئاغرىپ ئۆلدى. ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئىككىنچى ئوغلى چىۋاندورجى نامزارى باشلىقلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدى. ئارىدىن ئاران 5 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، 1750 - يىلى چىۋاندورجى نامزارى ئۆزىنىڭ ئانا بولەك ئاكىسى لامادارزا تەرىپىدىن تەختتىن چۈشۈرۈلۈپ باشلىقلىق ئورنى تارتىۋېلىندى. 1752 - يىلى، تەختكە چىققىنىغا ئۇزاق بولمىغان لامادارزا خويت قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئامۇرسانا تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، جوڭغار قەبىلىسىگە يەنە بىر ئاقسۆڭەك داۋاجى باشلىق قىلىندى. جوڭغار قەبىلىسىنىڭ ئاقسۆڭەك گۇرۇھى ئىچىدە ھوقۇق-ئورۇن تالىشىش، بىر بىرىدىن ھوقۇق تارتىۋېلىش ئۈچۈن بىر نەچچە يىلغىچە ئۆز ئارا قىرغىنچىلىق، بىر بىرىگە ھۇجۇم قىلىش داۋام قىلدى. ئىچكى ئۇرۇش توختىمىدى. مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي رايونىدا پاراكەندىچىلىك ھۆكۈم سۈردى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى خاراپلاشتى. تارىخىي جەريان جوڭغار قەبىلىسىنىڭ سىياسىي كرىزىسى چوڭقۇرلىشىپ، ھالاكەت تەقدىرىگە يۈزلەنگەنلىكىنى تولۇق ئىپادىلىدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جوڭغار قەبىلىسىنىڭ بۇ ۋەزىيىتىنى ئالدىقاچان چۈشەنگەن، جوڭغار قەبىلىسىنىڭ تەپرىقىچى كۈچلىرىنى بېسىقتۇرۇشنى ئالدىقاچان پىلانلاپ قويغان ئىدى. چيەنلۇڭ خاننىڭ نەزىرىدە، جوڭغار قەبىلىسىنىڭ تەپرىقىچى كۈچلىرىنى بېسىقتۇرۇشنى كاڭشى،

يوڭچېڭلىك خانلار «تولۇق پىلانلاپ كېتەلمىگەن».[9] «جۇڭغار بىر كۈن تېچلاندۇرۇلمىسا، ئەل-يۇرت بىر كۈن تېچلانمايدۇ».[10] دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئۇ غەربىي چېگرىنىڭ ئۇزاق مۇددەت پارچىلىنىپ كېتىش ۋەزىيىتىگە خاتىمە بېرىپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتەك ئۇلۇغ ئىشنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ بىر بىرىگە ھۇجۇم قىلىشىۋاتقان قالايمىقانچىلىق پەيتىدىن پايدىلىنىپ، ئىلىغا ئەسكەر ئەۋەتىپ، داۋاجى تەپرىقىچى كۈچلىرىنى بېسىقتۇرۇشنى قارار قىلدى.

1754 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 19 - يىلى)، چيەنلۇڭخان ئىلىغا ئەسكەر ئەۋەتىش توغرىسىدا ۋەزىرلەر يىغىنىنى چاقىردى. نۇرغۇن ۋەزىرلەر چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى جۇڭغارنىڭ ئىچكى قىسمىغا چوڭقۇرلاپ بارسا، يولنىڭ يىراق بولغانلىقى، ھەربىي تەمىناتنىڭ كۆپلەپ سەرپ قىلىنىشى ئارقىسىدا، خۇددى يوڭجېڭنىڭ 5 - يىلى (1727 - يىلى) چىۋانسارابداغا جازا يۈرۈشى قىلغاندا چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنىڭ بوغدا تېغىدا ھەممىسى دېگۈدەك ھالاك بولۇشقا تاس قالغىنىدەك ئاقىۋەتنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئەندىشە قىلىشتى، بەزى سەركەردىلەر «خاتىرجەم ياشاشقا ئۆگىنىپ قالغان». «كۆڭلىدە ئەندىشە بار ئىدى».[11] ئۇلار ئىلىغا ئەسكەر ئەۋەتىشكە قارشى تۇردى. پەقەت باش كاتىپ فۇخېڭلا شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتنى ۋە جۇڭغار قەبىلىسىنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەسكەر ئەۋەتىشنىڭ زور ئەھمىيىتىنى ئوچۇق تونۇپ، «قەتئىي شۇنداق قىلىش كېرەك»[12] دەپ ھېساپلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەپلىك پەيتتىن پايدىلىنىپ، جۇڭغار قەبىلىسىگە ئەسكەر ئەۋەتىپ تەپرىقىچى كۈچلەرنى بېسىقتۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى قۇۋۋەتلىدى. ئۇ چيەنلۇڭ خاننىڭ ئىلىغا ئەسكەر ئەۋەتىش تەشەببۇسىنى ئاكتىپ قوللىدى ھەمدە «ھەمكارلىشىپ پىلانلىشىپ بەردى».[13] چيەنلۇڭ خانغا ياردەملىشىپ ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشلەپچىقتى. چيەنلۇڭ خان: جۇڭغار قەبىلىسىدە «بىر نەچچە يىلدىن بېرى ئىچكى قالايمىقانچىلىقلار يۈز بېرىۋاتىدۇ، قازاقلارغىمۇ قىيىنچىلىق سېلىنىۋاتىدۇ، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغىلى بولىدۇ، ئەگەر مۇشۇ پەيتنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، يەنە بىر نەچچە يىل قاراپ تۇرىدىغان بولساق، ئىلى ۋەزىيىتى بىر ئاز ئوڭشالغاندا تۇتۇش قىلساق، ئۇلار ئەسلىگە كېلىۋالىدۇ - دە، بىز ئالدىراپ قالىمىز، بۈگۈنكىگە قارىغاندا نەچچە ھەسسە ئوشۇق كۈچ چىقىرىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ» دەپ قارىدى.[14] شۇنىڭ بىلەن ئۇ بارلىق تالاش - تارتىش ۋە توسالغۇلارنى تۈگىتىپ، ئىلىغا ئەسكەر چىقىرىپ، جۇڭغاردىكى تەپرىقىچى كۈچلەرنى بېسىقتۇرۇپ، شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش قارارىغا كەلدى.

چيەنلۇڭخان، بىر تەرەپتىن، ئەسكەر يۆتكەش ۋە ئوزۇق - تۈلۈك تەييارلاش ئىشلىرىغا كىرىشتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بەندى جاڭجۈننى ئەسكەر تارتىپ بېرىپ جۇڭغار قەبىلىسىگە خوشنا بولغان ئۇرانقاي رايونىنى ئېلىشقا ئەۋەتتى. ئۇ ئالتاي تاغلىرى ئارىسىدا ئولتۇراقلاشقان ئۇرانقاي زەيسانلىرىدىن 3 كىشىنى تۇتۇۋالدى، ئۇلارنىڭ مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق كىشىلىرىنى قوبۇل قىلىۋالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەسكەرلىرىنى باشلاپ سۇربىلەن تېغىدىن ئۆتۈپ، بۇرخا چاغانتوقاي، ئېبى خوشۇت دېگەن يەرلەرگە بېرىپ، جۇڭغار زەيسانلىرىدىن كۆكچىن

مامۇت، دونمامۇت قاتارلىق كىشىلەرنى تۇتقۇزۇۋالدى، ئۇنىڭ بىلەن شىمالىي يونىلىش بويىچە يۈرۈش قىلىش بازىسىنى ئاچتى. 1754 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 19 - يىلى) نىڭ ئاخىرىدا، چيەنلۇڭ خان جۇڭغار بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى پۈتۈن مەملىكەتكە ۋە چەتئەللەرگە ئۇقتۇرۇپ، جۇڭغارغا ئەسكەر ئەۋەتىشنىڭ "پەيتى يېتىپ كەلدى؛ بۇ ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى، ئۇزاقنى كۆزدە تۇتقاندا، مۇشۇنداق قىلماي تۇرالمايمىز" دەپ ئوچۇق كۆرسەتتى،⑮ ئىلىغا ئەسكەر ئەۋەتىپ، جۇڭغار قەبىلىسىنى تىنچلاندۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. چيەنلۇڭ خاننىڭ بۇ ھەل قىلغۇچ تەدبىرى ئۇنىڭ فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىق ھاكىمىيىتىنى قوغداش مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ، فېئودال پادىشانىڭ ھەربىي ئىشلارنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش روھىدىن، ئاتالمىش "كاڭشى - چيەنلۇڭنىڭ قەلەم بىلەن ئىدارە قىلىش، ئەلەم بىلەن خىزمەت كۆرسىتىشى" دىن كېلىپ چىققىنى بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئېلىمىزنىڭ غەربىي چېگرىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئېلىمىزنىڭ غەربىي چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش ئېھتىياجىدىنمۇ كېلىپ چىققان. بۇ، ئوبيېكتىپ جەھەتتىن، غەربىي شىمال رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تىنچ بولۇشى ۋە بىرلىككە كېلىشىنى تەلەپ قىلىش ئارزۇسىغا، مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتەك ئالىي مەنپەئەتكە ئۇيغۇن كېلەتتى، شۇنىڭدەك جۇڭگو تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشىگىمۇ ئۇيغۇن كېلەتتى.

1755 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 20 - يىلى) 2 - ئايدا، ئىلىغا ئەسكەر ئەۋەتىشنىڭ بارلىق تەييارلىق ئىشى ئاياقلىشىپ، ئەسكەرلەر ئىلى رايونىغا قاراپ ئىككى يونىلىش بويىچە يولغا چىقتى، ھەر بىر يونىلىشتە 25 مىڭ ئەسكەر، 70 مىڭ ئات بار ئىدى. بەندى شىمالىي يونىلىش جياڭجۈنى بولۇپ تەيىنلەندى، ئۇ ئۇلاستايدىن چىقىپ، شىمالىي يونىلىش بويىچە يۈرۈش قىلدى؛ يۇڭچاڭ غەربىي يونىلىش جياڭجۈنى بولۇپ تەيىنلەندى، ئۇ باركۆلدىن چىقىپ، غەربىي يونىلىش بويىچە يۈرۈش قىلدى. ئۇلار ھەر قايسىسى 2 ئايلىقتىن ئوزۇق - تۈلۈك تەييارلىدى، ئۇلار بورتالا دەرياسى بويىدا جەم بولۇپ، ئىلىغا قاراپ ئىلگىرىلەشنى بەلگىلىدى.

ھەر ئىككى قوشۇن ھەربىي يۈرۈش داۋامىدا، چيەنلۇڭ خاننىڭ پەرمانىغا ئەمەل قىلىپ، ئويرات قەبىلىلىرىنى ئەل قىلىش ئىشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ئەل بولغان ئويرات قەبىلە ئەزالىرىغا قارىتا "بىردەك ھال سوراش، كۆچۈرۈۋەتمەستىن، ئۆز يېرىدە تۇرۇپ چارۋا ماللىرىنى بېقىشىغا يول قويۇش"⑯ سىياسىتىنى قوللاندى. ئالدىنى باشلاپ كېلىپ ئەل بولغان قەبىلە باشلىقلىرىنى مۇكاپاتلىدى؛ ھەربىي يۈرۈشكە ياردەم بەرگەن قەبىلە ئەزالىرىغا ئىنئام بەردى. بۇ ئىش ئويرات خەلقىنىڭ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ جۇڭغارنى تىنچلاندۇرۇشىنى ھىمايە قىلىش ۋە قوللاشقا بولغان ئاكتىپلىقىنى زور دەرىجىدە قوزغاتتى. بۇنىڭ بىلەن ھەربىي يۈرۈشكە بولغان توسقۇنلۇق زور دەرىجىدە كېمەيدى. يېغىلىقنىڭ ئازاۋىنى تازا چەككەن ئويرات خەلقى بولغۇنچىلىك ۋەزىيىتىدىن ئاللىقاچان بىزار بولغان ئىدى. ئۇلار سەرسانلىق - سەرگەردانلىققا، ئاچ - يالىڭاچ تۇرمۇشقا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن، تېزرەك بىرلىككە كەلتۈرۈپ تىنچلاندۇرۇشنى سەمىمىي ئۈمىد قىلاتتى. شۇڭا، داۋاچى تەختكە چىققاندىن تارتىپ ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ ئىچكىرىگە كۆچۈپ كەتكەن كۆپلىگەن قەبىلە ئەزالىرى ھازىر چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ داۋاچىنى بېسىقتۇرۇش ئۇرۇشىغا ئەمەلىي ھەر-

كىشى بىلەن مەدەت بەردى ۋە قاتناشتى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى شىنجاڭ رايونىغا كىرگەندىن كېيىن، ئويروتنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنىڭ «چوڭلىرىدا نەچچە مىڭ، كىچىكلىرىدە نەچچە يۈز ئۆيلۈك بار ئىدى. ئۇلار قېتىق - قايماقلىرىنى ئېلىپ، ئات - قويلىرىنى ھەيدەپ، باشقۇرۇش ئورۇنلىرىغا ئارقىمۇ - ئارقا ئېلىپ باراتتى، بەزىلىرى لەشكەرلەرنى باشلاپ مىڭ چاقىرىملاپ يول يۈرەتتى، ھەرگىز باش تارتمايتتى».⑰ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈردە توپ - توغرا بېسىپ كېلىۋەردى؛ ئىككى قوشۇن 4 - ئاينىڭ ئاخىرىدا بورتالا دەرياسى بو- يىدا ئۇچراشتى، ئاندىن كېيىن ئۇلار ئىلى رايونىغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، توپ - توغرا داۋاجى بارگاھىغا قاپساپ باردى. داۋاجى تەييارلىقسىز تۇرغانلىقتىن تەمتىرەپ قېلىپ، تاغ ۋە دەر- يالاردىن پايدىلىنىپ جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن كېدىن تېغىغا چېكىنىۋالدى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى جوڭغار قەبىلىسىدىن تەسلىم بولغان سەركەردە قارا باتۇر ئايۇش قاتارلىق 3 كىشىنى 22 ئەسكەر بىلەن ھۇجۇمغا ئەۋەتتى، ئۇلار داۋاجى بارگاھىغا كېچىسى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. داۋاجى ئالدىراپ - تېنەپ ئۇرۇشۇپ، قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، بىر قانچە يېقىنلىرىنى ئېلىپ قاچتى؛ ئۇلار كۆيلۈك داۋىنىدىن ئۆتۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا قېچىپ بارغاندا، ئۇچتۇرپان ھاكىم بېگى خوجىس تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ بارگاھىغا ئەۋەتىپ بېرىلدى، ئاندىن ئۇ پايتەخت بېيجىڭگە يالاپ ئەۋەتىلدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئىلى رايونىغا ئورۇنلا- شىشى بىلەن جوڭغار قەبىلىسىنىڭ بىر تەرەپنى بولىۋالغان ھاكىمىيىتىگە خاتىمە بېرىلدى.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئىلىغا ئورۇنلىشىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئورغۇن ئەسكەرلىرى ئىچ- كى ئۆلكىلەرگە قايتۇرۇلدى، ئىلىنى ساقلاشقا پەقەت 500 لا ئەسكەر قالدۇرۇلدى. بۇ چاغدا ئويروت خوشۇت قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئامۇرسانا ئويروتنىڭ 4 قەبىلىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشتەك ئاخمىقانە قارا نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، چارروسىيىنىڭ قۇترىتىشى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئىلىنى بوش قالدۇرۇپ قايتقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ توپىلاڭ كۆتەردى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قايتىدىن قوشۇن ئۇيۇشتۇرۇپ، 1756 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 21 - يىلى)، ئامۇرساناننىڭ توپىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئىككى يونىلىش بويىچە ئەسكەر ئەۋەتتى. 1757 - يىلى 7 - ئايدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى ۋە قەتئىي قوغلاپ زەربە بېرىشى ئارقىسىدا، ئامۇرسانا ھەممىنى بىزار قىلىپ، تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ، ئاخىر پۈتۈن قوشۇنى بويىچە تارمار بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىپ، روسىيىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. چارروسىيە ھۆكۈمىتى ئامۇرسانانى توپىلاڭ كۆتىرىشكە قۇترىتىش، قوللاش ۋە ئۇ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى ئۆز قوينىغا ئېلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى داۋاملىق تاجاۋۇز قىلىش نىڭ قورالى قىلىش ئۈچۈن، بۇلالمانىتى باقماقچى بولدى. ئەمما ھېچ كۈتۈلمىگەن ھالدا شۇ يىلى 9 - ئايدا ئامۇرسانا ئاغرىپ ئۆلدى، ئۇ قوزغىغان بۇ توپىلاڭ غىل - پال كۆرۈنۈپلا ئامۇرسانانىڭ پۈتۈن قوشۇنى بىلەن گۇمران بولۇشى، ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىپ، روسىيىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىشى، يات يۇرتتا ئۆلۈشتەك شەرمەندە ئاقىۋەتكە ئۇچرىشى بىلەن ئاياقلاشتى.

ئامۇرسانانىڭ توپىلىڭى باستۇرۇلغاندىن كېيىن، ئارقىدىنلا تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى بۇرھانىددىن خوجا (چوڭ خوجا) بىلەن خوجا جاھان (كىچىك خوجا) ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن توپىلاڭ كوتەردى. جوڭغار قەبىلىسى تىيانشاننىڭ جەنۇبىنى ئەزگەنلەپ تۇرغان چاغدا، چوڭ - كىچىك خوجىلار ئىلىدا قاماپ قويۇلغان ئىدى؛ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى جوڭغار قەبىلىسىنى تىنجىتىپ ئىلىغا كىرگەندىن كېيىن ئۇلارنى قويۇپ بەردى ھەمدە ئۇلارنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا تىيانشاننىڭ جەنۇبىنى ۋە ئىلى رايونىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىدى. ئامۇرسانا ئاسىيلىق قىلغاندا، كىچىك خوجا ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشقان ۋە ئۇنى قوللىغان ئىدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئامۇرسانا توپىلىڭىنى باستۇرغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆز جىنايىتىدىن قورقۇپ تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا قېچىپ بېرىپ، ئاكىسى چوڭ خوجىنى ۋە بىر قىسىم باشلىقلارنى ھەمدە قايمۇققان نەچچە يۈز مىڭ ئاممىنى قوترىتىپ توپىلاڭ كوتىرىپ، مۇستەقىل بولۇۋېلىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى رايونغا كىرىشىنى توساشقا ئۇرۇندى. شۇنىڭ بىلەن چيەنلۇڭ خان چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى باستۇرۇشنى قارار قىلدى. ئۇ زور قوشۇن ئۇيۇشتۇرۇپ تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا ئەۋەتتى. بۇ قوشۇننىڭ بىر يىلدىن ئارتۇق مۇشەققەتلىك جەڭ قىلىشى، كەڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، 1759 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى) چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭى تامامەن باستۇرۇلۇپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى شەھەرلەرگە ئورۇنلاشتى.

شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى ھوكۇمىتىنىڭ قوشۇنلىرى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغا تارقىلىپ، شىنجاڭ رايونىنىڭ ئۇزاق مۇددەت بولۇنۇپ كېتىش ۋەزىيىتى ئۇزۇل - كېسىل ئاياقلاشتى، چىڭ سۇلالىسى ھوكۇمىتىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۇرۇپ، غەربىي چېگرىنى تىنجىتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشى ئۇزۇل - كېسىل مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

## چىڭ سۇلالىسى ھوكۇمىتىنىڭ غەربىي چېگرىنى مۇستەھكەملەشتە كورگەن تەدبىرى ۋە شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۇرگەنلىكىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى

چىڭ سۇلالىسى ھوكۇمىتى تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى جوڭغار تەپرىقىچى كۇچلىرىنى ۋە تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنجىتقاندىن كېيىن، غەربىي چېگرىنى مۇستەھكەملەپ، شىنجاڭنى ھەقىقىي ھالدا ۋەتىنىمىزنىڭ قوينىغا كىرگۇزۇش ئۇچۇن، ھەرقايسى جايلاردا ئۇزاق مۇددەت ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، مۇداپىئە ئىشلىرىنى كۇچەيتكەندىن تاشقىرى، شىنجاڭ رايونىدا بىرقاتار زور سىياسىي ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى ۋە ئىجتىمائىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئۇرغۇن تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇپ، شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۇزۇل - كېسىل ئەمەلگە ئاشۇردى.

بىرىنچىدىن پۇتۇن شىنجاڭ دائىرىسىدە مەركەزگە تەۋە بولغان، بىرلىككە كەلتۇرۇلگەن

بىر پۈتۈن بولغان، ھەربى ئىشلار بىلەن مەمۇرى ئىشلار بىرلەشتۈرۈلگەن بىر يۈرۈش مەمۇرى
ئورگانلارنى قۇردى. يەنى شىنجاڭ رايونىنىڭ ئالى مۇلكى - ھەربى باشلىقى ۋە ئالى باشقۇ-
رۇش ئورگىنى سۈپىتىدە ھەرقايسى جايلارنىڭ ئىشىنى ئومۇمىيۈزلۈك باشقۇرىدىغان ئىلى جاڭ-
جۈنى ۋە جاڭجۈن مەھكىمىسىنى تەسىس قىلدى. ھەرقايسى جايلارنىڭ ئىشىنى ئومۇمىيۈزلۈك باشقۇرى-
دىغان ئىلى جاڭجۈنى قىسقارتىپ ئىلى جاڭجۈن دەپ ئاتالدى. ئۇ پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەربى
ۋە مۇلكى ئىشلىرىنى باشقۇردى. ھەربى ۋە مۇلكى زور ھوقۇق شۇنىڭ قولىدا بولدى. ئۇنىڭ
قول ئاستىدا دۇتۇڭ، مەسلىھەتچى ئامبال، ئىش باشقۇرغۇچى ئامبال ياكى لەشكەر بېشى
ئامبال قويۇلدى. بۇلار شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تۇرۇپ، شۇ جايلارنىڭ ھەربى ۋە
مۇلكى ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. ئۇلار ئىلى جاڭجۈنىگە قارىدى. شۇنىڭ بىلەن جەنۇب ۋە
شىمالنىڭ مەمۇرى ئىشلىرى ئۇزاق مۇددەت ئۆز ئالدىغا بولۇۋېلىش، بىر بىرىگە قارىماسلىق-
تەك تارقاقچىلىق ۋەزىيىتى تۈگىتىلىپلا قالماي، بەلكى شىنجاڭ رايونى چىڭ سۇلالىسى مەركە-
زى ھوكۇمىتىنىڭ قاتلامۇ - قاتلام بىۋاستە باشقۇرۇشىغا ئۆتۈپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە
ھەرقايسى جايلار بىلەن سىياسى تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئاساسەن بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.

ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى ئەسلىدىن بار بەگلىك تۈزۈمىنى
ئىسلاھ قىلىپ، بەگلىككە فېئوداللىق ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بەگلەرنى
تەيىنلەش، ئورنىدىن قالدۇرۇش، ئۇلارنى ئۆستۈرۈش ۋە يوتكەش ئىشلىرىنى چىڭ سۇلالىسى
ھوكۇمىتى ئېلىپ باردى. بەگلەر توغرىدىن - توغرا چىڭ سۇلالىسى ھوكۇمىتىنىڭ ئەمەلدارى
بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن فېئودال بەگلىك ھاكىمىيىتى ئاجىزلاشتى ھەمدە تارقاق ھالدا
ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇۋالغان ۋە مەركەزگە تەۋە بولمىغان بەگلەر چىڭ سۇلالىسى ھوكۇ-
مىتى تەرىپىدىن بىر تۇتاش مەمۇرى باشقۇرۇلىدىغان بولدى. بۇنىڭدىن باشقا، خەنزۇلار
توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ئىچكى ئولكىلەردىكىگە ئوخشاش ۋىلايەت - ناھىيە تۈزۈ-
مى يولغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ جايلار مەمۇرى جەھەتتىن ئىچكى ئولكىلەر بىلەن بىر-
دەك قىلىندى. مەمۇرى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش بىلەن بىللە، شىنجاڭ را-
يونىدىكى قوشۇنىنىڭ مۇداپىئە ۋە ھەربى باشقۇرۇش ئىشلىرى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. شۇنىڭدەك
پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە مۇھىم جايلاردا، چېگرا مۇداپىئە ئورۇنلىرىدا ۋە تاغلارنىڭ مۇھىم ئې-
غىزلىرى، دەريالارنىڭ مۇھىم كېچىكلىرىدە كالۇن (قاراۋۇللۇق ئورنى)، بېكەتلەر قۇرۇلدى،
دولەت چېگرىلىرىغا ئوبو (خاتىرە تاش بەلگىلىرى) قويۇلۇپ، قاراۋۇللۇق تۈزۈمى كۈچەيتىلدى.

بۇ تەدبىرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن شىنجاڭ رايونىنىڭ ئۇزاق مۇددەت بىرلىككە
كېلەلمەسلىك، باشباشتاقلىق قىلىشتەك بولگۇنچىلىك ۋەزىيىتى ئاياقلىشىپ، دەسلەپكى تارقاق
بولغان، بىر بىرىگە قارىمايدىغان مۇلكى ۋە ھەربى باشقۇرۇش ھوقۇقى چىڭ سۇلالىسى مەركىزى
ھوكۇمىتىنىڭ بىۋاستە ئىلكىگە ئۆتۈپ مەركەزلەشتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ غەر-
بى چېگرىسىنىڭ ئۇزاقتىن بېرى بولۇنۇپ كېتىش ۋە مۇداپىئەسىز قېلىش ئەھۋالى تۈپتىن
ئۆزگەرتىلىپ، شىنجاڭنىڭ ۋەتەن بىلەن بولغان ئايرىلماس تەۋەلىك مۇناسىۋىتى سىياسى جە-
ھەتتىن ۋە مەمۇرى رايونغا ئايرىش جەھەتتىن يەنىمۇ ئېنىق تىكلەندى ھەم ۋەتىنىمىزنىڭ

بىرلىكى ئۇزۇل - كېسىل ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بۇ، مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشتە، چارروسىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇشتا ھەمدە كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

چىيەنلۇڭ خان شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى ئوڭشاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، "ھەربىي جەھەتتىن تېچلاندۇرۇش، دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى يولغا قويۇش"⑱ فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شىنجاڭ رايونىنىڭ ئۇزاق مۇددەت ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچراپ خاراپ بولغان ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا كۈچ چىقاردى. پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە ھەرخىل شەكىلدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلۈپ دېھقانچىلىق قىلىش تۈزۈمى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇلۇپ، جەمئىيەتتىكى كۆپلىگەن ئەمگەك كۈچلىرى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ئۇيۇشتۇرۇلدى، قىسقىغىنە 15 يىل ئىچىدە چىيەنلۇڭنىڭ 25 - يىلىدىن 40 - يىلىغىچە پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ھەربىيلەر ۋە مەھبۇسلارنىڭ ئۆزلەشتۈرگەن يەرلىرى 288 مىڭ 100 مودىن ئاشتى، ئاھالىنىڭ ئۆزلەشتۈرگەن يەرلىرى 700 مىڭ مودىن ئاشتى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ دېھقانچىلىق قىلغان ھەر خىل كىشىلەرنىڭ سانى 700 مىڭدىن ئاشتى، ⑲ شۇ زاماننىڭ تارىخىي شارائىتىدا مۇنچىۋالا كۆپ كىشىلەرنى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ئۇيۇشتۇرۇش، مۇنچىۋالا كۆپ يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش، ھەقىقەتەنمۇ قالتىس ئىش ئىدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، "بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ دېھقانچىلىق قىلىپ، ئەسكەرلەرنى ئۇزۇق - تۈلۈك بىلەن تەمىنلەش، يايلاق ئېچىپ مال بېقىپ، ھەربىيلەرنى چارۋا مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش" فاڭجېنىغا ئاساسەن، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يايلاق ئېچىپ مال بېقىش تەدبىرى يولغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىلى، چۆچەك، بارىكۆل، ئۈرۈمچى، بويىروت (قىرغىز)لار قەبىلىسى قاتارلىق چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ھۆكۈمەتكە قاراشلىق چارۋىچىلىق مەيدانلىرى قۇرۇلۇپ، چارۋىچىلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئىلگىرى سۈرۈلدى. بۇ تەدبىرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى "بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىپ، مەبلەغنى تېجەپ"، ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتىنى ھەل قىلدى، ئوبيېكتىپ جەھەتتىن شىنجاڭ رايونىنىڭ دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇشىغا تەسىر كۆرسىتىلدى ۋە بۇلار ئىلگىرى سۈرۈلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تيانشاننىڭ شىمالىدىكى رايوننىڭ بىرلا خىل چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدىن ئىبارەت ئەسلى قالاق قىياپىتى ئۆزگەرتىلدى. دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇشى ئاساسىدا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ پۇل تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، باج - سېلىقنى يېنىكلىتىش، سودىنى رىغبەتلەندۈرۈش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى، بۇنىڭ بىلەن كان ئېچىش ۋە مېتال تاۋلاش، قول سانائىتى، سودا - سېتىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. تيانشاننىڭ شىمالىنى مەركەز قىلغان يېڭى گۈللەنگەن شەھەر - بازارلار ئارقىمۇ - ئارقا قۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىلى، ئۈرۈمچى قاتارلىق بىپايان چۆل - باياۋانلاردا نۇرغۇن شەھەر - بازارلار بارلىققا كەلدى. يېڭى سېلىنغان ئىلى سەككىز شەھىرىنىڭ بىرى بولغان كۈرە شەھىرى ئىلى جاڭجۈنى تۇرۇشلۇق جاي، شۇنداقلا پۈتۈن شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسات، مەدەنىيەت، ھەربىي

مەركىزى ئىدى، ئىلى، چۆچەك، ئۈرۈمچى، قەشقەر پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئىقتىسات ۋە سودا مەركەزلەشكەن 4 چوڭ شەھەر بولۇپ شەكىللەندى. يېڭى گۈللەنگەن بۇ شەھەر - بازارلار ئىگىلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشى جەريانىدا بارلىققا كەلدى، ئۇلار گۈللەنگەندىن كېيىن ئىگىلىكنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. ئويىروت ۋە قازاق قەبىلىلىرىنىڭ يېقىنلىقتا تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ كەتكەن ئەزالىرى جەمئىيەت تەرتىۋىنىڭ ئوڭشىلىشى بىلەن ئۆز يۇرتلىرىغا ئارقىمۇ - ئارقا قايتىپ كېلىشتى. بولۇپمۇ تورغۇت قەبىلىسىنىڭ ۋولگا دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈپ كەتكەن كۆپلىگەن ئەزالىرى 140 نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1771 - يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قايتىپ كەلگەنلەرنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردى ۋە ئۇلارغا كۆپلەپ ماددىي ياردەم بەردى؛ بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆز ئىگىلىكىنى تىكلىۋېلىپ، خوشال - خورام تىرىكچىلىك قىلدى. دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزلىرىنى ئوڭشىۋالدى. دېمەك، مۇشۇ مەزگىلدە شىنجاڭ رايونىنىڭ ئاھالىسى كۆپلەپ ئۆستى. 1760 - يىلدىن 1771 - يىلغىچە (چيەنلوڭنىڭ 25 - يىلىدىن 36 - يىلىغىچە) بولغان 10 يىل ئىچىدە، ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ سىرتتىن قايتىپ كەلگەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئومۇمى ئاھالىسى ناھايىتى تېزلىك بىلەن 10 ھەسسە ئاشتى. يۇقىرىدىكى سەۋەبلەر ئارقىسىدا، شىنجاڭ رايونىدا "دېھقانچىلىق ئىشلىرى ئەۋج ئالغان، بىپايان ئېتىزلار بارلىققا كەلگەن، باغ - سېپىلىق ۋە ئاۋان - ياساق ئىچكى ئۆلكىلەردىكىگە ئوخشاش يولغا قويۇلغان، قېرىلارمۇ ئۇرۇشنى كۆرمەيدىغان" ⑳ مۇشۇنداق بىر دېھقانچىلىق گۈللەنگەن، ئىگىلىك راۋاجلانغان، خەلق تۇرمۇشى خاتىرجەملەشكەن ئىجتىمائىي ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. بۇ ئەھۋال جوڭغار قەبىلىسى تيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان چاغدىكى ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى ئەۋج ئالغان، توختىماي ئۇرۇش بولۇپ تۇرغان، ئىشلەپچىقىرىش ۋەيران بولغان، خەلق كۈن كەچۈرەلمەس بولۇپ قالغان ئەھۋالدىن ناھايىتى زور پەرقلىنەتتى.

بولۇپمۇ شۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىكى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جوڭغار قەبىلىسىنى تىنجىتىش جەريانىدا، ئويىروت قەبىلىسىدىكىلەرنى ئەل قىلىش ئىشىغا باشتىلا ئەھمىيەت بەردى. داۋاجىنى بېسىقتۇرۇش ئۇرۇشىدا، ئويىروت قەبىلىلىرىدىن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا توپ - توپ كېلىپ تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. جوڭغار قەبىلىسىدىن ئۆز قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ كېلىپ تەسلىم بولغان باشلىقلارنى قوبۇل قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى مۇكاپاتلىدى. مەسىلەن، جوڭغار قەبىلىسىنىڭ تەيجىسى شۇۋېيبوجاپ قاتارلىقلار 4 مىڭ ئۆيلۈك ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ تەسلىم بولغاندا، "ئۇلارنىڭ دەسلەپكى كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىۋاتقان جايلىرىغا قايتۇرۇلدى"، ㉑ يەنە بىر تەيجى "نارمۇج قاتارلىقلار ئۆزىگە تەۋە 1600 ئۆيلۈك ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ تەسلىم بولدى"، ㉒ ئۇلارمۇ ئورۇنلاشتۇرۇلدى ۋە مۇكاپاتلاندى. ئويىروت قەبىلىلىرىدىكى خەلقنىڭ قىزغىن ھىمايە قىلىشى ۋە ئاكتىپ قوللىشى ئارقىسىدا، داۋاجىنى بېسىقتۇرۇش ئۇرۇشى ئىنتايىن ئوڭۇشلۇق ئاياقلاشتى، گېدېن تېغىدا داۋاجىنى يوقىتىش ئۈچۈن قىلىنغان بىر قېتىملىق جەڭنى ھېسابقا ئال-

مەقاندا، باشقا ئۇرۇشلار ئانچە زور تۇساللىغۇسىز ۋە ئانچە كوپ جەڭ قىلىنمايلا ئۇزۇل - كېسىل غەلىبە قازىنىلىدى. شۇڭا بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئۇيغۇر قەبىلىسىدىكىلەر ئۇرۇشتا ئانچە كوپ تالاپەتكە ئۇچرىمىدى. سىرتقا قاچقان بىر قىسىم كىشىلەرنى ھىساپقا ئالمىغاندا، ئۇيغۇر قەبىلىسىدىن ئىلى رايونىدا قېپقالغان كوپچىلىكى ساقلىنىپ قالدى. ئامۇرسانا توپىلاڭچىلىرىنى قوغلاپ يوقىتىش جەريانىدا، ئۇلار تەرەپ - تەرەپكە قاچقانلىقتىن ۋە جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كورسەتكەنلىكتىن، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بۇ جاھىل دۈشمەنلەرنى ئۇتقۇنغا ئالدى، قورشىۋالدى، تەسلىم بولمىغانلىرىنى قەتئى يوقاتتى، بەزىلىرىنى ئولتۇردى. جۇڭغار قەبىلىسىدىن بىگۇناھ قېرىلار ۋە باللارنى ھەمدە ئىتائەت قىلغانلارنى ئوخشاشلا ئوزىگە ئەل قىلىپ، ئۇلارغا تىرىكچىلىك قىلىش يولىنى بەردى. چيەنلۇڭخان بۇ توغرىلىق بىر نەچچە قېتىم يارلىق چۈشۈرۈپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا: "قازاقلار تەرەپكە قاچقان ئويرۇتلارنىڭ كوپى قىيىنچىلىقتا ئۇچراپ، قايتىپ كېلىپ تەسلىم بولدى ياكى بەزىلىرى ئامان قېلىش ئۈچۈن جىلغىلاردا يوشۇرۇنۇپ يۈرىۋاتىدۇ. بۇلارنى ئولتۈرمەستىن، ئەھۋالغا قاراپ ئەل قىلىش كېرەك" (23). "ھەر قايسى ئوتۇقتا بارغاندا، ئوغرىلارنى يوقىتىش كېرەك، قېرىلار ۋە باللارنى ۋاقتىنچە ئەل قىلىش، ئۇلارنى تىزگىنلەپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىشەنچىكە بولىدىغانلىرىنى باش بۇغ، مۇئاۋىن باش بۇغ قىلىپ قويۇش كېرەك» (24) دەپ يوليورۇق بەردى. چىڭ سۇلالىسى ھوكۇمىتى ئامۇرسانا توپىلىڭىنى تىنجىتىپ ئىلىنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، داۋاملىق ئەسكىرىي قىلىپ تەرەپ - تەرەپتە بۇلاڭچىلىق قىلىپ يۈرگەن قالدۇق باسمىچىلارنى داۋاملىق تۇتۇپ قەتئى يوقاتقاندىن تاشقىرى، ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىدە قېچىپ كېتىپ ئەمدى قايتىپ كەلگەن ئەزالىرىنىڭ كوپىنى ئىلى رايونىغا ئورۇنلاشتۇردى، ئۇلار ئېلىپ كەلگەن چارۋا ماللارنىڭ بىر قىسمىنى ئوز لايىقىدا باھالاپ بۇنىڭ ھىساۋىغا ئۇلارغا كىيىم - كېچەك تەييارلاپ بەردى، قالغان چارۋا ماللىرىنىڭ ھەممىسىنى پۇلغا سۇندۇرۇپ ئۇلارغا پۇل بېرىپ دەردىگە دەرمان بولدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، "ھەر بىرىگە بىر سەردىن كۈمۈش ئىنئام قىلدى، كەمبەغەللەردىن چوڭلارغا 2 توپ رەخت، كىچىكلەرگە بىر توپ رەخت ئىنئام قىلدى ...... باشلىقلىرىغا تاۋار ئىنئام قىلدى". (25) ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ ئىلگىرى قېچىپ كېتىپ ئەمدى قايتىپ كەلگەن باشلىقلىرىنى مۇكاپاتلاشتىن تاشقىرى، يەنە ئاۋالقى ۋەزىپىسىگە قاراپ مەنسەپ بەردى. (26) جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا قېچىپ بېرىپ قۇل بولۇپ قالغان ئويرۇتلارنى "قۇل قىلغۇچى ھوكۇمەتكە تاپشۇرۇشنى خالىسا، ھوكۇمەت باھالاپ تاپشۇرۇۋالدى. چوڭلىرىنى 7 سەر كۈمۈش، كىچىكلىرىنى 3 سەر كۈمۈشكە باھالىدى، ئۇنىڭ پۇلىنى قۇل قىلغۇچىنىڭ ئۇستىدىكى باج - سېلىقتىن كوتىرىۋەتتى؛ ھوكۇمەتكە تاپشۇرمايدىغانلىرىنى نەق پۇل بېرىپ ئاجرىتىۋالدى. ئۇلارنى ئىلىغا قايتۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى". (27) ئىلى رايونىدىكى ئويرۇتلارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن "100 ئويلۇكنى بىر سۇمۇن قىلىپ، ئۇلارغا بىر زەڭگە، بىر چاۋاندازچى چېرىك، 4 دوغا قويدى". (28) شۇنىڭدىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھوكۇمىتى يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ئويرۇت ئەمەلدارلىرىنى رىغبەتلەندۇرۇش سىياسىتى-

نى يۈرگۈزۈپ، مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: "يېڭىسىدىن تەيىنلەنگەن ئويروت ئەمەلدارلىرى بىر قانچە يىلدىن بېرى ئىتائەت قىلىپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇلاردىن ھۆكۈمەت ئىشىغا كۆچ چىقىرىشنى خالىمىغۇچىلارنىڭ يىللىق مائاشىنى توختىتىپ قويمىلىق. ئۇلارغا يۇقۇرىنىڭ يولىيورۇقلىرىنى يەتكۈزۈپ چۈشەنچە بېرىپ تۇرۇش لازىم؛ ئويروتنىڭ 500 ئۆيلۈكنى باشقۇرىدىغان، كىشىلىرىگە ۋە ئاتا مىراس ئەمەلدارلىرىغا چاخاردىكىگە ئوخشاش پەرقلەندۈرۈپ مائاش بېرىش لازىم. مۇشۇ تەدبىرلەر ئىلى رايونى ئۈچۈن پايدىلىق".㉙ جۇڭغارنى تېچلاندۇرۇشتىن ئىلگىرى، ئىلى رايونىدا ئويروت ئاھالىسىنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق ئىدى. ئادەتتىكى تارىخ كىتابلىرىدا: "2 مىڭ ئۆيلۈكتىن ئوشۇق، 600 مىڭ ئادەمدىن ئوشۇق" دەپ يېزىلىپ كەلگەن.㉚ جۇڭغار تېچلاندۇرۇلغاندىن كېيىن، ئويروت ئاھالىسىنىڭ زادى قانچىلىك قالغانلىقى توغرىسىدىمۇ يەنىلا ئېنىق ئىستاتىستىكىلىق رەقەم كۆرسىتىلمىگەن، 3 - 4 يىللىق ئۇرۇش داۋامىدا ھەر قايسى قەبىلىلەردىن بىر مۇنچە كىشىلەر سىرتقا كۆچۈپ كەتكەن، يەنە بىر مۇنچە كىشىلەر ئۆلگەن: ئادەتتىكى تارىخ كىتابلىرىدا: "بىر نەچچە 100 مىڭ كىشىنىڭ ئوندىن تۆتى چېچەكتە ئۆلگەن، ئوندىن ئىككىسى رۇسلار، قازاقلار تەرەپكە قېچىپ كەتكەن، ئوندىن ئۈچى ئەسكەر بولغان"㉛ دەپ يېزىلغان. بۇ ئىستاتىستىكا سان ئېتىبارىدىن تومتاق كۆرسىتىلگەن بولۇپ، زادىلا ئېنىق ئەمەس. روشەنكى، ئۇنى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدىپلەر چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي مۇۋەپپەقىيىتىنى تەرغىپ قىلىش ئۈچۈن مۇبالىغە قىلىپ كۆرسەتكەن. بۇ سۆزلەر يالغۇز خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدىلا يېزىلىپ كەلمەستىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە چەتئەل تارىخشۇناسلىرىمۇ ئۇنى ئۆز پېتى كۆچۈرۈۋالغان، بولۇپمۇ سوۋېت شيۇجىڭجۇيىچىلىرىنىڭ بەزى ياللانما ئەدىپلىرى يامان نىيەت بىلەن ئۇنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭغار قەبىلىسىنى تېچلاندۇرۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي چېگرىسىنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكىدىن ئىبارەت ھەققانىي ئىشقا ھۇجۇم قىلىش ۋە ئۇنى قارىلاشتا سۆز - چۆچەك قىلىۋالغان. تارىخىي پاكىت شۇكى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى داۋاجىنى تىنجىتىش ئۇرۇشىدا، توغرا بولغان "ئېل قىلىش سىياسىتىنى" ئىجرا قىلغانلىقتىن، ئويروت قەبىلىسىدىكى خەلقنىڭ قىزغىن ھىمايىسى ۋە ئاكتىپ قوللىشىغا سازاۋەر بولغان: چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئىلىغا يۈرۈش قىلىش جەريانىدا، ئانچە زور توسقۇنلۇققا ئۇچرىماي، ئاز - كۆپ جەڭمۇ قىلماي، ئانچە كۆپ ئوق - دورىمۇ سەرپ قىلماي، ئانچە كۆپ ئادەممۇ چىقىم قىلماي ئۇرۇش غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەن. ئامۇرساناننىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتىشتا، جاھىللىق قىلىپ تەسلىم بولمىغان، قېچىپ يۈرۈپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغان ئازسانلىق ئاسىيلارنى قەتئىي قورشاپ يوقاتقاندىن تاشقىرى، قورالىنى تاشلاپ تەسلىم بولغان كۆپچىلىك ئاسىيلارنى يەنىلا ئەل قىلغان، بولۇپمۇ ئاياللار، بالىلار، قېرىلار، ئاجىزلارنى ئەل قىلغان ۋە ئورۇنلاشتۇرغان. بۇ ئەھۋال خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا كۆپلەپ يېزىلغان. چيەنلۇڭنىڭ 27-يىلى (1762-يىلى) 5-ئايدا ئىلى جاڭجۈنى ئاگۈينىڭ خانغا يازغان مەكتۇبىدا مۇنداق دېيىلگەن: "ھازىر ئىلىدا ئويروتلاردىن 4 سۇمۇن تۈزۈلدى، ياساۋۇل كۆكۈچ، كىشىدۇ، بۇجۇرلەر 3 سۇمۇننى باشقۇرغاندىن تاشقىرى، يەنە بىر سۇمۇننى چاۋاندازچى چېرىك جۇجۇمۇ باشقۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ.

ئىلىدىكى ئويروتلاردىن ئىلگىرى تۈزۈلگەن 2 سۇمۇننى باشقۇرۇشقا ياساۋۇل شوتۇڭ قاتارلىقلارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى. ھازىر داۋاملىق كېلىپ تەسلىم بولغۇچى ئويروتلاردىن يەنە 4 سۇمۇن قىلىپ تۈزۈلدى».㉜ دېمەك، 10 سۇمۇن تۈزۈلگەن. ئويروت قەبىلىسىنىڭ ئېرتىش دەرياسى ۋە تارباغاتاي تەرەپلىرىدە مال بېقىپ يۈرگەن ئەزالىرى بۇ سانغا كىرگۈزۈلمىگەن. شۇڭا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جۇڭغار قەبىلىسىنى تىنجىتىش ئۇرۇشىدا ئويروتلارنىڭ نەسلىنى قۇرۇتتى دېگەن سۆزلەر، ھەمدە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ «بۇ قېتىمقى غەلىبىسى جۇڭغارلارنى تامامەن قىرىپ تۈگەتكۈدەك دەرىجىدە ۋەھشىيانە ۋە ئەڭ دەھشەتلىك ئۇسۇل بىلەن قولغا كەلتۈرگەن»㉝ دېگەن ھۆكۈم تارىخىي پاكىتقا ئۇيغۇن ئەمەس، بۇنداق خاتا يەكۈننى تۈزىتىش كېرەك.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ كاڭشى، يوڭجېڭ، چيەنلۇڭ خانلىرى بولۇپ 3 ئەۋلات 80 نەچچە يىل داۋامىدا، جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ بۆلگۈنچىلىك، تەپرىقىچىلىك ۋە توپىلاڭلىرىنى باستۇرۇپ، شىنجاڭدىكى تىيانشاننىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى كەڭ رايوننى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە كۈچ چىقارغان ئىدى، بۇ ۋەزىيەت ئاخىرى چيەنلۇڭ دەۋرىدە ئورۇنلاندى. كۆپ مىللەتلىك مەملىكىتىمىزنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ تارىخىي ۋەزىيەت ئاخىرى ئىشقا ئاشتى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، بىرلىككە كەلگەن ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن بىر قاتار تەدبىرلەرنى يولغا قويدى. سىياسىي تەدبىرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى شىنجاڭنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر تەركىبىي قىسمى بولۇشىنى مەمۇرىي تۈزۈلمە جەھەتتىن كاپالەتلەندۈردى؛ ئىقتىسادىي تەدبىرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، شىنجاڭ رايونىدىكى كەڭ ھەر مىللەت خەلقىغە خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈش، نورمال ئىشلەپچىقىرىش، ئارام ئېلىش، گۈللەپ راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىنى بەردى؛ ھەربىي تەدبىرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەپ، چار رۇسىيىنىڭ تاجاۋۇزىنى توسۇپ ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ، چېگرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ساقلىدى؛ مىللىي سىياسەت جەھەتتىكى ھەر خىل تەدبىرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى ھەر مىللەت خەلقلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا چېگرا رايوننى بىرلىكتە ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆز يۇرتىنى گۈللەندۈرۈش ئىمكانىيىتىنى بەردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ زاماننىڭ تارىخىي تەرەققىيات تەلىپىگە، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن ئىدى، شۇڭا، ناھايىتى ئوبدان نەتىجە قازىنىلدى.

ئەلۋەتتە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بارلىق مۇئەسسەسىلىرى ئۆزىنىڭ فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەپ، ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى مەركەزگە توپلىشىنى كۈچەيتىپ، ئۆزىنىڭ خان جەمەتى ۋە ئۆز سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشقا قارىتىلغان ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەر قايسى خانلىرىنىڭ بارلىق ھەركىتى ئۆز سىنىپىنىڭ ۋە خان جەمەتىنىڭ مەنپەئەتىنى ئاساس قىلاتتى. بۇ — تۈپ خاراكتېرلىق، ماھىيەتلىك تەرەپ. لېكىن، ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا، ئۇلار ئىشلىگەن بەزى ئىشلار، ئوبيېكتىپ جەھەتتىن، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ يۈزلىنىشىگە مۇۋاپىق كەلدى، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ

تەلىۋىگە ئۇيغۇن كەلدى، دۆلەتنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىغا پايدىلىق بولدى، شۇڭا بۇ ئىشلاردا نەتىجە قازىنىلدى، بۇلار ئۈنۈم بەردى. بۇ ئىشلارغا توغرا باھا بېرىشىمىز لازىم.

مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جۇڭغارنى تىنچىتقاندىن كېيىن، شىنجاڭ رايونىدا بارلىققا كەلگەن گۈللىنىپ ياشناش ۋەزىيىتى ئۇزاق داۋام قىلمىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ۋە زۇلمىنىڭ كۈچىيىشى بولۇپمۇ ئۇنىڭ كېيىنكى دەۋرىدە كۈندىن - كۈنگە چىرىكلەشكەنلىكى ۋە زۇلمەتنىڭ ئېشىشى بىلەن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە تايىنىدىغان ھەر مىللەت ئەكسىيەتچى يۇقىرى تەبىقە ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقىنى بارغانسېرى قاتتىق ۋە دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى بىلەن ھەر مىللەت خەلقى تېخىمۇ ئېغىر ئازاپ - ئوقۇبەتكە ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ رايونى كۈچلۈك دۈشمەننىڭ چېگرىغا قاپساپ كېلىپ، پىلە قۇرۇتىدەك يېمىرىش ۋە ۋە لەھەڭدەك يۇتۇشىدەك خەۋپكە يېقىنلاشتىن ئۇچرىدى. خەلق ياشاش ئۈچۈن، ۋەتىنىڭ چېگرا رايونىنى قوغداش ئۈچۈن، تۆش - تۆشتىن جەڭ بايرىقىنى كۆتىرىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ۋە ھەر مىللەت ھۆكۈمرانلىرىغا، جاھانگىر تاجاۋۇزچىلارغا قارشى ئارقىمۇ - ئارقا قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلىپ، ئالدىنقىلىرى يىقىلسا، كېيىنكىلىرى ئىز بېسىپ، قان تۆكۈپ قۇربانلار بېرىپ، تىللاردا داستان بولىدىغان قەھرىمانلىق داستانلىرىنى يازدى. شىنجاڭ رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ فېئودالىققا، زۇلۇمغا، ئېكسپىلاتاتسىيەگە، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈرىشى — ئېلىمىزنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئودالىققا قارشى ئۇلۇغ ئىنقىلاۋى كۈرىشىنىڭ كۈچلۈك تەركىۋى قىسمى.

## ئىزاھلار

① «خەن سۇلالىسى تارىخى. غەربىي رايون تەزكىرىسى»، 96 - جىلد، 1 - قىسىم.

② «خەن سۇلالىسى تارىخى، ئەمەلدارلار - تۆرىلەر جەدۋىلى»، 19 - جىلد، 1 - قىسىم.

③ «ۋېي پادىشالىقى تارىخى»، 4 - جىلد، 2- قىسىم.

④ «سۇي سۇلالىسى تارىخى. جۇغراپىيىلىك تەپسىراتى3»، 29 - جىلد.

⑤ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. جۇغراپىيىلىك تەپسىراتى»، 58 - جىلد.
«يۈەن سۇلالىسى تارىخى، ئەمەلدارلىق تۈزۈمى»، 89 - جىلد.

⑥ «شىمالىي قۇملۇقنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، 7 - جىلد.

⑦ «چىڭ سۇلالىسى شىڭزۇخانىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى»، 137- جىلد.

⑧ زىلاكىن: «جۇڭغار خانلىقىنىڭ تارىخى» 1964 - يىل موسكۋا نەشرى، 168 - بەت.

⑨ «چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خانىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى»، 498 - جىلد.

⑩ «جۇڭغارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، رەسمىي قىسمى، 12 - جىلد.

⑪ يۇقىرىدىكى كىتاپ.

⑫ يۇقۇرىدىكى كىتاب.

⑬ يۇقۇرىدىكى كىتاب.

⑭ «چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خانىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى»، 464- جىلد.

⑮ «چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خانىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى»، 475 - جىلد.

⑯ «چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خانىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى»، 477 - جىلد.

⑰ ۋېي يۈەن: «شېڭۋۇ يىلىدىكى خاتىرىلەر»، 4 - جىلد.

⑱ سۇڭ يۈن: «پادىشا ھوزۇرىدا بېكىتىلگەن شىنجاڭ ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە»، 6 - جىلد.

⑲ «شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىراتى»، 30 - جىلد.

⑳ ۋېي يۈەن: «شېڭۋۇ يىلىدىكى خاتىرىلەر»، 4 - جىلد «جۇڭغارنى تىنچىتىش خاتىرىلىرى».

㉑ «چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خانىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى»، 487 - جىلد.

㉒ «چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خانىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى»، 486 - جىلد.

㉓ «جۇڭغارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، داۋامى، 2 - جىلد.

㉔ «چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خانىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى»، 539 - جىلد.

㉕ «جۇڭغارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، داۋامى، 16- جىلد.

㉖ «جۇڭغارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، داۋامى، 18 - جىلد.

㉗ «جۇڭغارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، داۋامى، 15 - جىلد.

㉘ «جۇڭغارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، داۋامى، 8 - جىلد.

㉙ «جۇڭغارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، داۋامى، 25 - جىلد.

㉚ ۋېي يۈەن: «شېڭۋۇ يىلىدىكى خاتىرىلەر»، 4 - جىلد.

㉛ يۇقۇرىدىكى كىتاب.

㉜ «جۇڭغارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، 17 - جىلد.

㉝ شاڭ يۈې «جۇڭگو تارىخى پىروگراممىسى»

جامالىددىن مۇھەممەدى تەرجىمىسى

## ئىلمىي پائالىيەت ئەھۋالى

# غەربىي شىمال 5 ئۆلكە (رايون)نىڭ ئىسلام دىنى تەتقىقات خىزمىتى بويىچە سۆھبەت يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى

خې بىڭجى

غەربىي شىمال 5 ئۆلكە (رايون)نىڭ ئىسلام دىنى تەتقىقات خىزمىتى بويىچە سۆھبەت يىغىنى 1979 - يىل 10 - ئاۋغۇستتىن 20 - ئاۋغۇستقىچە ئۈرۈمچى نەنسەندە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ ئازاتلىقتىن بۇيان غەربىي شىمال 5 ئۆلكە (رايون) بويىچە ئېچىلغان تۇنجى قېتىملىق ئىسلام دىنىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىگە دائىر كەسپىي يىغىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ قېتىمقى سۆھبەت يىغىنىغا شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي، شىنجاڭ ۋە جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دۇنيا دىنلىرى تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ جەمئىي 36 كىشى قاتناشتى. ئۇلار ئىچىدە ھەم پەن تەتقىقات خادىملىرى بار، ھەم تەشۋىقات، بىرلىكسەپ، ئارخىپ خىزمىتىگە مەسئۇل كادىرلار ۋە ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قىرغىز، خەنزۇ يولداشلار بار.

بۇ قېتىمقى سۆھبەت يىغىنىغا بۇ يىل فېۋرالدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك دىنىي تەتقىقات پىلان يىغىنىنىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىنىي تەتقىقات ئىنستىتۇتى مەسئۇل بولۇپ تەييارلىق كۆردى ھەمدە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، بىرلىكسەپ بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي ئىشلار كومىتېتى بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئېچىلىشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. يىغىندىن بۇرۇن، ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار يىغىننىڭ تەييارلىق ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلاپ ئۆتتى؛ يىغىن باشلانغاندا، ئالاقىدار تارماقلاردىكى رەھبىرىي يولداشلار يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى؛ يىغىن داۋامىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يولداش خەن جىڭاۋ ۋە تەشۋىقات بۆلۈمىدىكى باشقا رەھبىرىي يولداشلار يىغىنغا قاتنىشىپ ۋەكىللەرنى يوقلىدى ھەم سۆز قىلدى. يولداش خەن جىڭاۋ ئۆز سۆزىدە يىغىنغا قاتناشقان يولداشلارنىڭ ئىدىيىسىنى ئازات قىلىپ، چەكلەنگەن رايونلارغا بۆسۈپ كىرىپ، ئىسلام دىنىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشقا جۈرئەت قىلىدىغان روھنى جارى قىلدۇرۇپ، دىنىي تەتقىقات خىزمىتىنى 4 نى زا-

زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە مىللىي ئىتتىپاقلىق ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلدى.

يىغىندا، ھەر قايسى ئۆلكە (رايون)لارنىڭ ۋەكىللىرى ئۆز رايونىنىڭ ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭغا ئائىت ماتېرىياللارنى توپلاش خىزمىتىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. تەتقىقات خىزمىتىدىكى تەجرىبىلەر ئالماشتۇرۇلدى، نۇقتىلىق ھالدا جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللاردىن تاللانمىلارنىڭ تىزىسىنى توپلاش ۋە تۈزۈش مۇھاكىمە قىلىندى ھەمدە ئىلمىي تەجرىبىلەر ئالماشتۇرۇلدى.

يىغىن مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: ئېلىمىزنىڭ ئىسلام دىنىغا دائىر ماتېرىياللارنى توپلاش ۋە تۈزۈش، ئىسلام دىنىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ئېلىمىزنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاش ئاكتىپلىقىنى قوزغىتىپ، پارتىيىنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسىتىنى توغرا ئىجرا قىلىش، مىللىي خىزمەتنى ياخشى يولغا قويۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، غەربىي شىمال چېگرىمىزنى مۇستەھكەملەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنىڭدەك، ئىلمىي تەتقىقات جەھەتتىن قارىغاندىمۇ، ئۇ جۇڭگونىڭ مىللەتلەر تارىخى، ھەر قايسى ئالاقىدار جايلارنىڭ رايون تارىخى، جۇڭگو - غەرپ قاتناش تارىخى، جۇڭگو ئىدىيە تارىخى، جۇڭگونىڭ ئومۇمىي تارىخىنى ياخشى يېزىش ھەمدە ئاتېزىم تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

مەملىكىتىمىز كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. مەملىكىتىمىزدىكى 55 ئاز سانلىق مىللەتتىن ئون ئاز سانلىق مىللەت ئىچىدىكى مۇتلەق كۆپ سانلىق ئاممىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇ ئون ئاز سانلىق مىللەتتىن توققۇزى مەركەزلىك ھالدا غەربىي شىمال رايونىغا جايلاشقان؛ خۇيزۇلار گەرچە پۈتۈن مەملىكەتكە تارقالغان بولسىمۇ، لېكىن غەربىي شىمال رايونى يەنىلا ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئولتۇراقلاشقان جايى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. غەربىي شىمال رايونى ئىسلام دىنى مەملىكىتىمىزگە تارقىلىشتىكى ئاساسىي يوللارنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئىسلام دىنى كەڭ تارقالغان جاي. جاھانگىرلار، بولۇپمۇ چار روسىيە ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىپ ئېلىمىزگە كۆپ قېتىم تاجاۋۇز قىلغان ۋە بۆلگۈنچىلىك ھەركەتلىرىنى ئېلىپ بارغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ رايوندىكى ئىسلام دىنىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىش يەنە بىر جەھەتتىن جاھانگىرلارنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاپ، زومىگەرلىككە قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرغانلىق بولىدۇ. ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بىر مۇنچە دۆلەت ۋە رايونلار بىلەن خوشنا، بىز ئىسلام دىنىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە نەتىجە يارىتساق، ئېلىمىز بىلەن مۇشۇ دۆلەتلەر ۋە رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ۋە ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكىمۇ پايدىلىق بولىدۇ.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتىغا قاراشلىق دۇنيا تارىخشۇناسلىق جەمئىيىتى، 1980 - يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان دۇنيا تارىخى مۇھاكىمە يىغىنىدا، 18 - ئەسىردىكى جۇڭگونىڭ ئىسلام دىنى مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىشنى قارار قىلدى. بىز بۇنىڭغا يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

ھازىرقى ئەھۋالدا، جۇڭگونىڭ ئىسلام دىنى تەتقىقاتىنى قاناتيايدۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن جۇڭگونىڭ ئىسلام دىنى تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىغا ئائىت ماتېرىياللارنى توپلاش ۋە رەتلەپ چىقىش لازىم. بىر قەدەر مول، تولۇق ماتېرىياللارنى ئاساس قىلماي تۇرۇپ، ئىسلام دىنىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش مۇمكىن ئەمەس.

شۇنىڭ ئۈچۈن يىغىن نۇقتىلىق ھالدا غەربىي شىمال 5 ئۆلكە (رايون)نىڭ بۇندىن كېيىنكى بىرنەچچە يىلدا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان بىرقانچە تۈرلۈك ئاساسلىق ۋەزىپىسىنى مۇزاكىرە قىلدى:

بىرىنچى، «جۇڭگو ئىسلام دىنى تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللاردىن تاللانما»نى توپلاش ۋە تۈزۈپ چىقىش. مەملىكەتلىك دىنىي تەتقىقات پىلانىغا ئاساسەن، «جۇڭگو ئىسلام دىنى تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللاردىن تاللانما»نى 1985 - يىلى تاماملاش پىلانلاندى. بۇ تاللانما جەمئىي 3 قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى قىسمى جۇڭگونىڭ تارىخ كىتابلىرىدىكى ئىسلام دىنىغا دائىر ئەسەر، باياناتلارنىڭ قىسقارتىلمىسى؛ ئىككىنچى قىسىم ئۆلكە (رايون)لار بويىچە قىسىملارغا بۆلۈپ تۈزۈپ چىقىلىدۇ، مەزمۇنى ھەرخىل يازما ھۆججەت ماتېرىيال ۋە تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، پىرىنسىپ جەھەتتە بىر ئۆلكە (رايون) بىر قىسىم قىلىنىپ تۈزۈپ چىقىلىدۇ؛ ئۈچىنچى قىسمى جۇڭگو ۋە چەتئەللەردىكى جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ تارىخىغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى. ھەرقايسى قىسىم ۋە ھەرقايسى بۆلۈملەرنى ماتېرىياللارنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن يەنە بىرنەچچە توملارغا بۆلۈشكە بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدىغان 10 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ئىسلام دىنى تارىخىنى قىسقىچە تونۇشتۇرىدىغان كىتاب تۈزۈپ چىقىش. بۇ 1982 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە پۈتتۈرۈلىدۇ. ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ ھەر قايسى مىللەتلەر ئارىسىدا تارقىلىش تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادىتى، نىكا تۈزۈمى، دەپنە مۇراسىمى، مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش ۋە باشقا جەھەتلەرگە بولغان تەسىرى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئازاتلىقنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئۆزگىرىشلەر توغرىسىدا يازغاندا، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسىنىڭ ئازاتلىقتىن كېيىن ئاڭلىق ئاساستا دىن بىلەن كۈرەش قىلغان ئەھۋاللىرىنى يېزىش كېرەك. يۇقىرىدىكى ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ھەر قايسى ئۆلكە (رايون)لار چوڭقۇر، تەپسىلىي ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشلىرى كېرەك.

خىزمەت تەقسىماتى جەھەتتە، شىنجاڭ ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاجىك، تاتار، ئۆزبېك قاتارلىق 6 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ئىسلام دىنى توغرىسىدا قىسقىچە تونۇشتۇرۇشنى يېزىپ چىقىشقا مەسئۇل بولىدۇ، ئالدى بىلەن ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاجىك قاتارلىق 4 مىللەتنىڭ ئىسلام دىنى تارىخى توغرۇلۇق قىسقىچە تونۇشتۇرۇش يېزىپ چىقىلىدۇ. گەنسۇ دۇڭشياڭزۇ بىلەن باۋئەنزۇنىڭ ئىسلام دىنى تارىخى توغرىسىدا قىسقىچە تونۇشتۇرۇش يېزىپ چىقىشقا مەسئۇل بولىدۇ؛ چىڭخەي سالارزۇنىڭ ئىسلام دىنى تارىخى توغرىسىدا قىسقىچە تونۇشتۇرۇش يېزىپ

چىقىشقا مەسئۇل بولىدۇ. خۇيزۇلارنىڭ ئىسلام دىنى تارىخى توغرىسىدا قىسقىچە تونۇشتۇرۇشىنى يېزىپ چىقىشتا نىڭشىيا ئاساس قىلىنىپ، باشقا ئۆلكە (رايون)لار ھەمكارلىشىدۇ.

ئۈچىنچى، مەخسۇس تېما بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش. ھەر قايسى ئۆلكە (رايون)لار كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆز ئۆلكىسى (رايونى)نىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، پىلانلىق ھالدا مەخسۇس تېمىلار بويىچە تەتقىقاتنى يولغا قويسا بولىدۇ.

تۆتىنچى، كىتاب - ماتېرىيال خىزمىتى. يېقىنقى يىللار ئىچىدە ھەر قايسى ئۆلكە (رايون)لار ئىسلام دىنىغا ئائىت كىتاب، ژورنال، ئىلمىي ماقالىلار ئۈچۈن مۇندەرىجە ۋە كۆرسەتكۈچ تۈزۈپ چىقىش خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ.

يىغىن، غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە (رايون) بۇندىن كېيىن ئالاقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشى، زىچ ھەمكارلىشىشى لازىم دەپ قارىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق بەلگىلىدى:

1. كېلەر يىلى (1980 - يىلى) 3 - پەسىلدە نىڭشىيادا بىر قېتىم ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىپ، ئوقتىلىق ھالدا «چىڭ سۇلالىسىدىن بۇيانقى جۇڭگو ئىسلام دىنى» مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. شۇنداقلا پەن تەتقىقات خىزمەت تەجرىبىلىرى ئالماشتۇرۇلىدۇ. سوھبەت يىغىنى نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ بۇقېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا تەييارلىق كۆرۈشكە مەسئۇل بولۇشىنى تەكلىپ قىلدى.

2. نىڭشىيادا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدىن ئىلگىرى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىنىي تەتقىقات ئىنستىتۇتىغا قەرەلسىز ئىچكى خەۋەرلەر ژورنىلى چىقىرىشقا مەسئۇل بولۇشنى ھاۋالە قىلدى. يىغىن داۋامىدا كەسپىي ئېكسكۇرسىيە ئېلىپ بېرىلدى، تۇرپاندىكى بېزەكلىك، ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى ۋە يارغول قەدىمىي شەھىرىنىڭ ئورنى قاتارلىق قەدىمىي يادىكارلىقلار ئېكسكۇرسىيە قىلىندى.

م. تۇرسۇن تەرجىمىسى

# ماقالە قوبۇل قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش

1. «شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى» ژۇرنىلىنى شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى جەمئىيىتى چىقىرىدۇ. ۋاقىتىنچە قەرەلسىز ئىچكى ژۇرنال قىلىپ بېكىتىلدى. شەرت - شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە ئاشكارا تارقىتىلىدۇ. بىز شىنجاڭنىڭ تارىخ تەتقىقاتىغا قىزىقىدىغان يولداشلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىنى، قىزغىن ماقالە بېرىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز. ژۇرنىلىمىز ئىشلەتكەن ماقالىلارنى باشقا ژۇرناللارمۇ كۆچۈرۈپ بېسىشقا بولىدۇ.

2. ژۇرنىلىمىز يەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ۋە شىنجاڭنىڭ تارىخ تەتقىقاتىنى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. شىنجاڭنىڭ تارىخىغا ئائىت مۇھاكىمە، تەرجىمە، خاتىرە، ۋەسىيەتنامە، ساياھەت خاتىرىسى، كىتابلار ئۈستىدە باھا ۋە ئادەملەرنىڭ تەرجىمىھالى، تەكشۈرۈش دوكلادى، مەدەنىي يادىكارلىقلارنى تونۇشتۇرۇش، ئارخېئولوگىك قېزىلمىلار، تارىخىي پاكىتلارنى تەكشۈرۈپ ئىزاھلاش، دىنىي تارىخ، مەخسۇس تېمىدىكى ماتېرىيال، ئىلمىي پائالىيەت ئەھۋالى ۋاھاكازالارنىڭ ھەممىسىنى باسىدۇ.

3. ژۇرنىلىمىز ئىشلەتكەنلىكى ماقالىغا، مەملىكەتلىك نەشرىيات ئىدارىسى بەلگىلىگەن چارە بويىچە قەلەم ھەققى بېرىلىدۇ؛ ژۇرنىلىمىز ئىشلەتمىگەن ماقالىلارنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ.

4. ماقالە ئەۋەتكەندە ئىسىم فامىلىڭىز، ئادرېسىڭىز ۋە تەخەللۇسىڭىزنى ئېنىق يېزىپ پوچتىدىن شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى ئارقىلىق شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى جەمئىيىتى «شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى» تەھرىر گۇرۇپپىسىغا ئەۋەتسىڭىز بولىدۇ.

«شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى» تەھرىر گۇرۇپپىسى

1979 - يىل نويابىر.

# شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى

شىنجاڭ تارىخشۇناسلار جەمئىيىتى
شىنجاڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى
باشچىلىقىدا نەشر قىلىندى

1980- يىل تۇنجى سان (ئومۇمىي 1- سان)

ئىچكى جەمئىيەتتە تارقىتىلىدۇ

---

تەھرىرلىگۈچى: «شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى» تەھرىر گۇرۇپپىسى
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى بېيجىڭ كوچىسى
تېلېفون نومۇرى: 8435
پوچتا نومۇرى: 830059

---

باسقۇچى: شىنجاڭ 7220 - باسما زاۋۇدى

# شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى

## 新疆史学

1-سان

شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى

1981 — يىل
1 — سان

# مۇندەرىجە

شىنجاڭدىكى بۇددا دىنىنىڭ خارابىلىرىنى تەكشۈرۈشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر نەچچە مەسىلە. ........................................ ( 1 )

(1979 - يىل 26 - نويابىر، شىنجاڭ يىپەك يولى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا قىلىنغان سۆز) ........................................

سۇبەي (ئەزىز يۇسۇپ تەرجىمىسى)

يىپەك يولىدىكى قەدىمقى خەلقلەر ۋە تىللار ........................................ ( 14 )

ئىبراھىم مۇتىئى

يىپەك يولى ۋە ئۇيغۇرلار ........................................ ( 30 )

ليۇ جىشاۋ (جۇنەيد بەكرى تەرجىمىسى)

قەدىمقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە ........................................ ( 52 )

ئا. ت. ئوتكۇر.

لى بەيىنىڭ يۇرتى — سۇيئاپ ........................................ ( 63 )

ماگۇرۇك (رۇزى ئوردى تەرجىمىسى)

خەن سۇلالىسىدىن تاڭ سۇلالىسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يىپەك يولى ........................................ ( 75 )

سۇبىخەي (مۇھەممەت زەيدى، لۇجىنجا تەرجىمىسى)

قازاقلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشى ھەققىدە ........................................ ( 94 )

جاقىپ مىرزاقان

«يىپەك يولى لۇغىتى» نى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش ........................................ ( 109 )

سەي جىنسۇڭ (تاھىر جان تەرجىمىسى)

ئىلمىي پائالىيەتلەر توغرىسىدا ئۈچ خەۋەر ........................................ ( 111 )

چېن چاۋ (خالىدە شارىخان تەرجىمىسى)

# شىنجاڭدىكى بۇددا دىنى يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر قانچە مەسىلە

— 1979 - يىل 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، شىنجاڭ ئىپەك يولى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن

**ئاپتورى سۇبەي**

ئېزىز يۈسۈپ تەرجىمىسى

بىز بۇ قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ، ئىپەك يولى ئۈستىدىكى مۇھىم جايلاردىن بولغان كۇچار، باي ناھىيىلىرىنىڭ دائىرىسىدە 80 كۈندىن ئارتۇق خىزمەت ئىشلىدۇق، ئاساسەن، بۇ جايلاردىكى بۇددا دىنى يادىكارلىقلىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ۋە ئۆگىنىش ئېلىپ باردۇق. بۇددا دىنى ئەڭ دەسلەپتە ئىپەك يولى ئارقىلىق شەرققە تارالغان، شۇ بۇددا دىنى يادىكارلىقلىرىمۇ ئىپەك يولى مەسىلىلىرى قاتارىدىكى مۇھىم مەسىلىلەردىن بىرسى بولۇشقا تېگىشلىك، ئەلۋەتتە.

كۇچار، باي ناھىيىلىرىدىكى بۇددا دىنى يادىكارلىقلىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ۋە ئۆگىنىش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر قانچە مەسىلىنى ھېس قىلدۇق، بۈگۈن تۆۋەندە قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن، يولداشلارنىڭ تەنقىت ۋە تۈزىتىش بېرىشىنى سورايمەن.

بىرىنچى، ئۆزىمىز خىزمەت قىلىۋاتقان رايوننىڭ تارىخىي ئەھۋالىنى ئىمكان قەدەر ئېنىق چۈشىنىشىمىز لازىم. شىنجاڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئوخشىمايدۇ، بۇددا دىنى شىنجاڭغا تارالغان مەزگىللەردە، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرى سىياسىي جەھەتتىن ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇپ تۇرۇش ئەھۋاللىرى ناھايىتى ئېغىر ئىدى. كۇچار، باي ئەتراپلىرى قەدىمقى كۇسەن (كۇچار) رايونى ئىدى. كۇسەن مىللىتى ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونلىرىدىكى خەنزۇلارغىمۇ ئوخشىمايتتى، شۇنىڭدەك، ھازىر ئۇ يەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلاردىنمۇ پەرقلىنەتتى، ئۇلارنىڭ قوللانغان تىل - يېزىقى پامىرنىڭ غەربىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارغا تېخىمۇ يېقىنراق ئىدى. بۇنى يوشۇرۇپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز، ئۇلارنىڭ قايسى چاغلاردا بۇياققا كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى ھازىرچە تېخى بىلىپ يەتكىنىمىز يوق، لېكىن بەنگۇ يازغان «خەن سۇلالىسى تارىخى» دىن قارىغاندا، مىلادىدىن ئىلگىرى كۇسەن (كۇچار) نىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى تەرەققى قىلىپ

مەلۇم سەۋىيىگە يەتكەن. «كېيىنكى خەن سۇلالىسى تارىخى» دا يېزىلغان كۇسەن ۋاڭ جەمەتلىرىنىڭ ئىسىم پامىلىسى بەي "(白)». ھەرىپى بىلەن باشلىنىدۇ، «بەي» ھەرىپى باش ھەرپ قىلغان ۋاڭ جەمەتلىرى كەم دېگەندە ملادى 1 - ئەسىردىن باشلىنىپ تاكى 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى يەنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەيىۋەن يىللىرىغىچە داۋام قىلغان. كۇسەن ۋاڭ جەمەتلىرىنىڭ ئۆز ئىسمىنى بەي "(白)». ھەرىپى بىلەن باشلىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇ ھەقتە تېخى ئېنىق مەلۇمات يوق. خەنزۇلارنىڭ ئادىتى بويىچە، بۇ باسقۇچتىكى كۇسەن خانلىقىنى بەيشى (白氏) خاندانلىقى دەپمۇ ئاتايلى، بۇ خاندانلىق ملادىنىڭ 658 - يىلى، يەنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنچىڭ 3 - يىلى ئەنشى تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى كۇچارغا كۆچۈپ بارغاندىمۇ ئۆزگەرمىگەن. تەخمىنەن ملادىنىڭ 790 - يىلى يەنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنيۈەن 6 - يىلى، تۈبۈتلار (تىبەتلىكلەر) ئەنشىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، كۇسەنىنىڭ ئەھۋالىدا ئاندىن ئۆزگىرىش بولدى. كۇسەندىكى بەيشى خاندانلىقى 7 - 8 يۈز يىل داۋام قىلدى، مۇشۇ 7 - 8 يۈز يىل داۋامىدا يەنى ملادى 1 - ئەسىردىن 8 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە، كۇسەن گەرچە چەتتىن كەلگەن مىللەتلەرنىڭ كۆپ قېتىملىق دەخلى - تەرۇزلىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئومۇمىي سىياسىي ۋەزىيىتىدە ئانچە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىدى، بەلكى يېپەك يولىنىڭ ئەڭ ئاۋات بولغان دەۋرى دەل مۇشۇ باسقۇچ ئىچىدە بولدى. شۇڭا، بۇ باسقۇچنى كۇسەنىنىڭ گۈللەنگەن باسقۇچى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. 790 - يىلىدىن كېيىن، كۇچار، باي ئەترابلىرى يېرىم ئەسىرچە تۈبۈتلارنىڭ تەسىر دائىرىسىگە چۈشۈپ قالدى. 9 - ئەسىر ئىچىدە، ئۇيغۇرلار (回鹘) غەرپكە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ يەردىكى كۇسەن مىللىتى بىلەن ئۆز ئارا سىڭىشىپ، ھازىرقى كۇچار، باي ئەترابلىرىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار (维吾尔) نىڭ ئەجدادلىرى بولۇپ قالدى. ئۇيغۇرلار دەۋرىدىكى دىنىي ئەھۋال جەھەتتىن ئالدىنقى ۋە كېيىنكى دەپ ئىككى مەزگىلگە ئايرىش مۇمكىن: 12 - 13 - ئەسىرلەردە ئىسلام دىنى بۇ ئەترابقا تارقىلىشتىن ئىلگىركىسى ئالدىنقى مەزگىل، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى كېيىنكى مەزگىل. بىزچە كۇچار، باي ئەترابلىرىنىڭ ئومۇمەن تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ ئالغاندىلا، ئاندىن بۇ جايلاردىكى بۇددا دىنىي يادىكارلىقلىرىنى ئىلگىرىلەپ چۈشەنگىلى بولىدۇ، ئەگەر يۇقىرىقىدەك تارىخىي ئۇقۇمغا ئىگە بولماي، بۇ جايدىكى بۇددا دىنىي يادىكارلىقلىرىنىڭ يىل - دەۋرلىرىنى ئومۇمەن ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونلىرىدىكى سۇلالىلارغا تەقلىت قىلىپ پىكىر يۈرگۈزسەك، بۇ ئانچە مۇۋاپىق بولماي قېلىشى مۇمكىن.

ئىككىنچى، كۇچار، باي ئەترابلىرىدىكى بۇددا دىنىي يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە چۈشىنىشتىن مەخسەت — بۇ جايلارنىڭ تارىخىنى ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىش، يەنى قەدىمقى كۇسەن تارىخىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىش. بۇ مەسىلە، ئەمەلىيەتتە، بىرىنچى مەسىلىنىڭ داۋامى. بىز كۇچار، باي ناھىيىلىرىدە مىڭ ئۆي ئىبادەتخانىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇددا دىنىنىڭ بىر مۇنچە تارىخىي يادىكارلىقلىرىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق ۋە تەكشۈردۇق. دەسلەپكى

قەدەمدە رەتلىگەنلىرىمىزدىن قارىغاندا، بەزى ئەھۋاللار ۋە تارىخىي ئىزلارنىڭ كۆسەن تارىخى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ بىر قەدەر زور ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق. گەرچە بىزنىڭ ئوي - پىكىرلىرىمىز تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن يولداشلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇشنى خالايمىز.

1. كۇچار، باي ناھىيىلىرىدىكى بۇددا دىنى يادىكارلىقلىرىدا مۇنۇ ئىككى نۇقتا ناھايىتى گەۋدىلىك:

ئا. كۇچار سۇ بېشىنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرىپىدىكى ئىبادەتخانىلارنىڭ كۆپىنچىسىدە كىچىك تىپتىكى بۇددا ئىبادەت ھوجرىلىرىنىڭ قالدۇق ئىزلىرى بار ئىكەن. غەرب تەرەپتىكى ئىبادەتخانىنىڭ شىمالىي قىسمىدا يەنە تۈركۈملىگەن بۇددا ئىبادەت ھوجرىلىرى جايلاشقان. كۇچار، باي ناھىيىلىرىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مىڭ ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە دالان ۋە قازناق شەكلىدە ئويۇپ ياسالغان راھىب ھوجرىلىرى، يەنە تارقاق ھالدا جايلاشقان خېلى نۇرغۇن كىچىك تىپتىكى بۇددا ئىبادەت ھوجرىلىرىمۇ بار ئىكەن.

ب. كۇچار، باي ناھىيىلىرىدىكى مىڭ ئۆيلەردە كىشىنىڭ دىققەت ئېتىۋارىنى جەلب قىلىدىغان، تاملىرىغا تۇشقىچە رەسىم سىزىلغان مەركىزىي ھوجرا ۋە چوڭ كۆلەملىك بوت ھوجرىلىرى بولۇپ، ئۇلار ئومۇمەن دېگۈدەك ئالدىنقى ۋە كېيىنكىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. ئالدىنقى قىسمىدا ساكيامۇنىنىڭ تاغ ئىچىدە ئۆز ئۆمرىنى سەدىقە - ساخاۋەت ۋە تائەت - ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكى ھەمدە بۇ ئالەمدە كىشىلەر تەرىپىدىن ئىززەت ۋە ھۆرمەتكە ئىگە بولغانلىقى جەھەتتىكى ئىش ئىزلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؛ كېيىنكى قىسمىدا ساكيامۇنى ئۆلۈش ۋاقتىدا ۋە ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ جەسەت ساندۇقىنىڭ كۆيدۈرۈلۈشى ۋە جەرى (جەسەت كۈلى) تەقسىم قىلىش مۇراسىمى قاتارلىق ئەھۋاللار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى گەۋدىلىك نۇقتا شىنجاڭنىڭ شەرقىدىكى بۇددا دىنى يادىكارلىقلىرى بىلەن ئوخشىمايدۇ، شۇنىڭدەك، تۇرپان ئەتراپىدىكى بۇددا دىنى يادىكارلىقلىرى بىلەنمۇ ئانچە ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭدا ئىپتىدائىي بۇددا دىنىدا تەشەببۇس قىلىنغان تاغ ئىچىدە زاھىت بولۇش، ئۆز - ئۆزىنى ئازات قىلىش (نىرۋانا)نى ① تەشەببۇس قىلىدىغان ھىنايانا (كىچىك كۈلۈنگو) نىڭ بەزى ئەھۋاللىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ، يازما ھۆججەتلەردە خاتىرىلەنگەن «كۆسەندە ھىنايانا دىنى تارقالغان» دېگەن ئەھۋاللارغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. شۇڭا، بىز بىر تەرەپتىن، ئۇنى ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونلىرىدىكى بۇددا دىنى يادىكارلىقلىرى بىلەن ئاددىي ھالدا سېلىشتۇرساق بولمايدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن كۆسەن تارىخىنى ھىنايانا دىنىنىڭ تارقالغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ نۇقتىدىن ئىلگىرىلەپ ئىزدىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

---

① بۇددا دىنىدا ھايات - ماماتلىقتىن خالىي بولغان ھالەتكە ئېتىلمىش توغرىسىدىكى خىيال — ت.

2. كۇچار، باي ناھىيىلىرىدىكى بۇددا دىنى يادىكارلىقلىرى كۆپ جەھەتلەردە شۇ جايلارنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇشىنىڭ مۇشەققەتلىكى، كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى ئۇنىڭ مۇھىم ئالامەتلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نەچچە يىللاردىن بېرى قېزىپ چىقىلغان تارىخىي يادىكارلىقلارمۇ بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ. مەسىلەن، كۇچار سۇ بېشىدىكى بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىسىدىن ھەم چوڭ - كىچىك 5 دانە مىس پۇل (داچيەن)، ھەم ئۇمەييا خاندانلىقىنىڭ (651 — 702) توباستاندا ئىشلەتكەن ئاتالمىش خىراۋ 2 - شەكىلدىكى كۈمۈش پۇل تېپىلغان، يەنە تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەييۈەن يىللىرىدىكى تومپۇر، داچيەنلەرمۇ تېپىلغان. بۇ خىل ئەھۋال كۇچارنىڭ سەم - سەم دېگەن يېرىدىكى مىڭ ئۆيىدىمۇ كۆرۈلگەن، ئۇ يەردىنمۇ چوڭ - كىچىك 5 دانە داچيەن ھەم تاڭ سۇلالىسىنىڭ جيەنجۇڭ (780 — 783) يىللىرىدىكى تومپۇر (مىس پۇل) تېپىلغان. ھازىر بىز ئۇچراتقان ئۇزاق تارىخقا ئىگە بۇددا دىنىنىڭ بۇ تارىخىي يادىكارلىقلىرىدا مىڭ ئۆي جەھەتتىن، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك مۇنداق بىر ئورتاق نۇقتىنى كۆرگىلى بولىدۇ: ئورغۇنلىغان مىڭ ئۆيلەردە كىچىك ھوجرىلار ناھايىتى كۆپ بولىدۇ، لېكىن ئۇلاردا ئۆستىلەپ سىزىلغان رەسىم ۋە تاراشلانغان ھەيكەللەر بەك ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزىلغان رەسىم ۋە تاراشلانغان ھەيكەللەرنىڭ مەزمۇنى ھەم سىزىلىش - ياسىلىش تېخنىكىسىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ دەۋر ئايرىمىسىمۇ دېگەندەك ئېنىق ئەمەس. روشەنكى، بۇ مىڭ ئۆيلەر شىنجاڭنىڭ شەرقىدىكى مىڭ ئۆيلەردىن، بولۇپمۇ دۇنخۇاڭ - دىكى موگاۋ مىڭ ئۆيىدىن ناھايىتى زور پەرقلىنىدۇ. كېيىنكىسىدە بىر ھوجرىنىڭ ئىچىدە ئۆستىلەپ سىزىلغان رەسىم ۋە تاراشلانغان ھەيكەللەر بىر قەدەر كۆپ ئۇچرايدۇ. سىزىلغان رەسىم ۋە تاراشلانغان ھەيكەللەرنىڭ مەزمۇنى ھەم سىزىلىش - ياسىلىش تېخنىكىسى جەھەتتىكى ئۆزگىرىش تەرەققىيات ئالامەتلىرى ئېنىق بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەر قېتىملىق سىياسىي، دىنىي جەھەتتە يۈز بەرگەن مۇھىم ئۆزگىرىشلەر دېگۈدەك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. كۇچار، باي ناھىيىلىرىدىكى مىڭ ئۆيلەرنىڭ شىنجاڭنىڭ شەرقىدىكى مىڭ ئۆيلەردىن پەرقلىنىشىنى، بىزنىڭچە، شۇ رايوندا سىياسىي ۋە دىنىي جەھەتتە خېلى ئۇزاققىچە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغانلىقى بىلەن باغلاپ قاراش كېرەك، دەپ ھېسابلايمىز. شۇڭا ئۇ مىڭ ئۆيلەرنىڭ شۇنداق بولۇشى كۈسەن بەيشى خاندانلىقىنىڭ ئۇزاققىچە داۋاملاشقانلىقى ۋە ھىنايانا دىنىنىڭ ئۇزاققىچە دەۋر سۈرگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ قانداق؟ بۇنى ئىلگىرىلەپ ئىزدىنىش ۋە مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

3 - كۇچار، باي ناھىيىلىرىدىكى مىڭ ئۆيلەرنىڭ ئىچىدىكى رەسىم ۋە ھەيكەللەرنىڭ مەزمۇنى، سىزىلىش - ياسىلىش جەھەتتىكى تېخنىكىسىدىن قارىغاندا، گەرچە ئۇلارنىڭ دەۋر ئايرىمىسى دېگەندەك ئېنىق بولمىسىمۇ، لېكىن مىڭ ئۆيلەرنىڭ بىرىكمىسى، قۇرۇلمىسىنىڭ نازۇك قىسىملىرى ھەمدە تام رەسىملىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنىڭ مۇرەككەپلىكى قاتارلىق جەھەتلەردە

ئۇنىڭ ئىنتايىن گۈللەنگەن باسقۇچى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مىلادى 500 - يىللىرى-
نىڭ ئالدى - كەينىدىن 600 - يىللىرىنىڭ ئالدى - كەينىگىچە بولغان بۇ باسقۇچتا ياسالغان
مىڭ ئۆيلەرنىڭ سانى ئەڭ كۆپ، كۆلىمى ئەڭ زور بولۇپ، ئۇنىڭدا كۈچار مىڭ ئۆيلىرىنىڭ
ئۆزىگە خاس مۇنۇ ئالاھىدىلىكلىرى ئىپادىلەنگەن: مۇئەييەن قانۇنىيەت بويىچە تۈركۈمگە
ئايرىلغان ھوجرىلار: ئىرۋانى ئىپادىلەيدىغان كەڭ، ئازادە ئىچكىركى ھوجرىلار: خىلمۇ-
خىل رۇمبا(سوقچاق 4 چاسا) شەكلىدىكى سىزما كاتەكچىلەر: خېلى يۇقىرى ھارارەتتە پىشۇرۇلغان،
سىرى قويۇق ھەم پاقىراق يېشىل ئەينەك خىش بىلەن قوپۇرۇلغان تاشقارقى ھوجرىلار ۋە
باشقىلار. سۇبېشىدىكى ئىبادەتخانا خارابىسىدىن يەنە ئۈستىگە بىغىرەڭ سىر يالىتىلغان، تەكتى
يېشىل ئەينەك خىش تېپىلغان. مەشھۇر كۈچار نەغمە - ئۇسۇللىرىمۇ ئەشۇ باسقۇچتىكى تام رەسىم-
لىرىدە ئەڭ مۇرەككەپ دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونلىرىدا يېزىلغان
قەدىمقى ئەسەرلەردىمۇ شۇ دەۋردىكى كۈچار مۇزىكىسىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونلىرىدا كەڭ
تەسىرگە ئىگە بولغانلىقى خاتىرىلەنگەن. يۇقىرىدىكى بۇ ئالامەتلەردىن شۇنى چۈشىنىشكە
بولىدۇكى، مىلادى 500 - يىللىرىنىڭ ئالدى - كەينىدىن 600 يىللىرىنىڭ ئالدى كەينىگىچە
بولغان بۇ 200 يىل ئوپچۆرىسىدىكى ۋاقىت كۈچار مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
4 - كۈچار، باي رايونلىرىدىكى بۇددادىنىنىڭ تەرەققىياتىدا، 8 - ئەسىردىن باشلاپ يېڭى
ئەھۋال يۈز بەرگەن. ئالدى بىلەن بۇددا ئىلاھلىرىنى تىپلاشتۇرغان تام رەسىملىرى ئەۋج ئالغان،
بۇ ئەھۋال باي ناھىيىسىنىڭ قىزىل مىڭ ئۆيىدە بىر قەدەر ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن،
ئۇنىڭدىن كېيىن، تاڭ دەۋرىدىكىگە ئوخشاش توپ - توپ سىزما گۈل نۇسخىلىرى كۈچارنىڭ
سىم - سىم مىڭ ئۆيىدە پەيدا بولغان. كۈچارنىڭ قۇمتۇر مىڭ ئۆيىدە پاك دۇنيا ( باقى ئالەم) نى
تەسۋىرلەيدىغان زور تىپتىكى تام رەسىملىرى ھەمدە ماھىيانامە ئىبۇتلىرىنىڭ
ئوبرازلىرى تېخىمۇ كۆپلەپ مەيدانغا كەلگەن. پاك دۇنيانى تەسۋىرلەشتىن
ماھىيانامە ئىبۇتلىرىنىڭ ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە قاراپ ئۆزگىرىش قىلىنغان شۇ مەزگىللەردە
قىزىل ۋە قۇمتۇر مىڭ ئۆيلىرىدە يەنە تاڭ دەۋرىدىكىگە ئوخشاش، كۆچمە بۇلۇتلار سىزىلغان
تام رەسىملىرىمۇ مەيدانغا كەلگەن ۋە ئەۋج ئالغان. ناھايىتى روشەنكى، بۇ ھادىسىلەر ئوتتۇرا
تۈزلەڭ رايونلىرىدىكى بۇددادىنى سەنئىتىنىڭ كۈچار رايونىغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئەكس
ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونلىرىدىكى بۇددادىنى سەنئىتىنىڭ تەسىرى بىز ئىگەللىگەن
ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، تېخى كۈچار، باي ناھىيىلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئۇنىڭ تەسىرى-
نىڭ ئەڭ غەربتىكى ئىزىنى گېرمانىيىلىك لىكوك 1914 - يىلى مارالۋېشىنىڭ شەرقىي شىمالى-
دىكى توققۇز ساراي دېگەن جايدىكى جەنۇبىي تاغنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى ئىبادەتخانىدىن
ئوغرىلاپ ئېلىپ كەتكەن ساكيامونى ئايەتلىرى يېزىلغان تام رەسىملىرىدىن كۆرگىلى بولىدۇ.
بۇددا ئىلاھلىرى، پاك دۇنيا ۋە بۇددا خۇپىيە مەزھىپى ئوبرازلىرى — بۇلارنىڭ
ھەممىسى ماھىيانا دىنىنىڭ ئوبرازلىرى بولۇپ، ئۇلار كۈچاردا دەۋر سۈرۈپ

كەلگەن ھىندىيا دىنىنىڭ ئوبرازلىرىدىن پەرقلىنىشكە تېگىشلىك. تاڭسۇلالىسىنىڭ كەييۈەن 15 - يىلى (727 - يىلى) 11 - ئاينىڭ ئالدىنقى ئون كۈنى ئىچىدە بەش ھىندىستاندىن كۇچار رايونىغا قايتىپ كەلگەن قەدىمقى چاۋشەنلىك راھىپ خۇيچاۋ ئۆزىنىڭ «بەش ھىندىستانغا زىيارەت» دېگەن كىتاۋىدا مۇنداق دەپ يازغان: «قەشقەردىن يەنە شەرققە قاراپ بىر ئاي يول يۈرۈپ كۇسەن دۆلىتىگە يەنى ئەنشى تۇۋاڭ تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى بار جايغا يېتىپ كەلدىم ... بۇ كۇسەن دۆلىتىدە ئىبادەتخانا ۋە راھىپلار يېتەرلىك بار ئىكەن، ھىنايانا مەزھىبىگە ئەمەل قىلىدىكەن، گۆش، پىياز، كۆدە قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىدىكەن. خەنزۇ راھىپلار ماھىيانا مەزھىبىگە ئەمەل قىلىدىكەن ... ئەنشى (كۇچار — ت) دە ئىككى جايدا خەنزۇ راھىپلار ئىبادەتخانىسى بولۇپ، ئۇلار ماھىيانا مەزھىبىگە ئەمەل قىلىدىكەن، گۆش يېمەيدىكەن. دايۈن ئىبادەتخانىسىنىڭ باش راھىبى شيۇشىڭ بۇددا تەلىماتلىرىنى شەرھىلەشكە ناھايىتى ماھىر بولۇپ، ئۇ ئەسلى چاڭئەن (ھازىرقى شىئەن، ئوزۇاقتىدىكى پايتەخت - ت)دىكى چىباۋتەي ئىبادەتخانىسىنىڭ راھىبى ئىكەن. دايۈن ئىبادەتخانىسىنىڭ دۇۋىناسى يى چاۋ دېگەن كىشى بۇددا نومىنى شەرھىلەشكە ماھىر بولۇپ، ئىلگىرى چاڭئەندىكى جۇاڭيەن ئىبادەتخانىسىنىڭ راھىبى بولغان ئىكەن. دايۈن ئىبادەتخانىسىنىڭ موتىۋەر راھىبى مىڭ خۇي ئىلىمگە توشقان كىشى بولۇپ، بۇمۇ چاڭئەندە راھىپ بولغان ئىكەن. بۇ راھىپلار ئىبادەتخانىنى ناھايىتى ئوبدان باشقۇرۇش بىلەن ئۆزلىرى چوڭقۇر تائەت - ئىبادەت قىلىپ، نۇرغۇن خەيرى - ساخاۋەتلىك ئىشلارنى قىلغان. لوڭشىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ باش راھىبى فاخەي ئۆزى كۇچاردا تۇغۇلغان خەنزۇ بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىلىم ۋە مىجەز - خاراكتېر جەھەتتىن خۇاشيالاردىن پەرقلەنمەيدىكەن». بۇ ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، كۇچار، باي ناھىيىلىرىدە ماھىيانا مەزھىبىنىڭ ئوبرازلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بۇ خىلدىكى مىڭ ئۆيلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى شۇ چاغدا شۇ يەرلەردە بولغان خەنزۇ راھىپلار ۋە خەنزۇ ئىبادەتخانىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. 8 - ئەسىردە كۇسەن بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ناھايىتى قويۇق ئىكەنلىكىنى يەنە كۇچار، باي ناھىيىلىرىدىكى بىرمۇنچە تارىخىي يادىكارلىقلار ئىچىدىن نەچچە يىللاردىن بۇيان تېپىلغان خەنزۇچە يازما مەنبەلەر، خاتىرە پۈتۈكلەر ۋە تاڭ دەۋرىگە ئائىت پۇللار ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا بولىدۇ. تېپىلغان كونكرېت ئەھۋاللارغا مىسال قىلىپ ھازىرقى كۇچار قۇمتۇرا مىڭ ئۆيىنىڭ قارمۇ - قارشى تەرىپىدىكى ئىبادەتخانا خارابىسى ۋە قىزىلدىكى مىڭ ئۆينى ئالساق، كۇچار قۇمتۇرا مىڭ ئۆيىنىڭ قارمۇ - قارشى تەرىپىدىكى ئىبادەتخانا خارابىسىدىن تيەنباۋنىڭ 5 - يىلى (746 - يىل)، دالىنىڭ 16 - يىلى (781 يىل) يېزىلغان يىل خاتىرىلىرى تېپىلغان؛ قىزىلدىكى مىڭ ئۆيدىن تيەنباۋنىڭ 31 - يىلى (754 يىل)، دالى يىللىرى (766 - 779 - يىللار)، جېنيۈەننىڭ 10 - يىلى (794 - يىل) يېزىلغان تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ بېغىشلىمىلىرى ۋە جېنيۈەننىڭ 7 - يىلى (761 - يىل) يېزىلغان پۈتۈكلەر ھەمدە دالى يىللىرىغا ئائىت مىس پۇللار تېپىلغان. بولۇپمۇ قىزىلدىكى

مىلىك ئۆيىدىن تېپىلغان ئەنشى تۇتتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى تۈبۈتلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان دىن كېيىنكى يىل خاتىرىلىرى ۋە تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ بېغىشلىمىلىرى ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. قىزىلدىكى مىلىك ئۆينىڭ شەرق تەرىپى ئەنشى تۇتتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى بار جايدىن تەخمىنەن 180 يول يىراقلىقتا بولۇپ، بۇ ئارىلىقتا شالدىراڭ قورول دېگەن مۇھىم خەتەرلىك بىر جىلغا بار. جېنيۈەننىڭ 6 - يىلى (790 - يىل) تۈبۈتلار ئەنشى تۇتتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسىنى ھۇجۇم بىلەن ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن، قىزىلدىكى مىلىك ئۆي ئەتراپىنى تاڭ خاندانلىقىنىڭ ئەسكەرلىرى بىر مەزگىل ئۆز قولىدا ساقلاپ قالغان. شۇڭا، ئۇ مىلىك ئۆيدە جېنيۈەننىڭ 7 - يىلى يېزىلغان پۈتۈكلەر ۋە جېنيۈەننىڭ 10 - يىلى يېزىلغان بېغىشلىما سۆزلەر پەيدا بولغان. مانا بۇنىڭدىن بۇ يەردە تېپىلغان «غەربىي رايون قوشۇنىنىڭ سەپەر قاراۋۇل ئەمەلدارى ياڭ سىلىڭ ئۆزۈن ھەربىي مەنقۇلاتلار ئامبىرىدىن ...... ئالغانلىقى توغرىسىدىكى ھۆججەت ......» دېگەن خەتلەر يېزىلغان قالدۇق پۈتۈكلەرنىڭ ئەھمىيىتىنى، يەنى تۈبۈتلارنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىلغان مەزگىللەردە قىزىلدىكى مىلىك ئۆي ئۇزۇن تارىختا ئىگە بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس جايى بولغىنىدىن تاشقىرى، يەنە ۋاقىتلىق ھەربىي تايانچ پونكىت بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىكەنلىكىنى ئىلگىرىلەپ چۈشەنگىلى بولىدۇ.

5 - قىزىل جىلغىسىنىڭ ئىچىدىكى ۋە جىلغىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى تەخمىنەن 8 - ئەسىردە ئويۇپ ياسالغان بەزى كېمىر ھوجرىلارنىڭ ھەممە قىزىلنىڭ شەرقىدىكى ئېشەكچى جىلغىسىدىكى كېمىر ھوجرىلارنىڭ تاملىرىدا كېيىنكى چاغلاردا ئويۇپ سىزىلغان قوي، ئات، توگە، ئۇچار - جانۋارلار ۋە ئادەملەرنىڭ رەسىملىرى پەيدا بولغان. بۇ سىزما ئوبرازلار ۋە ئۇلارنىڭ مەزمۇنى شىزاڭنىڭ غەربىي قىسمى، رورەن رايونى ھەممە گەنسۇنىڭ جيايۈگۈەن ئەتراپىدىكى تاشقا ئويۇلغان رەسىملەرگە بەكمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى 9 - ئەسىردىكى تۈبۈت چارۋىچىلىرىدىن قېپقالغان نەرسىلەر. قىزىلدىكى مىلىك ئۆينىڭ تاملىرىغا سىزىلغان ئەسلىدىكى رەسىملەرنىڭ بۇزۇۋېتىلگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ بىر ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئاز دېگەندە، شۇ چاغدا بۇ يەرگە كەلگەن تۈبۈت چارۋىچىلىرىنىڭ ئىخلاسمەن بۇددىستلار ئەمەسلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ئېھتىمال، ئۇلار سۈيىمۇ بار، ئوتىمۇ بار ھەم بوران - جۇدۇندىن دالدا قاشقا بولىدىغان بۇ جىلغىنى تاللاپ، ۋاقىتلىق چارۋا باقىدىغان جاي قىلغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، كۇسەن رايونىنى تۈبۈتلار ئىشغال قىلىپ تۇرغان دەۋرلەردە بۇددا دىنى بىر مەزگىل ئاجىزلىشىش باسقۇچىنى بېشىدىن كەچۈرگەن، دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

6 - كۇچاردىكى قۇمتۇر مىلىك ئۆي كۇسەن رايونىدا كېيىنرەك پەيدا بولغان كېمىر ھوجرىلار تۈركۈمى بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنى ئەنشى تۇتتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى جايلاشقان كۇچار شەھىرىگە يېقىن بولغاچقا، 8 - ئەسىردىن كېيىن ياسالغان ۋە خەنزۇ ئۇسلۇبى قويۇق بولغان بىر مۇنچە كېمىر - ھوجرىلار بارلىققا كەلگەن بولسا كېرەك. يەنە ئالاھىدە ئىزھار قىلىشقا تېگىشلىك بولغىنى شۇكى، تۈبۈتلار ئىشغال قىلغان ۋە ئۇيغۇرلار كۆچۈپ كەلگەندىن

كېيىن، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار كوچۇپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ يەر (قومتۇر مىڭ ئۆيى) كۇچار رايونىدىكى بۇددا دىنىنىڭ ئەڭ مۇھىم جايى بولۇپ قالغان. بۇ يەردە ئۇزۇن ئۆمۈرلۈك خەنزۇ راھىپلارنىڭ پۈتۈكلىرى، ئىسىم - خاتىرىلىرى ساقلىنىپ قالغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە يىل خاتىرىلىرىدىن داجۇڭنىڭ تۇنجى يىلى (847 - يىل)، داجۇڭنىڭ 5 - يىلى (851 - يىل)، شيەنتوڭنىڭ 6 - يىلى (865 - يىل)، شيەنتوڭنىڭ 13 - يىلى (872 - يىل)، گۇاڭچىنىڭ تۇنجى يىلى (885 - يىل)، گۇاڭچىنىڭ 3 - يىلى (887 - يىل) ۋەداشۇنىڭ 5 - يىلى يەنى چيەننىڭنىڭ تۇنجى يىلى (894 - يىل) دىگەن خاتىرىلەر بار؛ بۇ يەردە يەنە خەنزۇ راھىپلار ئۆلگەندىن كېيىن شۇلارغا ئاتاپ ئويۇپ ياسالغان بىر مۇنچە ئارخاتلار ھوجرىسى بار ھەمدە شەرقىي ئاچالنىڭ قورۇق جىلغا دىگەن يېرىدىكى بىر ئورۇندا ئاز دىگەندە ۋئىچىز كىچىك كېمىر ھوجرىدىن تەركىب تاپقان ئارخاتلار ھوجرىسى ئويۇپ ياسالغان، بۇ ئارخاتلار ھوجرىسىغا يېقىن بىر جايدا، راھىپ بولۇشتىن ئىلگىرىكى ئىسمى قۇلۇ (骨禄) دەپ ئاتالغان بىر ئۇيغۇر راھىپ نامىغا ئاتاپ ياسالغان ئايرىم بىر ھوجرا بولۇپ، بۇ ھوجرىنىڭ تاملىرىغا توشقىچە رەسىم سىزىلغان. بۇ رەسىملەر ئۇز پېتىچە ئوبدان ساقلىنىپ قالغان، بۇ، قەدىمقى ئۇيغۇرلارغا دائىر مۇھىم تارىخىي يادىكارلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ؛ بۇ يەردىكى ئوتتۇرا تىپتىكى بىر مۇنچە كېمىر ھوجرىلارنىڭ تېمىغا سىزىلغان رەسىملەردە قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان پۈتۈكلەر بار، بەزىلىرىدە خەنزۇچە يېزىق بىلەن قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى تەڭ قاتار قىلىپ يېزىلغان پۈتۈكلەرمۇ بار، يەنە ئۇيغۇرچە كىيىنگەن تاپىنغۇچىلارنىڭ سۈرىتى بار، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزگە شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، كۇسەن رايونىدىكى قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا دىنى ناھايىتى گۈللەنگەن، ئۇ چاغدا بۇ يەردە يەنە بىر مۇنچە خەنزۇ راھىپلارمۇ بولغان. بۇ ئەھۋاللار شۇچاغدىكى تۇرپان رايونى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى، شۇ چاغدا كۇسەن رايونى بىلەن ئەلدىكى غەربىي ئوبلاست (ھازىرقى تۇرپان رايونى) ئوخشاشلا بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان ئارسلانخاننىڭ قارمىقىدا بولغان. «سۇڭسۇلالىسى خاتىرىلىرى»دا 11 - ئەسىردىكى كۇسەن ئەھۋالى مۇنداق دەپ ئىزھار قىلىنغان: «كۇسەن — ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا بىر ئۇرۇغى، ئۇلارنىڭ دولەت سەردارى ئۆزىنى ئارسلانخان دەپ ئاتىغان..... ئۇلار ياكى غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرى ياكى غەربىي ئوبلاست كۇسەنلىرى دەپ ئاتالغان؛ يەنە كۇسەن ئۇيغۇرلىرى دەپمۇ ئاتالغان، ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر گەپ ..... شيەنفىڭنىڭ 6 - يىلى (1003 - يىل) 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى كۇسەن دولىتىنىڭ راھىبى يى شيۇ كېلىپ، فىكۇس دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقىغا سانسكرىتچە يېزىلغان بۇددا ئايەتلىرى، تەسۋى ۋە جەۋرى تەقدىم قىلدى... جىڭدېنىڭ تۇنجى يىلى (1004 - يىل) 10 - ئايدا، كۇسەن دولىتىدىن شى باۋجىن(؟) دىگەن كىشى ئۆزى ئەلچى قىلىپ راھىپلىقتا كىردى.... تيەنشىنىڭ 5 - يىلى (1021 - يىل) 7 - ئايدا، كۇسەندىكى بىر ئىبادەتخانىنىڭ راھىپلىرىدىن بەي ۋەنجىنىڭ ئېيتىشىچە، كۇسەنلىك جىن يەنفۇ قاتارلىقلار ئۆزلىرىنى يالغاندىن ئەلچى

قىلىۋېلىپ، ئىنئام ۋە بۇددا نومى، ئالتۇن بۇت قاتارلىق نەرسىلەر بېرىلىشىنى تەلەپ قىلغان.... چېيەنشىڭنىڭ تۆتىنچى يىلى (1022 - يىل) 5 - ئايدا، كۇسەن دۆلىتىنىڭ راھىبى غەرپتىن كېلىپ، بۇددا جەرى ۋە جازىلانغان بۇددا نومىنى تەقدىم قىلدى. («سۇڭ سۇلالىسى خاتىرىلىرى»، «تەھرىرلەنگەن ماقالە، ئاز سانلىق مىللەتلەر توغرىسىدا بايان» 4 - قىسىم). شياۋشىڭنىڭ 3 - يىلى (1096 - يىل) 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى شىخې لەنمەنلۇ (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى لىڭتاۋ ناھىيىسى ئەتراپلىرى)نىڭ باشقا سىلاۋچى جۇ جۇغىنىڭ ئېيتىشىچە، تياۋشى رايونىنىڭ چېگرا باشقا جۇجۇغى شۇنى مەلۇم قىلغانكى، كۇسەن ئارسلانخان دۆلىتىدىن سوغات ئېلىپ كەلگەن ئالەنالۇ قاتارلىق 3 كىشىگە تەقدىرنامە ۋە قاش تېشىدىن ياسالغان بۇت ئىنئام قىلىندى ......» («سۇڭ سۇلالىسى خاتىرىلىرى»، «تەھرىرلەنگەن ماقالە، ئاز سانلىق مىللەتلەر توغرىسىدا بايان» 7 - قىسىم). «سۇڭ سۇلالىسى خاتىرىلىرى»دىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن يۇقۇرقى ئۆزۈندە خاتىرىلەر، بىر تەرەپتىن، شۇ چاغدىكى كۇسەن رايونى بىلەن غەربىي ئوبلاستنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، 11 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا قەدەر كۇسەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھوكۇمران گۇرۇھى يەنىلا بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

7 - كۇسەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىشتىكى كېيىنكى دەۋرىگە ئائىت ئەھۋاللار توغرىسىدا ھازىر بىزگە مەلۇم بولغان ئىشەنچلىك ماتېرىياللار ئىنتايىن ئاز، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، گېرمانىيىلىك گرۈۋدېل مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىزاڭنىڭ لىخاسا شەھرىدىكى بىر لامىدىن ئاڭزۇچە يېزىقتا خاتىرىلەنگەن قىزىل مىڭ ئۆيىدىكى ئىبادەتخانىلارغا دائىر بىر تۈركۈم قەدىمقى ماتېرىياللارنى ئېلىپ كەتكەن. بۇ ماتېرىياللاردا مىڭ ئۆينىڭ كونكرېت ئەھۋاللىرى توغرىسىدا بىر مۇنچە خاتىرىلەر يېزىلغاندىن باشقا، يەنە قىزىلنىڭ ئارقا تاغ رايونىدىكى مىڭ ئۆيلەرنىڭ ئاددىي خەرىتىسى سىزىلغان. بۇ ئاددىي خەرىتىنى ھېلىقى گېرمانىيىلىك كىشى تەتقىق قىلىپ قايتىدىن سىزىپ چىقىپ ئېلان قىلغان. بىز قايتىدىن سىزىلغان بۇ خەرىتىنى ھازىرقى ساقلىنىپ قالغان ئەھۋال بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرگىنىمىزدە، قىزىلنىڭ ئارقا تاغ رايونىدىكى مىڭ ئۆينىڭ ئىسلام دىنى تارقىلىشتىن سەل ئىلگىرىكى مەنزىرىسىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز؛ بۇ كېمىر ھوجرىلاردىكى بىر مۇنچە دالان ۋە ئاساسىي ھوجرىلار راھىبلارنىڭ ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن؛ بۇنداق ئىبادەت ھوجرىلىرىدىن باشقا يەنە بىر مۇنچە ھوجرىلار بولۇپ، بۇ ھوجرىلارنىڭ ئالدىغا كۆپىنچە 4 چاسا سۇپا سېلىنغان، بەزى سۇپىلارنىڭ ئالدىغا يەنە كوپ باسقۇچلۇق پەلەمپەي ياسالغان؛ يەنە بىر جايدا كۆلىمى چوڭراق بىر ئىبادەتخانا بولۇپ، ئۇ پۈتۈنلەي يەر ئۈستى قۇرۇلمىسى قىلىپ سېلىنغان، ئۇنىڭ ئورنى 215 - نومۇرلۇق ھوجرا بىلەن 216 - نومۇرلۇق ھوجرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. بۇ ئىبادەتخانا چاسا شەكىللىك بىر مۇنبەرنى مەركەز قىلغان بولۇپ، مۇنبەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر مۇنار تىكلەنگەن، مۇنارنى چۆرىدەپ ئىبادەت يوللىرى سېلىنغان، ئىبادەت يوللىرىنىڭ

تولا ـ سول ۋە ئارقا تەرەپلىرىگە ئۆزۈن سۇپا سېلىنغان بولۇپ، ئۈستىگە قاتار قىلىپ بۇتلار تىزىپ قويۇلغان، مۇنبەرنىڭ ئالدىغىمۇ سۇپا ۋە پەلەمپەيلەر ياسالغان بولۇپ، مۇنبەرنىڭ سىرتىدىكى توت بۇرجەكنىڭ ھەر بىرسىگە بىردىن مۇنار تىكلەنگەن، بۇ توت مۇنار مۇنبەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇنار بىلەن قوشۇلۇپ جەمئى بەش مۇنار شەكىللەنگەن، بەش مۇناردىن تەركىب تاپقان بۇ خىل كورۇنۇش كۇچار، باي ناھىيىلىرىدىكى مىڭ ئويلەر ئىچىدە ئۇچرايدىغان ۋە مۇنار بىرىكمىلىرى بىلەن مەلۇم دەرىجىدە مۇناسىۋەتلىك بولىشى مۇمكىن، ئەلۋەتتە. يۇقىرىدىكى بۇ ئالامەتلەردىن شۇنى كورۇشكە بولىدۇكى، مۇجايىدا تارقالغان بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىمۇقىزىلنىڭ ئارقا تاغ رايونىدىكى دىنىي پائالىيەتلەر يەنىلا ناھايىتى ئىخلاس بىلەن ئېلىپ بېرىلغان؛ شۇنداقلا بۇددا دىنىنىڭ كوسەن رايونىدا ئەۋج ئالغان چاغدىكى بەزى ئەھۋاللىرىمۇ داۋاملىشىپ كەلگەن، بۇ جەھەتتە ئومۇمەن ئۇزىگە زاماندىاش بولغان قۇمتۇرىمىڭ ئويىدىن بىرئاز پەرقلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئەسلى لىخاسادا ساقلانغان بۇ بىر تۇركۇم ماتېرىياللارنىڭ ئۇزىمۇ كوسەن رايونىدا ئىسلام دىنىي تارقىلىشتىن ئىلگىرى بۇ رايوندىكى بۇددا دىنىنىڭ تۇبۇت ــ شىزاڭ مىللەتىنىڭ بۇددا دىنى بىلەن مەلۇم مۇناسىۋەتتى بارلىقىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ.

ئۈچىنچى، بىز ئوتكەنكى كىشىلەرنىڭ خىزمىتىنى ئەستايىدىل يەكۇنلىشىمىز لازىم. كۇچار، باي ناھىيىلىرىدىكى بۇددا دىنىي يادىكارلىقلىرى ئۈستىدە، خېلى بۇرۇنلا تەكشۇرۇپ خاتىرە قالدۇرغان كىشىلەر بولغان. مەسىلەن: 18 ـ ئەسىردە چۈنبۇەن چىشى يازغان «غەربىي رايون ھەققىدىكى خاتىرىلەر»دە كۇچارنىڭ قىزىلقاغا ۋە قۇمتۇر مىڭ ئويلىرى توغرىلىق مۇنداق خاتىرە قالدۇرغان: «تاغ باغرىنى ئويۇپ ئوي ياساپ، تاملىرىغا بۇت رەسىملىرى سىزىلغان»، «توت ـ بەش يۇز يەردە ئويۇپ ياسالغان كىچىك ھوجرىلار بولۇپ ھەممىسىگە ئالتۇن ھەل ۋە رەڭگارەڭ بوياقلار بىلەن غەربىي تۇبۇت بۇددا ئىلاھلىرىنىڭ سۇرەتلىرى سىزىلغان». ھەمدە بۇنىڭدا «غەربىي تۇبۇت يېزىق ئىزلىرى» ساقلانغان. 1816 ـ يىلى شۇي سۇڭ قەشقەردىن چىقىپ ئۇرۇمچى ئارقىلىق غۇلجىغا ئوتكەن چېغىدا «بەش جايدا مىڭ ئوي بار» لىقىنى ۋە «يەنە بىر جايدا شامىن دىگەن ئىسىم يېزىلغان» قۇمتۇرمىڭ ئويىنىڭ بارلىقىنى خاتىرىگە ئالغان، شۇنداقلا «تاغ باغرىدا بۇت رەسىملىرى سىزىلغان كىچىك ھوجرىلار بار ئىكەن، ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئالتۇن ھەللەر ھازىرغىچە يالتىراپ تۇرۇپتۇ. تامدا خەنزۇچىلىك دىگەن راھىبنىڭ ئىسمى يېزىلغان»، قىزىلدىكى مىڭئويىنىمۇ خاتىرىگە ئالغان («غەربىي رايوندىكى ئېقىن ـ دەريالار» 2 ـ جىلد). 1928 ـ يىلى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى كۇچار، باي ناھىيىلىرىدىكى قەدىمقى يادىكارلىقلارنى ئومۇمىيۇزلۇك زىيارەت قىلغان، ئۇ كىشى ئوزى يازغان «تارىم ئويمانلىقىدىكى ئارخېئولوگىيە خاتىرىلىرى» دە بۇگۇنكى كۇندە بىزگە مەلۇم بولغان شۇ رايوندىكى مۇھىم تارىخىي يادىكارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى دىگىدەك خاتىرىگە ئالغان ھەمدە ئوزى يىققان تۇرلۇك تارىخىي يادىكارلىقلارنى تەپسىلى ئىزاھلاپ يېزىپ چىققان. پەقەت بۇددا دىنىي يادىكارلىقلىرىنىلا ئالساق، ئۇ،

ئۇ كىشىنىڭ كۇچار سۇ بېشىدىكى بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ئەمەلى تەكشۈرۈشى، قۇمتۇر مىڭ ئۆيىدىكى خەنزۇچە بېغىشلىمىلارنى كۆچۈرۈپ يېزىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ قىزىلدىكى مىڭ ئۆيىدىن تاپقان خەنزۇچە كىتاب پۈتۈكلىرى بىز ئۈچۈن مۇھىم ماتېرىياللارنى قالدۇرۇپ بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا ھەممىمىزگە مەلۇم، 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، بىر مۇنچە چەتئەللىكلەر ئىلمىي تەكشۈرۈش دېگەن نام ئاستىدا يوشۇرۇن ۋەزىپە ۋە غەرەزلەر بىلەن شىنجاڭغا كېلىشتى، ئۇلار شىنجاڭدا ئالدامچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق ۋاستىلىرىنى كەڭ قوللىنىپ، قەدىمى يەتكەنلا يەردە مەدەنى يادىكارلىقلىرىمىزنى ئوغرىلاپ قېزىپ ئېلىپ كەتتى. پەقەت كۇچار، باي رايونىغا كەلگەنلەرنى دەسلەپكى قەدەمدە ھېسابلاپ كۆرگىنىمىزدە، 1903 - يىلدىن 1914 - يىلغىچە ياپونىيىلىكلەر 3 قېتىم كەلگەن؛ 1906 - يىلدىن 1913 - يىلغىچە گېرمانىيىلىكلەر 4 قېتىم كەلگەن؛ 1907 - يىلى فرانسىيىلىك پېللوت كەلگەن، شۇ يىلى روسىيىلىك بېرېزوۋىسكىمۇ كەلگەن؛ 1913 - يىلى ئەنگلىيىلىك ستەيىنمۇ كەلگەن. بۇلار قەدەمى يەتكەنلا يەرلەردە بىزنىڭ قەدىمقى زامان يادىكارلىقلىرىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى ۋە كۆپلىگەن قىممەتلىك تارىخىي يادىكارلىقلىرىمىزنى ئوغرىلاپ ئېلىپ كەتتى، ئۆز مەملىكەتلىرىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، بۇ جەھەتتىكى ئوغرىلانغان ماتېرىياللارنى ئارقىمۇ - ئارقا ئېلان قىلىشتى. بۇ ماتېرىياللارنى بىز بۈگۈنكى كۈندە تولۇق ئىگەللىشىمىز لازىم، ئۇلار تۈرلۈك تاجاۋۇزچىلىق ھەركەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، شىنجاڭغا كېلىشتىن ئاۋال تولۇق تەييارلىق قىلىشقان، ئوغرىلاپ قېزىش جەريانىدىمۇ ئەمەلىي تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ئاساسىدا تەپسىلى خەرىتە سىزىپ چىققان ۋە ئوغرىلانغان فوتو رەسىملەرنى تارتىۋالغان. ئۇلارنىڭ يازما خاتىرىلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بەزىلىرى ھەتتا سېلىشتۇرما تەتقىقات خىزمەتلىرىنىمۇ ئىشلىگەن. بىز ئۇلار ئوغرىلاپ ئېلىپ كەتكەن تارىخىي يادىكارلىقلارنى تولۇق بىلىشىمىز بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك يازما خاتىرىلىرى ۋە بايانلىرىغىمۇ دىققەت قىلىشىمىز كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا ئاسانلا چاتاق چىقىدۇ. بۇنىڭغا مونۇ ئىككى مىسالنى كەلتۈرەي: كۇچارنىڭ سۇ بېشىدىكى بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسى توغرىسىدا ياپونىيىلىكلەر «تولۇق تاڭ دەۋرىدە غەرپكە قىلىنغان ساياھەت» تىكى مەنبەگە ئاساسەن، بۇ جايىنى شەرق - غەرپ جوكۇلى (چۆلى ئىبادەتخانىسى) دەپ ئىزھار قىلغان. ئۇنىڭ كەينىدىنلا پائۇل پېللوتمۇ ئۆزىنىڭ بۇ يەردىن ئوغرىلاپ قېزىپ كەتكەن «چۆلى» دېگەن يەر ئىسمى يېزىلغان پۈتۈككە ئاساسەن، بۇ جايىنى 4- ئەسىردىن بۇيان مەشھۇر بولغان چۆلى ئىبادەتخانىسى دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. كېيىنكى چاغلاردا بۇ يەردىن يەنە ئۇدا بىر نەچچە قېتىم ئەشۇ ئىبادەتخانىغا ئالاقىدار ئىزلار ۋە قالدۇق نەرسىلەر تېپىلغان. ئەمىلىيەتتىمۇ بىز بۈگۈنكى كۈندە بۇ يەرگە كېلىپ ئېكسكۇرسىيە قىلغان ئىبادەتخانا خاراكتېرىدىكى قالدۇق ئىزلارنىمۇ ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. ۋاھالەنكى، بىزنىڭ ئۇ يەرگە قاداپ قويغان چۈشەندۈرۈش تاختىمىزدا ئۇنى قەدىمقى شەھەرنىڭ قالدۇق ئىزى دەپ ئىزھار قىلىنغان (ئېھتىمال، بۇنىڭدا خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندىنىڭ دەسلەپكى كوز قارىشى ئاساس

قىلىنغان بولسا كېرەك، لېكىن خۇۋاك ئەپەندىم 1958 - يىلى ئۇ يەرگە قايتا
بېرىپ تەكشۈرگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى تۈزەتكەن ئىدى). يەنە بىر مىسال،
قىزىلدىكى مىڭ ئۆينىڭ يىل دەۋرى مەسىلىسى. گېرمانىيىلىكلەر 30 - يىللارنىڭ باشلىرىدا
ئېلان قىلغان دوكلاتىدا، تەخمىنەن يىلىنى ئىسپاتلاشقا بولىدىغان كېمىر ھوجرىنى
ئاساس قىلىپ، قىزىلدىكى مىڭ ئۆينى ئىككى چوڭ مەزگىلگە ئايرىغان: ئالدىنقى
مەزگىلنىڭ ۋاقتى 500 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە، كېيىنكى مەزگىلنىڭ ۋاقتى 600 -
يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە. بىز ئۇلارنىڭ دەلىلىنى ئىنكار قىلىشقىمۇ چارىسىز، شۇ-
نىڭدەك ئۇلارنىڭ كۆزقارىشىنىمۇ تىلغا ئالمايمىز (ئۇلارنىڭ بۇكۆزقارىشى 60 - يىللاردا بەزى
چەتئەللىكلەر جۇڭگودىكى مىڭ ئۆيلەر ئۈستىدە توختالغان ئەسەرلىرىدە يەنىلا قوللانغان)، لېكىن
ئىشەنچلىك ئاساسى بولمىغان باشقىچە بىرگەپنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىمىز. مەسىلەن، ئوتكەن ئاي-
دىكى شىنجاڭ گېزىتىنىڭ رەسىملىك بېتىدىكى چۈشەندۈرۈشتە قىزىلدىكى بەزى كېمىر ھوجرى-
لارنىڭ بىنا قىلىنغان ۋاقتى 3 - ئەسىر ۋە 4-،5 - ئەسىر قىلىپ بېكىتىپ قويۇلغان، ۋاھاكازا. يۇقىرىدا
بىز ئېيتىلغان ئىككى مىسال ھازىرقى كۈندە بىزنى پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئەگەر
بىرسى بىزدىن: سۇ بېشىدىكى قالدۇق ئىزچەھەر ئورنىمۇ ياكى ئىبادەتخانا ئورنىمۇ؟ قىزىلدىكى
مىڭ ئۆينىڭ مۇتلەق يىلى نېمىگە ئاساسەن بېكىتىلگەن؟ دەپ سورىسا، بىز ئۇنىڭغا نېمە دەپ
جاۋاب بېرىمىز؟ ئىلىم ئىشىدا ھەقىقىي چىنلىق تەلەپ قىلىنىدۇ، ئالدى بىلەن ئوتكەندىكى كىشى-
لەرنىڭ خىزمىتىنى يەكۈنلەش، ئاندىن شۇ ئاساستا داۋاملىق ئىلگىرىلەش لازىم. بىز ئۆزىمىز-
نىڭ ئىلگىرى ئىشلىگەن خىزمەتلىرىمىزنى يەكۈنلىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە، چەتئەللىكلەر
ئوغرىلاپ كەتكەن ماتېرىياللار ۋە ئۇلارنىڭ رەتلەپ چىققان نەتىجىلىرىگىمۇ دىققەت قىلىشىمىز
كېرەك. بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرىدىن بىر مۇنچە مۇھىم يادىكارلىقلارنى ئۇلار ئوغ-
رىلاپ ئېلىپ كەتكەن، شۇڭا بەزى تەتقىقات خىزمەتلىرى ھەتتا بۈگۈنكى كۈنگىچە ئازدۇر-كۆپتۇر
ئۇلارتەرەپىدىن مونوپول قىلىنىپ كەلمەكتە، بۇنداق ئەھۋالدا، بىز ئۇلارنىڭ تەتقىقاتىغا نىسبەتەن
ھوشيارلىقىمىزنى ئوستۇرۇشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە. لېكىن ئۇنىڭغا ھەرگىز پەرۋاسىزلىق بىلەن قارى-
ساق بولمايدۇ. چۈنكى پەرۋاسىزلىق قىلىش بىزنىڭ بۈگۈنكى خىزمىتىمىز ئۈچۈن چوڭ زىيان-
لارنى يەتكۈزىدۇ. كۇچار، باي ناھىيىلىرىدىكى بۇددا دىنى يادىكارلىقلىرى يىپەك يولىغا مۇناسىۋەت-
لىك مۇھىم مەسىلە، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ تارىخ تەتقىقاتى، ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى جەھەت-
تىكىمۇ مۇھىم مەسىلە. بىراق كۇچار، باي ناھىيىلىرىدىكى بۇددا دىنى يادىكارلىقلىرىغا دائىر خىزمەت
ھازىر تېخى تېگىشلىك ئورۇنغا قويۇلمىغاندەك تۇرىدۇ، بۇ خىزمەت بىزنىڭچە ئالدى بىلەن ئار-
خېئولوگىيە خىزمىتىدىن ئىبارەت. چۈنكى بۇنىڭدا ئورغۇنلىغان قېزىش ۋە رەتلەش خىزمىتىنى
ئىشلەش زورۇر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇلارنىڭ يىل تەرتىۋىنى ھەل قى-
لىشقا توغرا كېلىدۇ. مىڭ ئۆيلەرنىڭ ئۆزىدە بىۋاستە يىل خاتىرىلىرى ناھايىتى كەم ئۇچراي-
دىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىۋىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا، ئاساسەن، ئارخېئو-

لوگىك تېپلار ئىلمى ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا، مىڭ ئۆيلەردىكى خىلمۇ-خىل مول ئوبرازلىق ماتېرىياللاردىن توغرا پايدىلىنىشقا ئامالسىز قالىمىز. ئارخېئولوگىيە خىزمىتى، ئاسامەن، نەق مەيداندا ئېلىپ بېرىلىدىغان خىزمەت، مىڭ ئۆيلەر جايلاشقان نەق مەيدانلارنىڭ دائىرىسى چوڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مىڭ ئۆيلەرنىڭ ئۆزى ئۇزاق مۇددەتكىچە ساقلىنىدىغان يەر ئۈستى يادىكارلىقلار بولغاچقا، مىڭ ئۆيلەرنىڭ ئارخېئولوگىك خىزمىتىنى مىڭ ئۆيلەرنى باشقۇرۇش ئورۇنلىرىدىكى يولداشلارنى ئاساسىي كۈچ قىلغان ھالدا قەدەممۇ-قەدەم ئورۇنلاشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىر مىڭ ئۆيلەرنى باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ ئۆزىدىكى كۈچ تېخى بىر قەدەر ئاجىز، شۇڭا، ئارخېئولوگىيە خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەمكارلىشىغا مۇھتاج، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىي يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتى بۇ جەھەتتىكى مەجبۇرىيىتىدىن باش تارتماسلىقى كېرەك، ئەلۋەتتە. بۇددا دىنى يادىكارلىقلىرى شىنجاڭنىڭ تارىخ ۋە ئارخېئولوگىيە ئىلمىدىكى مۇھىم مەزمۇن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كوسەن رايونىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئىقتىسات ۋە مەدەنىيىتى گۈللەنگەن دەۋرى دەل بۇددا دىنىنىڭ تارقالغان دەۋرى، شىنجاڭنىڭ نۇرغۇنلىغان جايلىرىمۇ شۇنداق، تۇرپان رايونىمۇ شۇنداق، دولان، چارقىلىق رايونلىرىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. شۇڭا، بىزنىڭ ھېس قىلىشىمىزچە، شىنجاڭدىكى تارىخ، ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكىلەر شىنجاڭنىڭ بۇددا دىنى تارىخى ۋە بۇددا دىنى ئارخېئولوگىيىسىگە دائىر خىزمەتلەرگە ئەھمىيەت بەرسە، شىنجاڭ تارىخىنى ئوبدان يېزىپ چىقىش ئۈچۈن پايدىلىق شەرت-شارائىت ھازىرلانغان بولىدۇ.

(يولداش جاڭ پىڭ لۈيگە ئاساسەن رەتلىگەن)

# يىپەك يولىدىكى قەدىمقى خەلقلەر ۋە تىللار

ئىبراھىم مۇتىئى

## 1. سوغدىلار

سوغدىلار (ياكى سوغدىيانلار) — ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمقى ئىران خەلقلىرىدىن بىرى، بۇ خەلق مىلادىدىن ئاۋۋالقى 4 - 5 - ئەسىرلەردىن مىلادى 10 - ئەسىرگىچە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا، بولۇپمۇ مىلادىدىن ئاۋۋالقى 2 - ئەسىردە ئېچىلغان مەشھۇر يىپەك يولى سودىسىدا بەك ئاكتىپ ۋاستىچىلىق قىلىپ ئالاھىدە زور رول ئوينىغان.

قەدىمقى گرېك يازغۇچىلىرىنىڭ خاتىرىلىرىگە قارىغاندا، سوغدىلار ماۋرا ئۇننەھرىدە (ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى ئارىلىقىدا) ياشىغان. ئەرەب ۋە ئىران تارىخچىلىرىنىڭ يېزىشىچە، سوغدىلار زەرەپشان ۋادىسى بىلەن قەشقەر دەريا ۋادىلىرى ئارىلىقىدا ياشىغان. ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى مەخمۇت قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە بايان قىلىنىشىچە، سوغدىلارنىڭ توپلىنىپ ئولتۇرغان جايلىرى بۇخارا بىلەن سەمەرقەند ئارىلىقى بولغان. شۇنىڭدەك ئۇ زاماندا (9 - ئەسىردە) بىر قىسىم سوغدىلار بالا ساغۇن ئەتراپىغا كۆچۈپ كەلگەن. لېكىن بۇلار تۈرك خەلقلىرىنىڭ ئۆرپ ئادىتىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئىككى خىل تىلدا (سوغدىچە ۋە تۈركچە تىللاردا) ئوخشاش سۆزلەيدىغان بولغان ۋە تۈركى خەلقلەر تەرىپىدىن سوغداق دەپ ئاتالغان.

يەنە بىر ئېيتقاندا، سوغدىلارنىڭ جەنۇبىي چېگرىسى تۆمۈر قاپقا (بوزغال ئۆتكىلى) بولۇپ، بۇ ئۆتكەلنىڭ جەنۇبىدا توخارلار ياشىغان. غەربىدە سوغدىلار، ئامۇدەريانىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدا ياشايدىغان خارەزىملىكلەرگە يېقىن خوشنا بولۇپ، بۇلارمۇ قەدىمقى ئىران خەلقلىرىدىن ئىدى. سوغدىلارنىڭ شىمالىي چېگرىسى سىر دەريا بولۇپ، بۇيەردە سوغدىلار قانقلىلار بىلەن (بۇلار تۈركى تىلدا سۆزلەيدىغان كۆچمەن خەلق) خوشنا ئىدى. شەرقتە سوغدىلار پەرغانىغا چېگرىداش بولغان.

سوغدىلارنىڭ ئاساسىي ماكانى يۇقىرىقى جايلاردىن ئىبارەت. بۇندىن تاشقىرى، خۇددى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»ۋە «ھۇدۇدۇل ئالەم» دە زىكىر قىلىنغاندەك، بەشبالىق ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلاردا سوغدىلارنىڭ 5 كەنتى بولغان، يەتتە سۇ، تيانشاننىڭ ھەر قايسى مۇھىم ئۆتكەللىرى لوپنۇر رايونى، خېشى يولىكى (كارىدورى)ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەندىمۇ سوغدى

سودىگەرلىرىنىڭ كەنتلىرى بولغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە لوپنۇر رايونىدىكى سوغدى كەنتى بەك مەشھۇر بولغان. مىلادى 7 - 8 - ئەسىرلەردە مۇنداق سوغدى كەنتلىرى ھەر قايسى جايلاردا ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولۇپ، مەلۇم دەرىجىدە ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن پايدىلانغان.

قەدىمقى پارس ئىمپېرىيەسىنىڭ پادىشاسى دارا (مىلادىدىن ئاۋۋالقى 496 - 522 - يىللار) ئۆزىنىڭ بىر خاتىرە تېشىدا ئۆزىگە تەۋە خەلقلەرنى تىلغا ئالغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوغدىلار بىلەن خارەزىملىكلەرنىمۇ ساناپ ئۆتىدۇ، دارانىڭ پېرسېپولدىكى قەۋرىسىگە سىزىلغان ئويما رەسىملەردىمۇ خارەزىملىكلەر بىلەن سوغدىلارنىڭ رەسىملىرى بار. كىشىر كىسنىڭ گرېتسىيەگە يۈرۈش قىلغان قوشۇنلىرى ئىچىدىمۇ خارەزىم ۋە سوغدى ئەترەتلىرى بولغان.

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن شەرققە يۈرۈش قىلغاندا (مىلادىدىن ئاۋۋالقى 327 - 330 - يىللار)، سوغدىلار دارادىن يۈز ئۆرۈپ، ئىسكەندەر تەرىپىگە ئۆتكەن ۋە مىلادىدىن ئاۋۋالقى 4 - ئەسىردىن مىلادىدىن ئاۋۋالقى 2 - ئەسىرگىچە گرېتلەرنىڭ (ئاۋۋال ئىسكەندەرنىڭ كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى قۇرغان گىرېك — باكتىرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ) ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان.

مىلادىدىن ئاۋۋالقى 2 - ئەسىردە، ھونلارنىڭ، ئەمىر كۆچى ئوتتۇرا ئاسىياغا يېتىپ كېلىشى بىلەن، سوغدىلارنىڭ بىر قىسمى سىياسىي جەھەتتىن ھونلارغا تەۋە قاڭقىللار قارمىقىغا ئۆتتى، يەنە بىر قىسمى بولسا، گرېك - باكتىرىيە ئىمپېرىيەسىنى ئاغدۇرۇپ كوشان خانلىقىنى قۇرغان ياۋچىلار تەۋەلىكىدە بولدى. بۇ چاغدا ھازىرقى تۈركمەنىستان تېررىتورىيەسىدە قۇرۇلغان ئارشاكىدلار سۇلالىسى (بۇ سۇلالە خەنزۇ تارىخنامىلىرىدا «ئەنشى 安息 سۇلالىسى» دېيىلىدۇ، خەنزۇچە «ئەنشى» دېگەن سۆز بۇ سۇلالىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمى «ئەنساك» دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولسا كېرەك). سوغدىلارنىڭ غەربىي خوشنىلىرى بولۇپ، ئارشاكىدلارنىڭ پادىشاسى مىترىدات 2 - (مىلادىدىن ئاۋۋالقى 87 - 124 - يىللار) غەربتە رىم ئىمپېرىيەسى، شەرقتە جۇڭگونىڭ خەن سۇلالىسى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلغان بىرىنچى پادىشا ئىدى. سوغدىلار بۇلارنىڭ يېقىن خوشنىلىرى ئىدى ۋە جۇڭگوغا بارىدىغان مۇھىم ئۆتكەلدە تۇراتتى. شۇڭا سوغدىلار يىپەك يولى دەسلەپتە ئېچىلغان دەۋردىن تارتىپلا بۇ يول بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن.

مىلادىدىن كېيىنكى 5 - ئەسىردە جۇرجانلارنىڭ بېسىمى بىلەن ياۋچىلارنىڭ يەنە بىر قىسمى بولغان ئېفتالىتلار ياكى ئابدالىلار (بۇلار ئاق ھونلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئەرەبلەر بۇلارنى خاتتاللار دەيدۇ، خەنزۇ تارىخلىرىدا بۇلار يەندالار دېگەن نام بىلەن مەشھۇر) كوشان خانلىقىنى ئىگەللىگەندىن كېيىن، سوغدىلار شۇلارغا تەۋە بولۇپ ياشىدى. مىلادى 563 — 567 - يىللىرى ئېفتالىتلار خانلىقى كۆك تۈرك دۆلىتى تەرىپىدىن يوقىتىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆچمەن ئىران قەبىلىلىرى قالمىدى، ئولتۇراق تۇرمۇش كەچۈرىدىغان سوغدىلار بولسا، كۆك تۈركلەر تەۋەلىكىگە ئۆتتى، ئۇ چاغدا كۆك تۈرك خانلىقىنىڭ زېمىنى مۇڭغۇل چۆلىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىن تاكى ۋىزانتىيەگىچە سوزۇلاتتى، بۇ ھال سوغدىلارنىڭ سودا

پاتالىيىتىگە كەڭ يول ئېچىپ بەردى. كۆك تۈرك خانلىقى تاڭ سۇلالىسىغا قوشۇلغاندىن كېيىن، سوغدىلار تاڭ سۇلالىسى تەۋەلىكىگە ئۆتتى. شۇندىن ئېتىبارەن، ئوتتۇرىدا قىسقا بىر مەزگىل ئەرەب ۋە پارس ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرغانلىقىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، سوغدىلار ئاساسەن جۇڭگو مىللەتلىرى قۇرغان خانلىقلار (قارا خانىلار، گورخانىلار ۋە موڭغۇل ئىمپېرىيىسى) تەۋەلىكىدە بولۇپ كەلدى، مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، سوغدىلارمۇ مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىر قىسمى ھېساپلىنىدۇ.

ئەرەبلەر 8 - ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىگەللىگەندىن كېيىن (مىلادى 712 - يىلى سەمەرقەند ئەرەبلەر قولىغا ئۆتكەن)، سوغدىلارنىڭ بىر قىسمى ئەرەب خەلىپىلىكى تەۋەلىكىگە ئۆتتى، ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىشنى خالىمىغان يەنە بىر قىسمى شەرققە — چۇدەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى.

يۇقۇرقى تارىخىي پاكىتلاردىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، سوغدىلار ئوتتۇرا ئاسىيادا ھېچقاچان مۇستەقىل خانلىق قۇرمىغان، سوغدىلار سىياسىي جەھەتتىن چوڭ رول ئوينىمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي جەھەتتىن ناھايىتى چوڭ روللارنى ئوينىغان.

سوغدىلار قەدىمدىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىيادا دېخانچىلىق بىلەن ئولتۇراق تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن مەدەنىي خەلقلەرنىڭ بىرى. ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بوستانلىقلارنى گۈللەندۈرۈشكە كۆپ ھەسسە قوشقان. شۇڭا ئۇلارنى ماۋرائۇننەھردىكى قەدىمقى مەدەنىيەتنىڭ ۋەكىلى دېيىش مۇمكىن. سوغدىلار نۇرغۇن كىچىك بەگلىكلەرگە بۆلۈنۈپ ياشىغان. ھەربىر بەگلىكنىڭ باشلىقى «دېھقان» دەپ ئاتالغان. قەدىمقى پارسلاردا دېھقان دېگەن سۆز يەر تېرىغۇچى دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، (خۇددى ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشاش) سوغدىلاردا «دېھقان» دېگەن سۆز «چوڭ يەر ئىگىسى» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن، سوغدىلاردا ھەر بىر دېخاننىڭ ئۆز ئالدىغا بىر قورغانى (كىچىك شەھىرى) بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ مەمۇرىي خادىملىرى ۋە قوراللىق كۈچى بىلەن قورغاندا ياشىغان. قورغان ئەتراپىدا بولسا، ئۇنىڭ يېرىنى تېرىيدىغان دېخانلار ۋە قول ھۈنەرۋەنلەر ياشىغان، دېخانچىلىق سۇنئىي ئېرىق - ئۆستەڭلەر چېپىپ سۇغۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان. شۇڭا، كىچىك بەگلىكلەرنىڭ شەھەرلىرى مۇھىم سۇغۇرۇش تۈگۈنلىرىگە جايلاشقان، بۇ بەگلىكلەرنىڭ قوراللىق ئەترەتلىرى قەدىمقى دەۋرنىڭ سىياسىي ھاياتىدا خۇددى ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى رىتسارلار ئوينىغاندەك رول ئويناپ سىياسىي مۇقىملىقنى ئاشۇرغان، مۇنتىزىم قوشۇنلارنىڭ دۆلەت مۇداپىئە ھەرىكەتلىرىگە ياردەم بەرگەن. سوغدىلار ئاساسەن، بۇغداي، ئارپا، تېرىق، بىدە تېرىغان، قىزىلگۈل، كەندىر، پۇرچاق، سامساق تېرىغان، ئانار، ئۈزۈم، ياڭاق يېتىشتۈرگەن. جۇڭگو مەنبەلىرىدە گۈرۈچ تېرىلغانلىقى يېزىلمىغان، لېكىن گرېك مەنبەلىرىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە، زەرەفشان ۋادىسىنىڭ شىمالى ئېقىمىدا گۈرۈچمۇ تېرىلغان، شۇنىڭدەك بۇ يەردىن ئۆتكەندىمۇ بۇ يەردە گۈرۈچ بارلىقىنى كۆرگەن. باغۋەنچىلىك، بولۇپمۇ ئۈزۈمچىلىك بەك تەرەققىي قىلغان. ئۈزۈم ھازىرمۇ ئۇلار-

نىڭ ئاتاسى مەمۇلاتلىرىدىن بىرى بولغان. تارىخىي مەنبەلەر سوغدى ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ھەشەمەتلىك ئالتۇن تەختلەردە ئولتۇرىدىغانلىقى، خەلق ئىچىدە ناھايىتى ياخشى ئىشلەنگەن ئالتۇن بۇتلار سېتىلىدىغانلىقى، سوغدىلاردا مەدەنىيلىك ۋە قول سانائەتنىڭ خېلى تەرەققى قىلغانلىقىدىن دەلالەت بېرىدۇ، ئەرەب ئىستېلاسى دەۋرىدە سەمەرقەنتتە قوغۇشۇن ترۇبىلار ئارقىلىق شەھەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان زەردەشت دىنىدىكى سوغدىلارنىڭ باج ۋە سېلىق-تىن ئازات قىلىنغانلىقى، سوغدى شەھەرلىرىدە بولۇپمۇ سەمەرقەنتتە بىر خىل ۋودوپروۋوت بولغانلىقىدىن دەلالەت بېرىدۇ.

تارىخىي مەنبەلەردىن قارىغاندا، سوغدىلار سودىگەرچىلىككە بولۇپمۇ ماھىر بولغان. ئۇلار بالىلارغا 5 يېشىدىن تارتىپلا خەت ۋە ھېساپ ئوگەتكەن، خەت ساۋادى چىقىش بىلەنلا ئۆز بالىلىرىنى سودىگەرچىلىككە كىرىشتۈرۈپ پايدا ئېلىشقا ئۈگەتكەن. سوغدىلارنىڭ نەزىرىدە پايدا ئەڭ قەدىرلىك نەرسە ھېساپلانغان. شۇڭا يېڭى تۇغۇلغان بالىنىڭ قولىغا «پايدا ساڭا ئۆمۈر-لۈك ھەمرا بولسۇن» دەپ يارماقتىن تۇمار باغلاپ قويىدىغان بولغان.

قەدىمقى فىنىكىيلىقلار ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدىكى سودا ئىشلىرىدا قانداق رول ئوينىغان بولسا، سوغدىلارمۇ قەدىمقى يىپەك يولىدا شۇنداق ئاكتىپ رول ئوينىغان. شۇڭا تارىخچىلار ئۇلارنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ فىنىكىيلىقلىرى دەپ مەدھىيەلەيدۇ.

دىنى جەھەتتىن، سوغدىلار ئاساسەن، زەردەشت دىنىغا ئېتىقات قىلغان، بەزى ئالىملارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ دىن دەسلەپتە قەدىمقى خارەزمدە پەيدا بولغان، كېيىن پۈتۈن ئىران خەلقلىرىنىڭ مىللى دىنىغا ئايلانغان، سوغدىلار قەدىمقى گرېك - باكتىرىيە ئىمپېرىيەسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى كوشان خانلىقى تەۋەلىكىدە ياشىغان دەۋرلەردە ئۇلارنىڭ ئىچىگە بۇددا دىنىمۇ تارقىلىپ كىرگەن، لېكىن كېيىن بۇددا دىنى زەردەشت دىنى تەرىپىدىن تومۇر قايتا ئارقىسىغا سىقىپ چىقىرىلغان. شۈەنجۇاڭنىڭ مىلادى 630-يىلى سەمەرقەنتتە كۆرگەن ئەھۋاللىرى بۇنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ، شۈەنجۇاڭ بارغاندا سەمەرقەنت ئەتراپىدا پەقەت ئىككىلا بۇددا ئىبادەتخانىسى بولۇپ، پۈتۈنلەي بوش تۇرغان. بۇددىن باشقا، مانى ۋە نېستورىيان دىنلىرىمۇ سوغدىلار ئىچىگە تارقىلىپ كىرگەن. لېكىن بۇ دىنلارمۇ سوغدىلار توپلىشىپ ئولتۇرغان رايونلاردا زەردەشت دىنىنىڭ ئورنىنى باسالمىغان، زەردەشت دىنى تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلغان بۇددا، مانى، نېستورىيان راھىبلىرى سەمەرقەنتتىن تارتىپ تاكى چاڭئەنگىچە سوزۇلغان يىپەك يولى بويى-لىرىغا تارقالغان سوغدى كەنتلىرىدە ماكان تۇتۇپ، شۇ جايلاردىكى يەرلىك خەلقلەر ۋە كوچمەنلەر ئىچىگە بۇددا، مانى، نېستورىيان دىنلىرىنى تارقاتقان. كۇچار، تۇرپان، دۇڭخاڭ-لاردىن تېپىلغان سوغدىچە بۇددا، مانى، نېستورىيان ھۆججەتلىرى بۇنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ. بېشبالىقتىن 7 كۈنلۈك يولدا جايلاشقان بىر موڭغۇل كەنتىدىن تېپىلغان سوغدىچە مەڭگۈ تاش ۋە ئورخۇن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىن تېپىلغان (بىر ئۇيغۇر خانىنىڭ مانى دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك) بىر ئابىدە تاشتىنمۇ سوغدىلارنىڭ مۇھىم «يىپەك يوللىرى»

ۋە يىراق چارۋىچىلىق رايونلىرىدا دىن تارقىتىش ياتالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى كۆرۈش مۇمكىن.

سوغدى تىلى — قەدىمقى ئىران تىللىرىدىن بىرسى. بۇرۇنقى ھىندى لوغەتلىرى پارس تىلىنىڭ لېكسىكوگرافىيىسىگە توختالغاندا، سوغدى تىلىنى ھازىرقى ئافغانىستاندىكى ئۈچ تىل — ھېرات تىلى، زاۋۇل تىلى ۋە ساك ياكى ساجىستان تىلى قاتارىدا ئۆلگەن ئىران تىللىرىدىن بىرى ھېساپلايدۇ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ 9 - ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئالىملىرىدىن بىراۋى ئۆزىنىڭ «ئەسەر - ۋلباقىيە» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە سوغدىلارنىڭ كالېندارىنى تونۇشتۇرغاندا، بۇ كالېندارلاردا كۆرسىتىلگەن بايراملار بۇخارا يېزىلىرىدىكى خەلق ئارىسىدا ئۆتكۈزۈلۈۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەن. 10 - ئەسىردە ئۆتكەن ئەرەپ جۇغراپىيەچىسى بەلخى - ئىستەخرىمۇ بۇخارا تىلىنى سوغدى تىلى دېگەن. 630 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئۆتكەن جۇڭگو ساياھەتچىسى شۈەنجۇاڭمۇ سوغدىلارنىڭ (ئۆز تىلى بىلەن ئېيتقاندا سولىلەرنىڭ) يوقۇرىدىن تۆۋەنگە يېزىلىدىغان مىللىي يېزىقى بارلىقى، قەشقەر يەتتەسۇ ۋە سەمەرقەنتتە سوغدى تىلى ئىستىمال قىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتىدۇ.

20 - ئەسىردە دۇنخۇاڭ يېنىدا ئۇلۇق سېپىل خارابىسىدىن 1 - ئەسىرگە ئائىت بىر خەنزۇچە ھۆججەت بىلەن بىللە تېپىلغان سوغدىچە خەت، لوپنۇر رايونىدىكى ئەندىرىدىن تېپىلغان بۇددا دىنىغا ئائىت بىر ھۆججەت ۋە تۇرپان بىلەن دۇڭخۇاڭدىن بۇددا، مانى، نىستورىيان دىنىغا ئائىت ھۆججەتلەر، خەتلەر ۋە كالېندارلار تېپىلغاندىن كېيىن سوغدى تىلى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ياۋروپا ئالىملىرى سوغدى تىلى ھەققىدە تەتقىقات يۈرگۈزۈشكە كىرىشتى، غەربىي ياۋروپا ئالىملىرىدىن گرتىئو، ئاندىرياس، خېنىڭلار، ھازىرقى سوۋېت ئالىملىرىدىن لىۋشىت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ تەتقىقاتى نەتىجىسىدە سوغدى تىلى ھەققىدە بىر قەدەر ئەترابلىق چۈشەنچە پەيدا بولدى.

سوغدى تىلى قەدىمقى سەمەرقەنددىيالېكتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بىر ئەدەبىي تىل. دۇڭخۇاڭ يېنىدىن تېپىلغان سوغدىچە خەت (بۇ خەت گەرچە 1 - ئەسىرگە ئائىت بىر خەنزۇچە ھۆججەت بىلەن بىللە تېپىلغانلىقى ئۈچۈن 1 - ئەسىرگە ئائىت خەت دەپ قارالغان بولسىمۇ، خېنىڭنىڭ ئۇنىڭ 4 - ئەسىرگە ئائىت ھۆججەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتى) بىلەن ئەندىرىدىن تېپىلغان بۇددا دىنىغا ئائىت ھۆججەت ۋە تاجىكىستاننىڭ موگ تاغلىرىدىكى بىر ئوردا خارابىسىدىن تېپىلغان سوغدىچە ھۆججەت (بۇ سوغدىلارنىڭ ئەسلى يۇرتىدىن تېپىلغان بىردىن - بىر ھۆججەت) لەردىكى تىل 4 - ئەسىرگە ئائىت كونا سوغدى تىلى دەپ ئاتىلىدۇ. دۇڭخۇاڭ ۋە تۇرپاندىن تېپىلغان مانى ۋە نىستورىيان دىنىي ھۆججەتلىرىدە ئىشلىتىلگەن تىل 7 — 8 - ئەسىرلەرگە ئائىت يېڭى سوغدى تىلى دەپ ئاتىلىدۇ.

فونېتىك جەھەتتىن سوغدى تىلى «S» تىلى ۋە «ت» تىلى دېگەن ئىككى دىيالېكتقا بۆلۈنىدۇ، «S» تىلى بۇرۇنقى، «ت» تىلى كېيىنكى تىل ھېساپلىنىدۇ. سوغدى تىلىدىن زەرەفشان دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىمىدا ھازىرغىچە ساقلانغان ياغناپ دىيالېكتى بۇ دىيالېكتلارنىڭ

ھېچبىرسىگە ئوخشىمايدۇ. «S» تىلى سوغدىلارنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي رايونلىرىدا تارقالغان، «د» تىلى بولسا جەنۇبىي ۋە شەرقىي رايونلىرىدا تارقالغان. «S» تىلى بويىچە سوغدىلارنىڭ ئىسمى Surd ياكى Suoıdak دېيىلسە، «د» دىيالېكتىدا بۇ سۆز Suli ياكى Sulik دېيىلگەن. قەشقەر ئەتراپىدا ياشايدىغان سوغدىلارنىڭ تىلى «د» دىيالېكتىغا مەنسۇپ بولسا كېرەك. قەشقەرنىڭ قەدىمقى ئىسمى «سولى» دېگەن سۆز «سۇلىق» دېگەن سۆزدىن كەلگەن، بۇ ھازىر كۆپچىلىك ئالىملار ئېتىراپ قىلغان پاكىت. شۇڭا شۈەنجۇاڭ ئۇلارنى سۇلى دەپ ئاتىغان. مەخمۇت قەشقىرى قەشقەرنىڭ تىلىغا توختالغاندا، شەھەر خەلقى ساپ تۈركى تىلىدا سۆزلەيدۇ، شەھەر ئەتراپىدا ئىككى تىلدا سۆزلەيدىغان كەنچەك مەھەللىلىرى بار دەيدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈنىدۇكى 9 - ئەسىردە قەشقەر ئەتراپىدىكى سوغدىلار (ئەگەر كەنچەكلەرنى شۇلارنىڭ ئەۋلادى دەپ قاراش مۇمكىن بولسا) تۈركلىشىشنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا تۇرغان بولىدۇ. (خۇددى بالاساغۇندا بولغاندىكىدەك).

مۇشۇ پاكىتلاردىن شۈەنجۇاڭ سولى دەپ ئاتىغان قەشقەردىن تاكى تۆمۈر قاپقىغىچە بولغان كەڭ رايون سوغدىلار تارقالغان رايون بولۇپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىكى بىرلا پەرق، سەمەرقەند بىلەن بۇخارا ئەتراپى سوغدىلارنىڭ ئاساسى بولسا، قەشقەر ۋە بالاساغۇن ئەتراپىدىكى سوغدىلار تىجارەت ئۈچۈن كۆچۈپ كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالغان سوغدىلار بولىدۇ.

سوغدىلارنىڭ ئۆز يېزىقلىرى بولغان، ئۇلارنىڭ بۇ يېزىقلىرى سامى خەلقىنىڭ يېزىقىدىن كەلگەن. ئارامى يېزىقى دەپ ئاتالغان بۇ يېزىقنى ئالدى بىلەن پارسلار قوبۇل قىلىپ ئىلىپ ئىشلەتكەن، ئىراندىن تېپىلغان ئارشاكىدلار سۇلالىسىنىڭ كۈمۈش ئاقچىلىرىدا ۋە نىيەدىن تېپىلغان مىلادى 1 - ئەسىرگە ئائىت پۈتۈكلەردە پارسلار ئىشلەتكەن بۇ يېزىق ئۇچرايدۇ. سوغدىلارغا بۇ يېزىق پارسلاردىن ئۆتكەن، كونا سوغدى تىلىدىكى ھۆججەتلەردە ئەنە شۇ ئارامى يېزىقى ئاساسىدا ئىشلەنگەن يېزىق ئىشلىتىلگەن. يېڭى سوغدى تىلىدىكى ھۆججەتلەردە بولسا يۇقۇرىدىن تۆۋەنگە يېزىلىدىغان ۋە كېيىن قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى دەپ ئاتالغان سوغدى يېزىقى ئىشلىتىلگەن، 4 - ئەسىردىن تارتىپ تۈرك خەلقلىرى ئىشلەتكەن ئورخۇن ۋە قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقلىرىمۇ گىرىتتونىڭ پىكرىچە، ئەنە شۇ سوغدىلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن تۈركى خەلقلەرگە ئۆتكەن، 8-ئەسىردە ئۆتكەن ئىسلام ئالىمى فەخرىددىن مۇبارەكشاھ مەرۋەرۇدىمۇ بۇ نۇقتىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەن. (مەخمۇت قەشقىرى بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلمىغان بولسا كېرەك) 3 - ئەسىردىن 7 - ئەسىرگىچە پەھلىۋىي تىلى دەپ ئاتالغان پارس تىلى ساسانىلارنىڭ ئەدەبىي تىلى بولغاندەك، 7 — 8- ئەسىرلەردە سوغدى تىلى ۋىزانتىيەدىن تارتىپ تاجاڭئەنگىچە بولغان كەڭ رايوندا يىپەك يولى بويىلاپ ئولتۇراقلاشقان سوغدىلارنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى بولغان ۋە شۇ يىپەك يولىدا ياشىغۇچى باشقا خەلقلەرنىڭ زىيالىيلىرىمۇ بۇ تىلنى ئوبدان بىلگەن ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا ئۇنىڭدىن پايدىلانغان. تۇرپاندىن تېپىلغان بىر سوغدى كالىندارىدا يىل، ئاي، كۈنلەرنىڭ سوغدىچە ئىسىملىرى ئىچىدە خەنزۇچە يىل ئاي، كۈن ئىسىملىرى ۋە مۇچەل نامىلىرى يېزىلغانلىقى،

شۇ دەۋردە خەنزۇلار ۋە خەنزۇچە بىلگەن باشقا مىللەت زىيالىلىرىنىڭ بۇ تىلدىن خەۋەرلەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەرەب ئىستىلاسىدىن كېيىن سامانىلار (999-874-يىللار) دەۋرىدە ئىراندا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا پارس ئەدەبىي تىلى گۈللەنگەندىن كېيىن، بۇ تىل ئاۋال شەھەرلەردىكى زىيالىلار ئارىسىدا ئومۇملىشىپ بارا-بارا قەدىمقى سوغدى تىلىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى، پارسلار كوپچىلىكنى تەشكىل قىلغان رايونلاردا ياشايدىغان سوغدىلار پارسلىشىپ ھازىرقى تاجىك خەلقى ئىچىگە سىڭىپ كەتتى، تۈركى خەلقلىرى كوپچىلىكنى تەشكىل قىلغان رايونلاردا ياشايدىغان سوغدىلار بولسا، تۈركلىشىپ ھازىرقى ئۇيغۇرلار ۋە ئوزبەكلەر ئىچىگە سىڭىپ كەتتى، موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىشغال قىلغاندا، پۈتكۈل «يىپەك يولى» دىكى مۇھىم سوغدى كەنتلىرى (شەھەرلىرى) مەسىلەن: سەمەرقەند قاتتىق ۋەيران بولدى، بۇ ھال سوغدىلارنىڭ يوقىلىشىنى تېزلەتتى. قەدىمقى سوغدىلاردىن پەقەت زەرەپشان دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىمىدىكى ياغناپ دەرياسى بويىدىلا بىر قىسىم خەلق ئوز تىلىنى ساقلاپ قالدى.

## 2. توخارلار

مىلادىدىن 2 ئەسىر ئىلگىرى گرېك — باكتىرىيە ئىمپېرىيىسىنى ئىشغال قىلغان خەلق توخارلار دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلار ياشىغان رايون ئەرەب، پارس تارىخلىرىدا توخارىستان دەپ ئاتىلىدۇ.

گرېك تارىخچىلىرى گرېكلەر بويسۇندۇرغان خەلقلەرنى تىلغا ئالغاندا، توخارلارنىمۇ سانap ئوتىدۇ، كوپچىلىك غەرپ تارىخچىلىرى 2-ئەسىردە گرېك-باكتىرىيە دولىتىنى ئىشغال قىلغان خەلقنى ياۋچىلار ئىدى دىگەن كوز قارىشىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئەگەر شۇنداق بولغان تەغدىردە توخارلارنىڭ ئەسلى يۇرتى گەنسۇ ئولكىسىدىكى بولۇندىر دەرياسىنىڭ بويلىرى بولۇپ، ئۇلارنى بۇ يەرلەردىن ھونلار قوغلىۋەتكەن، بۇ كوچۇش داۋامىدا ياۋچىلار ئالدى بىلەن يەتتە سۇغا، كېيىن ئامۇ دەريا بويلىرىغا بېرىپ، ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىكى بەلخ بىلەن بەدەخشان ئارلىقىدىكى جايلارغا (ئامو دەرياسىنىڭ شىمالىي ئېقىمىدىكى رايونلارغا) جايلاشقان. بۇلار ئۇلۇق ياۋچىلار بولۇپ، كىچىك ياۋچىلار لوپنۇر بىلەن خوتەن ئارلىقىغا جايلاشقان.

«توخار» دىگەن سوز، بۇ خەلقنىڭ ئېتنىك نامى بولۇپ، بۇلار قۇرغان دولەت «كۇشان دولىتى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا كوشان دىگەن نام ئۇلارنىڭ سىياسى نامى بولسا كېرەك.

مىلادى 5-ئەسىردە كوشان دولىتىنى ئېفتالىتلار بېسىۋالدى، بۇلار ئاندالار بولۇپ، ئەرەب تارىخچىلىرى بۇلارنى خاتتال دەيدۇ، خەنزۇ تارىخىدا بۇلار يەندا(嚈哒 )دىگەن نام بىلەن مەلۇم. مىلادى 563 — 567-يىللىرى كوشان دولىتىنى كوك تۈركلەر ئىشغال قىلدى.

توخارلارنىڭ تىلى شەرقىي ئىران تىللىرىنىڭ ساك گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ ۋە ئولگەن تىل ھېساپلىنىدۇ.

ئىلگىرى توخار تىلىدىكى ھۆججەتلەر كۇچار ۋە قاراشەھەرلەردىن تېپىلغان ئىدى(كۇچاردىكى بۇددا غارلىرىدىن بىر كىتابخانا تېپىلىپ بۇنى ئىمسلار ئېلىپ كەتكەن)، ئالىم دۇنياسىدا قەدىمقى كۇچار تىلى 1 توخارتىل، قەدىمقى قارا شەھەر تىلى 2-توخار تىل دەپ ئاتىلدۇ.

كېيىنكى چاغلاردا (1962 — 1963 - يىلى) تېرمىزدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىك تەكشۈرۈشلەر ۋاقتىدا توخارلارنىڭ ئەسلى يۇرتى بولغان توخارستاندىن كۇشان دۆلىتى دەۋرىگە ئائىت ئاقچىلار ۋە خىيونت ئىلاھىسى دەپ ئاتالغان بۇددا دىنى ئىلاھىسى (مەدھىيە) تېپىلدى. بۇ ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلغان A. Maricq بۇ ھۆججەتلەرنىڭ تىلىنى«ھەقىقى توخار تىلى» دەپ ئاتىدى ۋە كۇچار بىلەن قاراشەھەردىن تېپىلغان ھۆججەتلەرنىڭ تىلىنى «ئاتالمىش توخار تىلى» دەپ ئاتىدى.

شۇەنجۇاڭنىڭ گۇۋالىق بېرىشىچە، توخارستاندا بىراخما يېزىقى ئاساسىدا ئىشلەنگەن 25 ھەرپلىك سوادىن ئوڭغا يېزىلىدىغان بىر خىل يېزىق ئىشلىتىلىپ، بۇ يېزىقتا بۇددا دىنى كىتابلىرى ۋە تارىخى ئەسەرلەر يېزىلغان.

ئىسلام يازغۇچىلىرىنىڭ 12- ئەسىردە ئۆتكەن سەمئانى ۋاشگىر شەھرىدە (بۇخارادىكى پەيزۋاتتا، بۇ يەر خاتتالارنىڭ پايتەختى بولغان) ئىسلامدىن ئاۋالقى بىر خىل يېزىق بارلىقىنى ۋە بۇ يېزىقتا يېزىلغان كىتابلارنى كۆرگەنلىكىنى يازىدۇ.

شۇەنجۇاڭ لوپنۇر ئەتراپىدىمۇ توخارلار ياشىغانلىقىنى يازغان، لېكىن شۇەنجۇاڭ بۇ جايلاردىن ئۆتكەندە، بۇ يەرلەر پۈتۈنلەي قۇم ئاستىدا قېلىپ خارابىزارلىققا ئايلانغان. شۇڭلاشۇەنجۇاڭ ئۇلارنىڭ تىل يېزىقى ھەققىدە ھېچنىمە دېمىگەن. كۇچاردا بولسا، توخار تىلىدا بۇددا كىتابلىرىنى بارلىقىنى، بۇ يەردە ھىندى (بىراخمى) يېزىقىغا ئوخشايدىغان بىر يېزىق ئىشلىتىلگەنلىكىنى يازغان. لېكىن بۇ يېزىق ۋە تىلنىڭ توخارستاندىكى يېزىق ۋە تىل بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بارلىقى ھەققىدە ھېچنىمە دېمىگەن.

بۇددا دىنىغا ئائىت قەدىمقى تۈرك يېزىقى بىلەن يېزىلغان ھۆججەتلەردىمۇ توخار تىلى تىلغا ئېلىنىدۇ، لېكىن بۇنىڭدا ئاساسەن كۇچار تىلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

يۇقارقىلاردىن مەلۇم بولىشىچە، توخار تىلى دەپ ئاساسەن توخارستاندىكى توخارلارنىڭ تىلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، توخارىستان كۇشان دۆلىتى دەۋرىدە بۇددىزىم تازا گۈللەنگەن رايون بولغاچقا بەزى ئالىملار قەدىمقى خوتەن بىلەن توخارىستان ئوتتۇرىسىدا قويۇق بېرىش-كېلىش بولغان، چوڭ ياۋچىلار توخارىستاندا بۇددىزىمنى قوبۇل قىلىپ بۇددا مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ تۇققان قەبىلىلىرى بولغان كىچىك ياۋچىلار جايلاشقان خوتەن ۋە ئۇنىڭ شەرقىدىكى جايلار بىلەن قويۇق بېرىش-كېلىش قىلىپ تۇرغان دەيدۇ، لېكىن، خوتەندىن تېپىلغان بۇددا ھۆججەتلىرىنىڭ تىلى بىلەن توخارىستان تىلىدىكى ئوخشىماسلىق كىشىنى بۇلارنىڭ يېقىنلىقىدىن گۇمانلاندۇرىدۇ، شۇڭا بەزى ئالىملار خوتەننىڭ شەرقىدىكى رايوننىڭ تىلىنى(قاروشتى يېزىقى يېزىلغان تىلنى) گرامماتىك تۈزۈلۈشى جەھەتتىن

ئىران تىلىغا يېقىن كەلسىمۇ، لېكسىكىلىق جەھەتتىن ھىندى تىلىنىڭ غەربىي شىمال لەھجىسىگە ئوخشايدۇ دەيدۇ، بەزىلەر ھەتتا بۇ تىلنى تىبەت - بىرما تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ بىر تىل بولسا كېرەك دەيدۇ.

ھەر ھالدا توخارىستاندىكى «ھەقىقىي توخار تىلى» نىڭ شەرقىي ئىران تىللىرىنىڭ ساك گۇرۇپپىسىغا كىرىدىغانلىقى ئېنىقلانغان بولسىمۇ، قەدىمقى خوتەن تىلى ۋە قەدىمقى كۇچار تىلىنىڭ زادى قانداق تىل ئىكەنلىكى تېخى ئېنىقلانمىدى، چۈنكى مەنبەلەردىن بىزگە مەلۇم بولىشىچە، قەدىمقى كۇچاردا روھانىلار تىلى بىلەن ئاۋام خەلق تىلى بىر - بىرىگە ئوخشىمىغان، كۇچاردىن تېپىلغان بىراخما يېزىقى بىلەن يېزىلغان ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەرمۇ بۇ يەردە ئىككى خىل تىل، يەنى دىنىي يۇقىرى تەبىقە ۋە راھىبلار ئىشلىتىدىغان بىر تىل، كوپچىلىك خەلق ئىشلىتىدىغان يەنە بىر خىل تىل بارلىقىدىن، ئاۋام خەلققە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن بۇددا ھۆججەتلىرى يەرلىك خەلق تىلىغىمۇ تەرجىمە قىلىنغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، لېكىن بۇ تېخى ئېنىقلانمىغان مەسىلە. كۇچار ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىن داۋاملىق تېپىلىۋاتقان ماتېرىياللار ۋە جۇمۇلۇش چاڭئەندە تەرجىمە بىلەن شۇغۇللانغان دەۋردىكى تىل ماتېرىياللىرى تولۇق تەتقىق قىلىنغاندىن كېيىن بۇ ھەقتە ئاخىرقى خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىن.

## 3. قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى

ئۇيغۇرلار مەركىزىي ئاسىيادا قەدىمقى زامانلاردىن تارتىپ شەھەر تۇرمۇشى كەچۈرۈپ كەلگەن ئەڭ مەدەنىي خەلقلەرنىڭ بىرى. (مالوۋ)

ئۇيغۇرلار باشتا ھون قەبىلە ئىتتىپاقىدا بولغان، غەربىي ھون قەبىلىلىرى ئىچىدە ساراغۇرلار، ئونوغۇرلار، كوتۇغۇرلار دېگەن قەبىلىلەرنىڭ بولغانلىقى بۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمقى خەلق داستانلىرىدىن بولغان «ئوغۇز نامە» دە مەدھىيىلەنگەن ۋە ھونلارنىڭ بىرىنچى خاقانى دەپ تونۇلغان ئوغۇزخانمۇ ئۆزىنى ئۇيغۇر خاقانى دەيدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، ئۇيغۇرلار ھون قەبىلە ئىتتىپاقىدا مۇھىم رول ئوينىغان خەلقلەردىن بىرى. «شەجەرەئى تۈرك» تە ئېيتىلىشىچە، «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «ئۇيۇشماق»، «ئۇيۇشقۇچى» دېگەنلىك بولىدۇ، ئۇلار ئەڭ دەسلەپتە ئوغۇزخان ئەتراپىغا ئۇيۇشقانلىقى ئۈچۈن مۇشۇ گۈزەل نامنى ئالغان، ھونلار ياۋروپاغا كۆچۈپ بارغاندىمۇ ئاتىللا قوماندىسى ئاستىدىكى خەلقلەر ئىچىدە ئىككى ئۇيغۇر قەبىلىسى بولغان.

بەزى ئالىملار شەرق بىلەن غەرپ ئوتتۇرىسىدىكى يىپەك سودىسى ھون ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىن تارتىپلا مەۋجۇت ئىدى، ھونلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي كۆرەشنىڭ ئىقتىسادىي سەۋەبلىرى ئىچىدە ئەنە شۇ يىپەك سودىسى مەسىلىسىمۇ بار ئىدى، دەيدۇ، ئەگەر بۇ پەرەز توغرى بولىدىغان بولسا، ئۇيغۇرلار شۇ زامانلاردىن تارتىپلا يىپەك يولى سودىسى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن خەلقلەرنىڭ بىرى. ياۋروپاغا ئاتىللا قوماند-

دىسىدا بارغان ھونلار تەركىبىدە ئىككى ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ بولغانلىقى ۋە بۇ ھونلارنىڭ كېيىنكى چاغلاردا ئۆزىنىڭ شەرقتە قالغان تۇققانلىرى — غەربىي لياڭغا سودا كارۋانلىرى ئېۋەتكەنلىكى بۇنى ئىسپاتلايدۇ.

ھونلار بىلەن ئاۋارلاردىن كېيىن چۆلنىڭ شىمالىدا كۆك تۈرك خانلىقى باش كۆتەردى، كۆك تۈرك خانلىقىدىن قالغان مەڭگۈ تاشلاردىن بىز شۇنى ئېنىق كۆرىمىزكى، كۆك تۈرك دۆلىتى تەركىبىدىكى ئۇيغۇرلار ئاساسىي قەبىلىلەرنىڭ بىرى بولغان. مىلادى 5 - ئەسىردە تۆلەسلەر يەنى (ئۇيغۇرلار) ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كەڭ دالىلىرىدا ھەرىكەت قىلغان، كۆك تۈركلەر ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىگىلەپ ۋىزانتىيە ۋە ئىران چېگرىلىرىدا ھەرىكەت قىلغان دەۋرلەردە كۆك تۈرك قوشۇنلىرى تەركىبىدە ئۇيغۇرلارمۇ ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەن. مالوۋنىڭ پەرەز قىلىشىچە، 5 - 6 - ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىران تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان مانى دۇئاسى بۇنىڭدىن دالالەت بېرىدۇ.

كۆك تۈرك خانلىقى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئۇيغۇر خانلىقى ئىگىلىدى، بىزگە مەلۇم، تاڭ سۇلالىسى بىلەن ناھايىتى دوستانە مۇناسىۋەتتە بولغان بۇ خانلىق قەدىمقى يىپەك يولىنىڭ ئەڭ ئاكتىپ ھىمايىچىلىرى بولدى ۋە بۇ سودىدىن ئەڭ كۆپ مەنپەئەت كۆردى. ئۇلار تاڭ سۇلالىسى بىلەن رەسمىي سودا مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ھەر يىلى نەچچە ئون مىڭلىغان ئاتقا يىپەك ئالماشتۇرغان، ئات سودىسىدا ئىگە بولغان يىپەكلەرنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى ئىشلىتىپ تۈگىتەلمەيتتى، ئەلۋەتتە، ئۇلار بۇ يىپەكلەرنى ئوتتۇرا ئاسىياغا ۋە شۇ ئارقىلىق ئىران ۋە ياۋروپاغا ساتاتتى، يىپەك يولى سودىسى بىلەن ئەنە شۇنداق قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇش ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركىي خەلقلەر ئىچىدىكى ئەڭ مەدەنىي خەلقلەردىن بولۇپ يېتىشىشىگە سەۋەب بولدى، ئۇيغۇرلارنىڭ يىپەك يولىدا ئوينىغان رولى ھەققىدە بۇ قېتىمقى يىغىندا مەخسۇس ماقالە بولغاچقا، مەن بۇ جەھەتتە كۆپ توختالمايمەن.

بىزگە مەلۇم، قەدىمقى ھون تىلى ئورال - ئالتاي تىل سىستېمىسىغا كىرىدىغان بىر تىل. ھون ئىمپېرىيىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە ئالتاي تىللىرىنىڭ ئۈچ چوڭ تارمىقى بولغان تۇڭگۇس تىللىرى، موڭغۇل تىللىرى ۋە تۈركىي تىللار بىر - بىرىدىن ئوچۇق ئايرىلىپ چىقمىغان ئىدى، ھون ئىمپېرىيىسى ئىككىگە بۆلۈنگەن دەۋرلەرگە كەلگەندە (مىلادى 1 - ئەسىر ئوتتۇرىلىرىدا) تۇڭگۇس تىللىرى بىلەن موڭغۇل — تۈرك تىللىرى بىر - بىرىدىن ئايرىلدى. غەربىي ھونلارنىڭ تىلى ئاساسەن تۈركىي تىل ئىدى (لېكىن شەرقىي ھونلار تەركىبىدىمۇ تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر بار ئىدى). جاڭ چيەن ھونلار قولىدا 10 يىل ئەسىر بولۇپ تۇرغان چاغدا، ھون تىلىنى ئۆگىنىۋالغان ۋە ئۆز خاتىرىلىرىدە بىر مۇنچە ھون سۆزلىرىنى يېزىپ قالدۇرغان، مۇشۇ سۆزلەردىن ۋە ھونلارنىڭ ئادەم، مەنسەپ، قورال، يەر ئىسىملىرىدىن قارىغاندا، ھون تىلىنىڭ تۈركىي تىل ئىكەنلىكىدە شەك يوق. پېلىئوت جاڭ چيەن خاتىرىلەپ ئالغان ھەسوچى تىلەيگەن، يۈگۈ قوغدان — 秀支替戾一岗楼谷秀勾党 قوشۇن

قوزغىلىش بىلەنلا پۈكۈل تۈتۈشۈپ كەتتى» دىگەن جۈملىنى تەھلىل قىلىپ، بۇ جۈملە مەيلى گرامما-تىك تۈزۈلۈشى جەھەتتىن بولسۇن ياكى لۇغەت تەركىبى جەھەتتىن بولسۇن تۈركى تىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ، بۇ جۈملىدىكى «سوچى» دىگەن سۆز «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىمۇ بار، مەخمۇت قەشقەرى بۇ سۆزنى جاڭ چيەنگە ئوخشاش «قۇشۇن» دەپ ئىزاھلايدۇ، ھونلارنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشىگە سەۋەپ بولغان شەنيۈلەرنىڭ تىلىدىن خەنزۇ مەنبەلىرىدە يېزىپ قالدۇرۇلغان سۆزلىكنى تەھلىل قىلىپ كۆرگەن پىللىئوت شەنيۈلەرنىڭ تىلىنىمۇ تۈركى تىل دەيدۇ.

ھون ئىمپېرىيىسى يىقىلىپ ئۇلارنىڭ ئورنىدا مەيدانغا كەلگەن كۆك تۈرك خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە تۈركى تىللار يالغۇز موڭغۇل تىللىرىدىنلا تولۇق ئايرىلىپ چىقىشى بىلەنلا قالماي، تۈركى تىللىرىنىڭ ئۆزىمۇ ئوغۇز - قىپچاق تىللىرى ۋە ئۇيغۇر قارلۇق تىللىرى دىگەن ئىككى چوڭ گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈشكە باشلىدى

11 - ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر تىلشۇناسى مەخمۇت قەشقەرى بۇ ئىككى گۇرۇپپا تىللارنىڭ فونىتىكىلىق ۋە مورفولوگىيىلىك پەرقلىرىنى ئىلمىي ئاساستا كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

ئۇ، بۇ ئىككى تىل گۇرۇپپىسىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى مۇنداق فونىتىك خۇسۇسىيەتلەر بىلەن چۈشەندۈرىدۇ:

1 - سۆز بېشىدا «ج» ياكى «ي» بولۇش،
مەسىلەن: «جاي» — «ياي».
2 - سۆز بېشىدا «ب» ياكى «م» بولۇش،
مەسىلەن: «بەن» ياكى «مەن».
3 - سۆز بېشىدا «د» ياكى «ت» بولۇش.
مەسىلەن: «داغ» ياكى «تاغ».
4 - سۆز ئاخىرىدا «ن» ياكى «ي» بولۇش
مەسىلەن: «قون» ياكى «قوي».
5 - سۆز ئارلىقىدا «غ» ياكى «ي» بولوش
مەسىلەن: «ئازغىر» ياكى «ئايغىر».

يۇقۇرقى مىساللاردا ئوڭ تەرەپتىكى ھەرىپ ۋە سۆزلەر ئوغۇز - قىپچاق تىللىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، سول تەرەپتىكى ھەرىپ ۋە سۆزلەر ئۇيغۇر - قارلۇق تىللىرىغا ۋە كىللىك قىلىدۇ، مەخمۇت قەشقەرى تاۋۇشلاردىكى ئالمىشىشلاردىن باشقا مورفولوگىيە جەھەتتىمۇ بىر مۇنچە پەرق-لەرنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. بۇ يەردە بۇنىڭغا توختىلىپ ئولتۇرمايمىز.

كۆك تۈرك خانلىقى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىدا دەسلەپتە ئۇيغۇر خانلىقى، كېيىن قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىلار خانلىقى مەيدانغا كەلدى، بۇ خانلىقلار ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقى تەركىبىگە كىرگەن ئىچكى توققۇز قەبىلە (ياغلاقار، ئوتۇر قار، تورلەمور، بۇقاسقىر، ئاۋۇچاگ، قارسار، خوگورسۇۋ، يابۇقتار، ئاياۋۇز) ۋە تاشقى توققۇز قەبىلە (ئۇيغۇر، ئۇپۇغۇر،

غۇن، بايىرقۇ، تۇڭرا، ئىسگە، چىگىل، باسمىل، قارلۇق)نى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇرۇنقى[1] كوك تۈرك خانلىقى تەركىبىگە (جۈملىدىن ھونلار تەركىبىگە) كىرگەن باشقا تۈركى قەبىلىلەرنىمۇ ئوز ئىدارىسى ئاستىدا تۇتقان. ئەنە شۇ خانلىقلار دەۋرىدە ئۇزاق ۋاقىت (6- 7 يۈز يىل) بىللە ياشاش داۋامىدا بۇرۇنقى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگە، باشقا تۈركى قەبىلىلەرمۇ ئارىلىشىپ سىڭىپ كەتكەن، نەتىجىدە قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى ھەممە تۈركى قەبىلىلەر چۈشىنىدىغان ئورتاق ئەدەبىي تىل بولۇپ قالغان ۋە 7 - ئەسىردىن 8 - ئەسىرگىچە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەممە تۈركى خەلقلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىي[2] تىلى بولۇپ خىزمەت قىلغان. مەھمۇت قەشقەرى «دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك» مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «قەدىمدىن تارتىپ قەشقەردىن جىنگىچە بولغان ھەممە رايونلاردا بارلىق خاقان ۋە سۇلتانلارنىڭ يارلىقلىرى ۋە خەت - چەك-لىرى مۇشۇ يېزىق (قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى) بىلەن يېزىلىپ كەلمەكتە.» بەزى تارىخچىلىرىمىز مۇشۇ پاكىتنى ئېتىبارغا ئالماي، ئۇيغۇر دېسە پەقەت بۇرۇنقى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىلا چۈشىنىدۇ ـــ دە مۇشۇ 6 7 يۈز يىل داۋامىدا ئۇيغۇرلار ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن باشقا قەبىلىلەرنى (مەسىلەن، قارلۇق باسمىل، قانقى، ياغما، توخسى، سارات...لارنى) ئۇيغۇرلاردىن ئايرىپ قارايدۇ. مېنىڭچە، مۇنداق قاراش توغرى ئەمەس. ھەقىقەتتە بولسا، يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن 3 ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ دائىرىسى كېڭەيدى. ئۇيغۇرلار ئىچىگە ئىلگىرى بۇ قەبىلە ئىتتىپاقىدا بولمىغان بىر مۇنچە قەبىلىلەر كىرىپ سىڭىپ كەتتى، شۇ جۈملىدىن تۈركى بولمىغان سوغدى، توخار، ئېفتالىت، ساك قەبىلىلىرىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندى. «ئۇيغۇر» دېگەن ئىسىمنىڭ ئوزىمۇ بۇرۇندىن تارتىپلا بىر قەبىلە ئىسمى بولماي، بەلكى قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ ئىسمى بولۇپ كەلدى، بۇ قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ دائىرىسى ئىجتىمائى تەرەققىياتقا ئەگىشىپ بەزىدە كېڭەيدى، بەزىدە تارايدى. ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ يېپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىدە ياشاپ مەدەنى جەھەتتىن يۇقۇرى دەرىجىدە تەرەققى قىلغان بولغاچقا، ئەنە شۇنداق نۇرغۇن قەبىلىلەرنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ كىتەلىگەن ۋە ئوزىگە سىڭىپ كەتكەن تۈرلۈك خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى بايلىقلىرىنى ئوز مەدەنىيىتىگە قوشۇپ تەرەققى، قىلدۇرۇپ بىزگە پارلاق مەدەنى يادىكارلىقلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. خېشى كارىدورى، تۇرپان ۋادىسى ۋەتارىم ۋادىسىدىكى بوستانلىقلاردىن تېپىلغان ۋە تېپىلىۋاتقان ئاسارە - ئەتىقىلەر بۇنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ: بۇ جايلاردىكى بۇددا، مانى، نېستورىيان ئىبادەتخانىلىرىنىڭ تاملىرى-دىكى رەسىملەر، يېزىقلار، ھەيكەللەر، بولۇپمۇ قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان باغ-لام - باغلام قول-يازمىلار، دېپتەرلەر، ئەخلەتلەر ئارىسىدا چېچىلىپ ياتقان خەت - چەكلەر بۇنىڭ جانلىق گۇۋالىرى. ھازىر بۇ مەدەنى بايلىقىمىزنىڭ زور كۆپچىلىكى ياۋروپا ساياھەتچىلىرى تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلىپ، دۇنيانىڭ مەشھور مۇزېيلىرىنى زىننەتلەپ ياتماقتا، ئازاتلىقتىن كېيىن تېپىلغان-لىرى بولسا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋە ئىچكى ئولكىلەردىكى مۇزېيلاردا ساقلىنىپ ئۇلۇق ۋەتىنىمىزنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ گۈزەل نەمۇنىلىرى قاتارىدا يۇقۇرى باھالانماقتا،

بۇ قولىيازمىلار ۋە رەسىملەر مەزمۇن جەھەتتىن خەلق تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تام رەسىملىرىدە بۇددا ۋە نىستورىيان دىنىغا ئائىت رىۋايەتلەر تەسۋىرلەنگەندىن باشقا يەنە شۇ بۇتخانىلارغا تاۋاپ قىلىپ كېلىپ نەزىر-نۇزرەت قىلغان ئۇيغۇر خانزادىلىرى، مۇتىۋەر-لىرى ۋە خېنىملارنىڭ دەبدەبىلىك كورۇنۇشلىرى ۋە ئاۋام خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇلاردىن شۇ دەۋرلەردىكى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەت، كىيىم-كېچەك، رەسمى-يۇسۇنلىرىغا ئائىت نۇرغۇن قىممەتلىك مەلۇماتلارنى تاپقىلى بولىدۇ. بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تارىخى، ئىجتىمائى ئىقتىسادى تۇرمۇشى، ئۆرپ-ئادىتى ۋە مەدەنى تۇرمۇشىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى زور ئىلمى قىممەتكە ئىگە.

بۇ يەردە يەنە شۇنىمۇ كورسىتىپ ئۆتمەي بولمايدۇكى، ئىلگىرى بەزى تارىخچىلار ۋە سەنئەت تەتقىقاتچىلىرى، بۇ مىڭ ئۆي (بېزەكلىك) ۋە بۇتخانا رەسىملىرىنى تىلغا ئالغاندا، كو-پىنچە بۇ سەنئەتنى گرېك ياكى ھىندى سەنئىتى دېيىشتى، بۇلارنى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا مىللەتلەر بىلەن باغلاشنى خالىمايتتى، ياكى بۇ ھەقتە گەپ قىلماي ئۆتۈپ كېتەتتى، ئەمەلىيەتتە بىز ئاز-سانلىق مىللەت خەلقلىرى بۇ رەسىملەرنى كورسەك، بۇ رەسىملەردىكى نۇرغۇن ئۆرپ-ئادەتلەر-نىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ياكى باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى بىلەن ئوخشاش-لىقىنى ھېس قىلىمىز، مەسىلەن: كۇچار مىڭ ئۆيدىكى تام رەسىملىرىدە بويىنىغا گالستۇكقا ئوخشاش ياغلىق باغلىغان ئادەملەر تەسۋىرلەنگەن، كىشىلەر مۇنداق گالستۇك باغلاش چەتئەلدىن كەلگەن ئادەت دەيدۇ، لېكىن تارىخقا نەزەر سېلىپ قارىساق، بۇ رەسىملەر سىزىلغان دەۋردە ياۋروپادا گالستۇك باغلاش ئادىتى يوق ئىدى، ۋاھالەنكى بىر مۇنچە ئۇيغۇر يېزىلىرىدا تا ھازىرغىچە توي كۇنلىرى ژېنىخنىڭ بويىنىغا ياغلىق باغلىنىدۇ، ياغلىقنى چىڭ تۈگۈپ قويۇپ تويى كېچىسى قىزغا يەشتۈرىدۇ، بەزىدە ھەتتا تۈگۈن ئىچىگە تىكەن چىگىپ قويىدۇ، بۇنىڭدىن قارىغاندا، ياغلىق (گالستۇك) باغلاش ئادىتى چەتئەلدىن كەلگەن ئادەت ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە تا ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان كونا ئادەت. تام رەسىملىرىدە قىزلارنىڭ چاچلىرى بەك كوپ ئورۇلگەن، بۇمۇ تا مۇشۇ كۈنگىچە ئۇيغۇرلاردىلا بار ئادەت، قىزلار چېچىنى ئادەتتە قىرىق تال ئورۇيدۇ، بەزى رەسىملەردە ئاياللار چېچىنى خالتىغا سېلىۋالغان، ئۆزبېك-لاردا (قۇمۇل تاغلىرىدا) ۋە موڭغۇللاردا بۇ ئادەت مۇشۇ كۈنگىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇنداق مىساللار ناھايىتى كوپ. شۇڭا مەن يوقۇرقىدەك خاتا كوز قاراشلارنى بالدۇرراق ئۆزگەرتىۋالغان ياخشى، بولمىسا، ئۆزىمىزنىڭ بۇنداق ئەنئەنىلىك تام رەسىملىرى سەنئىتىمىزنىمۇ ئاسانلا چەتئەل-لىكلەرگە بېرىۋېتىپ ئولتۇرىمىز، بۇ تام رەسىملىرىنى ۋە ھەيكەللەرنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن. بۇ خىل سەنئەت بىپەك يولىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئاساسىدا تەرەققى قىلغان ۋە گۈللەنگەن.

ئۇ چاغدا ئۇيغۇرلار، جۈملىدىن باشقا تۈركى خەلقلەر سوغدىلاردىن ئۇيغۇرلارغا ئۆتكەن

ئىككى خىل يېزىق — قەدىمقى ئورخۇن يېزىقى (جەمئى 35 ھەرپلىك) ۋە قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىنى (جەمئى 25 ھەرپلىك) ئىشلەتكەن، دۇنخۇاڭدىن، تۇرپاندىن، كۇچاردىن تېپىلغان ھۆججەتلەرنىڭ تولىسى مۇشۇ ئىككى يېزىقتا يېزىلغان، بۇلاردىن باشقا براخمى يېزىقى، قەدىمقى سۇرىيە يېزىقى، تىبەت يېزىقى، سانسكرىت يېزىقى ۋە خەنزۇ يېزىقىمۇ ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەن، دۇنخۇاڭ ۋە تۇرپاندىن تېپىلغان مۇشۇ يېزىقلار بىلەن يېزىلغان ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر بۇنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ.

ئورخۇن يېزىقى ۋە قەدىمقى تۈركى تىلى بىر مۇنچە زامانلارغىچە قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە تىلى بىلەن پاراللېل ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، بارا - بارا قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە تىلى ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگەللەپ، شۇ دەۋردىكى ھەممە تۈركى خەلقلەرنىڭ ئورتاق يېزىقى ۋە ئورتاق ئەدەبىي تىلىغا ئايلانغان. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ دىۋانغا يازغان كىرىش سۆزى بۇنى ئىسپاتلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا تىللارنى (جۈملىدىن سوغدى ۋە توخار تىللىرىنى) پۈتۈنلەي سىقىپ چىقىرىپ، قەدىمقى يىپەك يولىنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلىغا ئايلاندى، ۋىزانتىيىدە يېزىلغان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى، ئوتتۇرا ئاسىيادا (ئەرەبلەر ئۈچۈن) يېزىلغان «دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك» ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردە يېزىلغان قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت سۆزلۈكلەر بىزگە بۇنى ئوچۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. چۈنكى بۇ كىتابلار شۇ دەۋردىكى ھەممە مىللەتلەردە بۇ يولنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى بولغان ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشكە قىزىقىش بولغانلىقى ئۈچۈن يېزىلغان.

قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تازا گۈللەنگەن دەۋرى 8 — 9 - ئەسىرلەر بولۇپ، بۇ دەۋردىن بىزگە ناھايىتى كۆپ يادىكارلىقلار ۋە ئەسەرلەر مىراس بولۇپ قالغان.

قەدىمقى ئورخۇن يېزىقىدا يېزىلغان كۆلتېكىن يادىكارلىقى (732 - يىل)، بىلگە قاغان يادىكارلىقى (735 - يىل)، تونيۇقۇق يادىكارلىقى (720)، تالاس يادىكارلىقى (6 - ئەسىرگە ئائىت)، قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان قۇتلۇق بىلگە قاغان ۋە بايانچۇر يادىكارلىقى، ئالپ بىلگە قاغان يادىكارلىقى، سوجى يادىكارلىقى، سوربىي يادىكارلىقى ۋە توختاش يادىكارلىقلىرى قاتارلىق يۈزلەرچە قەۋرە تاشلىرى قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھىنگان تاغلىرىدىن تارتىپ تا كاسپىي دېڭىزىغىچە كەڭ رايونلاردا ھەممە تۈركى خەلقلەرنىڭ سىياسىي ھاياتىدا قانداق مۇھىم رول ئوينىغانلىقىدىن دالالەت بېرىدۇ.

قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان «ئوغۇزنامە»، «قۇتادغۇبىلىك» داستانلىرى ۋە «ئالتۇن يارۇق»قا ئوخشاش زور ھەجىملىك ئەسەرلەر (كېيىنكىسى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغان) قەدىمقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قانداق يۇقىرى پەللىگە يەتكەنلىكىنى بىزگە ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بولۇپمۇ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا دىنى، مانى دىنى، نېستورىيان دىنى، شامان دىنىغا ئائىت يۈزلەرچە ئۇيغۇرچە ئەسەرلەر (بۇلارنىڭ تولىسى باشقا تىللاردىن ئىجادى

تەرجىمە قىلىنغان) ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ دەۋردىكى مۇھىم دىنلار ۋە ئۇلارنىڭ پەلسەپە، ئەدەبىيات-سەنئەت بايلىقلىرىدىن تولۇق خەۋەردارلىقىنى، تەپەككۇردا شۇ دەۋردىكى بارلىق مەدەنىي خەلقلەردىن كېيىن تۇرمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا دۇنخۇاڭدىن، تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمقى ئۇيغۇرچە ئەسەرلەر ئىچىدە ئاسترونومىيە، كالىندارچىلىق ۋە تىبابەتچىلىككە ئائىت ئەسەرلەرمۇ ئاز ئەمەس. تارىخ ۋە مۇزىكىغا ئائىت بەزى ئەسەرلەرمۇ بار، بولۇپمۇ تىبابەتچىلىككە ئائىت 20 نەچچە ئەسەردىن (بۇلار دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان) قەدىمقى ئۇيغۇرلار ئىبنىسىنادىن ئىلگىرىلا ئىچكى كېسەللىكلەر ۋە تاشقى كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى، ئۇيغۇر تېۋىپلىرى ۋە جەرراھلىرى يىپەك يولىدا زور ئېتىۋارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇلار جۇڭگونىڭ شۇ چاغدىكى پايتەختى چاڭئەندىمۇ ئۆز تىببىي ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىپ، خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە بولغانلىقىنى بىزگە ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەنگان تاغلىرىدىن تارىم كاسپىي دېڭىزىغىچە بولغان كەڭ زېمىندا ھەممە تۈرك خەلقلىرىنىڭ سىياسىي، مەدەنىي ھاياتىدا قانداق زور رول ئوينىغانلىقىدىن دالالەت بېرىدۇ.

قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان «ئوغۇزنامە» ۋە «قۇتاتقۇبىلىك» داستانلىرى ۋە «ئالتۇن يارۇق»قا ئوخشاش بۇددا دىنى ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى (بۇلارنىڭ سانىمۇ ئاز ئەمەس) ئۇ دەۋردە قەدىمقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قانداق يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى بىزگە ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

شۇ دەۋردىكى مۇھىم ئىلىم - پەن تارماقلىرىدىن بولغان ئاسترونومىيە، كالىندارچىلىق، تىببىي ئىلىم ۋە مۇزىكا سەنئىتىگە ئائىت ئەسەرلەردىن (بۇلار دۇنخۇاڭ ۋە تۇرپانلاردىن تېپىلغان) ئۇيغۇرلارنىڭ يىپەك يولى ئارقىلىق مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا ئىلىم - پەننىڭ ھەممە ساھەلىرىگە ئۆز ھەسسىسىنى قوشقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

بولۇپمۇ، سودا - سېتىق ۋە ئېلىم - بېرىم ئىشلىرىغا ئائىت قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى ھۆججەت - ۋەسىقىلەر بەك مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

بۇ چاققىچە تېپىلغان ۋە داۋاملىق تېپىلىۋاتقان بۇنداق ۋەسىقىلەرنىڭ سانى يۈزلەرچە بولۇپ، بۇلارنى مەملىكىتىمىزنىڭ ۋە چەتئەللەرنىڭ ئۇيغۇرشۇناس ئالىملىرى ناھايىتى قىزىقىش بىلەن تەتقىق قىلىپ ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىشتى. بۇ ۋەسىقىلەر شەكلىنىڭ پۈتۈنلۈكى، تىلىنىڭ ساغلاملىقى، ئىشلەتكەن ئىقتىسادىي ۋە قانۇنىي ئاتالغۇلىرىنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئېنىقلىقى، تۈزۈلۈشىنىڭ ئىخچاملىقى جەھەتلەردىن نۇرغۇن ئالىملارنى ھەيران قالدۇرماقتا.

ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتكە ئائىت بۇ ۋەسىقىلەردىن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى يىپەك يولىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرگە قانداق ئوبدان خىزمەت قىلغانلىقىنى ئوچۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ ۋەسىقىلەردە بايان قىلىنغان ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق يىپەك يولى تارىخىغا ئائىت نۇرغۇن كونكرېت مەسىلىلەرنى ئېنىقلاپ چىققىلى بولىدۇ.

بۇ يەردە شۇ نەرسىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇيغۇرلار مەملىكىتىمىزدە ئىجات قىلىنغان خەنزۇچە مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنى ھەممىدىن ئاۋال قوبۇل قىلىپ ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئېلىپبەلىك يېزىقىدا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەن ۋە تەرەققىي قىلدۇرغان. تۇرپاندىن ۋە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە مەتبەئە ھەرپلىرىنى ۋە مەتبەئە سايمانلىرىنى كېسىپ تەييارلاپ قويۇلغان دەستە - دەستە قەغەزلەر ۋە يىپەك يولىدىكى نۇرغۇن ئىبادەتخانىلار ۋە خارابىلاردىن تېپىلغان مەتبەئەدە بېسىلغان ئۇيغۇرچە كىتاپ ۋە ۋەرەقىلەر بۇنى ئوچۇق كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسى ئۇيغۇرلار ئارقىلىق غەرپتىكى ئەللەرگە تارقالغان، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان زور بىر تۆھپىسى.

يۇقۇرقى پاكىتلاردىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ تىل - يېزىقى يىپەك يولىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. خۇددى سودىگەرلار غەرپنىڭ مەدەنىيىتىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقتىكى ھەر قايسى مىللەتلەرگە تونۇشتۇرۇش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىغانغا ئوخشاش شەرقنىڭ مەدەنىيىتىنى غەرپكە تونۇشتۇرۇش، شۇنداقلا غەرپنىڭ مەدەنىيىتىنى شەرققە تونۇشتۇرۇشتەك بۈيۈك ئىشتا ئۇيغۇرلار ئۆچمەس تۆھپە ياراتقان. ئۇيغۇرلاردىن بولغان تاتاتۇڭگا ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ھەرپى بىلەن موڭغۇل تىلىنى قوشۇپ يازغانلىقتىن موڭغۇل يېزىقى ۋە كېيىنكى مانجۇ يېزىقى بارلىققا كەلگەن. بۇنىڭدىن باشقا، مىڭ ئۆي سەنئىتىنى ئىچكىرىدىكى خەنزۇ خەلقلىرىگە تونۇشتۇرۇشتىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بىر چوڭ تۆھپىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. مەسىلەن، خاڭجۇدىكى نۇرغۇن بۇتلار ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنلىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ياسالغان.

مەن بۇ يەردە پەقەتلا تىلدىن ئىبارەت مۇشۇ نۇقتىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ قەدىمقى يىپەك يولىدىكى بىر قانچە ئاساسلىق مىللەت — شۇنداقلا ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنى تەشكىل قىلغان بىر قانچە ئاساسلىق مىللەتنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۈم، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ يىپەك يولىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا قوشقان تۆھپىسىنىمۇ سۆزلەپ ئۆتتۈم، مەن پەقەت بەزى ئاساسلىق تارىخىي پاكىتلارنىلا مىسال كەلتۈردۈم، بەلكى ناھايىتى يۈزە سۆزلەپ ئۆتتۈم. ئەگەر ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتكۈل تارىخىنى چوڭقۇر، ئىنچىكە تەتقىق قىلماقچى بولىدىكەنمىز، ئۇنداقتا، نۇرغۇن پەن مۇتەخەسسىلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشىشىمىزغا توغرى كېلىدۇ. مەن ئىشىنىمەنكى، پەنگە يۈرۈش قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ھەر قايسى پەن مۇتەخەسسىلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىلىق قەدىمقى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىدا قوشقان زور تۆھپىسى ئىلمىي ئاساستا يەكۈنلىنىدۇ. ئەگەر بىز بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلىسەك، ۋەتىنىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش قىلغان بولىمىز.

بۇ ماقالەم ئەگەر مۇشۇ جەھەتتە ئاز - تولا رول ئوينىيالىسا، مەن ئۆزەمنى ئىنتايىن شەرەپلىك ھېس قىلغان بولاتتىم.

# يىپەك يولى ۋە ئۇيغۇرلار

## ئاپتورى: ليۇ جىڭشياۋ

جۇنەيد بەكرى تەرجىمىسى

خېلى ئۇزۇن زامانلارغىچە ئاسىيا بىلەن ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە «يىپەك يولى» ئارقىلىق بولۇپ كەلگەن.

قەدىمقى زامانلاردا ئىنسانلار ئۆزى ياشاپ تۇرغان جايلارنىڭ سىرتىدىكى ئەھۋاللاردىن ناھايىتى كەم خەۋەردار ئىدى، ئېلىمىزدە «موتيەنزى تەزكىرىسى»نى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ ئالساق، ئۇ ھالدا، ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونلىرىدا ياشاپ كەلگەن قەدىمقى كىشىلەر ئۆز ئەتراپىدىكى دۇنيانى پەقەت مىلادىدىن بۇرۇنقى 9 - ئەسىر ئەتراپىدىلا بىلىشكە باشلىغان: شۇنداقتىمۇ «موتيەنزى تەزكىرىسى» دىكى ئەپسانىلار كىشىنى ئۇنىڭدىكى بايانلارغا ئىشەنمەس ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان، ئەمما شۇنى مۇئەييەن ئېنىقلاشتۇرۇشقا بولىدۇكى، «موتيەنزى تەزكىرىسى»دە بايان قىلىنغان ئاشۇ زامانلاردا، ئەتراپ رايونلاردىكى ئەھۋاللار خىلمۇ - خىل يوللار بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى رايونلارغا تارقىلىشقا باشلىغان، بۇ، شەرق بىلەن غەربنىڭ قاتناش تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم يىپ ئۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ بىزگە، ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادى ۋە مەدەنى ئالاقىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشكە باشلىغانلىقىنى يورۇتۇپ بىرىدۇ. شەرق دۇنياسىنى ياۋروپادا ئەڭ دەسلەپ تىلغا ئالغان كىشى گرېتسىيەلىك كىتايەشاس بولۇپ، ئۇ مىلادىدىن بۇرۇنقى 400 - يىللى دۇنياغا كەلگەن. ئۇ شەرقتە «سېرىس» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل كىشىلەر بار دېگەن، بۇ ئاتالغۇ كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان مەنىگە ئىگە. «سېرىس» دېگەن بۇ سۆز گرېكچە Sere — دېگەن سۆزدىن تۈرلەنگەن بولۇپ، Sere دېگەن سۆز يىپەك (مەشۇت) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. خۇددى «موتيەنزى تەزكىرىسى» دە بايان قىلىنغاندەك، كىتايشاسنىڭ بايانلىرىمۇ قويۇق ئەپسانىۋى تۈس ئالغان. بىراق، بىز ئۇنداق ئاجايىپ - غارايىپ تەسەۋۋۇرلارنى بىرچەتكە قايرىپ قويۇپ، بۇ ئەپسانىۋى خام ماتېرىياللارنىڭ مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرگىنىمىزدە، ئوخشاشلا مۇنداق خۇلاسىغا كېلىمىز: مىلادىدىن بۇرۇنقى 4 - ئەسىر ئەتراپىدا، بۇ قاتناش لىنىيىسىنىڭ بىر ئۇچى ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شىمالى قىرغىقىدىكى گرېتسىيە رايونى بىلەن تۇتاشقان. كىتايشاس تەرىپىدىن ئەپسانىلاشتۇرۇۋېتىلگەن ھېلىقى خام ماتېرىياللار دەل مۇشۇ قاتناش لىنىيىسى ئارقىلىق ياۋروپا رايونلىرىغا يېتىپ بارغان.

تەنھەرىكەت مەيدانىدىكى كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى كىشىلەرنىڭ بۇ قاتناش

لىنىيىسىنىڭ ئەڭ دەسلەپ شەكىللىنىش جەريانىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئىلھام بېرىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇ قاتناش لىنىيىسى پارچە-پارچە ھالدا شەكىللەنگەن. سۇ ۋە يايلاق قوغلىشىپ ياشايدىغان قەدىمى كوچمە چارۋىچى قەبىلىلەر مۇشۇ قاتناش لىنىيىسىنى ئەڭ دەسلەپ ئاچقۇچىلار بولۇشى مۇمكىن.

غەربىي خەن دەۋرىدە، مىلادىدىن بۇرۇنقى 138-يىلىدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 119-يىلىغىچە بولغان 29 يىل ئىچىدە، جاڭ چيەن غەربىي رايونغا ئىككى قېتىم ئەلچى بولۇپ كەلگەن. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى تىيانشاننىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي ئېتەكلىرىنى، شۇنىڭدەك پەرغانە، سەمەرقەند، چوڭ ياۋچى، باكتىرىيە، پارتىيە، ھىندىستان قاتارلىق جايلارنى كەزگەن. تارىخىي ئەھمىيەت جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇ ئۇلۇغ تۆھپە ياراتقان.

جاڭ چيەن ئازسانلىق مىللەتتىن كېلىپ چىققان كەنفۇ بىلەن بىللە بۇ قاتناش لىنىيىسىگە بىرىنچى تۈركۈمدە قەدەم قويغان ھۆكۈمەت ئەلچىسى بولۇپ، بۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى غەربىي خەن ھۆكۈمىتىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتتى. سىماچيەن ئۆزىنىڭ «تارىخنامە» سىدە «پەرغانە تەزكىرىسى» نى يازغاندىن كېيىن «جاڭ چيەن غەربىي قاتناش لىنىيىسىنى راۋانلاشتۇرغان» دېگەن سۆز يەكۈن بولۇپ قالغان. جاڭ چيەن بىلەن كەنفۇنىڭ ئىسمى مۇشۇ قاتناش لىنىيىسى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان.

غەربىي خەن سۇلالىسى ئېلىمىز تارىخىدا نەتىجىسى مەشھۇر فېئودال خاندانلىقلارنىڭ بىرى. ئۇ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە دەۋران سۈرگەن مەزگىللەردە، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي-ئىقتىسادى مىسلىسىز دەرىجىدە راۋاج تاپقان، چېگرا-زېمىنلىرى ئىنتايىن كېڭەيگەن ئىدى. ئۇ كەملەردە، ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونلىرى ئۆز ئەتراپىدىكى رايونلارغا كۆپ مىقداردا بۇيۇملار چىقىرىش بىلەنلا قالماي، بەلكى چەت جايلارنىڭ بۇيۇملىرىنى كۆپ مىقدارلاپ قوبۇل قىلاتتى ۋە ئىستېمال قىلاتتى، تېخىمۇ كۆپرەك بايلىق توپلاشقا ئىنتىلگۈچى سودىگەرلەر شەرق ۋە غەرپنىڭ ماللىرىنى زور كارۋانلار ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىسسىق-سوغاققا قارىماي، خەتەرلىكلەرنى بېسىپ، يول بويى جەبرى-جاپا چېكىپ، خۇددى كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى قىلىۋاتقان تەنھەركەتچىلەردەك قولدىن قولغا ئۇلاپ، شەرق ۋە غەرب ماللىرىنى ئۆز-ئارا ئالماشتۇرۇپ، ئەڭ يىراق جايلارغىچە ئېلىپ باراتتى. بۇ قاتناش لىنىيىسىنىڭ بىر مەھەل راۋان بولۇشى يالغۇز ئىقتىسات ۋە سىياسى جەھەتتىن بولىدىغان ئالاقە ئۈچۈن ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى جايلارنىڭ مەدەنىيەت، جۈملىدىن، دىن ۋە سەنئەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئۆز-ئارا ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىغىمۇ ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بەرگەن.

بۇ قاتناش لىنىيىسىدە توشۇلىدىغان ئەڭ مۇھىم بۇيۇملار ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونلىرىدا ئىشلەنگەن يىپەك توقۇلما بۇيۇملىرى ئىدى. شۇڭلاشقا بىر نەچچە ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن بۇ قاتناش لىنىيىسى «يىپەك يولى» دېگەن گۈزەل نام بىلەن ئاتىلىدىغان بولدى.

دەسلەپكى «يىپەك يولى» غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەندىن باشلىنىپ، خېشى كارىدورىدىن ئۆتۈپ، دۈنخۇاڭنى مەركىزى تۈگۈن قىلغان ھالدا، غەربكە قاراپ 3 پاراللېل يولغا بۆلۈنەتتى، جەنۇبتىن شىمالغا سانىغاندا: بىرىنچى يول، دۈنخۇاڭدىن چىقىپ تارىم ئويى-

مانامىنىڭ جەنۇبى گىرۋىكىدىن غەربكە قاراپ سوزۇلۇپ، ھازىرقى چارقىلىق، چەرچەن، نىيە، كىرىيە، يەركەنلەردىن ئۆتۈپ، تاشقورغاندىكى پامىر ئېگىزلىكىدىن ھالقىپ باكتىرىيە، پارتىيە، (ئىران) لەرگە باراتتى. كىشىلەر بۇ يولنى جەنۇبىي يول دەپ ئاتايتتى.

ئىككىنچى يول، دۇنخۇاڭدىن چىقىپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالى گىرۋىكىنى بويلاپ، غەربكە قاراپ سوزۇلۇپ، بۈگۈنكى تۇرپان ئويمانلىقى، قاراشەھەر، كۇچارلاردىن ئۆتۈپ، ئاقسۇغا باراتتى، ياكى ئۇنىڭ يېنىدىكى ئۈچتۇرپاندىن چىقىپ تيانشاندىن ئۆتۈپ، ئىسسىق كۆلگە باراتتى، ئاندىن جەنۇبقا قاراپ سەمەرقەندكە باراتتى؛ ياكى ئۇنىڭدىن يىراق بولغان قەشقەردىن چىقىپ پامىر ئېگىزلىكىدىن ھالقىپ، پەرغانە ئويمانلىقى ۋە بۇخارادىن ئۆتۈپ، ئىران ئېگىزلىكىگە باراتتى. كىشىلەر بۇ يولنى ئوتتۇرا يول دەپ ئاتايتتى.

ئۈچىنچى يول، دۇڭخۇاڭدىن چىقىپ، بۈگۈنكى قۇمۇلغا كىرىپ، تيانشاننىڭ شىمالى ئېتىكىنى بويلاپ غەربكە سوزۇلۇپ باركول، جۇڭغارىيە ئويمانلىقى ئارقىلىق تيانشان ئېغىزى — تەلكىنى كېزىپ ئىلى دەرياسىدىن ئۆتۈپ، كاسپىي دېڭىز ۋە قارا دېڭىزلاردىن ئايلىنىپ، ئوتتۇرا دېڭىزغا باراتتى. كىشىلەر بۇ يولنى شىمالى يول دەپ ئاتايتتى.

ئېلىمىزنىڭ تارىخىي ھۆججەتلىرىدە، يىپەك يولىنىڭ ئاۋاتلىقى توغرىسىدا يېزىپ قالدۇرۇلغان نۇرغۇن خاتىرىلەر بار.

ھەممىدىن ئاۋال بۇنى كۈچلۈك دېلىللار بىلەن تەمىنلىگەن كىتاب — مىلادىدىن بۇرۇنقى 91-يىلدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 104-يىلغىچە يېزىلىپ چىققان «تارىخنامە». ھازىرقى جۇغراپىيىۋى ئۇقۇم جەھەتتىن ئالغاندا، «تارىخنامە»دا ئوتتۇرا دېڭىز ساھىللىرىدىن شىنجاڭ زېمىنىغىچە بولغان بىر قاتار جايلار توغرىسىدا يېزىلغان خاتىرىلەر تېپىلىدۇ. دەل ئەنە شۇ يىپەك يولى ۋاسىتىسى كۆرسىتىلگەن زور مىقداردىكى خەۋەرلەرنى يەتكۈزۈپ بەرگەچكە، بۇ جايلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى خاتىرىلەشتە «تارىخنامە» ئەپسانىۋى تۈستىن خالىي بولالىغان. شۇنىڭ ئەھۋال ياۋروپا رايونىدىمۇ يۈز بەرگەن. قەدىمقى گرېتسىيىلىك جۇغراپىيە ئالىمى ئىستىرابو، تارىخشۇناس فىلوروس قاتارلىق كىشىلەر مەملىكىتىمىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەرق دۇنياسىنىڭ تارىخىنى يازغاندىمۇ ئەپسانىۋى تۈستىن پەيدىن-پەي خالى بولالىغان.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەھۋاللارنىڭ ياردىمى بىلەن بىزنىڭ كەلگەن خۇلاسىمىز شۇكى، يىپەك يولى ئاسىيا ۋە ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى قويۇقلاشتۇردى ھەمدە قەدىمقى كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى، كىشىلەر ئۆز ئەتراپىدىكى دۇنيانى بىر قەدەر توغرا مىقياستا كۆزىتىشكە باشلىدى. ئىنسانىيەتنىڭ بۇ پەللىگە يېتىشى ھەرگىزمۇ بىر كۈندىلا بولغان ئىش ئەمەس، ئىنسانلار بۇنىڭ ئۈچۈن مولچەرلەپ بولمايدىغان دەرىجىدە ئىجرى قىلدى.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 2-ئەسىردە دۇڭخۇاڭدىن ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا، ئۇنىڭدىن يەنە ئامۇ دەرياسى ئەتراپىغا كۆچكەن چوڭ ياۋچىلار ئەڭ دەسلەپ ئەنە شۇ قۇرۇقلۇق قاتناش لىنىيىسىدىن پايدىلىنىپ، زور تۈركۈملەپ كۆچكەن چارۋىچى قەبىلىلەردىن بىرى ئىدى.

چوڭ ياۋچىلارنىڭ راۋاجلىنىشىدىن ۋۇجۇتقا كەلگەن كۇشان سۇلالىسى ياۋروپا 2 - قۇرۇقلۇقىنىڭ قەدىمقى زامان تارىخىدا زور ۋە مۇھىم ۋەقەلەردىن بىرى بولۇپ قالدى. ھىندىستاندىن كىلىپ چىققان بۇددادىنى ئەنە شۇ كۇشان سۇلالىسىنىڭ تەسىرى بىلەن دۇنياۋى دىنغا ئايلانغان ئىدى.

مىلادى 1 - ئەسىرلەردە، بىر بۆلۈم ھونلار مۇشۇ قۇرۇقلۇق قاتناش لىنىيىسىنى بويلاپ زور كۆلەمدە كۆچۈشكە باشلىدى. ئۇلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ۋولگا دەرياسى ۋادىسى، ئىسكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلى، گىرمان تۈزلەڭلىكلىرىدەجەڭ قىلىپ ئەڭ ئاخىرى ئالپىس تاغ تىزمىلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، رىم ئىمپېرىيىسىنى يىمىرىپ تاشلىدى. شۇڭا ياۋروپادىكى نۇرغۇن ئەللەرنىڭ تارىخلىرىدا بۇ ھەقتە تەپسىلىي خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان.

مىلادى 5 - ئەسىرلەردە، جۇجانلار بۇ قاتناش لىنىيىسىنى بويلاپ، ئىران ئېگىزلىكى ۋە كىچىك ئاسىيا رايونلىرىغا بېسىپ كىرىپ، بىر مەھەل شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى ئۈچۈن ئەڭ زور ئاپەت بولۇپ قالغان. بەزى ياۋروپا ئەللىرىنىڭ تارىخىي ھۆججەتلىرىگە قارىغاندا، كېيىنكى كۈنلەردە بىر بۆلۈم جۇجانلار ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا بېرىپ ئولتۇراقلاشقان.

شۈبھىسىزكى، يىپەك يولى ئىنسانىيەت تارىخىدا ئىنتايىن مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدىغان ئۇلۇغ ئىشلاردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق بولىشى ئۇنىڭ (يىپەك يولىنىڭ) ئاسىيا بىلەن ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى تۇتاشتۇرغان بىردىن - بىر قاتناش تومۇرى بولغانلىقىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ نۇرغۇن كىشىلەرنى — بولۇپمۇ مۇستەھكەم ئېتىقات ۋە پىداكارلىق بىلەن غەرپكە سەپەر قىلىپ دىنى كىتاب ئىزدىگەن ياكى شەرققە كېلىپ دىن تارقاتقان بۇددىستلارنى — مۇرادىغا يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىشىغا ئىمكانىيەت بەرگەنلىكىدە. ئۇلارنىڭ قەيسەر غەيرەت - شىجائىتى بىلەن پىداكارلىق روھى ئاپىرىن ئوقۇشقا تېگىشلىك، ئەلۋەتتە. ئۇلار كېيىنكى ئەۋلادلارغا بۇ قاتناش لىنىيىسىگە ئائىت ئەھۋاللاردىن يازما خاتىرىلەر قالدۇرۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ نامى تارىخ سەھىپىسىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە. غەرپكە دىنى كىتاب ئىستەپ سەپەر قىلغانلار: جۇ شىشىڭ (مىلادىنىڭ 260 - يىلى خوتەنگە بارغان)، فاشەن (تەخمىنەن 337 — 422 - يىللار)، ئۇكۇڭ، جۇمېڭ (524 - يىلى)، مىڭ مېڭ (مىلادى 420 - يىلى)، شۈەنجاڭ (600 — 664 - يىلى)لەردىن ئىبارەت؛ شەرققە كېلىپ دىن تارقاتقانلار: ھىندىستانلىق كاشياپا - ماتانگا (مىلادى 75 — 58 - يىللىرى يۈەنچىدىن ئۆتۈپ جۇڭگوغا كەلگەن)، يۈەنچىلىك زى لۇيجاچيەن (147 - يىلى جۇڭگوغا كەلگەن)، ئىرانلىق گاۋشىئەن (148 - يىلى جۇڭگوغا كەلگەن) لەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلار دىن تارقاتقۇچىلار ئىچىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە كىشىلەردۇر. بولۇپمۇ شۈەنجاڭنىڭ ئاغزاكى بايان قىلىپ بىرىشى بىلەن يېزىلغان «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدە غەرپكە قىلىنغان ساياھەت» دۇنيانىڭ تارىخىي ھۆججەتلەر غەزىنىسىدىكى قىممەتلىك ھۆججەتلەردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەمما «يىپەك يولى» ئويۇن - تاماشا قىلىپ، كۆڭۈل ئاچىدىغان سورۇن ئەمەس، ئۇ،

كۆز يەتمەس دەشت - باياۋان، چەكسىز قۇملۇق. ئۇ يەردە ئاسمانغا تاقاشقان پامىر ئېگىزلىكى قەد كۆتىرىپ تۇرىدۇ، ئەينى زاماندا كىشىلەر بۇ يولنى كىرگىلى بولمايدىغان تىلسىمات دەپ قارىغان. فاشەن قۇملۇقتىكى سەپەر ھاياتىنى ئەسلەپ مۇنداق دېگەن: «قۇملۇقتىكى مۇشكۈلات - لارنى ئىنساننىڭ تەسەۋۋۇر قىلىشى تەس». شۇنداقلا ئۇ، پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتكەن ۋاقىتتىكى ئەھۋال ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «بۇ تاغ تاشلار بىلەن تولغان، غارلارنىڭ تېگىگە كۆز يەتمەيدۇ. ئالدىغا قاراپ قەدەم قويغىدەك جاينى تېپىش قىيىن».

تەبىئەت كەلتۈرۈپ چىقارغان ئېغىر توسالغۇلاردىن تاشقىرى ھۆكۈمران سىنىپلار «يىپەك يولى» دىن كېلىدىغان غايەت زور ئىقتىسادىي مەنپەئەتلەردىن پايدىلىنىپ، ھەمىشە ئۇرۇش قوزغاپ كەلدى، شۇ سەۋەپتىن بۇ قاتناش لىنىيىسى ئەتراپىدا كەڭ مىقياستىكى قوراللىق توقۇنۇش ئارقا - ئارقىدىن يۈز بەردى. تاڭ سۇلالىسى پۈتۈن مەملىكەتتە ھۆكۈمرانلىق قىلى - غاندىن كېيىن، شەرقىي يولدىكى ياتپاراقچىلىقتا بىر مەزگىل خاتىمە بېرىلدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يۈكسەك راۋاجلانغان فېئوداللىق ئىگىلىك بىلەن مىسلىسىز كەڭ يەر - زېمىن يىپەك يولىنىڭ يەنىمۇ گۈللىنىشى ئۈچۈن يېڭى ئىستىقبال يارىتىپ بەردى ۋە بۇ سودا يولىنى مول ماددىي شارائىتلار بىلەن تەمىنلىدى، شۇنىڭدەك بۇ يولنىڭ ئۇزۇن مۇساپىلىق بىخەتەرلىكى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

يىپەك يولى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆگلۈك - سۈيگەن توپىلىڭىنىڭ بىۋاستە ئاقىۋەتلىرىدىن بىرى شۇ بولدىكى، تاڭ سۇلالىسى لوڭيۇ بىلەن خېشى كارىدورىنى قولدىن بېرىپ قويدى، بۇ ھال تاڭ سۇلالىسىنىڭ تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەربىي، مەمۇرىي ئورگانلىرىنى يېتىم ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇش بىلەن بىللە، «يىپەك يولى»نى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان رايونلاردا پالەچ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. بۇ غايەت زور ئۆزگىرىش شۇنىڭغا ئېلىپ كەلدىكى، «يىپەك يولى»نى داۋاملاشتۇرۇش مەسئۇلىيىتى تارىخىي ھالدا، ئۇيغۇرلارنىڭ زىممىسىگە چۈشتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ دەسلەپكى تارىخىي پائالىيىتىنى 2 مىڭ نەچچە يۈز يىلدىن بۇرۇنقى ۋاقىتقىچە سۈرۈشتۈرۈشكە توغرى كېلىدۇ، ئۇلارغا ئائىت ئەڭ دەسلەپكى خاتىرىلەر «تارىخنامە»گە كىرگۈزۈلگەن. ئۇ چاغدا ئۇلار «دىڭلىڭ» (تۇغلۇق)لار دەپ ئاتىلاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىنرەك خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە ئۇيغۇرلارغا ئائىت خاتىرىلەر داۋاملىق كۆپىيىشكە باشلىدى. «袁纥» (يۈەنخې)، «韦纥» (ۋېيخې)، «乌护» (ئۇخۇ)...دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ تۈرلۈكچە ۋاقىتلاردىكى خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى.

تاڭ سۇلالىسىغا كەلگەندە، ئۇيغۇرلار خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە «خۇيخې» (ئۇيغۇر) دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى.

ئەڭ دەسلەپكى چاغلاردا، شىمالدىكى چارۋىچى قەبىلىلەر بەشبالىق (بۈگۈنكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جىمسار ناھىيىسى) دىن موڭغۇل يايلىقىغا بارىدىغان يولنى ئاچتى.

مىلادى 5 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، تورا (تولوس) قەبىلىسىگە مەنسۇپ بولغان فوپلو قەبىلىسىدىن 100 مىڭ ئۆيلۈك كىشى روۋەن (جوجان) ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مۇشۇ يول ئارقىلىق تيانشان ئەتراپىغا كۆچۈپ كەتكەن. 7 - ئەسىردىن كېيىن باسمىللار بىلەن ئۇيغۇرلار بەشبالىق بىلەن داچىڭشەن (كۆك تاغ) ئارىلىقىدىكى رايونلاردا تۈرك خانلىقىغا قارشى ئارقا - ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتەردى. 647 - يىلى تاڭ سۇلالىسى شىمالى يايلاقتا 68 ئۆرۈندا لەڭگە (ئۆتەڭ) تەسىس قىلىپ، «تەڭرى قاغان چوڭ يولى» نى ئاچتى. شۇنىڭدىن كېيىن بەشبالىقتىن موڭغۇل يايلىقىغا بارىدىغان بۇ چارۋا يولى شىمالدىن تاڭ سۇلالىسى پايتەختى چاڭئەنگە بارىدىغان «تەڭرى قاغان چوڭ يولى» بىلەن پۈتۈنلەي تۇتاشتۇرۇلدى.

ھالبۇكى، يىپەك يولىنىڭ شەرق قىسمىنى ئۆزگەرتىش ئىشىنى مۇۋاپىقىيەتلىك ئورۇنداشتا، جۇغراپىيىلىك بۇ شەرت - شارائىت كىپايە قىلمايتتى، بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي. مۇبادا، ئەينى زاماندا ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىغا قارىتا دۈشمەنلىك پوزىتسىيە تۇتقان بولسا ئىدى، ئۇ ھالدا، بۇ يول ھامان ئىچىلمىغان بولاتتى.

مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان ئۇيغۇر خانلىقى تاڭ سۇلالىسى بىلەن زىچ ۋە ئىناق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلدى. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانلىرى تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن تەيىنلىنەتتى. ئۇيغۇر قاغانلىرى تاڭ سۇلالىسى پادىشاسىنى تەڭرى قاغان دەپ ئاتىشاتتى، بۇ ھال ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تاڭ سۇلالىسىغا بولغان بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ. «يىپەك ماللىرى ۋە ئات سودىسى» بۇ ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىسادى ئالاقىسىنىڭ كۈچلۈك سىمۋولى ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا ئىككى تەرەپنىڭ قۇدا - باجىلىق ئالاقىلىرى تېخىمۇ قويۇق ۋە كەڭ بولغان. تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر خانلىقىغا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، 3 مەلىكە (خانىكە)نى ياتلىق قىلغان، ئۇيغۇر خانلىقىمۇ تاڭ سۇلالىسىغا مەلىكە ياتلىق قىلغان.

8 - ئەسىردىن كېيىن ئۇيغۇر خانلىقى زېمىنىدا كۆپلەپ سوغدى سودىگەرلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئەينى زاماندا، سوغدى سودىگەرلىرى «خەلقارالىق سودىگەرلەر» دېگەن چىرايلىق ئاتاققا ئىگە بولغان ئىدى. ئۇلارنىڭ مەلۇم رايوندا ئاز ياكى كۆپ بولۇشى تولا ھاللاردا، ئاشۇ رايوننىڭ سودا - تىجارەت ئىشلىرىنىڭ رىۋاجلانغانلىقى ياكى ئاجىزلاشقانلىقىنىڭ ئالامىتى بولۇپ قالغان ئىدى. «تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى» دا: «دەيزوڭ زامانىسىدا 9 ئوق خۇلار (سوغدىيان سودىگەرلىرىنى دېمەكچى. ت.) لار ھەمىشە ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر دەۋىلىپ پايتەختتە ماكانلاشقان» دېيىلگەن. «شاھانىلىق يىلنامىسى»دا: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇز نەسلى ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. ئۇلارنى قۇدرەت تاپقۇزغان سوغدىيانلار ئىدى» دېيىلگەن.

ئۇيغۇر خانلىقى ئىچىدە سوغدى سودىگەرلىرى غايەت زور كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە ئىدى، ئۇلار خانلىقنىڭ سىياسى پائالىيىتىگە كەڭ ئىشتىراك قىلىپ، خانلىقنىڭ سىياسىتىگە تەسىر

كۆرسىتىدىغان كۈچلەردىن بىرى بولۇپ قالغان ئىدى. 780 - يىلى تەڭرى قاغان تاڭ سۇلالىسىغا قاراشلىق تەييۈەن قاتارلىق شەھەرلەرگە تاجاۋۇز قىلدى، بۇ، تولاراق سوغدى سودىگەرلىرىنىڭ قۇتقۇرتىشىدىن بولغان ئىدى، تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان بۇ قۇراللىق توقۇنۇش خانلىقتىكى ھوكۇمران سىنىپلارنىڭ ئىچكى نىزاسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، ۋەزىر دۇنمۇخ تارخان قوشۇن باشلاپ تەڭرى قاغاننى ئۆلتۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە سوغدى سودىگەرلىرى (جۈملىدىن مانى راھىبلىرى) بولۇپ 2 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى قىرىپ تاشلىدى، بۇ قېتىمقى ۋەقە سوغدى سودىگەرلىرىنىڭ ئۇيغۇر خانلىقىدا قانچىلىك كۆپ توپلانغانلىق ئەھۋالىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان كۈچلۈك دەلىلدۇر.

يىپەك يولىنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ ئۇيغۇر خانلىقىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈشى مەزكۇر خانلىق بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا بولغان «يىپەك ماللىرى ۋە ئات سودىسى» ئۈستىدە تېخىمۇ كۆپرەك ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى.

تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇر خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى يىپەك ماللىرى ۋە ئات سودىسى توختام بويىچە بەلگىلەنگەن سان ۋە سېلىشتۇرما باھا بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتى. ئۇيغۇر خانلىقى تاڭ سۇلالىسىغا ھەر يىلى نەچچە 10 مىڭدىن 100 مىڭغا قەدەر ئات يەتكۈزۈپ بېرەتتى. تاڭ خاندانلىقى ھەر بىر ئاتقا 40 توپ يىپەك مال تۆلەيتتى.④ كېيىنكى كۈنلەردە باھاسى بىر مەھەل ئۆرلەپ بىر ئاتقا 50 توپ يىپەك مال تۆلەيدىغان بولدى.⑤ شۈبھىسىزكى، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ مۇنچىۋالا كۆپ توقۇلما يىپەك بۇيۇملىرىنى ئۆز جايىدا ئىستېمال قىلىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمدى بۇنىڭغا قەيەردىن چىقىش يولى تېپىش كېرەك؟ تەبىئىيكى، بۇ، بىزنىڭ پىكرى-خىيالىمىزنى ماقالىمىزنىڭ ئاساسىي تېمىسى — «يىپەك يولى» بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئېلىپ بارىدۇ.

بىز ئۇيغۇر خانلىقىدىن تاڭ سۇلالىسىغا چىقىرىلغان ماللارنىڭ تۈرىگە قاراپ پەرەز قىلغىنىمىزدا، شۇنىسى مەلۇم بولىدۇكى، بۇ توقۇلما يىپەك بۇيۇملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى غەربىي رايوندىكى ھەر قايسى جايلارغا يىپەك يولى ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن.

بۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىغا چىقىرىدىغان ماللار ئاساسەن ئۈنچە - مارجان، يېشىل قاش تېشى، پىل چىشى، قەھرىۋا، ئەينەك ئەسۋابلىرى، خۇشپۇراق دورىلار، ئىران توقۇمىسى، ئىپار... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ماللارنىڭ ھەممىسىلا ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار ياشاپ كەلگەن موڭغۇل يايلىقىدىن چىقمايتتى. بۇ ماللارنىڭ ئۇيغۇرلار ئىگە بولغان زور تۈركۈمدىكى يىپەك ماللىرى چىقىرىلغان جايلاردىن كەلگەنلىكى تەبىئىي. بۇنىڭدىن شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ رولى سەۋەبىدىن ئاسىيا ۋە ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى بىر بىرىگە باغلىغان قۇرۇقلۇق قاتنىشىدىكى سىياسىي كۈچلەردىن بولىدىغان توسالغۇلار ئاخىر بوسۇپ تاشلانغانلىقتىن بۇ يول ئۈزۈلمەي راۋان بولۇپ كەلگەن.

بۇ چاغلاردا ئۇيغۇر خانلىقى «يىپەك يولى»نىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئارىلىق ئۆتەڭ

(بېكەت) بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى رايونلاردىن كەلگەن توقۇلما يېمەك بۇيۇملىرى ۋە يىراق شەھەرلەردىن كەلگەن قىممەتلىك گۆھەر ۋە تېپىلغۇسىز بۇيۇملار مۇشۇ ئۇيغۇرلار يۇرتى ئارقىلىق قارىمۇ - قارشى يۆلىنىشلەرگە قاراپ ئېقىپ باراتتى.

ئىچكى قالايمىقانچىلىق ۋە تاشقى ئاپەتلەر ئۇيغۇر خانلىقىنى 840 - يىلىدىكى بىمەرلىككە ئېلىپ كەلدى. بىر قىسىم ئۇيغۇرلار جەنۇبقا سۈرۈلۈپ سەددىچىننى ئەتراپىغا ئورۇنلاشتى، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى غەربكە كۆچۈپ بارا - بارا خېشى كارىدورى، تارىم ئويمانلىقى ئەتراپى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا يايلىقى قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشتى.

بۇ چاغ ئېلىمىزنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى كەسكىن داۋالغۇچ ھالەتتە تۇرغان مەزگىللەردىن بىرى ئىدى.

ھەممىدىن ئاۋال، تاڭ سۇلالىسى ئوڭلۇك - سۈيگۈن توپىلىڭىدىن كېيىن ماغدۇرىدىن كېتىپ، كۇناناپ زاۋالغا يۈز تۇتماقتا ئىدى. دۆلەتنى قايتىدىن تەرتىپكە سېلىشتىن ئۈمىد ئۈزۈلگەن ئىدى. ئىزدىن قالسا، لوڭيو ۋە خېشى رايونلىرىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ كەلگەن توبۇتلارمۇ ھوكۇمران تەبىقىلەرنىڭ ئىچكى ماجىرالىرى تۈپەيلىدىن چەك - چېكىدىن پارچىلىنىپ، خۇددى تاڭ سۇلالىسى بىلەن بىر قاتاردا ھالاكەتكە قاراپ يۈزلەنمەكتە ئىدى.

غەربكە قاراپ كۆچكەن ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە داۋاملىق ئېرىشىپ كەلدى. بۇنداق قوللاپ - قۇۋۋەتلەشلەر ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتلەردە مەركەزلىك ھالدا، ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ئىدى.

ئىقتىسادىي جەھەتتە: «ئۇيغۇرلار ئوچۇنغە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 11 - ئايدا، تۇغرا بۇيرۇق ئىسىملىك كىشىنى تاڭ سۇلالىسىغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ ئولپان قىلدى، تاڭ سۇلالىسى بۇنىڭغا جاۋابەن ئۇلارغا 10 مىڭلاپ توپ تاۋار - دۇردۇن ئىنئام قىلدى». («ئومۇمىي يىلنامە، تاڭ دەۋرىگە دائىر خاتىرىلەر»، 68 - جىلد).

سىياسىي جەھەتتە: (856 -يىلى) «يېقىندىن ئەلچى ئېۋەتىپ، ئەنشى (كۇچار) ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلاردىن ھال سورىدى، ئەلچىلەر لىڭۋۇغا كەلگەندە، ئۇيغۇر قاغانى تەرىپىدىن ئېۋەتىلگەن ئەلچىلەر بىلەن بىرلىكتە ئولپان قىلىشقا باردى. 11- ئاي (چۈشقا يىلى) ئۇيغۇر قاغانىغا «ئۇلۇغ تەڭرىدىن بولمىش كۈچلۈك بىلگە ئالپ قاغان» دەپ ئۇنۋان بېرىلدى، بۇنىڭدا ئوردا مۇراسىم بېگى ۋاڭ دەنجاڭ ئەلچىلىك رول ئوينىدى».(«ئومۇمىي يىلنامە تاڭ دەۋرىگە دائىر خاتىرىلەر». 65 - جىلد).

ھەربىي جەھەتتە: «قىرغىزلار ئۆز ۋەزىرى خان ئىناجىنى ئەۋەتىپ تاڭ خاندانلىقىدىن دىنىي كىتاب سورىدى. ھەمدە ھەر يىلى ۋەكىل ئېۋەتىپ يىلنامە تەلەپ قىلدى، شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئەنشى (كۇچار)نىڭ شەرقىدىكى جايلارنى تاڭ سۇلالىسىغا بويسۇندۇرۇپ بەرمەكچى بولدى، لېكىن پادىشا بۇنىڭغا رۇخسەت قىلمىدى. («ئومۇمىي يىلنامە. تاڭ دەۋرىگە دائىر خاتىرىلەر»66 - جىلد).

تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنى داۋاملىق قوللاپ كېلىشىدىكى

مەقسىتى نېمە ئىدى؟

856 - يىلى تاڭ سۇلالىسى پادىشاسى شۈەن زۇڭ مۇنداق يارلىق چىقارغان: «ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلىتىمىزگە قوشقان تۆھپىسى بار، ئۇلار بىلەن ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئىنكام مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ كەلگەنمىز. شۇنىڭدەك ئۇلار بىزگە تەۋە بولۇپ، ئولپان قىلىپ كەلدى. شىمالىي چېگرىدا تىنچ - خاتىرجەملىك يوقالغانىدى. خۇيچاڭ يىللىرىدا خان بارگاھىدا قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ، قاغان قېچىپ كەتتى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى قارا يۈز ۋەزىر ئورنىغا ئولتارغان ئىدى، ئۇمۇ يوقىتىلدى. يېقىندا تەسلىم بولغان بىراۋنىڭ ئىقرارىغا قارىغاندا، پانتېگىن قاغان بولۇپ، ئۇ ئەنشىدا ئولتارغان. ئۇلار ئۆز ئېلىنىڭ ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارغا مەنسەپ ئۇنۋان بېرىلىدۇ» («ئومۇمىي يىلنامە. تاڭ دەۋرىگە دائىر خاتىرىلەر» 65 - جىلد).

تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆز بىخەتەرلىكى جەھەتتىن ئالغاندا: «شىمالىي چېگرىدىكى تىنچ - خاتىرجەملىك» تاڭ سۇلالىسى ئۈچۈن ئەڭ ئېھتىياجلىق ئىدى. تاڭ پادىشاسى شۈەن زۇڭنىڭ يارلىقى شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ ئاساسىي ئېھتىياجى ئۇيغۇرلار شىمالىي يايلاقتا ئۆز دۆلىتىنى تىكلىگەندىلا، ئاندىن قانائەتلەندۈرۈلدى. پادىشا شۈەن زۇڭنىڭ يارلىقى ئۇنىڭ ھەم ئۇيغۇر خانلىقىغا بەرگەن باھاسى ھەم ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ يەكۈنى ئىدى.

دېمەك، بۇ باھا بىلەن يەكۈن تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارغا قارىتا سىياسەت بەلگىلىشىدىكى ئاساسى بولۇشى مۇمكىن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلاردىن كۈتكەن ئۈمىت - ئارزۇسى ئۇلارنىڭ غەربىي چېگرىدا تىنچ - خاتىرجەملىك ۋەزىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈلىشى ئىدى. غەربىي چېگرىنىڭ تىنچ ۋە خاتىرجەملىكى — تاڭ سۇلالىسىنىڭ شۇ زامان ۋە شۇ ماكاندا يېتەكچى بولغان باش سىياسىي نىشانى ئىدى. ئۇ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ھالبۇكى، مەيلى سىياسىي جەھەتتىكى مەزمۇن بولسۇن، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مەزمۇن بولسۇن ياكى ھەربىي جەھەتتىكى مەزمۇن بولسۇن ھەممىسى يىپەك يولى بىلەن باغلانغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي رايوننىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئۆز كۈچ - قۇدرىتىنى يەتكۈزۈشىدە، «يىپەك يولى» بولماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداقلا، ئۇ بولمىسا چەتنىڭ بۇيۇملىرىنىمۇ ئېرىشەلمىگەن بولاتتى. ئۇنىڭ تيانشاننىڭ جەنۇبىدا تۇبۇتلارغا تاقابىل تۇرىدىغان يېڭى ھەربىي ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈشى ئۈچۈنمۇ «يىپەك يولى بولماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى».

«يالغۇز ئەمەس، جۈرسى بار» دېگەندەك، غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىگە يېڭى ياشاش شارائىتى ھازىرلاش ئۈچۈن جاپالىق كۈرەشلەر ئارقىلىق ئايرىم - ئايرىم ھالدا خىشى ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى، شىجۇ (تۇرپان) ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى، قاراخانىلار سۇلالىسىدىن ئىبارەت 3 ھاكىمىيەت بەرپا قىلدى. بۇ 3 ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىگە قاراشلىق جايلارنىڭ دائىرىسى شەرقتە خېشى كارىدورىدىن

باشلىنىپ، غەربتە بۇخارا بوستانلىقىدىن ئىبارەت بۇ كەڭ جايلارغىچە سوزۇلغان. بۇ، دەل «يىپەك يولى» دىكى تۈگۈن جايلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ يولنىڭ خېشى كارىدورى قىسمى خېشى ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنىڭ كونترول-لىقىدا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدىكى قىسمى شىجۇ (تۇرپان) ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنىڭ كونتروللىقىدا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى قىسمى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ماۋەرائۇننەھرى رايونى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا يايلىقى ئەتراپىدىكى قىسمى بولسا، قاراخانىلارنىڭ كونتروللىقىدا ئىدى. 907 - يىلى، جۇ چۈەنجوڭ تاڭ سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، تاڭ سۇلالىسى لى پادىشا-لىقىنىڭ 289 يىللىق ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەردى. ئېلىمىز تارىخىدا بۇ يەنە بىر بەختە-سىزلىكنىڭ باشلىنىشى بولدى. «5 دەۋر، 10 دۆلەت» دېگەن ئەنە شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن باشلانغان. «يىپەك يولى» نىڭ باشلىنىش ۋە ئاياقلىشىش نۇقتىسى بولغان ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونىدا، ئۇرۇش ئاساسى ئورۇندا تۇرىدىغان ھەركەت بولۇپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن خەلق ئازاپ - ئوقۇبەتكە قېلىپ ئەل - يۇرت خارابلاشقان. بۇ رايونلار ھەم يېتەرلىك دەرىجىدە ئېكس-پورت بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرالمايدىغان ھەم تەرەپ - تەرەپتىن ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرغان ئىم-پورت بۇيۇملىرىنى ئىستېمال قىلالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن «يىپەك يولى» ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ غايەت زور ئىقتىسادى ئەھمىيىتىنى يوقۇتۇپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئوتتۇرا جۇڭگو تۈزلەڭ رايونلىرىنى ئۆز ئالدىغا بولۇۋالغان مىلىتارىستلار گۇروھلىرىنىڭ دىققەت ئېتىۋارى ۋە كۈچ - قۇدرىتى بىر - بىرى بىلەن بولغان قۇراللىق جاڭجاللارغا قارىتىلىپ كېتىپ، تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئىشلارغا پەقەتلا چولىسى تەگمىدى. شۇڭلاشقا «يىپەك يولى» ئۆزىنىڭ سىياسى ۋە ھەربى جەھەتتىكى ئەھمىيىتىنىمۇ يوقىتىپ قويدى. ئىزىنداق قىلىپ «يىپەك يولى» نىڭ شانلىق نۇرى پەيدىن - پەي سۇسلىشىشقا باشلىغان.

بۇ ماقالىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈلگەن بۇ دەۋر يەنى 5 دەۋر، 10 دۆلەت دەۋرى ئۇيغۇر تارىخىدا ئالاھىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلغان دەۋرلەردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ساھەدىكى بايانلار — ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى بايان قىلىدىغان مەخسۇس ئەسەرلەرنىڭ ئىنتايىن مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ.

غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار ئۆز بېشىدىن ئېغىر چوڭقۇر ئەھمىيەتلىك ئۆزگىرىشلەرنى كۆچۈر-گەن، ئۇلارغا ياشاشنىڭ يېڭى مۇھىت - شارائىتلىرىغا مۇۋاپىقلىشىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىجتىمائى ئىگىلىك قۇرۇلمىلىرىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش ۋەزىپىسىنى پەيدىن - پەي ئورۇنلاشقا توغرى كەلدى. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى فېوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى كاتېگورىيىسىدىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشقا كۆچۈپ، ئىقتىسادى فورماتسىيە جەھەتتە يەرلىك ئاھالىلار بىلەن بىردەك ھالەتكە كەلدى؛ شۇنداقلا ئۇلارمۇ بۇددا دىنى ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى ئۈچۈن، يەرلىك ئاھالىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىدېئولوگىيە ۋە دىنى ئېتىقاد جەھەتتىكى كۆرۈنەرلىك پەرقلەرمۇ تۈگەپ، يەرلىك ئاھالىلار بىلەن كەڭ دائىرىدە سىڭىشىش يۈز بەردى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت داۋام قىلغان قالايمىقانچىلىقتىن كېيىن، يەنى 10 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونلىرى سۇڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. شىمالدا لياۋ سۇلالىسى ۋۇجۇتقا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بەش دەۋر 10 دۆلەتتىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن پاراكەندىچىلىك ۋەزىيىتىگە خاتىمە بېرىلىپ، ئىجتىمائىي ئىگىلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە راۋاجلاندى.

پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا بارلىققا كەلگەن نىسبىي مۇقىملىقتىكى سىياسىي ۋەزىيەت، قايتىدىن تىكلەنگەن ئىگىلىك شۇنىڭدەك ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ بېرىۋاتقان ئىجتىمائىي ئېھتىياج — مانا بۇلار «يىپەك يولى» نىڭ چاقنىنى ئىلگىرى سۈردى، قەدىمى يىپەك يولىدا توگە قوڭغۇراقلىرىنىڭ بوم ۋە رىتىملىق ئاۋازى يەنە جاراڭلاشقا باشلىدى.

بۇ مەزگىللەردە لياۋ ۋە سۇڭ سۇلالىرى بىلەن 3 ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى ئوتتۇرىسىدا بولغان سودا ئالاقە توغرىسىدىكى يازما ئۇردا ھۆججەتلىرىدىن قارىغاندا، غەربىي رايوننىڭ زور تۈركۈم ماددىي بۇيۇملىرى لياۋ ۋە سۇڭ سۇلالىلىرىغا ھەر يىلى دېگىدەك يەتكۈزۈلۈپ تۇرغان. تەكشۈرۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ھۆكۈمەت تەرىپىنىڭ يىپەك يولى بويلاپ ئېلىپ بارغان سودىسى لياۋ سۇلالىسىغا قەدەر يېتىپ بارغان. «لياۋ سۇلالىسى تارىخى. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە يېزىلىشىغا قارىغاندا، لياۋ سۇلالىسىنىڭ پايتەختىدە مەخسۇس ئۇيغۇر سودىگەرلىرى تۇرىدىغان ئۇيغۇرلار بارگاھىسى بولغان.

يىپەك يولىدا يۆتكۈزۈلگەن ماددىي بۇيۇملار توغرىسىدا يازما ئۇردا ھۆججەتلىرىدە يېزىلغان خاتىرىلەر بىزنىڭ مۇشۇ مەزگىللەردە يىپەك يولىدا ئېلىپ بېرىلغان سودا سېتىق ئەھۋاللىرىنى ئۆگىنىشىمىزدە يەنە بىر مۇھىم يىپ ئۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

لياۋ ۋە سۇڭ سۇلالىلىرىغا ئېلىپ بېرىلغان بۇيۇملار ئىچىدە ئات، قاش تېشى بۇيۇملىرى، نۇشۇدۇر، بۇلغۇن تېرىسى، يىپەك رەخ ۋە شۇنىڭدەك ئوخشاش ئەنئەنىۋى بۇيۇملاردىن باشقا يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا ھەتتا ئىران ئىگىزلىكىدىن چىقىدىغان بۇيۇملارمۇ خېلىلا سالماقنى تەشكىل قىلاتتى. مەسىلەن: قەھرىۋا، يېشىل قاش تېشى، خۇشپۇراق ماتېرىياللىرى، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ھەر خىل تېرە، ئەينەك، گۈللۈك رەخت، پېرسىيە پاختىسى ۋە باشقىلار. يۇقارقى بۇيۇملارنىڭ تارقىلىشى جەنۇب ۋە شىمالى ھەم خېلى كەڭ تارقالغان لياۋ ۋە سۇڭ سۇلالىلىرىغا يەتكۈزۈلگەنلىكىنى «يىپەك يولى» نىڭ ئاسىيا ۋە ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقى بىلەن ئۈزلۈكسىز تۇتۇشۇپ تۇرغانلىقىنىڭ شاھىدى دېسەكمۇ ئورۇنسىز بولماس.

تۇرغۇن ئەسىرلەردىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگىنىگە ئوخشاش، بۇ قاتناش لىنىيىسىدە يول ئازاۋى تارتىپ سەپەر قىلغۇچىلار يالغۇز سودا كارۋانلىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دىن تارقاتقۇچى ئىرادە بىلەن يەتكەن راھىپ - روھانىيلارمۇ بۇ يولدا قاتنىغان. بۇلارنىڭ سودا كارۋانلىرىدىن پەرقى شۇكى، راھىپلار ئىزچىل رەۋىشتە باشتىن - ئاياق سەپەر قىلغان. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، دېلى خېشى ئۇيغۇرلىرى ياكى شىجۇ (تۇرپان) ئۇيغۇرلىرى بولسۇن «بۇددا دىنىغا

يات ئەقىدە» دىكى ئەلچىلەردىن تەركىب تاپقان ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئەۋەتىپ تۇرغان. بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزچە، بۇددا دىنىغا يات ئەقىدە دىكىلەر دېگەنلەر يىپەك يولى ئارقىلىق شەرقتىن غەرپكە كەلگەن راھىپ، روھانىلار بولۇشى مۇمكىن. مانا بۇ «يىپەك يولى» نىڭ راۋان بولۇپ تۇرغانلىقىنىڭ يەنە بىر دەلىلى.

«يىپەك يولى» نىڭ راۋان بولۇپ تۇرغانلىقىنىڭ ئاساسىي ئالامىتى - يەنە ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونى بىلەن ئۇيغۇر ھاكىمىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھۆكۈمەت تەرەپ ئەلچىلىرىنىڭ بېرىپ-كېلىپ تۇرغانلىقى. 962 - يىلىدىن 1050 - يىلىغا قەدەر، خېشى ئۇيغۇرلىرى سۇڭ سۇلالىسىغا ھۆكۈمەت نامىدىن 13 ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتكەن. بۇ ئۆمەكلەرنىڭ تەركىبىدە بەزىدە 40 نەچچە ئادەم بولغان. 962 - يىلىدىن 1020 - يىلىغىچە شىجۇ (تۇرپان) ئۇيغۇرلىرى ھۆكۈمەت نامىدىن سۇڭ سۇلالىسىغا 10 ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە 983 - يىلى ۋاڭ يەندې بىلەن ئەۋەتىلگەن تەشەككۈر بىلدۈرگۈچى ئەلچىلەر ئۆمىكى 100 دىن ئارتۇق كىشىدىن تەركىب تاپقان. 109 - يىلى قاراخانىلار سۇڭ سۇلالىسىغا ئوسمۇن باشچىلىقىدا ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتكەن. شۇ يىلى سۇڭ سۇلالىسى قاراخانىلار قاغانىغا «سادىق ئىتائەتمەن ئالتۇن قاناتلىق قاراخانىلار خانى» دېگەن ئۇنۋاننى بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەيلى خېشى ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى بولسۇن ياكى شىجۇ (تۇرپان) ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى بولسۇن - ھەممىسى لياۋ سۇلالىسىغا مۇناسىپ ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ تۇرغان.

9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ «يىپەك يولى» بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۇلارنىڭ (ئۇيغۇرلارنىڭ) مۇشۇ مەزگىللەردىكى تارىخىي پائالىيەتلىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ 3 ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى "يىپەك يولى" نى خېلى زور مىقياستا قايتىدىن تۇتاشتۇرۇپ، شەرق ۋە غەربتىكى زېمىنلارنىڭ ئالماشتۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپىلەر قوشقان، لېكىن ئېنىقراق قىلىپ ئېيتىش ئۈچۈن بۇ تېخى كۇپايە قىلمايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇ مەزگىللەردە شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىغا قوشقان تۆھپىسى ئۇلارنىڭ مەتبەچىلىك تېخنىكىسىنى «يىپەك يولى» ئارقىلىق داۋاملىق غەربكە تارقاتقانلىق ئىش ئىزلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يەر ئاستىدىن قېزىپ چىقىرىلغان كۆپلىگەن مەدەنىي يادىكارلىقلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تۇرپان ئويمانلىقى شىجۇ ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى، شۇنداقلا ئېلىمىزنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەڭ زور مەتبەچىلىك مەركەزلىرىدىن بىرى ئىدى.

چۈنكى، ئوكلۇك - سويگىن تۆپىلىكى ۋە ئۆينىڭدىن كېيىنكى 5 دەۋر، 10 دۆلەت كەلتۈرۈپ چىقارغان قالايمىقانچىلىقلار ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونلىرىنىڭ ئىقتىسات ۋە مەدەنىيىتىنى ئېغىر دەرىجىدە ناپۇت قىلغان ئىدى، مانا مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىدىن يىراق قەدىمقى يىپەك يولىغا جايلاشقان تۇرپان ئويمانلىقى، تەبىئىي رەۋىشتە، سىياسىي ۋەزىيىتى تېنچ، مەدەنىيەت ئىشلىرى راۋاج تاپقان پايدىلىق شارائىتقا ئىگە بىر جاي بولۇپ قالغان ئىدى.

ئۇنىڭ كۆلەم - مىقياسىنى بىلىشىمىزگە ياردەم بېرىدىغان بىرىنچى ئىش — ئەينى ۋاقىتتىكى تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ مەتبەئە ئىشلىرىدا 17 خىل يېزىق قوللىنىلغانلىقى. ⑥ مەتبەئە

ئىشلەردە قوللىنىلغان بۇ يېزىقلار ھەتتا گرېك يېزىقى، پارس يېزىقى، سانسكرىت يېزىقى قاتارلىق يېزىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ ھال بۇ مەزگىللەردە، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى دۇنيا بىلەن كەڭ ئالاقىدا بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇنىڭ كۆلەم - مىقياسىنى بىلىشىمىزگە ياردەم بېرىدىغان 2- ئىش — مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ سەۋىيە جەھەتتىن يۇقىرى بولغانلىقى. ئۇ چاغدا بېسىلغان زور مىقداردىكى مەتبەئە بۇيۇملىرىنىڭ بوياقلىرى تەپ - تەكشى، ئوچۇق، لايىھىلىنىشى (بۇ، مۇقاۋا، بەت، قىستۇرما رەسىم، تۈپلەش شەكلى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ - ت) كۆپ خىل ئىدى.

پەۋقۇلئاددە جۇغراپىيە ۋە تارىخىي شارائىت ئاستىدا، تۇرپان ئويمانلىقى مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ غەربكە تارقىلىشىدا ئاساسىي بازىلاردىن بىرى بولۇپ قالغان، شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلارمۇ ئىنسانىيەت ئۈچۈن غايەت زور ئەھمىيەتلىك بولغان بۇ تېخنىكىنىڭ غەربكە تارقىلىشىدىكى ئاساسىي ۋاستىچىلاردىن بىرى بولۇپ قالغان.

يېقىنقى زامان ئارخېئولوگىيە خادىملىرى شۇ مەزگىللەردىكى مىخ مەتبەئەدە بېسىلغان ماتېرىياللارنى، شۇنىڭدەك مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنى تاپقان. تەخمىنەن 15 -ئەسىرگە كەلگەندە، يەنى ئۇنىڭدىن 400 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن ياۋروپادا تۇنجى قېتىم مىخ مەتبەئەدە بېسىلغان مەتبەئە بۇيۇملىرى بارلىققا كەلگەن.

بۇ مەزگىللەردە ئۇيغۇرلار قوللانغان ئېلىپبەلىك مىخ ھەرپ بىلەن 400 يىلدىن كېيىن ياۋروپادا بارلىققا كەلگەن ئېلىپبەلىك مىخ ھەرپ ئوتتۇرىسىدا قانداق ئالاقە بارلىقى ھەققىدە بىرەر ھۆكۈمگە كېلىش قىيىن بولسىمۇ، لېكىن ئېلىپبەلىك مىخ ھەرپ قوللىنىلغانلىقىنىڭ تارىخىدىن ئالغاندا، دۇنيا بويىچە ئۇيغۇرلار ئەڭ بۇرۇنقىلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ماقالىمىزدا بايان قىلىنىۋاتقان بۇ مەزگىللەردە، ئۇيغۇرلار ھەر تەرەپلىمە ۋە چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن. بۇ مەزگىللەردە يىپەك يولى ئېلىپ كەلگەن ئەڭ مۇھىم ئۆزگىرىشلەردىن بىرى ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تارقىلىپ كىرىشى بولدى، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا پەيدا بولغان [illegible]م دىنى 9 - ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ماۋەرائۇننەھرى [illegible]غان.

ئىسلام دىنىنىڭ [illegible] ئىگىزلىكىدىن ھالقىپ ئۆتۈش جەريانى — تىياتىر خاراكتېرلىك تەپسىلاتقا تولغان جەريان. ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم بىرىنچى ۋەقەسى شۇكى، ئۇ خۇددى شەرققە تارقالغان باشقا دىنلارغا ئوخشاش «يىپەك يولى» ئارقىلىق كەلگەن. ئۇنىڭ شەرققە كىرىپ ئىگەللىگەن بىرىنچى ماكانى — قەشقەر بولغان. ھازىرقى كۈندىمۇ بۇ يەردە بۇ بىر ۋەقەگە ئالاقىدار نۇرغۇن مەدەنىي يادىكارلىقلار ۋە قەدىمىي ئىزلار ساقلانماقتا.

ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىشتا ئۇزۇن ۋە ئەگرى - توقاي جەريانلاردىن ئۆتكەن. بۇنىڭ نەتىجىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ئاخىر بېرىپ باشقا بىر دىنىنىڭ ئورنىنى ئىگەللىگەن، ئىسلام دىنى بىلەن بىللە كىرگەن ئەرەب يېزىقى ئۇيغۇرلارنىڭ 15 - ئەسىردىن

كېيىنكى ئۇزۇن مۇددەت قوللانغان يېزىقى بولۇپ قالغان.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ 11-ئەسىرلەردىكى تارىخىي باسقۇچىدا مەيدانغا كەلگەن ئىككى ئۇلۇغ ئۆچمەس داڭلىق ئەسىرى — «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈركى» نىڭ دۇنياغا كېلىش جەريانىمۇ ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

«قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى ۋە ئۇلۇغ شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن يېزىلغان پەلسەپىۋى داستان بولۇپ، بۇ ئەرەپ شېئىرىيىتىنىڭ «ئارۇز» ۋەزنى بويىچە يېزىلغان.

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈركى» بولسا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ پەيلاسوپى، ۋە تىل ئالىمى مەھمۇت قەشقەرى تەرىپىدىن يېزىلغان. گەرچە بۇ ئەسەر لۇغەت دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەينى زامانىدىكى بىر قامۇسى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ خېلى ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدە ئىنتايىن يۈكسەك شۆھرەتكە ئىگە بولۇپ كەلدى.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بۇ نادىر ئەسەر ئەرەپ تىلىدا يېزىلغان. بۇ ھال ئاپتورنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مۇددىئاسى بىلەن تامامەن ئوخشاش. ئۇ ئەرەبلەرگە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرۇشتا ئەرەپ تىلىدىن پايدىلانغان. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ ئاپتورىنىڭ ئەرەپ تىلىدىن بىلىمى ئىنتايىن چوڭقۇر ئىكەنلىكىدە شەك يوق. بۇنى ئەينى زاماندا ئەرەپ قاتارلىق چەت ئەل مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىغا كىرگەنلىكىنىڭ بىر ئالامىتى دېيىشكە بولىدۇ.

بىز «يىپەك يولى» ئارقىلىق غەربتىن كىرگەن ئەرەپ، پارس مەدەنىيەتلىرىنىڭ تەدرىجىي رەۋىشتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىغا سىڭىپ كىرگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ پاكىت ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا، يانا شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بۇ مەزگىللەردە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى — ئاساسەن ئۇلارنىڭ تىلىمۇ يىپەك يولى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كىرگەن.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا تارقىلىش دائىرىسى قاراخانىلار خانلىقىنىڭ تېررىتورىيەسى بىلەن ئاساسەن بىردەك ئىدى. بۇ دائىرە بۇخارا بوستانلىقىدىن تارتىپ پەرغانە ئويمانلىقى، ئامۇ دەرياسىدىن تارتىپ بالقاش كۆلىگىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

ئالاھەزەل 10-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 12-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا قەدەر بولغان بىر يېرىم ئەسىر ئىچىدە، ئۇيغۇر تىلى يۇقارقى رايونلاردا ئىزچىل رەۋىشتە ھۆكۈمەت تىلى ئورنىنى ئىگەللەپ، ھۆكۈمەت ئالاقىلىرى بىلەن سودا - تىجارەت ئىشلىرى توغرىسىدىكى ھۆججەتلەردە ئاساسىي تىل بولۇپ كەلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىنرەك بۇ تىل ھەتتا كىلاسسىك ئەسەرلەر تەرجىمىسى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتلەردىمۇ قوللىنىلىدىغان بولدى.

لېكىن، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ مەزگىللەردىكى ئۇيغۇر تىلى قەدىمقى يىپەك يولىدا باشقا تىللارغا تاقابىل تۇرالايدىغان كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ، يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىغا

ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت بولمىغان ئىدى، شۇنىڭدەك ئۇلار تېخى ئورغۇن جەمەتلەردە تارىم ئويمانـ
لىقى ئەتراپىدىكى ئەسلىدىن بار بولغان مەدەنىيەت تەركىبلىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈـ
ۋېلىشقا ئۈلگۈرمىگەن ئىدى. دېمەك، ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەدىمقى يىپەك يولى بويلاپ ئوتتۇرا
ئاسىيا رايونىغا كىرگەنلىكى ئۇنىڭ ئۆز كۈچىدىن بولماي، بەلكى بىر مەھەل باش كۆتەرگەن
سىياسىي كۈچ — قاراخانىلار سۇلالىسىدىن بولدى. شۇڭا بۇ سىياسىي كۈچنىڭ ئاجىزلىشىشى
بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ بۇ رايونلاردىكى ئورنىمۇ غايەت زور دەرىجىدە ئۆزگىرىش ياسىدى.

9-ئەسىردىن كېيىنكى ئۇيغۇرلار بىلەن «يىپەك يولى» ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ھەققىدىكى
مۇھاكىمىمىزنى ئاياغلاشتۇرۇپ ئەندى ئوي-پىكرىمىزنى ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونىغا قايتۇرۇپ
كېلىپ، يىپەك يولىدا يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئالامەتلىرى ئۈستىدە توختىلايلى.

1125-يىلى جىن سۇلالىسى لياۋ سۇلالىسىنى يوقاتتى، ئۇزۇن ئۆتمەي سۇڭ سۇلالىسىمۇ
جىن سۇلالىسى تەرىپىدىن چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىغا قوغلىنىپ، «جەنۇبىي سۇڭ» دېگەن نام بىلەن
جاڭنەن ئەتراپىدىن ئورۇن ئالدى، شۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى
ئەھۋال قايتا كۆرۈلۈشكە باشلىدى: «يىپەك يولى» نىڭ باش ۋە ئايىغى ماددىي ئەشيالار
بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارىدىنمۇ، شۇنداقلا ماددىي ئەشيالارنى ئىستېمال قىلىش ئىقتىدارىدىنمۇ
قالدى. شۇنىڭدەك مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە، لياۋ سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى يەلۈ تەيشى ئوتتۇرا
ئاسىيادا غەربىي لياۋ (قاراكىدانلار) سۇلالىسىنى تىكلىدى. بۇ غەربىي لياۋ سۇلالىسى بىلەن
تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى قاراخانىلار سۇلالىسى، خارەزىم سۇلالىسى ۋە سەلجۇقىلار سۇلالىلىرى
ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش تەخمىنەن نەچچە 10 يىل داۋام قىلدى، شۇنىڭ بىلەن تيانشاننىڭ
جەنۇبىي ۋە شىمالى ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرى بىر مەھەل يىپەك يولىنى ئوتتۇرىدىن
ئۇلاپ تەمىنلەش رولىنى ئۆتىيەلمەي قالدى. روشەنكى، ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونىدىن
ئوتتۇرا ئاسىيا ماۋرائۇننەھرى رايونىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى بۇ قاتناش لىنىيىسى پالەچ
ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. ھالبۇكى، بۇ دەل يىپەك يولىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر قىسمى ئىدى،
شۇنىڭ بىلەن «يىپەك يولى» يانا خاراپلاشتى.

يىپەك يولىنىڭ قايتىدىن جانلىنىپ رەۋنەق تېپىشىدا چىڭگىزخان موڭغۇل ئىمپېرىيىسى
تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. 13-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چىڭگىزخان يەنىلا تېمۇچىن دەپ
ئاتىلىۋاتقان چاغلاردا، ئۇ، تاتار، نايمان ۋە كېرەي قەبىلىلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى
مەغلۇپ قىلدى، ئۇنىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە تېخى يېتىپ كەلمىگەن كۈچلىرى ئالتاي تاغلىرى
ئەتراپىغا سوزۇلۇپ، موڭغۇل يايلىقى، جۇڭغار ئويمانلىقى، ئوتتۇرا ئاسىيا يايلىقى ئەتراپلىرىنى
بويلاپ، قەدىمىي كۆچمەن-چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ ئىزى بىلەن غەربكە قاراپ سوزۇلۇپ، يېڭى
قاتناش لىنىيىسىنىڭ ئاساسىغا ھۇل سالدى. ئۇ، «يىپەك يولى» نىڭ بىر قېتىملىق ماھىيەتلىك
ئۆزگىرىشىنى بىلدۈرەتتى.

1206-يىلى تېمۇچىن «چىڭگىزخان» دېگەن ھۆرمەتلىك نامغا ئىگە بولدى. بۇ چاغدا

موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ قەدىمى چارۋىچىلار يولى بويلاپ غەرب دۇنياسى بىلەن ئالاقىلىشىشىغا بىردىن-بىر كاشىلا بولىدىغان پەقەت شىجۇ (تۇرپان) ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى بىلەن غەربىي لياۋ سۇلالىسىلا ئىدى.

- شىجۇ ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى — بۇ چاغدا ئۇ، ئىدىقۇت دەپ ئۆزگەرتىلگەن — غەربىي لياۋ بىلەن موڭغۇللار ئارىلىقىدا بولۇپ، غەربىي لياۋغا توساق بولۇپ تۇراتتى، شۇنداقلا ئۇ، چىڭگىزخان موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشىدا ئۆتىدىغان بىردىن — بىر يولى ئىدى. 1210-يىلى شىجۇ ئۇيغۇرلىرى غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن چىڭگىزخانغا تەسلىم بولدى. ئىدىقۇتنىڭ بەيئەت قىلىشى بىلەن چىڭگىزخان غەربكە قاراپ كېڭىيىشتىكى يەنە بىر توساقتىن خالاس بولدى.

بۇنىڭ ئارقىسىدىنلا نايمان خانىنىڭ ئوغلى كۈچلۈك غەربىي لياۋنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالدى. كۈچلۈك چىڭگىزخاننىڭ كونا دۈشمىنى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ چىڭگىزخان موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ لەشكەرلىرىنى خۇددى ئوۋچىغا ئۇچرىغان جانىۋاردەك ئۆزىگە جەلپ قىلدى.

1218-يىلى موڭغۇل لەشكەرلىرىنىڭ باشلىقى جابا 20 مىڭ لەشكەر بىلەن كۈچلۈكنى قوغلاپ، بالقاش كۆلىدىن چىقىپ، ئىلى ۋادىسىدىن ئۆتۈپ، تيانشاننى كېسىپ تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارغا يۈرۈش قىلىپ، كۈچلۈكنى تىرىك تۇتۇۋېلىپ، كاللىسىنى ئالدى. بۇ قېتىمقى يۈرۈش قىلىش ئەمەلىيەتتە، يايلاقنى ئاساس قىلغان يېڭى قاتناش لىنىيەسىنى راۋانلاشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن چىڭگىزخان موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ كۈچ دائىرىسى كېڭىيىپ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ قىرغىغا يېتىپ باردى.

شۇنداق قىلىپ، 13-ئەسىرنىڭ 2-ئون يىلى ئاخىرلاشاي دېگەندە، چىڭگىزخان موڭغۇل ئىمپېرىيەسى بىلەن خارەزىم سۇلالىسى قەدىمى يىپەك يولىدا بىر-بىرى بىلەن تۇقۇنۇشتى.

چىڭگىزخان موڭغۇل يايلىقى، جۇڭغار ئويمانلىقى ئارقىلىق تەكلىمدىن ئۆتۈپ غەربكە يۈرۈش قىلدى، ئۇ ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالى بويلىرىدا ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھۇجۇمغا ئاتلىنىش پونكىتىنى قۇردى، شۇندىن باشلاپ چىڭگىزخان 7 يىل ۋاقىت ئىچىدە ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ئىران ئېگىزلىكىنى بويسۇندۇردى، بۇ چاغدا، موڭغۇل لەشكەرلىرىنىڭ ئەمەلىي پائالىيەت دائىرىسى يوقۇرىدا بايان قىلىنغان جايلاردىن خېلىلا ئېشىپ كەتكەن ئىدى، موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ قەدىمى كاۋكاز تاغلىرى، ۋولگا بويلىرى ۋە دون دەرياسى ئەترابلىرىغىچە يەتكەن ئىدى.

ئاسىيا يايلاقلىرىنى ئاساس قىلغان قاتناش لىنىيەسى چىڭگىزخاننىڭ ھەربىي قوشۇنلىرى تەرىپىدىن راۋانلاشتۇرۇلدى، چىڭگىزخان تەرىپىدىن يۈرگۈزۈلگەن مۇكەممەل بېكەت (لەڭگەر) تۈزۈمى بۇ يېڭى قاتناش لىنىيەسى ئۈچۈن ئەڭ كەڭ مىقياستا ئۈنۈملۈك شارائىت ھازىرلاپ بەردى، شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ دىڭجۇ شەھىرىدىكى راھىپ چۇچۇجى بۇ قاتناش لىنىيەسىنىڭ ئەھۋالىنى بىزگە تەسۋىرلەپ بەردى. چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلغاندا، ئۇنى (چۇچۇجىنى) كۆرۈشۈشكە تەكلىپ قىلغان ئىدى، ئۇ، 4 يىل ئۇزۇن سەپەر قىلىپ ئافغانىستان زېمىنىغا بېرىپ چىڭگىزخان

بىلەن كورۈشكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن باتۇنىڭ لەشكەرلىرى مۇشۇ قاتناش يولى بىلەن يىراق ياۋروپاغا يۈرۈش قىلغان. ھۇلاكۇنىڭ ئىران ئېگىزلىكىگە يۈرۈش قىلغان لەشكەرلىرىمۇ مۇشۇ يولنى بېسىپ ئۆتكەن.

بۇ قاتناش لىنىيىسىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا، فىلانكارپىن، ئاندىرى لونجۇمىل، روبروك-لار بىرگە قىممەتلىك ماتېرىيال قالدۇرۇپ كەتكەن.

فورتو گالىيىلىك فىلانكارپىن 1246-يىلى رىم پاپاسى ئىننوتسېنت 4-نىڭ ئەمرى بىلەن موڭغۇلىيەگە ئەلچى بولۇپ بارغان. ئۇ، پولشا، ئۇكراينا ئارقىلىق ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا يايلىقىغا كىرىپ، ئۇيەردىن ئالتاي تاغلىرىنى بويلاپ كۈيۈكنىڭ چوڭ بارگاھىغا يېتىپ بارغان. بۇنىڭ ئۈچۈن 5 ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت كەتكەن.

فرانسىيىلىك ئاندىرى لونجۇمىل 1249-يىلى فرانسىيە پادىشاسى لۇئى 9-نىڭ ئەمرى بىلەن موڭغۇلىيەگە ئەلچى بولۇپ بارغان. ئۇ، جەنۇبىي تەرەپتىكى، يەنى بىلەن ئوتتۇرا دېڭىزدىن شەرققە قاراپ مېڭىپ، كىچىك ئاسىيادىن ئۆتۈپ، ماۋرائۇننەھرى رايونىغا يېتىپ بارغان. ئاندىن كېيىن شىمالغا ئۆرلەپ، بالقاش كۆلى ئەتراپىنى بويلاپ، يايلاق رايونىغا كېلىپ، ئالتاي تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، ئېمىلدىكى ئوردىسىغا يېتىپ بارغان. بۇ چاغدا كۈيۈك ئۆلۈپ كەت-كەنلىكتىن، ھاكىمىيەتنى ۋاقىتلىق باشقۇرىۋاتقان خانىش ئۇلۇق لىكەمشىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن. ئۇ، 1251-يىلى فرانسىيىگە قايتقان.

ئارىدا 2 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1253-يىلى روبروك فرانسىيە پادىشاسىنىڭ ئەمرى بىلەن موڭغۇلىيەگە ئەلچى بولۇپ كەلگەن. ئۇ، جەنۇبىي يول بىلەن تېخىمۇ ئىچكىرى-لەپ مېڭىپ، قانلى، قاراكىدان، ئۇيغۇر ۋە نايمانلارنىڭ يۇرتلىرىغا بارغان. ئۇ، مۆڭكە بىلەن كورۈشۈپ، 1254-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا فرانسىيىگە قايتىپ كەتكەن.

يۇقارقى كورۇنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشكەن ساياھەتچىلەرنىڭ ئىش ئىزلىرى شۇنى ئىس-پاتلىدىكى، چىڭگىزخان موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ھەقىقەتەن، شەرق بىلەن غەرپ ئوتتۇرىسىدىكى قاتناشنى قايتىدىن راۋانلاشتۇرغان.

بىراق، بۇ ۋەقەلىكلەرنى ئىزدىنىشنىڭ يولى بۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ.

ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ تاجىسى «مۇقام»نىڭ كېچىرمىشلىرى بىزنىڭ «يىپەك يولى»نىڭ قايتىدىن راۋانلىشىشى توغرىسىدىكى بەزى باشقىچە تارىخىي ئىز - ئەسەرلەرنى تېپىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

«مۇقام» چوڭ تىپتىكى بىر خىل ئەلنەغمە بولۇپ، ئۇنىڭ تارىخىي مەنبەسى بىر مەھەل ھەممىگە مەشھۇر بولغان «قوجۇ نەغمىسى»، «كىيۇجىي (كۇچار) مۇزىكىسى»، «سۇرگ (قەشقەر) نەغمىسى»، «يوتكان (خوتەن) نەغمىسى»لىرىگە تاقىلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ تيانشاننىڭ جەنۇبىدا سىڭدۈرگەن مەدەنىيەتلىرى تەركىۋىدە، مۇزىكا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنداق بولۇپلا قالماستىن بەلكى، ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان تولۇقلىنىش ۋە راۋاجلىنىش نەتىجىسىدە، ئۇ، مەيلى مۇزىكا قۇرۇلمىسى جەھەتتە بولسۇن، ياكى بەدىئىي

جازىبە كۈچى جەھەتتىن بولسۇن ئېتىمۇ مۇكەممەل ۋە پۇختىلىشىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي ئالامەتلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان.

چىڭگىزخان موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ تەسىر كۈچى شىددەتلىك رەۋىشتە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئېگىزلىكلىرىگە كېڭىيىپ بارغاندا، بۇ مۇزىكىمۇ جەڭ دۇمباقلىرىنىڭ ساداسى بىلەن بىللە بۇ جايلارغا يېتىپ بارغان.

ئۇيغۇرلار بىلەن چىڭگىزخان موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئالاقىسى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈش — چوڭ تىپتىكى ئۇيغۇر ئەنئەنىسىنىڭ قەدىمقى يىپەك يولى بويلاپ، غەربكە تارقالغانلىقىنىڭ جەريانى بىلەن تونۇشىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

ئۇيغۇرلار موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ1 — تۈركۈمدىكى مەدەنىيەتلىك پۇقرالىرى ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۇلار بۇرۇنقى لاياقىتى، بويىچە، ئۈستۈن مەرتىۋىگە ئېرىشتى. نۇرغۇن ئۇيغۇرلار موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ شىنجاڭ زېمىنىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلىرىگە تەيىنلەندى.

ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ مەزگىللەردە، پامىرنىڭ غەربىدىكى قەدىمقى يىپەك يولىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى قارا خانىلار سۇلالىسى ۋاقتىدىكىگە كۆپ جەھەتتىن ئوخشىمايتتى. بىرىنچىدىن، پائالىيەت دائىرىسى كېڭەيگەن ئىدى. ئىككىنچىدىن، ۋاقتى ئۇزارغان ئىدى. دېمەك، چوڭ تىپتىكى ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ يېڭى رايونلارغا تارقىلىشى ئۈچۈن لازىم بولغان ماكان ۋە زامان شارائىتلىرى تەييارلانغان ئىدى.

بىر يېرىم ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن، چاغاتاي خانلىقى يىمىرىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەرەب، پارس مەدەنىيەتلىرى تېز ۋە شىددەت بىلەن ئۇيغۇر رايونلىرىغا كىردى. ھەتتا ئەھۋال ئېغىرلىشىپ شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، 15- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە، خېلى كۆپ ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئۆز يېزىقلىرىنى تاشلاپ، ئەرەب ۋە پارس يېزىقلىرىنى قوللىنىپ ئۆز ئىجادىيەتلىرىنى شۇ يېزىقلاردا ئېلىپ بارىدىغان بولدى. ئەنە شۇنداق تارىخىي شارائىت ئاستىدا، چوڭ تىپتىكى ئۇيغۇر مۇزىكىسى چەتئەل نامى بىلەن ئۆز ماكانى — تيانشاننىڭ جەنۇبىغا تارقالدى. 16 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، يەركەن خانلىقىنىڭ 2 - ئەۋلات قاغانى ئابدىرىشىتخاننىڭ تەشەببۇسى بىلەن بۇ چوڭ تىپتىكى ئەنئەنە رەتلەنگەندە، ھەممىسىگە دېگۈدەك ئەرەبچە ياكى پارسچە ماۋزۇ (سەرلەۋھە) قويۇلغان.

موڭغۇل ئىمپېرىيىسىدە ئىككى ئەۋلات ئۇلۇق قاغان ئۆتكەندىن كېيىن، پارچىلىنىش يۈز بەرگەن. كۈيۈك ئۆلگەندىن كېيىن ھەر قايسى قەبىلە كۈچلىرى بىرلىككە كېلەلمەي، خانلىق تەختى بىر قانچە 10 يىل بوش تۇرغان. مۇنكە چوڭ ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، كەڭ مىقياستا تازىلاش يۈرگۈزگەن بۇ، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرىنىڭ بىر قېتىملىق ئاشكارىلىنىشى ئىدى. ئىمپېرىيە پەقەت مۇنكىنىڭ شەپقەتسىز تۈردىكى ئىستىبداتچىلىقى بىلەنلا شەكلەن بىرلىكنى ساقلاپ كەلگەن ئىدى. مۇنكىدىن كېيىن ئالىبۇغا بىلەن قۇبلاي ئۈستۈنلۈك تالىشىپ، ھەر تەرەپلىمە زىددىيەتلەرنى يېيىپ تۇرغان

پەردىنى يىرتىپ تاشلىدى. چاڭ - چېكىدىن ئاجرىلىپ كىتىش ۋەزىيىتى ئاخىرى جاھانگىرلىك ئالدىدا ئوچۇق نامايەن بولدى. ئىمپېرىيىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى، ئۆگداي جەمەتى بىلەن چاغاتاي جەمەتلىرىدىن بولغان ۋاڭلار قارشى گۇرۇھلار قاتارىغا ئۆتۈپ كەتتى، مانا بۇلاردىن كىلىپ چىققان ئېغىر ئاقىۋەتلەردىن بىرى شۇ بولدىكى، يايلاق ئەتراپىدىكى قاتناش لىنىيىلىرىدە ئېغىر دەرىجىدە توسۇلۇپ قېلىش ھادىسىسى يۈز بەردى.

1271 - يىلى ماركوپولو دىگەن ۋېنىتسىيىلىك بىر ئالىم ئوزىنىڭ ئاتا ۋە تاغىسى بىلەن يۈەن سۇلالىسىغا بارغان. ئۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كىيىن، ئۇنىڭ ئاغزاكى ئېيتىپ بىرىشى بىلەن «ماركوپولو ساياھەت خاتىرىسى» دىگەن كىتاپ دۇنياغا كەلدى، «ماركوپولو ساياھەت خاتىرىسى» دىگەن بۇ مەشھۇر كىتاپتىن بىز شۇنى بىلىۋىلىشقا مۇيەسسەر بولدۇقكى، ۋەزىيەتنىڭ جىددى ئۆزگەرگەنلىكى تۈپەيلىدىن، ياۋروپا بىلەن ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى تۇتاشتۇرغان قۇرۇقلۇق لىنىيىسى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارغا يۆتكەلگەن.

ماركوپولو ئىتالىيىدىن چىقىپ، ئوتتۇرا دېڭىزدىن ئۆتۈپ، سىياستا قۇرۇقلۇققا چىققان، ئاندىن كىچىك ئاسىيانى توغرا كىسىپ ئۆتۈپ، تېبرىسقا بارغان. ئۇ يەردىن جەنۇپقا قاراپ يۈرۈپ، يەزدىدىن ئۆتۈپ كىرمانغا بارغان، ئاندىن پىرسىيىدىن ئۆتۈپ، پارس قولتۇقىدىكى ھورمۇزغا يىتىپ بارغان. ئۇ يەردىن پاراخوتقا ئولتۇرۇپ جۇڭگوغا كەلمەكچى بولغان، ئەمما، بىخەتەرلىكنى كوزدە تۇتۇپ، دېڭىز يولى بىلەن يۈرمەي، شىمال بىلەن كىرمانغا قايتىپ، ھىرات شەھرى ئارقىلىق، بەدەخشانغا كەلگەن. بۇ يەردىن يۈرۈپ، پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ، قەشقەرگە يىتىپ كەلگەن.

قەشقەرنىڭ مۇنبەت يەر ۋە گۈزەل مەنزىرىسى بولۇپمۇ ئۇنىڭ مول ئوزۇم قاتارلىق مىۋە - چىۋىلىرى بۇ ۋېنىتسىيىلىك كىشىدە ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان.

ئۇ، بۇ يەردىن يولغا چىقىپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىنى بويلاپ، شەرققە قاراپ ماڭغان. يەركەن، خوتەنلەردىن ئۆتۈپ، دۇڭخۇاڭغا يىتىپ بارغان. ئۇ ئوز زامانىسىدا شۇنچىۋالا قايناپ ئوتكەن يول بىلەن ماڭغان. ماركوپولو يۈەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختىگە يىتىپ بارغان سەپەر تۇرمۇشىدا ئومرىنىڭ تولۇق 3 يىلىنى سەرپ قىلغان.

چىڭگىزخان مۇۋاپپىقىيەتكە ئېرىشكەن ۋە ئۇرۇش كىرەلىشىپ كىتىۋاتقان مەزگىللەردە، ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان تيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى جايلار ئۇرۇش ئاپىتىدىن خالى بولۇپ كەلدى، ئۇرۇش دۇمباقلىرى بىلەن قىرغىنچىلىق سادالىرى مۇتلەق ساندىكى جايلاردا پەيدىن-پەي پەسىيىۋاتقان مەزگىللەردە، تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى جايلار ئەكسىنچە ئۇزۇلغا سوزۇلغان ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى ئىچىدە قالدى. ئۆگداي ئەۋلادى ھايدۇ بىلەن چاغاتاي ئەۋلادى دۇۋانىڭ نامى بىلەن ئاتالغان «ھايدۇ—دۇۋا توپىلىڭى» بۇ پاراكەندىچىلىكنىڭ باشلىنىشى ئىدى. ئۇنىڭدىن كىيىن بۇ جايلاردا ئۇرۇش ۋە تەبىئى ئاپەتلەر خۇددى كەلكۈندەك

ئارقىمۇ-ئارقا يامراشقا باشلىدى. ھەممىلا يەردە ئاچارچىلىق ھۆكۈم سۈردى. تېرىقچىلىق-ئەۋقەتلەر توختاپ قالدى. «يىپەك يولى»نىڭ تيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى تارمىقى خاراپ بولدى. بۇ ئەھۋال تەخمىنەن بىر ئەسىرگە يېقىن داۋام قىلدى.

1368-يىلى، جۇيۈەنجاڭ يۈەن سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، مىڭ سۇلالىسىنى تىكلىدى. تيانشاننىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدا بولسا، چاغاتاي ئەۋلادى ھۆكۈمرانلىقىدىكى بىر قاتار ھاكىمىيەت شەكىللەندى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدىكى بىر نەچچە ھۆكۈمرانلار ئۆز ئەللىرىنىڭ شۆھرىتىنى ئەتراپقا يېيىشقا قىزىقىپ كېتىپ، «يىراقتىكى ئەللەرنى بىرىنىمۇ قالدۇرماي، ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش»تىن ئىبارەت سىياسىي ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشتى. 30 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، مىڭ سۇلالىسى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ: بەشبالىق (1386-يىلى)، قۇمۇل (1391-يىلى)، ئۇيرات (1408-يىلى)، قىزجۇ (1115-يىلى)، لۈكچۈن (1415-يىلى) لار بىلەن تەۋەلىك مۇناسىۋەت ئورناتتى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ سىياسىي جەھەتتە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىشى ئارقىسىدا، «يىپەك يولى» بىر مەھەل قايتىدىن راۋاجلاندى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى فۇئەن، گوجى، چېڭ ۋېندى، جېن شىن، بەيئارشتەي، چېن چېڭ، لى دالار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ غەربىي رايوندىكى ھەرقايسى جايلارغا ئەلچىلىككە بارغان. ئۇلار قەدىمىي يىپەك يولى بىلەن تاكى ماۋەرائۇننەھرى رايونى ۋە ئىران ئېگىزلىكلىرىگىچە بارغان.

«يىپەك يولى» شەكىللەنگەندىن بۇيان، ئۇنىڭغا ئالاقىدار بولغان خاتىرىلەر تولا ھاللاردا، سىياسىي ۋەقەلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قەيت قىلىنغان. لېكىن ئۇنىڭ ماھىيىتى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ قاتناش لىنىيىسى ئاساسەن، سودا-تىجارەت ساھەسىدىكى پائالىيەتلەر بىلەن باغلانغان. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ، بۇ لىنىيىنىڭ «يىپەك يولى»دىن ئىبارەت خۇسۇسىيىتىدە، ھېچقانداق تۈپلۈك ئۆزگىرىش بولمىغان. يېڭىدىن راۋاجلاشتۇرۇلغان «يىپەك يولى»نى يەنىلا سودا-تىجارەت ساھەسىدىكى پائالىيەتلەر ئۆزىگە تارتىپ تۇرغان.

بىراق، مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمران تەبىقىلىرى ئۆز ئەللىرىنىڭ شۆھرىتىنى ئەتراپقا يېيىشقا قىزىقىپ كەتكەنلىكلىرى ئۈچۈن، سىياسىي جەھەتتىكى ئىشلارغا كەلگەندە، ھەرقانداق فېئودال خانلىقلاردىنمۇ بەكرەك ئەھمىيەت بېرەتتى. شۇنداق قىلىپ، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى يازما ئوردا ھۆججەتلىرىدە، سودا-تىجارەتكە — «يىپەك يولى»نى ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدىغان بۇ ئاساسىي ۋاستىگە — تولا ھاللاردا سىياسىي نىقاپ كەيدۈرۈلگەن بولاتتى؛ ھەتتا ئاپ-ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرغان سودا پائالىيەتلىرىنىمۇ «ئولپان — ئىنئام» دەۋالاتتى. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى مىساللارغا قاراڭ:

1403-يىلى، قۇمۇل بىر نۆۋەتتە 4740 ئات ئولپان قىلغان. مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ ئاتلارنىڭ پۇلىنى دۆلەت غەزىنىسىدىن تۆلىگەن. 1419-يىلى قۇمۇل قاتارلىق جايلارنىڭ ئەلچىلىرى ۋە پىرسىيە سودىگەرلىرى بولۇپ، 250 كىشى 3546 ئات،

بۇلغۇن تېرىسى ۋە نۇشتۇردۇر قاتارلىق ماللارنى ئولپان قىلغان. «مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇلارغا 32 مىڭ نوكچا كۈمۈش، يۈز توپ رەڭدار رەخت، 1 مىڭ 5 يۈز توپ تاۋار دۇدۇن ئىنئام قىلغان. 1423 يىلى، ئىستائەتمەن، سادىق قۇمۇل ۋاڭى 90 كىشىدىن تەركىب تاپقان ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ، مىڭ ئات، 336 تۆگە ئولپان قىلغان.

مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى «بۇنىڭغا جاۋابەن سوغا ئىنئاملار قىلغان.» ⑦

1452 يىلى ئىلبارى 4 يۈز دانە قاش تېشى ئولپان قىلغان. بۇنىڭ ئومۇمى ئېغىرلىقى 3 مىڭ 832 جىڭ بولۇپ، ھەر 2 جىڭغا بىر توپتىن جەمئى 1 مىڭ 911 توپ تاۋار بەرگەن ⑧.

بۇنىڭدىن باشقا، ئويرات قەبىلىلىرىمۇ ھەر يىلى ئولپان قىلىپ تۇرغان؛ سەمەرقەند 1387 - يىلىدىن بويان «يىلمۇ - يىل ئات، تۆگە ئولپان قىلىپ تۇرغان.»

بىز مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ يازما ھۆججەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئولپان ۋە ئىنئام دىگەنلەرنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى:

«يۇڭلېنىڭ 22 - يىلى 12 ئاينىڭ 25 - كۈنى، مېھمان كۈتۈش مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدىرى خۇاڭجى مۇنداق دىگەن: غەربىي رايوندىن كەلگەن ئەلچى ۋە ئەمەلدارلارنىڭ تولىسى خۇ (سوغدى) سودىگەرلىرى بولۇپ، بۇلار ئولپان قىلىش باناسى بىلەن ئۆز ئەلىدىن پايدىلىنىپ شەخسىي تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان.» ⑨ «چىڭدېنىڭ 3 - يىلى، ...... مېھمان كۈتۈش مەھكىمىسىنىڭ مەلۇماتىدا مۇنداق دېيىلگەن: ئەتراپتىكى قەبىلىلەرنىڭ كىشىلىرى ئوردىغا سوغا - ئولپان قىلىشقا كەلگەندە، ئادەتتە ئۇلارنىڭ ئاتىچە - مۇنچە سودا - تىجارەت قىلىشلىشىغا يول قويۇلۇپ كەلگەن. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت، يىراقتىكىلەرنى جەلپ قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلارنىڭ بىزگە بولغان ئىنتىلىش ھېسسىياتىغا ئازار يەتكۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۇلارنى بەك چەكلەپ كەتمەسلىك...... ⑩

روشەنكى، مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئولپان ئېلىپ كەلگۈچى ئەلچىلەرنىڭ سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشىنى پۈتۈنلەي قانۇنلۇق دەپ تونۇپ، ئۇنى ماقۇل كۆرگەن. شۇنداق ئىكەن، بۇنداق شەخسىي تىجارەتنىڭ مىقياسى قانچىلىك بولغان؟

«مىڭ سۇلالىسى شىزۇڭ پادىشا تەزكىرىسى» نىڭ 3 جىلتىدا مۇنداق دېيىلگەن: جىڭدېنىڭ 16 - يىلى 6 - ئايدا «تۇرپان،...... قومۇلدىكى قەبىلىلەرنىڭ ئەلچىلىرى سوغا - ئولپان قىلىش باناسى بىلەن پايتەختكە كېلىپ، سودىگەرچىلىك قىلغان. ئۇلاردىن، خۇيتۇڭ سارىيى» دا 3-4 يىل تۇرغانلىرىمۇ بولغان.»

يەنە «شۆكتاپنىڭ 100 - جىلتىدا مۇنداق دېيىلگەن: جياجىڭنىڭ 8 - يىلى 4 ئاينىڭ 4 - كۈنى «گەنسۇنىڭ باش نازارەتچى تەپتىش ئامبىلى تاڭزېي: قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىن ئولپان قىلىپ كەلگەنلەر يول بويى تەۋختاپ ئالدى - ساتچىلىق قىلىپ، پايدا قوغلىشىدىكەن؛ ئۇلاردىن يىللار ئۆتۈپمۇ قايتمىغانلار بار، بەزىدە ئالدىنقى تۈركۈمدە كەلگەنلەر قايتماي تۇرۇپ، يەنە 2 - تۈركۈمدىكى ئولپانچىلار قاتارىغا كىرىۋېلىپ، ئىسمىنى ئۆزگەرتىۋالغانلارمۇ بار، بۇنداقلارنىڭ ئادەم سانىمۇ بارغانسېرى كۆپەيمەكتە »دىگەن.

«مىڭ سۇلالىسى يىڭزۇڭ پادىشا تەزكىرىسى» نىڭ 344 - جىلتىدا مۇنداق دېيىلگەن:

تيەنشۈگىنىڭ 6 - يىلى 9 - ئايىنىڭ ؟ كۈنى «قۇمۇلنىڭ سادىق ۋە ئىتائەتمەن خانىنىڭ ئانىسى نۇۋۇنداشلى (؟) ئەلچى ئەۋەتىپ:» ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئەۋەتىلگەن ئەلچى ۋە يۇقىرا-لار، تولاھاللاردا كەنجۇدا ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇۋالىدۇ. ئۇلاردىن 3 يىل ھەتتاكى 5 يىلغىچە قايتىپ كەلمىگەنلىرى بار، شۇلارغا ھايداقچىلىق قىلىپ قايتۇرۇۋېتىشلىرىنى ئۈمىت قىلىمىز» دېگەن.

«يىراقتىكى ئەللەرنى بىرنىمۇ قالدۇرماي ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش» ئۈچۈن تەۋەلىك مۇناسىۋىتىگىلا تايىنىش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىلىرىمۇ بۇنى ئۆزلىگىدىن چۈشىنىپ يەتكەن. شۇڭا ئۇلار خۇڭۋۇ يىللىرىدىن باشلاپلا تيانشاننىڭ جەنۇپ تەرەپلىرىگە قارىتا بىر قاتار ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارغان، شۇنىڭدەك ئۇنى تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرغان. بىراق، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلى كۈچى بىلەن ئۇنىڭ سىياسى ئارزۇسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇساپە بەك يىراق ئىدى، شۇڭلاشقا، 16 - ئەسىردە، چاغاتاي ئەۋلاتلىرى ئوز كۈچلىرىنى تيانشاننىڭ جەنۇبى قىسمىدا قايتىدىن ئۇيۇشتۇرۇپ، مىڭ سۇلالىسىدىن قۇمۇل ۋە خېشى كارىدورلىرىنى تالاشتى، بۇ چاغدا، مىڭ سۇلالىسى 1529 - يىلى جايۇگۇەن قورۇغىنى تاقاپ، ئولپان قىلىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلاش توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقىرىشقا مەجبۇر بولىدى.

73 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، پورتوگالىيىلىك بىنوئىت دىگوئىس خرىستىيان جەمىيىتىنىڭ بۇيرۇغىغا ئاساسەن ھىندىستاندىن يولغا چىقىپ، ئافغانىستاننىڭ كابۇل شەھرى ئارقىلىق قەدىمى يىپەك يولىنى بويلاپ ماۋرائۇننەھرى رايونىغا كېلىپ، ئاندىن پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ، تيانشاننىڭ جەنۇبى قىسمى بىلەن گەنسۇ ۋىلايىتى ئەتراپىغا يېتىپ بارغان. بۇ ۋەقە، 1602 - يىلدىن 1067 - يىل ئارىلىغىدا يۈز بەرگەن.

بۇ ھەقتە يازما خاتىرىلەر بار. «يىپەك يولى» نى بويلاپ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇزۇن يوللۇق سەپەر قىلغان ئىتالىيىلىك ماتتايئوس بىنوئىت دىگوئىسنىڭ كۈندىلىك خاتىرە-پۈتۈكلىرىگە ئاساسلىنىپ «بىنوئىت دىگوئىسنىڭ كىندانىغا ساياھىتى» دىگەن كىتاپنى يېزىپ چىققان. بىنوئىت دىگوئىس-نىڭ جاپالىق كەچۈرمىشلىرى شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، بۇ خرىستىيان مىسسىيونىرىنىڭ ماڭغان ئىزلىرى پەقەت «يىپەك يولى» نىڭ ئۆتمۈشتىكى شانلىق نۇرىنىڭ ئەكسى ئېتىشىدىن ئىبارەتلا بولۇپ قالدى خالاس.

ئەمەلىيەتتە، بىز بۇ ماقالىمىزدا، 17 - ئەسىردىكى ئەھۋالغا كېلىپ قالدۇق. مۇندىن خېلى بۇرۇنقى 1492 - يىلى كرىستوفورو كولومبو ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى تاپتى، 5 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1497 - يىلى پورتوگالىيىلىك ۋاسكودياما ئۈمىت تۇمشۇقىدىن ھىندى ئوكيانغا ئايلىنىپ بارىدىغان سۇ يولى سەپىرىنى ئورۇنلىدى. ئەمدى ئۇلاردىن بىر ئەسىرچە بۇرۇن، يەنى 1405 - يىلدىن باشلاپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ يۈزگە يېقىن ھەر خىل ھەربى كېمە ۋە نەچچە ئون مىڭلىغان ئەسكەردىن تەركىپ تاپقان زور كولەمدىكى كېمە ئەترىتى تېنچ ئوكيان بىلەن ھىندى ئوكيانىدا 7 قېتىملىق سەپەر قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ، ھىندى چىنى جاۋا (ياۋا)، سەيلون، ھىندىستان، ئەدەن قاتارلىق جايلارنى كەزگەن، 1418 - يىلى، سومالىغىمۇ بارغان ئىدى.

كېمسازلىق تېخنىكىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىپ، يۈرۈش ئىقتىدارىنىڭ زور دەرىجىدە ئۆسكەنلىكىدىن دېڭىز قاتنىشى ئىشلىرى يىپ - يېڭى دەۋرگە كىردى. بۇنىڭ ئەكسىچە، سىياسى خەرىتىلەرنىڭ غايەت زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىلىشى تۈپەيلىدىن قىبدىسى يىپەك يولىدا، سىياسى ھاكىمىيەت سانجاق - سانجاق قەد كۆتەردى، ئۇلارنىڭ ئۆز - ئاز تىركىشىشى، ئۆز - ئارا قارشىلىشىشى بىلەن قاتار - قاتار ئىستىھكاملار بارلىققا كەلدى. شۇنداق قىلىپ، نەچچە مىڭ يىللاردىن بويان ئاسىيا بىلەن ياۋروپانى تۇتاشتۇرۇپ كەلگەن بۇ زور مۇساپىلىك قۇرۇقلۇق قاتنىشى لىنىيىسى 17 - ئەسىردە، يەنى بىز ياشاۋاتقان ھازىرقى دەۋردىن تەخمىنەن 300 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى تەبىئىي ۋە سىياسى سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى شان - شەۋكىتىدىن ئايرىلىپ قالدى.

## قەدىمقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە ①

### ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

قەدىمقى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئارخېئولوگىك قېزىلمىلار، قەدىمقى يازما خاتىرە ۋە يادىكارلىقلار قانداق مۇھىم رول ئوينىسا، قەدىمقى زامان ئەدەبىياتىمۇ شۇنداقلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ، جاھان تارىخشۇناسلىرى تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان كۆز قاراش. مەسىلەن «شىيۇجى» (غەرپكە ساياھات) رومانى بىر بەدىئى ئەسەر بولسىمۇ، جۇڭگو تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم مەنبە ھېساپلىنىدۇ، شۇنداقلا بۈيۈك يۇنان شائىرى ھومېرنىڭ

ئىزاھلار:

① «تارىخنامە. پەرغانە تەزكىرىسى» «كېيىنكى خەن سۇلالىسى تارىخى. غەربىي رايون تەزكىرىسى» فىي جۈي: «غەربىي رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك تەسۋىراتى» فاشيەن: «بۇددا ئەللىرى خاتىرىسى» شۈەن جۇاڭ: «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەرپكە قىلىنغان ساياھەت»

② ئېفلىستېر: «ئاۋستىرىيىنىڭ قىسقىچە تارىخى»

③ «فاشۈەن تەزكىرىسى»

④ «تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى» 51 - جىلىت،

⑤ «بېيشى چاڭچىڭجى» 40 جىلىت «قاغانغا ئەۋەتىلگەن خەت»

⑥ كارد: «جۇڭگودا مەتبەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ غەرپكە تارقىلىشى»

⑦ «مىڭ سۇلالىسى تەيزۇڭ پادىشا تەزكىرىسى» 24، 57، 114، 126 - جىلىتلار

⑧ «مىڭ سۇلالىسى يىڭزۇڭ پادىشا تەزكىرىسى» 223 - جىلىت.

⑨ «مىڭ سۇلالىسى رېن زۇڭ پادىشا تەزكىرىسى» 5 - جىلىت

⑩ مىڭ سۇلالىسى ۋۇ زۇڭ پادىشا تەزكىرىسى» 43 - جىلىت

«ئىلىئادا» ۋە «ئودىسسېيا» داستانى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 4 - ئەسىر)، ھىندى خەلقىنىڭ «ماخابخاراتا» ۋە«رومىيانا» داستانلىرى (مىلادى 1- ئەسىر) - ئۇلۇغ ئىران شائىرى پىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»سى (مىلادى 11 - ئەسىر) — مانا بۇ قەدىمقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ شانلىق نەمۇنە- لىرى قەدىمقى يۇنان، ھىندىستان ۋە ئىران تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئالاھىدە مۇھىم رول ئويناپدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىشتىمۇ مەشھۇر «ئوغۇزخان» داستانى «ئالىپ ئەر تۇڭا» داستانى، «كۈل تېگىن» ۋە شۇڭا ئوخشاش ئابىدىلەر ۋە مەشھۇر «قۇتادغۇبىلىك» داستانلىرى ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە. باشقا مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى ئەدەبى مىراسلىرى ھەققىدىمۇ خۇددى شۇنى ئېيتىش مۇمكىن. ئەلۋەتتە، بىز تۆۋەندە قەدىمقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى بىر نەچچە باسقۇچلارغا بۆلۈپ قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمىز.

قەدىمقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تۆۋەندىكى دەۋرلەر بويىچە تونۇشتۇرۇشقا بولىدۇ.

### 1 . قەدىمقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا داستانلار دەۋرى

ئۇيغۇر خەلقى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ۋە باي مەدەنى مىراسلارغا ئىگە. يازما ئەدەبىيات باشلىنىشتىن بۇرۇنقى داستانلار دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان بىر قانچە تىپىك ئەسەرلەر بۇنىڭ دەلىلى بولالايدۇ.

### «ئوغۇز نامە»

بۇ، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە قەھرىمانلىق ئېپىك داستانى بولۇپ، كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت غەزىنىسىدىكى قىممەتلىك گەۋھەرلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇ داستان ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئېغىزدىن - ئېغىزغا كوچۈپ، ئاخىرى 13 - ئەسىردە قارا قوجو .(ھازىرقى تۇرپان)دا تۇنجى قېتىم قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن كىتاب قىلىنىپ، پۈتۈپ چىقىلغان بۇ نۇسخا ھازىر فرانسىيىنىڭ پارىژ مىللى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. مىلادى 1606 - يىلى، ئوتتۇرا ئاسىيالىق مەشھۇر تارىخشۇناس ئوبۇلغازى ئۆزىنىڭ «شەجەرىئى تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە بۇ داستاننىڭ بىر قىسمىنى چاغتاي تىلى بىلەن كىتابخانلارغا تونۇشتۇرغان. مىلادى 1815 - يىلى نېمىس ئالىمى دىتس مەزكۇر داستاندىن بەزى پارچىلارنى نېمىسچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇردى. شۇنداق قىلىپ جاھان مىقياسىدا كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ دىققەت ئېتىۋارى قوزغىلىش بىلەن «ئوغۇز نامە» ھەققىدە مۇلاھىزىلەر باشلىنىپ كەتتى. ھەر خىل تىللاردا نۇرغۇن ئىلمىي ماقالىلار يېزىلدى.

«ئوغۇز نامە» كىتاب قىلىنىشتىن ۋە باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنىشتىن بۇرۇن خەلق ئىچىدە قانچە ئەسىرلەر سۆزلىنىپ كەلگەنلىكىنى ئېنىقلاش قىيىن، ئەلۋەتتە. چۈنكى، بۇ داستان پەيدا بولغان دەۋر ھەققىدە ھازىرچە ھېچقانداق ئېنىق مەلۇمات يوق.

«ئوغۇز نامە» ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ ئەڭ يىرىك ۋە ئەڭ تىپىك نەمۇنىسى بولۇپ،

① بۇ ماقالە 1979 - يىل 11 - ئايدا ئۈتكۈزۈلگەن «يىپەك يولى ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئاپتور تەرىپىدىن سۆزلەنگەن سۆز بولۇپ، شۇ ئاساستا رەتلەپ چىقىلغان.

ئۇيغۇر خەلقى بىلەن ناھايىتى قەدىم زامانلاردىن بىرى بىللە ياشاپ كەلمەكتە. ئۇنىڭدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ناھايىتى ئۇزاق تارىخى جانلىق ئوبرازلار بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا بۇ داستان پەقەت ئۇيغۇر خەلقىنىڭلا ئەمەس، بەلكى كۆپلىگەن تۈركىي خەلقلەرنىڭمۇ قەدىمقى ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىسى بولالايدۇ. چۈنكى، داستان قەھرىمانى ئوغۇزخان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بەگلەرنىڭ ھەر بىرى ئۆز دەۋرىدىكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ياكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە. داستاندىكى ۋەقەلەرنىڭ بەكمۇ قەدىمقى زامانلارغا مەنسۇپلىقى، مەزمۇنىنىڭ بايلىقى ۋە تىلىنىڭ قەدىمىلىكىگە قاراپ بۇ داستاننى ئېپتىدائىي، جامائەت ھاياتىدىن باشلانغان، دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ. داستان قەھرىمانى ئوغۇزخانىنىڭ ئۆزىمۇ ئېپتىدائىي ئادەملەر سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. مەسىلەن: ئوغۇزخانىنىڭ پۇتلىرى ئوكۈزنىڭ ئاياقلىرىغا ئوخشىتىلغان. ئوغۇزخانىنىڭ بېلى بۆرىنىڭ بېلىدەك، كوكرىكى بولسا، ئېيىقنىڭكىدەك دېيىلگەن ۋە باشقىلار. جۈملىدىن تەڭرى ئەۋەتكەن كوك يايلىماق بورىكىچە - كوندۇز ئوغۇزخانىنىڭ يېنىدىن كەتمەيتتى ۋە ئۇنىڭغا يولباشلىغۇچى ئىدى، دېگەنگە ئوخشاش بايانلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ توتېمغا ئېتىقات قىلىش دەۋرىدە ياشاۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «ئوغۇزنامە»نى مەزمۇن جەھەتتىن ئىككى قىسىمدا بولۇش مۇمكىن. 1 - قىسمى، ئەڭ قەدىمقى زامانلارغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇنىڭدا ئادەمنىڭ تەبىئەت دۇنياسى بىلەن بولغان كۆرەشلىرى ۋە ئاخىر تەبىئەتتىكى ياۋۇز كۈچلەرنى قانداق يەڭگەنلىكى بايان قىلىنغان. مەسىلەن: بىر مۈڭگۈزلۈك قانداقتۇر بىر ياۋايى مەخلۇق كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا تەھدىت سالغاندا، تەبىئىي قەھرىمانلىق خىسلىتىگە ئىگە ئوغۇزخان خەلقنىڭ ياردىمى بىلەن ھىيلىقى ياۋۇز مەخلۇقنى يېڭىپ، جەمئىيەتكە بەخت - سائادەت كەلتۈرىدۇ. مانا شۇ قىسمىدا ئوغۇزخان يۇقۇرىدا ئېيتىلغىنىدەك ئېپتىدائىي جامائە دەۋرىگە مەنسۇپ ئادەم سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. بۇ قىسمىدا ئوغۇزخانىنىڭ قەھرىمانلىق ئىشلىرى ئاجايىپ ئوبرازلىق تەسۋىرلىنىش بىلەنلا قالماي، بەلكى نۇرغۇنلىغان رىۋايەت، چۆچەك سيۇژىتلىرىمۇ كىرەلىشىپ، ئەسەرگە رومانتىك تۈس بېرىلگەن. نەتىجىدە ئەسەر بەدىي جەھەتتىن شۇنداق تەسىرلىك بولغانكى، ھەر قانداق ئادەم ئوقۇسا، ئىختىيارسىز ھالدا مەپتۇن بولىدۇ. مۇشۇ جەھەتلەردىن ئېيتقاندا، «ئوغۇزنامە» نەچچە مىڭ يىللىق خەلق فولكلورىنىڭ مۇجەسسەم گەۋدىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ناھايىتىمۇ قەدىمىي ئەسەر ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ، شۇنداقلا، ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىدىنمۇ دالالەت بېرىدۇ.

داستانىنىڭ 2 - قىسمى، ئوغۇزخانىنىڭ ئۇيغۇر خاقانى بولغانلىقىدىن باشلىنىدۇ. بۇنىڭدا ئوغۇزخان كىشىلەرنى قەبىلىلەرگە ئۇيۇشتۇرىدۇ، ئۇلارغا ئات قويىدۇ. چەتتىن كەلگەن تاجاۋۇزغا قارشى خەلق باشچىسى سۈپىتىدە نۇرغۇن جەڭلەرنى غەلبىلىك ئېلىپ بارىدۇ. شۇ جەرياندا ئۇيغۇر، قارلۇق، قانقىل، قىپچاق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ قانداق شەكىللەنگەنلىكى، قەيەرلەردە ۋە قانداق جەڭلەرنى قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. دېمەك، داستانىنىڭ

2 - قىسىم ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئېتنوگرافىيىسىنى ئۆگىنىشتىمۇ ئالاھىدە رىيال ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ داستان نەزم بىلەن نەسرنىڭ ئارىلاشمىسىدىن قۇرۇلغانلىقتىن كېيىنكى زامان ئۇيغۇر داستانچىلىقىنىڭ ئەڭ قەدىمقى نەمۇنىسى سۈپىتىدە تېخىمۇ زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

تارىختا ئۇغۇز خاندەك بىر شەخسنىڭ ئۆتكەن - ئۆتمىگەنلىكى ھەققىدە بەزىبىر ئوخشاشمىغان قاراشلارمۇ بار. دەرۋەقە ئۇغۇزخاننى تارىخىي نۇقتىدىن پالانى دەۋرگە مەنسۇپ، رىيال ئادەم دەپ ئېيتىشقا ھازىرچە ئاساس ئازراق. مېنىڭچە، مەيلى ئۇغۇزخانغا ئوخشاش شەخس ئۆتسۇن - ئۆتمىسۇن، ئۇ ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ بارلىق ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ۋە ئالىجاناب خىسلەتلىرىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرگەن مۇجەسسەم بىر مىللىي قەھرىماننىڭ ئوبرازىدۇر. شۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا «ئوغۇزنامە» ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، تىلى، ئېتنوگرافىيىسى قاتارلىق جەھەتلەرنى ئۆگىنىشتىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل بىر خەلق تارىخىنى ئۆگىنىپ چىقىشتىمۇ ئىنتايىن چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

### «ئالىپ ئەرتۇڭا» داستانى

ئالىپ ئەرتۇڭا پارس ئەدەبىياتىدا ئەفراسىياب نامى بىلەن مەشھۇر بولغان قەھرىمان بولۇپ، بۇ شەخس ھەققىدىكى داستان پارچىلىرى بىزنىڭ زامانىمىزغا «دىۋان لۇغاتىت تۈرك» ئەسىرى ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن. «ئالىپ ئەر تۇڭا» داستانىدىكى بۇ پارچىلارنى بىر يەرگە يىغىپ تەھلىل قىلغاندا: ئۆز زامانىسىدا مۇجەسسەم بىر داستان بولغانلىقى ھەم ئۇنىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا كەڭ تارالغانلىقى مۇئەييەن بولىدۇ. دەرۋەقە «ئەفراسىياب» دىگەن ئىسىم مىلادى 10 - ئەسىردىن تارتىپ پارس ئەدەبىياتىدا كۆرۈلۈشكە باشلىغان ئىدى. بۈيۈك پارس شائىرى پىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»سىدە ئەنە شۇ ئەفراسىياب، يەنى «ئالىپ ئەرتۇڭا» مەشھۇر بىر قەھرىمان يەنى «تۇران» خاقانى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ قەھرىمان بىر جەڭدە ھالاك بولىدۇ. ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر ئۆزىنىڭ بۇ قەھرىمانىنىڭ ئۆلۈمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئورغۇزلىغان مەرسىيەلەرنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. ئەنە شۇ مەرسىيەلەر «ئالىپ ئەرتۇڭا» داستانىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ داستاننى تەشكىل قىلغان پارچىلار ئۇيغۇر، ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەردە ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ، جۈملىدىن داستانچىلىقنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. داستان قەھرىمانى ئالىپ ئەرتۇڭا (ئافراسىياب) دىگەن ئىسىمنىڭ ئۆزىلا بۇنىڭغا يېتەرلىك دەلىلدۇر:

ئالىپ ئەر تۇڭا ئۆلدىمۇ،
ئېسىز① ئازۇن② قالدىمۇ
ئۆزلەك③ ئۆچىن ئالدىمۇ؟
ئەمدى يۈرەك تىلىنۇر،

بەزى تارىخىي مەنبەئەلەرگە قارىغاندا، ئىران بىلەن تۇران ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ئىراننىڭ كىيانىيان سۇلالىسى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ دەۋر مىلادىدىن بۇرۇنقى 4 - ياكى 5 - ئەسىرلەرگە قىياس قىلىنىدۇ. لېكىن ئېنىقراق ھۆججەتلەرگە تايانغاندا، بۇ ئۇرۇش كىيانىيان سۇ-

لالىسى ئەمەس، بەلكى ئىراننىڭ 4 - سۇلالىسى بولغان ساسانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە بولغانلىقى مەلۇم. ساسانىيلار سۇلالىسى بولسا، مىلادى 226 — 651 - يىللارغىچە داۋام قىلغان (شەمسىدىن سامى: «قامۇسۇل ئەلەم» 4 - توم، 2481 - بەت). بۇ قاراشنى ئەخمەت رەپىق ئۆزىنىڭ «تارىخ ئۇمۇمى» ناملىق ئەسىرىدە تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تۈركلەرنىڭ ساسانىيلار سۇلالىسىغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى ئىرانلىقلار ئۈچۈن بىر مىللى داستان يېزىلىشىغا سەۋەپ بولدى. شۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىران بىلەن تۇران ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلاردىن بەھس ئېتىدىغان «شاھنامە» مەيدانغا كەلدى، - دەپ يازىدۇ («تارىخ ئۇمۇمى» 4 - توم 273 - بەت). «بۈيۈك سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيىسى»دىمۇ «ساسانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئىرانلىقلار قەدىمقى روما، ۋىزانتىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆچمەن خەلقلەر بىلەن ئۇزۇن يىللار ئۇرۇش ئېلىپ بارغان ئىدى» - دېيىلگەن. شۇ كىتاپ، (2156 - بەت) يۇقۇرىدىكى مەلۇماتلاردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدىكى، «ئالىپ ئەرتوڭا» داستانى تەخمىنەن مىلادى 3 - 4 - ئەسىرلەردە مەيدانغا كەلگەن.

بەزىلەر «ئالىپ ئەرتوڭا» (ئەفراسىياپ) رىيال شەخسى ئەمەس، دىگەن كۆز قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ھالبۇكى، مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى مەخمۇت قەشقىرى «قەشقەرنىڭ قەدىمقى نامى «ئوردوكەنت»، يەنى خان تۇرىدىغان شەھەر ئىدى». «بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن ئەفراسىياپ شۇ يەردە پاشايتتى» دەيدۇ («دىۋانۇلوغاتت تۈرك» فاكسىملى 173 - بەت). ئۇنىڭ ئۈستىگە «دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك»تە ئالىپ ئەرتوڭا ياكى ئەفراسىياپ دىگەن ئىسىم 20 نەچچە ئورۇنداتەكرارلانغان.

## 2. «دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك» ۋە قەدىمقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

10 - ئەسىردىن 12 - ئەسىرگىچە قەشقەر ۋە بالاساغۇننى مەركەز قىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يېڭى بىر تەرەققىيات دەۋرىگە، يەنى ئىسلام ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دەۋرىگە كىردى. «دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك» شۇ دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن زور ئىلمىي ئەسەر بولۇش بىلەن بىللە، قەدىمقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن قىممەتلىك بىر مەنبەدۇر.

«دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك» (تۆۋەندە قىسقارتىپ «دىۋان» دىيىلىدۇ) مىلادى 1072 - 1074 - يىللىرى مەخمۇت قەشقىرى تەرىپىدىن ئەرەپ تىلىدا يېزىلىپ، شۇ دەۋىردىكى باغدات خەلىپىسى مۇھەممەت ئەبۇل قاسىم بىننى مۇقتەدىگە تەقدىم قىلىنغان. 200 يىلدىن كېيىن، دەمەشقلىق مۇھەممەت ئابابەكرى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن. 1916 - يىلىدىن باشلاپ تۇنجى قېتىم تۈركىيەدە نەشىر قىلىنىش بىلەن دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئايان بولدى. ھازىر بۇ كىتابنىڭ تۈركچە، نېمىسچە، ئۆزبەكچە، روسچە، تەرجىمىلىرى ۋە باشقا تىللاردا قىسقارتىلغان تەرجىمىلىرى مەيدانغا كەلدى، جۈملىدىن بىزنىڭ ئېلىمىزدىمۇ ئۇيغۇرۋە خەنزۇ تىللىرىدىكى تەرجىمىلىرى نەشىرگە تەييارلانماقتا.

---

① ۋاپاسىز.

② دۇنيا.

③ پەلەك، زامان.

«دىۋان» سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق جەھەتتە ئۆز دەۋرىنىڭ مىسلىسىز نادىر بىر ئەسىرى بولۇش بىلەن بىللە، بىزنىڭ زامانىمىز ئۈچۈنمۇ، ناھايىتى زور ئىلمى قىممەتكە ئىگە ئەسەردۇر. بۇ كىتاب، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تىل بايلىقى بىلەن مۇكەممەل تىل قائىدىلىرىنى تەتقىق قىلىشتىلا ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەئى، ئۆرپ - ئادەت، دىنى ئېتىقادات، تارىخ، جۇغراپىيە، ئىجتىمائى ھايات ۋە باشقا جەھەتلىرىنى ئۆگىنىشتە ناھايىتى مۇھىم ماتېرىيال ھېساپلىنىدۇ. جۈملىدىن قېدىمقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشتا تېخىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، چۈنكى «دىۋان» دا 200دىن ئارتۇق قەدىمقى زامان شېئىر - قوشاقلىرى ۋە يەنە 200دىن كۆپ تەمسىللەر بار. بۇ شېئىر - قوشاقلار تىماتىكا جەھەتتىكى بايلىقى، ئۇسلۇبىنىڭ گۈزەللىكى، تىلىنىڭ پىششىق ۋە راۋانلىقى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەردە خېلى بۇرۇنلا ..راي ئەدەبىياتنىڭمۇ ۋۇجۇتقا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. مەسىلەن:

تۈركان قاتۇن كۆتىنا
تەگۈر مەڭدىن قوشۇغ
ئايغىل سىزىن تاپۇغچى
ئوتنۇر يايى تاپۇغ

تۈركەن خاتۇن قېشىغا
مەندىن قوشاق ئېلىپ بار.
ئېيتقىل سېنىڭ خىزمەتچىڭىز
يېڭى خىزمەتكە تەييار

مەخمۇتقە شېئىرى بۇقوشاقتىكى «تۈركان قاتۇن» سۆزىنى ئەرەبچىگە «مەلىكە»، «قوشۇغ» سۆزىنى «قەسىدە» دەپ تەرجىمە قىلغان. دېمەك، ئۇ زاماندا مەخسۇس شائىرلار قەسىدە يېزىشقا باشلىغان ۋە ئوردىلاردا قەسىدىلەرنى مۇكاپاتلاش تۈزۈملىرىمۇ مەيدانغا كەلگەن. بۇ قوشاقنىڭ ئۇسلۇبى ۋە تىلىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى، شۇنداقلا ئۇ زامانلاردا ئاياللارنىڭ ئوردىدا مۇھىم ئورۇن ئىگەللىگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

«دىۋان»، دىكى شېئىر - قوشاقلار مەخسۇس ئەدەبىي پارچىلار سۈپىتىدە ئەمەس، پەقەت بىرەر سۆزنى ئىزاھلاش يۈزىسىدىنلا مىسالغا ئېلىنغان، شۇڭلاشقا شائىرلارنىڭ ناملىرى ئالاھىدە كۆرسىتىلمىگەن بولسا كېرەك. ئەمما شېئىر - قوشاقلارنىڭ مەزمۇن، تىل، ئۇسلۇب جەھەتتىكى بالاغىتى بۇ شېئىر - قوشاقلارنىڭ ئىپتىدائى ئىجادىيەت مەھسۇلى ئەمەس، بەلكى مەلۇم زامان پىشىپ يېتىلگەن ئەسەرلەر ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ، نېمىس ئالىمى ھورتمان، برۆككېلمان،

تۈركىيە ئالىمى فۇئات كوپرولزادە، سوۋېت ئالىمى مالوۋ قاتارلىق كىشىلەر ئۇزۇن تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىپ ئەنە شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكەن.
بىز تۆۋەندە «دىۋان» دىكى قوشاقلاردىن بەزى بىر ئۆرنەكلەرنى بېرىپ ئۆتىمىز.

چۈغىر بېرىپ قوشلاتۇ
تايغان ئىزىپ تىشلەتۇ
تىلكۇ تۈگۈز تاشلاتۇ
ئەردەم بىلەن ئۈركەلىم

قارچۇغىنى قوشلاپ ئوۋ قىلىپ، تايغان، ئىتلارغا چىشلىتىپ، تۈلكە ـ تۇڭگۇزلارنى تاش بىلەن ئۇرۇپ، يىقىتىپ، شۇ ھۈنەرۋەنلىرىمىز بىلەن ماختىنايلى.

يىگىتلەرنىڭ ئىشلەتۇ
يىغاچ يەمىش ئىرغاتۇ
قۇلان، كېيىك ئاۋلاتۇ
بەزمەم قىلىپ ئاۋنالىم.

يىگىتلەرنى ئىشلىتىپ،
مىۋە دەرىخى ئىرغىتىپ،
قۇلان، كېيىك ئوۋلىتىپ،
بايرام قىلىپ ئوينايلى.

ياي بارۇبان ئەرگۈزى
ئاقتى ئاقىن مۇندۇزى
تۇغدى يارۇق يۇلتۇزى
تىڭلا سوزۇم كالكۇسۇز

كوكلەم كېلىپ ئەگۈزى،
ئاقتى سەلدەك قار مۇزى،
تۇغدى يورۇق يۇلتۇزى،
تىڭشا سوزۇم كۈلكىسىز،

بۇلنار مەنى ئۇلاس كوز
قارا مەڭزقىزىل يۈز
ئاندىن تاما تۇگەل تۈز
بۇلناپ ياناتول قاچا

كەلسە قالى قاتىغلىق
ئەرتۈر تەيۇ سىرىڭكىل
ئودىلۈك ئىشىن بىلىپ تۇر
ئانچە ئانار تەرىڭكىل

كەلسە قانداق مۈشكۈللۈك،
ۋەتەر دىبان سەۋىر قىل.
پەلەك ئىشىن بىلىپ تۇر،
ئاڭا لايىق تەدبىر قىل.

ئەرەن ئالپى ئوقۇشتىلار
قوڭىر كوزۇن باقىشتىلار
قاموغ تىرلىغۇن توقۇشتىلار
قىلىچ قىنىغا كۈچۈن سىغدى

باتۇر ئەرلەر قىچقىرىشتى،
قىڭغىر قاراپ ھور پىيىشتى،
ھەممە تېغىنى ئىشلىتىشتى،
قىلىچ قىنىغا ئاران سىغدى.

كۆركلۈگ تونۇغ ئۈززۈگە
تاتلىغ ئاشىغ ئازىنقا
تۈتغىل قونۇق ئاغىرلىغ
يازسۇن چايىن بوزۇنقا

كۆركەم تونۇڭ ئۈزەڭگە،
تاتلىق ئېشىڭ ئۆزگىگە،
ئەزىز بىلگىن مېھمانىنى،
يايسۇن داڭقىڭ ئەللەرگە.

دېمەك، بۇ قوشاقلار تارىخى جەھەتتىن قەدىمىلىكى، مەزمۇن جەھەتتىن بايلىقى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.

بۇنىڭدىن تاشقىرى بۇ قوشاقلاردىكى يەنە بىر خۇسۇسىيەت شۇكى، ئۇنىڭ تىلى ۋە ئۇسلۇبى پۈتۈنلەي مىللىيلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. مەسىلەن، قوشاقلارنىڭ بىر قىسمى شىنجاڭدا ئىسلام دىنى تارقالغاندىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرەر ئەرەبچە سۆز تېپىلمايدۇ. ھەتتا ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى ئىقتىسادى ۋە مەدەنىي مۇناسىۋەتلەر تۈپەيلى، پارس تەسىرىنىڭ خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇشىغا قارىماي بۇ قوشاقلار پارس سۆزلىرىدىنمۇ خالىدۇر. بۇ ئەھۋال ئۇيغۇر تىلىمىز بىلەنمۇ چوڭقۇر مەنالىق نازۇك ھېس-تۇيغۇنى ئىنچىكە ۋە مۇرەككەپ پىكىرلەرنى بايان قىلالايدىغان شېئىرلارنى يېزىش مۇمكىنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ. مەسىلەن، ئالىپ ئەرتۇڭغا تۇغرىسىدىكى قوشاقتىكى «ئىيمىز»، «ئازۇن»، «ئۆزلەك» سۆزلىرى ئورنىغا «كېيىنچەۋاپاسىز»، «دۇنيا»، «پەلەك» سۆزلىرى ئىشلىتىلگەنلىكى، قەدىمدا مۇنداق سۆزلەرنى ئىشلەتمەيمۇ ئەنە شۇنداق تەسىرلىك مەرسىيەلەرنى يېزىش مۇمكىنلىكى بۇ پىكىرنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

بۇ قوشاقلاردىكى ئەنە شۇنداق ئالاھىدىلىكلەر تاسادىپىي ئەھۋال بولماي، بەلكى مۇئەييەن ئىجتىمائى، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلىدۇر. باشقىچە ئېيتقاندا، بىر قەدەر يۇقۇرى دەرىجىدە تەرەققىي تاپقان ماددى شارائىت ئاساسىدىلا ئەنە شۇنداق مەنىۋى مەھسۇلاتنىڭ مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن ئىدى. ھەقىقەتەنمۇ، تارىخى ماتېرىياللار، جۈملىدىن «دىۋان»دىكى

پاكىتلار ئۇ دەۋرلەردە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خېلى يۇقىرى دەرىجىدە مەدەنىيەت دۇنياسىغا كىرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. مەسىلەن، قەشقەر ۋە بالاساغۇندىن تاشقىرى، قارا قوجو ئۇيغۇرلىرىنىڭ قوجو، بەشبالىق سولمى، جانبالىق، ياڭىبالىق قاتارلىق شەھەرلىرىنى بىنا قىلغانلىقى؛ ئىجتىمائىي ھاياتتا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا يىپەك ياغلىق، دەزمال، «بوغماق» (مىرالدون)، «باغرداق» (لىفتىك)، يوڭ توقۇلما بۇيۇملار ئىشلىتىلگەنلىكى، ھەتتاكى مۇنتىزىم ئارمىيە تۈزۈلۈشىدىن دالالەت بېرىدىغان «ئاي بېتىگى» (ئەسكەرلەرنىڭ ئايلىق مۇئاش دەپتىرى) «پارول» جەڭ تاكتىكىلىرى قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ بولغانلىقى يېتەرلىك دەلىلدۇر.

«دىۋان» دىكى ئەدەبىي پارچىلاردا ئارۇز ۋەزنى ئېلېمېنتلىرى ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەنلىكى، ياكى بىر مۇنچە شېئىر، قوشاقلارنىڭ نوقۇل ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغانلىقى تېخىمۇ دىققەتكە ئەرزىيدىغان مەسىلە. بۇ ھال، ئارۇز ۋەزنىنىڭ بەزى بەھرىلىرى بىزنىڭ مىللىي مىراسىمىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. (بۇ ھەقتە «شىنجاڭ ئەدەبىيات — سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى 79-يىل، 11 - سانىدا بېسىلغان «ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز ۋەزنى مەسىلىسى» ناملىق ماقالىدە بىر قەدەر تەپسىلىي توختالغان. بۇ يەردە تەكرارلىمايمەن.)

### 3 ئۇيغۇر يازما ئەدەبىيات دەۋرى

تارىخىي ماتېرىياللار ئۇيغۇرلاردا مىلادى 5- ئەسىردىن باشلاپلا يازما ئەدەبىياتنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ. ئورخۇن، يېنسەي دەريا بويلىرىدا تېپىلغان «كۆلتېگىن»، «تونيۇقۇق»، «بىلگە قاغان»، «مويۇنچۇر»، «سۇجى» مەڭگۈ تاشلىرى بۇنىڭ دەلىلىدۇر. بۇ مەڭگۈ تاشلار مىلادى 8 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن ئورنىتىلىشقا باشلىغان. بۇ مەڭگۈ تاشلاردىكى خاتىرىلەرنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمى شېئىرىي تىل بىلەن يېزىلغان. بۇ ئەھۋال شۇ زامانلاردىلا يازما ئەدەبىياتنىڭ خېلى دەرىجىدە راۋاجلانغانلىقىنى، ھەتتا مەڭگۈ تاشلارغا خاتىرە يېزىپ قالدۇرغىدەك شائىرلارنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ پارلاق نەمۇنىسى «قۇتادغۇبىلىك» دۇر. ئۇ، قارا خانىلار دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ئەڭ يىرىك، نادىر بىر بەدىئىي ۋە پەلسەپىۋى ئەسەر بولۇپ، پۈتۈن بىر دەۋر مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ ئىنكاسىدۇر.

بۇ ئەسەر 1069 - يىلى يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن يېزىلىپ، قارا خانىلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمدارى بۇغراخان ئەلى ھەسەن بىن سۇلايمانغا تەقدىم قىلىنغان ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتورغا خاس ھاجىپلىق ئۇنۋانى بېرىلگەن.

«قۇتادغۇبىلىك» 13438 مىسرالىق چوڭ داستان بولۇپ، مەزمۇنى بويىچە 82 بابقا بۆلۈنگەن ۋە مەسنەۋى شەكلىدە، ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان. داستاننىڭ ئاساسىي مەزمۇنى خۇددى كىتابنىڭ ئىسمىدىن مەلۇم بولغىنىدەك كىشىلەرگە بەختلىك بولۇشنىڭ يولىنى، دۆلەت ھەم جەمئىيەتنى باشقۇرۇش يوسۇنلىرىنى ئۆگىتىشتىن ئىبارەت. داستاننىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇنىڭدا چوڭقۇر پەلسەپىلىك پىكىرلەر قۇرۇق

ئىبارىلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى مەلۇم بەدىئى ئوبرازلار بىلەن ئىپادىلەپ بېرىلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە داستان باشتىن-ئاياق ساپ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، مەتتابەزى ئابستراكت ئاتالغۇلار ۋە ئىلمىي ئاتالغۇلارمۇ ئۇيغۇر تىلىدا بېرىلگەن. بۇ دەۋردە ئىسلام دىنى بىلەن بىللە ئەرەب تىلىنىڭمۇ كەڭ تارقىلىدىغانلىقىغا قارىماي، داستاندا ئەرەبچە سۆزلەر ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» قاراخانىلار دەۋرى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ، ئۇزۇنغىچە ئۆز تەسىرىنى ساقلاپ كەلگەن. چىڭگىز خانمۇ «قۇتادغۇبىلىك» كە تەقلىدەن «چىڭگىز خان قۇتادغۇبىلىكى» يازدۇرغان. ئالتۇن ئوردا دۆلىتىنىڭ مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان «ساراي بېرىكە» خارابىسىدا 1909-يىلى تېپىلغان بىر كوزىنىڭ ئۈستىگە ئەرەب يېزىقى بىلەن:

«كىشى كۆركى يۈز ئول، بۇيۈز كۆركى كۆز

ئاغىز كۆركى تىل ئول، بۇ تىل كۆركى سۆز.»

دەپ يېزىلغان. بۇ بېيىتنىڭ قۇتادغۇبىلىكتىن ئېلىنغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. چۈنكى، قۇتادغۇبىلىكتە مۇنداق بېيىت بار:

ئوقۇش كۆركى تىل ئول، بۇ تىل كۆركى سۆز،

كىشى كۆركى يۈز ئول، بۇ يۈز كۆركى كۆز.

يىغىپ ئېيتقاندا بۇ ئەسەر ئىسلامىيەتنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىشتىن كېيىن تۇنجى قېتىم يېزىلغان بۈيۈك بىر داستان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى تارىخى بويىچە يېڭى بىر دەۋر باشلانغان دېيىشكە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە «قۇتادغۇ بىلىك» يۈكسەك شېئىرىي قىممىتى بولغان بىر بەدىئىي ئەسەر بولغاندىن تاشقىرى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى ساھەسىدە چوڭ تەتقىقات قىممىتىگە ئىگىمۇ ئۇلۇغۋار بىر ئەسەردۇر.

ھازىر بۇ داستاننىڭ ئۈچ خىل كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى ساقلانماقتا. 1- ۋېنا نۇسخىسى. مىلادى 1439-يىلى، ھىرات شەھىرىدە قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن. ھازىر ۋېنا كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

2. نەمەنگان ياكى پەرغانە نۇسخىسى، تەخمىنەن 12-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ياكى 13-ئەسىرنىڭ باشلىرى ئەرەب يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن. 1914-يىل نەمەنگاندىن تېپىلغان. ھازىر ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا.

3. قاھىرە نۇسخىسى. تەخمىنەن 14-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ئەرەب يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن. ۋە 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى قاھىرەدىن تېپىلغان. ھازىر قاھىرە كەدىۋىي كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

«ئەتەبەتۇلھاقايىق» (ياكى ھەيبەتۇل ھاقايىق) «قۇتادغۇبىلىك» تىن كېيىن تەخمىنەن 12-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يېزىلغان قىممەتلىك ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى بىلىم، ئەقىل-پاراسەت ۋە گۈزەل ئەخلاقنى تەرغىب قىلىشتىن ئىبارەت. ئاپتورنىڭ «بۇ كىتابنى يېزىشتىن مەقسىدىم گۈزەل ۋە پىششىق تۈركى تىل بىلەن ھېكمەتلەرنى يېزىپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇش» دىگەن سۆزلىرى بۇنىڭغا دەلىلدۇر. كىتابنىڭ ئاپتورى ئەخمەت يۈكنەكى (ئاتىسىنىڭ

ئېتى ماخمۇت) بولۇپ، تەخمىنەن 1110 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1180 - يىلى قازا تاپقان. ئاپتورنىڭ، «مەن قەشقەرلىقمەن، بۇ كىتاپنى قەشقەر تىلىدا يازدىم» دېگەن گېپىدىن ئۇنىڭ قەشقەردە ياشىغانلىقى مەلۇم.

ھازىر بۇ كىتاپنىڭ 3 خىل قوليازمىسى بار. بۇلار: سەمەرقەنت A نۇسخىسى ئىستانبۇل B ۋە ئىستانبۇل C نۇسخىسى دەپ ئاتىلىدۇ. سەمەرقەنت A نۇسخىسى بىلەن ئىستانبۇل B نۇسخىسى مىلادى 1444 ۋە 1480 - يىللىرى قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن. بۇ ئىككى نۇسخا ئىستانبۇلدىكى ئايا سوپىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. ئىستانبۇل C نۇسخىسى 15 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئەرەپ يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن. ھازىر ئىستانبۇلدىكى توپى قاپى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئېتىۋارەن، رادلوپ، نەجىپ ئاسىم، رەشىت رەخمەتى ئارات ۋە كوفرۇلوفوئات زادە قاتارلىق بىر مۇنچە ئالىملار بۇ كىتاپ ھەققىدە نۇرغۇن تەتقىقاتلار ئېلىپ باردى. ئۇلارنىڭ پىكرىچە «ئەتبە تۇلھاقايىق» قارا خانىلار دەۋرىنىڭ ئاياقلىشىش باسقۇچىدا مەيدانغا كەلگەن بىر ئەدەبىي ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي ھايات ئىدىئولوگىيىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بولۇپمۇ، ئىسلام دىنى ھۆكۈمراندىن ئورۇنغا ئۆتكەن مەزگىللەردىمۇ، بۇ كىتاپنىڭ بىر قەدەر ساپ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغانلىقى ئۇ ئەسەرنىڭ ئالاھىدە بىر خۇسۇسىيىتى ھېساپلىنىدۇ.

## 4 . ئۇيغۇرلاردا بۇددا تەرجىمە ئەدەبىياتى دەۋرى

بۇددا دىنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى بىرىنچى ئەسىردىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا ، ۋە مىلادى بىرىنچى ئەسىردىن كېيىن شىنجاڭ ئارقىلىق ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقىلىشقا باشلىدى. قەدىمقى قوچو (تۇرپان) ئۇيغۇرلىرى بۇددا دىنىنىڭ ئەڭ قىزغىن تەرغىباتچىلىرى ئىدى. ئۇلار بۇددا دىنى بىلەن بىللە بۇددا دىنى ۋە ئەدەبىياتىنىمۇ كەڭ كۆلەمدە تارقاتتى. 9 - ئەسىردىن ئېتىۋارەن شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمالى، «ئالتۇن يارۇق» قاتارلىق كىتاپلارنى خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى. جۈملىدىن سانسكرىت ۋە توخار تىللىرىدىن بىر مۇنچە ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە تىببىي، ئاسترونومىيە، ھوقۇقشۇناسلىق كىتاپلىرىنىمۇ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدى. بەشبالىق (جىمسار) لىق سالى تۇتۇڭ شۇ زاماندىكى تەرجىمان ئەدىپ ئىدى. مىلادى 10 - ئەسىردە «چاشتانى ئېلىك بەگ» ۋە «ئىككى تېگىن ھەققىدە ھېكايە» ناملىق ئەسەرلەر مۇ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىندى.

بۇ تەرجىمە ئەدەبىياتى تىل ۋە ئۇسلۇبى جەھەتتىن ئىسلامدىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىي ئۇسلۇبىنىڭ ئالاھىدە ئەنئەنىلىرىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن مۇھىم قىممەتكە ئىگىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇددا تەرجىمە ئەدەبىياتىمۇ قەدىمقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇھىم تەتقىقات ماتېرىيالى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

يۇقۇرىدا ئېيتقانلىرىمىز قەدىمقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدىكى ناھايىتى ئاددى تونۇشتۇرۇشتىنلا ئىبارەت. سەۋىيەمىزنىڭ تۆۋەنلىكى، تەييارلىقىمىزنىڭ ئازلىقىدىن بۇ ماقالىدا كۆپلىگەن يېتەرسىزلىكلەرنىڭ بولۇشى تەبىئى. يولداشلارنىڭ تۈزۈتۈش بېرىشلىرىنى ئۈمىت قىلىمەن.

# لى بەينىڭ يۇرتى — سۇيئاب

ئاپتورى، ماگورۆڭ

روزى ئۇردى تەرجىمىسى

سۇيئاب — تاڭ دەۋرىدىكى يېپەك يولى ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي چېگرىسىدىكى مۇھىم شەھەرلەردىن بىرى بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا قاتارلىق جايلارغا بېرىشتىكى قاتناش تۈگۈنى، جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ كۆۋرۈكى.

ۋۇزېتيەننىڭ چاڭئەن بىرىنچى يىلى (مىلادى 701 - يىلى)، ئېلىمىزنىڭ ئۇلۇغ شائىرى لى بەي مۇشۇ جايدا تۇغۇلغان. لى بەي بەش ياش ۋاقتىدا ئاتىسى بىلەن شۇجۇڭ ئايمىقى سەنجۇ ئوبلاستىدىكى جاڭمىڭ ناھىيىسىنىڭ چىڭ لىەن يېزىسىغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇرغان. ئەينى ۋاقىتتا لى بەينىڭ يېشى چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۆز يۇرتىنىڭ مەنزىرىسى ئۇنىڭ مېڭىسىدە ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. شۇڭا، لى بەي كېيىنكى ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ «ئوردا مۇزىكا شېئىرلىرى» دېگەن ئەسىرىدىكى «شەھەر جەنۇبىدىكى جەڭ» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق مىسرالارنى يازغان:

بولتۇر بولغانتى جەڭ ساڭگەن دەريا بېشىدا،
بۇ يىلمۇ يەنە بولدى سۇڭخې دەريا قېشىدا.
چېنىقتۇرۇلدى قوشۇنلار تياۋجى كۆلى بويىدا،
ئات - ئۇلاغلار يېقىلدى قارلىق تەڭرى تېغىدا①

يولداش گومورونىڭ شەرھلەپ بېرىشىگە ئاساسلانغاندا: شېئىردىكى «سۇڭخې دەرياسى» قەشقەر دەرياسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ پامىرنىڭ شەرقىي ئېتىكىدىن باشلىنىدۇ، «تياۋجى» تاڭ دەۋرىدىكى تياۋجى (تۇتۇق) مەھكىمىسى دېگەندىكى تياۋجىغا قارىتىلغان، بۇ، سۇڭخې دەرياسى تيانشان قاتارلىق جايلارغا تۇتاش بولۇپ، سۇيئابنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «تياۋجى كۆلى» يا ئىسسىق كۆل، ياكى بالقاش كۆلىدىن ئىبارەت. لى بەي بۇ يەردە تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي رايوننىڭ جۇغراپىيە شارائىتىنى تەسۋىرلەپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى، شائىر ئۆزىنىڭ يۇرتى — سۇيئابقا بولغان چەكسىز سېغىنىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن. سۇيئابنىڭ تارىخى ۋە جۇغراپىيە ئەھۋالى قانداق؟ بۇ يەردە بۇنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

# ( 1 )

بوزئاب — بۈگۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىرغىزىستان رېسپۇبلىكىسىدىكى بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبى، ئىسسىق كۆلنىڭ غەربى، چۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى توقماق دېگەن جاي دەپ قارالغان.

بوزئاب ۋە چەتئەللەرنىڭ بەزى مەشھۇر تارىخىي ھۆججەتلىرى، مەسىلەن: «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربكە قىلىنغان ساياھەت»، «بۇرۇنقى يىللاردىكى ۋىلايەت، ناھىيەلەر تەپسىراتى»، «سەپەر خاتىرىسى»، «ئەزلا چۈچۈجىننىڭ غەربكە ساياھىتى»، «غەربكە قىلىنغان ساياھەتنىڭ خاتىرىسى»، «غەربىي رايوننىڭ سۇ يوللىرى خاتىرىسى» ۋە مىلادى 9 - ئەسىردىن 11- ئەسىرگىچە بولغان ئىسلامىيەت مەنبەلىرىدىن «يۇرت ۋە ئەللەر تەزكىرىسى»، «باج قوللانمىسى» پارس يازغۇچىلىرىنىڭ «دۇنيانىڭ تېررىتورىيە تەزكىرىسى»، «خاتىرە بېزەكلىرى» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە بوزئاب رايونىنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىسى ۋە تارىخىي ئەھۋالى ئوخشاش بولمىغان جەھەتلەردە بايان قىلىنغان.

غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى، بۇ رايون ئۇيسۇنغا تەۋە بولغان. ئۇ سىياسىي، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونى بىلەن ئىنتايىن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن. خەن سۇلالىسى پادىشاھلىرىدىن ۋۇدى «ھونلارنىڭ ئوڭ قانىتىنى سۇندۇرۇش» دىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك مەقسىدىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مىلادىدىن بۇرۇنقى 138 - يىلى ۋە مىلادىدىن بۇرۇنقى 119 - يىلى ئىككى نۆۋەت جاڭ چيەننى غەربىي رايونغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، ياۋچى ۋە ئۇيسۇنلار بىلەن ئايرىم ھالدا ئالاقە باغلىغان. ئۇلار پەرغانە، ئۇلۇغ ياۋچىلار، باكتىرىيە، پارتىيە، چىدىز ۋە تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەر قايسى جايلارغىچە بارغان. دۇيى سۈگىنىڭ «غەربىي رايوننىڭ سۇ يوللىرى خاتىرىسى» دىكى بېزەكلەردىن قارىغاندا، ئىسسىق كۆلنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى تاغ ئارىسىدا بىر ئابىدە بولۇپ، ئۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى «جاڭ چيەن ئابىدىسى» دەپ ئاتىغان. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۈەنفىڭ يىللىرى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 110 — 105 - يىللىرى) ۋە تەيچۇ يىللىرى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 104 — 101 - يىللىرى) خەن سۇلالىسى مەلىكە شىجۈن ۋە مەلىكە جيېيۇلارنى ئۇيسۇنغا ياتلىق قىلغان. بۇ ئىككى قېتىملىق قۇدىلىشىش ئارقىلىق خەن سۇلالىسى بىلەن ئۇيسۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتى يەنىمۇ كۈچەيگەن. مىلادىدىن بۇرۇنقى 60 - يىلى، خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شۈەندى شىنجاڭ رايونىدا غەربىي رايون تۇتۇق ھەرازۇل مەھكىمىسى تەسىس قىلغان. ئۇيسۇنلار شۇ مەھكىمىنىڭ رەسمىي باشقۇرۇشىدا بولغان، مىلادىدىن بۇرۇنقى 53 - يىلى خەن سۇلالىسى چاڭ خۇيى باشچىلىقىدا ئىسسىق كۆلنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى قىزىل قورغانغا قوشۇن ئېۋەتىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن ۋە مۇداپىئە ئىشلىرىنى

ئېلىپ بارغان.

سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا، سۈيئاب غەربىي تۈركلەرنىڭ پايتەختى بولغان. سۈيئاب شەھرى «شەھەر دائىرىسى 6 - 7 چاقىرىم كېلىدىغان، بىر قانچە دۆلەت سودىگەرلىرى ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان جاي ئىدى».②

تاڭ دەۋرىدە سۈيئاب شەرق بىلەن غەربنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش يولى — يىپەك يولىدىكى مۇھىم تۈگۈنلەردىن بىرى بولغان. ئەينى ۋاقىتتا يىپەك يولىنىڭ شىنجاڭ دائىرىسىدە ئومۇمەن ئالغاندا 3 يول بار ئىدى: ئاراتۈركتىن تيانشاننىڭ شىمالى ئېتىكىنى بويلاپ غەربكە بارىدىغان بىر يول — شىمالىي يول؛ ئاراتۈركتىن باشلىنىپ تيانشاننىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى بويلاپ سازلىق - قۇملۇقلار ئارقىلىق غەربكە بارىدىغان بىر يول — ئوتتۇرا يول؛ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى بىلەن خوتەندىن ئۆتۈپ غەربكە قاراپ پامىر ئېگىزلىكىدىن ھالقىپ ئۆتىدىغان بىر يول - جەنۇبىي يول دەپ ئاتالغان. سۈيئاب مۇشۇ شىمالىي يول بىلەن ئوتتۇرا يولنىڭ قوشۇلۇش تۈگۈنىگە جايلاشقان. بۇ ئىككى يول سۈيئابتا قوشۇلغاندىن كېيىن، غەربكە قاراپ سوزۇلۇپ تالاس ئارقىلىق توپ - توغرا كاسپىي دېڭىزى بويىدىكى دۆلەتلەرگە ۋە غەربىي ياۋروپاغا باراتتى؛ جەنۇبقا قاراپ تاشكەنت ئارقىلىق غەربىي ئاسىيا، پېرسىيە ۋە ھىندىستانغا باراتتى؛ تاڭ دەۋرىدىكى يىپەك رەختلەر ۋە ھەر خىل قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى سودىگەرلەر ئۈزلۈكسىز ھالدا سۈيئابقا ئاپىراتتى، ئاندىن ئۇ يەردىن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا توشۇلاتتى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپادىكى ھەر قايسى ئەللەر سودىگەرلىرىمۇ زور مىقداردىكى ئالاھىدە مەھسۇلات ۋە ماددىي ئەشيالىرىنى سۈيئاب ئارقىلىق مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى جايلىرىغا ئېلىپ كېلەتتى.

شەرق بىلەن غەربنىڭ سودا يولىدا بېرىش - كېلىش قىلىدىغان كۆپلىگەن سودىگەرلەر بىلەن ئەلچىلەردىن باشقا، ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايوننىڭ نۇرغۇنلىغان مەشھۇر راھىبلىرى ۋە ھەربىي - مەمۇرىي خادىملىرىمۇ ئۈزلۈكسىز ھالدا مۇشۇ يەردە پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە سۈيئاب رايونىدا كۆرگەن - بىلگەنلىرى بايان قىلىنغان.

تاڭ سۇلالىسى تەيزۇڭ پادىشاھى جېنگۈەننىڭ 3 - يىلى (مىلادى 629 - يىلى)، شۈەنجاڭ چاڭئەندىن چىقىپ ھىندىستانغا بۇددا نوملىرىنى ئېلىشقا بېرىشتا، خېشى كارىدورى، ئارا تۈرك، قوچۇ (تۇرپان)، كىنگىت (قارا شەھەر) كۇسەن (كۇچار)، بالۇكا (ئاقسۇ)لار ئارقىلىق بەدەل ئارتىدىن ئۆتۈپ سۈيئابقا بارغان، ئۇ يەردىن ئۆتۈش ۋاقتىدا، ئۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرغان. شۈەن جاڭ ئۇ يەردە تۇرغان مەزگىلدە، غەربىي تۈرك قاغانىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. ئايرىلىش ۋاقتىدا، قاغان شۈەن جاڭغا «بىر يۇرۇش شايى - بەقەسەم تون، 50 توپ شايى»③ سوغا قىلىپ بەرگەن. بۇ گۈزەل يىپەك توقۇلمىلار شەكسىزكى، ھەر خىل يوللار ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونلىرىدىن سۈيئابقا كەلتۈرۈلگەن. شۈەن جاڭ ئۆزىنىڭ بۇ رايوندا كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربكە قىلىنغان ساياھەت» دېگەن كىتابىغا

كىرگۈزگەن. ئۇ مۇنداق دېگەن: قوجۇ (تۇرپان) دىن تيانشاننىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى بويلاپ بالۇكا (ئاقسۇ) غا بېرىپ، بۇ يەردىن غەربىي شىمالغا بۇرۇلۇپ، ئۈچ يۈز چاقىرىمدىن ئارتۇق يول يۈرۈپ، يۈز تاغدىن (تيانشاننىڭ مۇزلۇق چوققىسىدىن) ئۆتۈپ، تۆت يۈز چاقىرىم يۈرگەندە، ئىسسىق كۆلگە بارىدۇ. ئىسسىق كۆلدىن غەربىي شىمالغا قاراپ بەش يۈز چاقىرىمدىن ئارتۇق يول ماڭغاندا سۇيابقا بارىدۇ. سۇيابنىڭ غەربىدە نەچچە ئونلىغان كىچىك شەھەر بار، ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا باشلىقلىرى — ساداۋۇتلىرى بولۇپ، بىر-بىرىگە قارىمايدۇ. لېكىن ھەممىسىلا تۈركلەرگە قارايدۇ. تاڭ سۇلالىسى شۈەنزۇڭ پادىشاسى تيەنباۋنىڭ 10-يىلى (مىلادى 751-يىل)، ئەنشى تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ ساتراپ بېگى گاۋشيەنجى بىلەن بىللە ئەرەبلەرگە يۈرۈش قىلغان، دۇخۇەن تالاس ئەتراپىدا ئەرەبلەر بىلەن قىلىنغان جەڭدە ئەسىرگە چۈشكەن. 11 يىلدىن كېيىن، (تاڭ سۇلالىسى شۈيزۇڭ پادىشاسى باۋيىڭنىڭ 6-يىلى) دېڭىز يولى بىلەن ئانا يۇرتىغا قايتقان. كېيىن ئۇ «سەپەر خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابىنى يازغان. ئۇ كىتابىدا يېزىلغان سۇياب ھەققىدىكى خاتىرىلەر شۈەن جۇاڭنىڭ يازغانلىرىغا ئاساسەن ئوخشايدۇ. ئۇ مۇنداق دېگەن: بەدالدىن غەربىي شىمالغا قاراپ مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق ماڭغاندا سۇياب تۈزلەڭلىكىگە بارغىلى بولىدۇ. سۇياب تۈزلەڭلىكىنىڭ شەرقىدە ئىسسىق كۆل، غەربىدە تالاس شەھىرى، سۇياب تۈزلەڭلىكىدە سۇياب شەھىرى بار. تاڭ خاندانلىقىنىڭ باشقۇرۇشى، ئەدلىيە ۋەزارىتىنىڭ تاشقى ئىشلار ئەمەلدارى ۋاڭجى مۇشۇ رايوندا ھەر مىللەت خەلقىنى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ۋە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە يېلۈي چۇساي غەربىي رايوننى ساياھەت قىلىپ مۇشۇ جايغا كەلگەندە، ۋاڭ جىڭنىڭ ئابىدىسىنى ④ كۆرگەن. مەشھۇر ئەدىب سېن سەنۇ ئەنشى، بەشبالىقلارنىڭ باشقاق سوتچىسى سۈپىتى بىلەن سۇيابقا ئاچ، يىراق بولمىغان ئىسسىق كۆل رايونىدا ھەرىكەت قىلىپ بارغان. ئۇ شىنجاڭ رايونىنىڭ تەبىئىي مەنزىرىلىرىنى تەسۋىرلەپ نۇرغۇن مۇنەۋۋەر داستانلارنى يازغان.

سۇيابنىڭ غەربىدە تۆت يۈز چاقىرىم كېلىدىغان يەرگە مىڭ بۇلاق جايلاشقان. مىڭ بۇلاق تۈرك قاغانىنىڭ ئىستىراھەتگاھى بولغان. باھارنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇ يەردە رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ بۇلاق سۇلىرى شىلداپ ئېقىپ تۇرىدۇ. بۇ مەنزىرە كىشىلەرنى تولىمۇ مەپتۇن قىلىدۇ. مىڭ بۇلاقتىن غەربكە بىر يۈز قىرىق-ئەللىك چاقىرىم يۈرگەندە، تالاس شەھىرىگە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. تالاسنىڭ غەربىي جەنۇبىدا ئون نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان يەردە بىر كىچىك شەھەر بولۇپ، ئۇ يەردە ئۈچيۈز ئائىلىدىن كۆپرەك خەنزۇلار ياشايدۇ. ئۇلار گەرچە تۈركچە كىيىم كەيسىمۇ يەنىلا خەنزۇچە تىلنى قوللىنىدۇ. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىقتىسادى ۋە مەدەنىي تۇرمۇش ئېھتىياجى سەۋەبى بىلەن سۇياب رايونىدا تۈركچە، خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقلىق پۇل ئىشلىتىلىدۇ. ⑤ يېقىنقى دەۋردە، ئىسسىق كۆلنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىن قېزىۋېلىنغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار ئىچىدە مۇشۇ خىل پۇللار تېپىلغان. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە سۇياب رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن ئۆتمۈشتىكىدىنمۇ كەڭ ۋە قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان.

# 2

سۇيابنىڭ تەدرىجىي دەۋردە دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونى بويىچە تۇتقان ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولغانلىقى ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ يىلنامىلىك تارىخلىرىدا، تاڭ خاندانلىقى ئەنشى تۇتۇق ھەرئاۋۇل مەھكىمىسىنى يارغولدىن كۇچارغا كۆچۈرۈپ بارغاندىن كېيىن سۇيابتا يەنە باشقاق مەھكىمىسى تەسىس قىلغان.

سۇيابتا باشقاق مەھكىمىسى تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى مەسىلە دۆلىتىمىزنىڭ تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى قەدىمكى كىتابلاردا خېلى ئېنىق قەيت قىلىنغان. «تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى. كۇچار تەزكىرىسى»دە مۇنداق دېيىلگەن: «تاۋال پادىشا تەيزۇڭ كۇچارنى ئېلىپ، ئەنشى تۇتۇق ھەرئاۋۇل مەھكىمىسىنى پايتەخت كۇچارغا يۆتكەپ، گوشاۋكىينى تۇتۇق بەگ قىلىپ بەلگىلىگەن. خوتەن، قەشقەر، سۇيابنى ئۇنىڭ ئىدارىسىدە بولۇپ، بۇنى 4 باشقاق مەھكىمىسى دەپ ئاتىغان». بۇ ئەھۋال «تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى. كۇچار تەزكىرىسى»دە بىر قەدەر تەپسىلىي يېزىلغان. «يېزىۋادىپ ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى باھارپۇسيا ئولتۇرغان؛ (جېڭگۇەن) 21-يىلى (مىلادى 649-يىلى)، ئىشىكى ئوۋوت ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان قىلغان. لېكىن ئۇنىڭ كېيىنكى (قاراشەھەر) ئىسيانىغا قوشۇلغانلىقىغا پادىشانىڭ ئاچچىقى كېلىپ ئۇنىڭ ئۈستىدىن جازا يۈرۈشى قىلىشنى بەلگىلىگەن ...... ئۇنىڭ بىلەن ئاسىناشېرنى كۇنچيۇ ئايمىقىنىڭ يۈرۈش قىلىش قوشۇنىدا باش سەردار، چىربەقالىنى مائاۋىن قىلغان. بۇلار ئەنشى تۇتۇق بەگى، گوشاۋكىي، دىخانچىلىقتا مەسئۇل ۋەزىر ياڭ خۇڭلى، سول قانات سانغۇن لى خەيشەن قاتارلىقلارنى ئېلىپ تۈرلەرنىڭ 13 قەبىلىسىدىن يۈزمىڭ ئەسكەرنى باشلاپ جازا يۈرۈشى قىلغان ...... ئاسىناشېر بەش چوڭ شەھەرنى ئېلىپ، بىر نەچچە تۈمەن ئەر-ئاياللىنى ئۆزگە قاراتقان. ئەلچى ئەۋەتىپ 700 دىن ئارتۇق كىچىك شەھەرنى دەۋەت بىلەن تەسلىم قىلغان، بۇ ئەھۋال غەربىي رايوننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن. غەربىي تۈرك، ئەنشى ئىككى دۆلەت قوشۇنلىرىنى ئاپىرىدىغان. ئاسىناشېر خانىنىڭ ئىنىسى يابغۇنى خانلىققا تىكلىگەن، ئۇنىڭ توھپىلىرىنى تاشقا ئويۇپ خاتىرە قالدۇرغان ...... ئاسىناشېر باھارپۇسيا، نالى، جەلىدەنلەرنى باغلاپ، بۇتخانىغا تەقدىم قىلغان، پادىشا زۇۋي ئىبادەتخانىدا ئەسىرلەرنى تاپشۇرۇپ ئالغان. پادىشا ئەيىبلەپ: ۋەزىرلەر ھەممىڭلەر بېشىڭلارنى ئىگىپ، گۇناھىڭلارنى سورىغىلار دېگەن. خۇشلۇقى ئىبادەتخانىسىنى چۈشكۈن سارايى قىلىپ ئۆزگەرتكەن، باھارپۇسيانى سول قول ئوتتۇرانچى سەركەردە قىلغان. شۇندىن باشلاپ ئەنشى تۇتۇق بەگى ئۇنىڭ پايتەختىگە كۆچۈرۈلگەن. خوتەن، سۇياب، قەشقەر ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، «4 باشقاق مەھكىمىسى دەپ ئاتالغان». مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا ئاساسەن شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، كېيىن دېگەندەك پادىشا گاۋزۇڭ دەۋرىدە، تاڭ خاندانلىقى سۇيابتا سۇياب ئوبلاستى تەسىس قىلغان. شيەنچىڭنىڭ 2-يىلى (مىلادى 657-يىلى)، تاڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتى غەربىي تۈركلەر باشلىقى ئىشبارا قاغاننى يېڭىپ، ئاسىنا قولنى

تىرەك تۇتتۇۋالغان. سۈيئاپ شەھىرىنىڭ غەربىدىكى رايونلاردا مىلقچۇر تۇتۇق ھەمراۋۇل مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، ئاسىنا بوكۈننى ئۇلۇغ قانات ئۇلۇق سانغۇن قاغان قىلىپ تەيىنلىگەن، مىلقچۇر تۇتۇق بەگى ۋەجىۋالقىجۇي غەربىي تۈركلەرنىڭ بەش ساداق قەبىلىسى بۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. سۈيئاپ شەھىرىنىڭ شەرقىدە كۆنلىڭ تۇتۇق ھەمراۋۇل مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، ئاسىنا مىشنى سول قانات ئۇلۇق سانغۇن، كۆنلىڭ تۇتۇق بەگى ۋەشىن ئۇۋاك قاغان قىلىپ تەيىنلىگەن. غەربىي تۈركلەرنىڭ بەش تۇغلۇق قەبىلىسى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. بۇ ھەر ئىككىلا مەھكىمە ئەنشى تۇتۇق ھەمراۋۇل مەھكىمىسىگە تەۋە بولغان.

سۈيئاپ شەھىرىنىڭ ۋە مىلقچۇر، كۆنلىڭ بۇ ئىككى تۇتۇق ھەمراۋۇل مەھكىمىسىنىڭ تەسىس قىلىنغانلىقى سۈيئاپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىي تەرەپلىرىدىكى پۈتكۈل رايونلار تاڭ خاندانلىقىنىڭ مەركىزى ھاكىمىيىتى بىۋاستە ئىدارە قىلىدىغان ۋە ئۆز ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان مەمۇرى رايون ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

سۈيئاپتا باشقاق مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، تاڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتى چوڭ ئۈچ ئىشنى قىلغان: بىرىنچى، غەربىي رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ، سۈيئاپ شەھىرىدە قۇرۇلۇش قىلىشقا كىرىشكەن: ئىككىنچىسى - سۈيئاپنى قوغدايدىغان ئەمەلدار ۋە ئەلچىلەرنى بەلگىلىگەن ۋە ئەۋەتكەن؛ ئۈچىنچىسى، مۇداپىئە قوشۇنىنىڭ مۇداپىئە كۈچىنى ئاشۇرغان. يىفېڭ يىللىرى (مىلادى 677 - 678 - يىللار)، غەربىي تۈرك ئون ئوق قاغانى ئاسىناتىكىن ۋە ئۇنىڭ سەركەردىسى لى جىنۋلار سۈيئاپنى ئوتتەر يول قىلغان بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى يىپەك يولىنى قالايمىقان قىلغان ۋە تۈبۈتلار بىلەن بىرلىشىپ ۋەتىنىمىزگە بېسىپ بارغان». بۇ چاغدا مەمۇرىيەت ئىشلىرى ۋازارىتىنىڭ مائاۋىن ۋازىرى پېي شىڭجيەن، شۈيجۇ ئوبلاستىنىڭ بەگى ۋاڭ فاڭيى بۇيرۇق بىلەن پېرسىيە پادىشاسى بىلوسىنىڭ ئوغلى نىنۇسنى ئۆز دۆلىتىگە ئاپىرىپ قويۇشقا تەيىنلىگەن. ئۇلار شىجۇدا ئورنۇن ئەسكەر ئېلىپ ئوۋ قىلىش نامى بىلەن غەرپكە قاراپ ئىلگىرىلەپ، سۈيئاپ ئەتراپىدا ئاسىناتىكىن قاتارلىقلارنىڭ سۈيقەست ۋە پاراكەندىچىلىكىنى تېزدىن جىمىقتۇرۇپ، ئاسىناتىكىننى تىرىك تۇتۇپ، لى جىفۇنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلغان. «شۇنىڭ بىلەن ئەرەبى مەمۇرى ئەمەلدارلارنىڭ كۆرسەتكەن تۆھپىلىرىنى خاتىرىلەپ سۈيئاپ شەھىرىدە ئابىدە ئورناتقان».⑥ شۇنداق قىلىپ شاھزادە نىنۇس تىنچ - ئامان سۈيئاپقا يېتىپ بارغان. نىنۇس سۈيئاپتا تاڭ خاندانلىقىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ۋە ئەسكەرلىرى بىلەن خوشلىشىپ، دۆلىتىگە ئۆزى قايتىپ كەتكەن.⑦ مائاۋىن ئەلچى ۋاڭ فاڭيى ئەنشى تۇتۇق بېگى سۈپىتى بىلەن سۈيئاپ شەھىرىنى شەخسەن قوغدىغان.

ۋاڭ فاڭيى سۈيئاپتا سۈيئاپ شەھەر قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بارغان. سۈيئاپ رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پائال قوللىشى ۋە تىرىشىپ ئىشلىشى ئارقىسىدا ئەسلىدىكى سۈيئاپ شەھىرى ئاساسىدا، 50 نەچچە كۈن ئىچىدىلا بۇ غايەت چوڭ قۇرۇلۇش مۆجىزە ھالىتىدە ئورۇنلانغان.

قۇتۇت تەرىپى ئون ئالتە ئۇزۇنلۇق، ئەگرى-بۈگرى، ئېگىز-پەس، گاھى كۆرۈنۈپ-گاھى كۆرۈنمەيدىغان، «يەككىچە سېپىللىرى كۆرۈلگەن، دەسلەپ باش-ئايىغىنى بىلگىلى بولمايدىغان»[9]، ئۇلانغانلىرى قاتارلىق ھەيۋەتلىك سۈيئاپ شەھرى ئىلىمىرىنىڭ غەرب قىسمىدىكى ئىسسىق كۆلنىڭ غەربى، چۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي ئېقىنىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن. شەھەر قۇرۇلۇشى تاماملانغاندا، بۇ رايوندا ئولتۇراقلاشقان ھەر قايسى قېرىنداش مىللەتلەر تۇرغۇزۇلغان قىممەتلىك سوغىلارنى ئېلىپ كېلىپ كۆرۈپ تۇرۇپ، قىزغىن تەبرىك بىلدۈرۈشكەن، بۇ يېپ-يېڭى سۈيئاپ شەھرىگە قاراپ ھەيرانلىقتا چۇقۇپ بارىكاللا ئېيتىشقان. سۈيئاپ شەھرىنىڭ قۇرۇلۇ-شى چېگرا رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى ۋە تەلىپىگە ئۇيغۇن ئىدى.

يېقىنقى زامان ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلما ماتېرىياللاردىنمۇ ئەينى ۋاقىتتىكى سۈيئاپ شەھرىنىڭ ھەيۋەتلىك ۋە كۆركەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. جۇڭگو ۋە چەتئەل ئالىملىرى ئۆز تەكشۈرۈشلىرىگە ئاساسەن، چۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي ئېقىنى، توقماقنىڭ غەربىي جەنۇب-ىدىكى ئاق بېشىم خارابىسىنى سۈيئاپ شەھرىنىڭ قەدىمقى ئورنى-دەپ قارىغان. [11] بۇ خارا-بىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى خارابە شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەركىپ تاپقان. غەربىدىكى خارابە ئەينى يىللاردا شەھەر تۇرغۇزۇلغان ئەڭ تەرەققىي قىلغان رايون بولغان. سىزىلغان تەكشۈرۈش خەرىتىسىدىن قارىغاندا، ئۇ ئاساسەن رەتسىز، تۆت چاسا شەكىلدە كۆرۈنىدۇ، سېپىللىرى ئەگرى-بۈگرى، ئايلانما بولۇپ، سېپىلدا مۇداپىئە خاراكتېرىدىكى پوتەيلەر، بىر قانچە ئوتتۇرىدىن راۋاقلارنىڭ ۋە بىر قانچە جايدا شەھەر دەرۋازىلىرىنىڭ ئىزلىرى بار. شەھەر ئىچىدىكى ئوردا، ئىبادەتخانىلار، كوچىلارنى يەنىلا روشەن پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. ئۆلچەنگەن ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئاساسىي شەھەر سېپىلى جەمئىي 2200 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، شەھەر سېپىلىنىڭ شەكلى ۋاڭ فاڭيىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىدىكى ئەگرى-بۈگرى، ئېگىز-پەس ھالىتىدىكى تۈزۈلمىسىگە ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ. [21]

مىلادىنىڭ 690-يىلى، ۋۇزېتيەن دايۈن مۇناجاتلىرىنى ساقلاش ئۈچۈن ھەر قايسى ئوبلاستلاردا دايۈنسى بۇتخانىسى سېلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. دايۈنسى بۇتخانىسى ئىچكى رايونلارنىڭ ھەر قايسى ئوبلاستلىرىدىن باشقا، شىنجاڭنىڭ بارىكۆل، كۇچار، قەشقەر قاتارلىق جايلىرىدىمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ. تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي رايونىدىكى مۇھىم شەھەرلەردىن بىرى بولغان سۈيئابمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. يېڭى سۈيئاپ شەھرى قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، سۈيئاپ شەھرى ئىچىدىمۇ دايۈنسى بۇتخانىسى ياسالغان، شۇنىڭ ئۈچۈن دۇخۇەن ئۆزىنىڭ «جېڭشىڭجى» (ساياھەتنامىسى) دە: «قەدىمقى يارغول مەلىكىسى تۇرغان جايدا سېلىنغان دايۈنسى بۇتخانىسى ھازىرمۇ ساقلانغان» دەپ يازغان. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، سۈيئاپ شەھەر خارابىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى سېپىلنىڭ بۇلۇڭىدا ئوردا قەلئەسى بار ئىكەن، بۇ قەلئەنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 100 مېتىر كېلىدىغان جايدا توپىدىن ياسالغان بىر تۆپىلىك بولۇپ، بۇنىڭدىن بىر بۇددا بۇتخانىسى، بۇتخانىنىڭ

رەسمى ئىبادەتخانىسىدا ساكيامۇنى بىلەن پۈتتىنى سۇنۇپ ئولتۇرغان مايترىياغا چوقۇنۇۋاتقان ـ
لىق بايقالغان. ئېيتىشلاردا، مۇشۇ بۇتخانا دايۈنسى ئىبادەتخانىسىنىڭ كونا ئىزى ئىكەن ⑬.
دايۈنسى ئىبادەتخانىسىنىڭ يامالغانلىقى تاڭ سۇلالىسى ئەمىر ـ پەرمانلىرىنىڭ سۈيئاپ
رايونىغىچە يېتىپ بارغانلىقىنىڭ كۈچلۈك دەلىللىرىدىن بىرىدۇر.

سۈيئاپ بىلەن كۇچار، خوتەن، قەشقەر ئوخشاشلا ئەنشى تۆتتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسىگە
تەۋە بولغان. يازما ماتېرىياللاردىن شۇنىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، تاڭ
سۇلالىسىنىڭ مەركىزى خاندانلىقى بىۋاسىتە بەلگىلەپ ئۆتكەن ياكى
تەيىنلىگەن ئەنشى تۆتتۇق بەگلىرى: گوشاۋكى، دۇخۇيباۋ، ۋاڭ فاكىي، يەن ۋېنگو، گاۋ
شيەن، تاڭ شيۇجىڭ تيەن ياڭمىڭ، گويۇەنجىڭ، لى شىجاڭ، گوچيەنگۇەن، جاڭ شاۋشۇڭ،
دۇشەن، تاڭ جياخۇي، جاۋ گوجىن قاتارلىق 20 نەچچە كىشىدىن ئىبارەت، بۇلاردىن ۋۇزېتيەن
دەۋرىدىكى تيەن ياڭمىڭ، جوڭ زۇڭ دەۋرىدىكى گويۇەنجىڭ، كەيۈەننىڭ دەسلەپكى
يىللىرىدىكى جاڭ شاۋشۇڭ، دۇشەنلەر ئالاھىدە توھپە يارىتىپ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
قوللىشىغا ئېرىشكەن.

سۈيئاپنى قوغدىغۇچى ئەمەلدارلار ئىچىدە خەنزۇلار، شۇنىڭدەك قېرىنداش مىللەتلەردىنمۇ
بولغان، لېكىن مەيلى قايسى مىللەتتىن بولسۇن، ھەممىسى تاڭ سۇلالىسى مەركىزى خاندانلىقى
تەيىنلىگەندىلا ئاندىن سۈيئاپتا ھەربىي، مەمۇرى ھوقۇق يۈرگۈزەلىگەن. يازما خاتىرىلەردىن
قارىغاندا، تاڭ خاندانلىقى سۈيئاپ ئوبلاستىدا ئاز سانلىق مىللەتتىن جىبىش چوسلۇ دېگەننى
ئوبلاست بېگى قىلىپ تەيىنلىگەن، دۇخۇيباۋ، خەن سىزۇڭ، ئاسىنا تۇلچاي، جۈيتى قاتارلىقلار
سۈيئاپ شەھرىنى قوغدىغۇچى ئەمەلدار بولۇپ تەيىنلەنگەن.

سۈيئاپ رايونىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئازسانلىق مىللەت باشلىقلىرىنىڭ كۆپىنچىسىگە
تاڭ خاندانلىقىنىڭ مەركىزى ھۆكۈمىتى ئۇنۋان بەرگەن. تۈركەشلەرنىڭ باشلىقى ئۇچىل
سۈيئاپنىڭ ئاميالىقىغا يۆتكەلگەندە، ۋۇزېتيەن ئۇنى ياۋچى تۇتۇق بېگى قىلىپ تەيىنلىگەن. شېڭلى
يىلىنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادى 699 ـ يىلى) ۋۇزېتيەن يەنە ئاسىنا كۆلچاينى سول قانات ئۇلۇق سانغۇن
قوشۇمچە غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى باش سەردار قىلىپ تەيىنلىگەن.⑭ شېڭلوڭ يىللىرى، ئۇچىل ئۆلگەندىن
كېيىن، تاڭ خاندانلىقى جوڭ زۇڭ پادىشاسى ئۇنىڭ ئوغلى ساكىنى ئالتۇن ئىرماق خانى قىلىپ
تەيىنلىگەن. ⑮ جىڭلوڭنىڭ 3 يىلى (مىلادى 709 ـ يىلى) تاڭ خاندانلىقى ئەلچى ئەۋەتىپ
ئۇنىڭغا تۈركەشلەردىن ئۆزجۈگىگە ئەل بولغان قاغان دېگەن ئۇنۋاننى بەرگەن. ⑯ كەيۈەننىڭ
3 ـ يىلى (مىلادى 715 ـ يىلى)، تاڭ خاندانلىقىنىڭ شۈەن زۇڭ پادىشاسى تۈركەشلەرنىڭ
قارا ئۇرۇق باشلىقى جىبىش چوساۋغا سادىق قاغان دېگەن ئۇنۋاننى بەرگەن ⑰ كەيۈەننىڭ
5 ـ يىلى (مىلادى 717 ـ يىلى) جىبىش چوسلۇ چاڭئەنگە تەبرىك بىلدۈرۈپ كەلگەندە، شۈەن زۇڭ
ئۇنىڭغا يەنە سول قانات ئۇلۇق سانغۇن، دۆلەتكە ئىتائەتچان گۈڭ، جىنفاڭ ئايمىقىنىڭ باسقاق
بېگى دېگەن ئۇنۋانلارنى بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە ئاسىنا ئاخۇيداۋنىڭ قىزى ئالتۇن

ئىرماق مەلىكىسى (يارغۇل مەلىكىسى) نى چۈسلوغا ياتلىق قىلغان، [18]

غەربىي شىمال چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەپ، غەربىي شىمال رايونىنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، «يىپەك يولى» نىڭ راۋانلىقىنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن، تاڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتى ئەنشى، تۆت ئۆي ھىراۋۇل مەھكىمىسى بىلەن تۆت شەھەردىكى باسقاق مەھكىمىسىنىڭ ھەربىي كۈچىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن ۋە ئۇنى كۈچلەندۈرگەن، سۈيئاپ شەھرىگىمۇ چېگرا مۇداپىئە قوشۇنى ئورۇنلاشتۇرغان. تاڭ خاندانلىقىنىڭ ئوردا قوغداش قوشۇنى سۈيئاپتا تەسىس قىلىنغان. ئەمەلىيەتتە سۈيئاپ دەرياسىدىن تالاس دەرياسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تالاس ۋە بالاساغۇن شەھەرلىرىمۇ تاڭ خاندانلىقىنىڭ مۇھىم ھەربىي قارارگاھى بولغان. «تاڭ سۇلالىسى ئومۇمى ھۆججەتلىرى» 130 - جىلد، «لۈي شۈجىلىڭ قاتارلىقلارنىڭ شىمالغا يۈرۈش قىلىشىغا بېرىلگەن بۇيرۇق» تا يېزىلىشىچە، شەرقىي تۈرك قاغانى مەكچۇرنىڭ تۈپىلىكىنى جىمىقتۇرۇش ئۈچۈن تاڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتى لۈي شۈجىڭنى ئالتۇن تاغ (ئالتاي تېغى) ئايمىقىغا باش سەردار قىلىپ بۇيرۇق بەرگەن. خەنخەي (ئارال دېڭىزى)، بەشبالىق (جىمسار) قاتارلىق جايلاردىكى 50 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە سۈيئاپ باسقاق مەھكىمىسىنىڭ ئەسكەرلىرى خېلى نىسبەتنى تەشكىل قىلغان، بۇندىن باشقا تۈركەشلەردىن شۈجۈڭنىڭ باشچىلىقىدىكى 250 مىڭدىن ئارتۇق بىر قانچە قەبىلە ئەسكەرلىرىمۇ شۇنىڭ قوماندانلىقىدا بولغان. چېگرىنى قوغداپ شەھەردە كۆپ يىللار تۇرغان، جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسى مەملىكەت بويىچە ھەر قايسى جايلاردىن مۇشۇ جايغا يىغىپ كېلىنگەن. بۇنىڭ ئىچىدە جەنۇب تەرەپتىكى خۇگۇجۇ، ۋۇجۇ ئوبلاستى، شىمال تەرەپتىكى يەنجۇ، جىجۇ ئوبلاستى، شەرق تەرەپتىكى چىڭجۇ، ۋېيجۇ ئوبلاستى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى رۇجۇ، بيەنجۇ ئوبلاستى، غەربىي شىمالدىكى ساجۇ، شۈيجۇ، شىجۇ ئوبلاستى ۋە كۆچار قاتارلىق جايلار بار. نۇرغۇنلىغان قوماندان - جەڭچىلەر چېگرىنى قوغداش كۈرەشلىرىدە نەتىجە كۆرسىتىپ تاڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتىنىڭ تەقدىر - ئىنئاملىرىغا ئېرىشكەن [19]

شۇنى روشەن كۆرگىلى بولىدۇكى، تاڭ خاندانلىقىنىڭ سۈيئاپ قاتارلىق 4 باسقاق مەھكىمىسىگە قارىتا قوللانغان ھەرخىل ئىدارە قىلىش تەدبىرلىرى خەن سۇلالىسىنىڭ بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ داۋامى ۋە كۈچەيتىلىشىدىن ئىبارەت. غەربىي شىمال رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى قۇرۇش ۋە قوغداش، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي شىمال رايونىنىڭ ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە كۆرسەتكەن ئۆچمەس تۆھپىلىرى — ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتىنىمىز تارىخىنى ئورتاق ياراتقانلىقىنىڭ كونكرېت ئىپادىسىدۇر.

# 3

تاڭ سۇلالىسى تەيزۇڭ پادىشاھى جېڭگۇەننىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن باشلاپ سۈيئاپ قاتارلىق 4 باسقاق مەھكىمىسىنىڭ تەسىس قىلىنغىنىدىن تاڭ سۇلالىسى شۈەنزۇڭ پادىشاھى كەييۈەن يىلىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغىچە جەمئى 70 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتكەن، مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە، سۈيئاپ قاتارلىق 4 باسقاق مەھكىمىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشىدىمۇ بىر قانچە ئەگرى - توقايلىق بولغان، گاھى تەسىس قىلىنىپ گاھى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. كەييۈەننىڭ 7 - يىلى (مىلادى 719 - يىلى)، ئون ئوق قاغانى سۈيئاپتا تۇرغان، ئەنشىنىڭ مۇئاۋىن تۇتۇق بېگى 4 باسقاق مەھكىمىسىنىڭ باسقاق بېگى تاڭ جياخۇيىنىڭ تەلۋىيىلەن سۈيئاپنىڭ ئورنىغا قارا شەھەر قويۇلغان [20] شۇندىن كېيىن سۈيئاپتا قايتىدىن باسقاق مەھكىمىسى تەسىس قىلىنمىغان. گەرچە سۈيئاپتا باسقاق مەھكىمىسى تەسىس قىلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا تاڭ سۇلالىسى مەركىزى خاندانلىقنىڭ كونتروللۇقىدا مەملىكىتىمىزدىكى قېرىنداش مىللەتلەردىن ئون ئوق تۈركلەر، تۈركەشلەرنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان سىياسىي مەركىزى بولغان. بۇ، قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ قەبىلە باشلىقلىرى يەنىلا تاڭ سۇلالىسى مەركىزى خاندانلىقى تەرىپىدىن مەنسەپكە تەيىنلەنگەن. كەييۈەننىڭ 10 - يىلى (مىلادى 722 - يىلى)، تۈركەشلەرنىڭ چولاڭ باشلىقى قاركۇنچى قاتار - لىق 8 ئادەم خان ئوردىسىغا كەلگەندە، پادىشا شۈەنزۇڭ ئۇلارغا سانغۇن ئۇنۋانىنى بەرگەن ھەمدە سوسنەتون ۋە ئالتۇن كەمەر ھەدىيە قىلغان. [21] كەييۈەننىڭ 22 - يىلى (مىلادى 734 - يىلى) تۈركەشلەرنىڭ چولاڭ باشلىقى خوجىدا ئوردىغا كەلگەندە، تاڭ خاندانلىقى ئۇنىڭغا مۇئاۋىن باسقاق بېگى مەنسىپىنى بەرگەن. قىزىل تون، كۈمۈش كەمەر ۋە 40 توپ يىپەك رەخت ھەدىيە قىلىپ، ئوردا مۇھاپىزەتچىسى (يۈشۈي ۋې) قىلغان. [22] كەييۈەننىڭ 28 - يىلى (مىلادى 740 - يىلى)، تاڭ خاندانلىقى تۈركەشلەر قاغانى تۇغشان كۈلچايىنى سول - قانات مۇھاپىزەت سانغۇنى، شتاتتىن سىرتقى ئۇلۇغ سانغۇن، دىيانەتلىك ۋاڭ، ئۇنىڭ ئىنىسى جىناپۇنى شتاتتىن سىرتقى ئوڭ قانات مۇھاپىزەتچى ئۇلۇغ سانغۇن قىلىپ تەيىنلىگەن. [23] تيەنباۋنىڭ 8 - يىلى (مىلادى 749 - يىلى) تاڭ خاندانلىقى تۈركەشلەردىن يىبانى ئون ئوق قاغانى قىلىپ تەيىنلىگەن [24] تيەنباۋنىڭ 12 - يىلى (مىلادى 753 - يىلى)، تۈركەشلەردىن قارا ئوق قاغانى تەڭرىدىن بولمىشنى تۈركەشلەر قاغانى قىلغان. [25]

ئەمەلىيەتتە، بەشبالىق ساتراپ بېگى ۋاڭ جىڭجيەن تيەنباۋنىڭ 7 - يىلى (مىلادى 748 - يىلى)، سۈيئاپقا ئەسكەر باشلاپ بارغاندا، ئۇ كۆرگەن سۈيئاپنىڭ ئاللا قاچان دەسپىل پوتەيلىرى ۋەيران بولغان، ئولتۇراق ئاھالىسىمۇ قالمىغان» [26] . بىراق بۇرۇن يارغول مەلىكىسى ئولتۇرغان جايىنىڭ يېنىغا ياسالغان دايۇنسى ئىبادەتخانىسى يەنىلا ساقلانغان. تاڭ سۇلالىسى شۇيزۇڭ پادىشاسىنىڭ جىدە يىللىرىدىن كېيىن (مىلادى 756 - يىل)، تاڭ سۇلالىسى دەيزۇڭ پادىشاسىنىڭ دالى يىللىرىغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە، مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى يەنە

بىر ئازسانلىق مىللەت - قارلۇقلار قەبىلىسى سۇيئاپتىن كوچۇپ، ئون ئوق قاغانىنىڭ قەدىمقى جايىغا بىرىپ ئولتۇرغان «سۇيئاپ، تالاس شەھەرلىرىنى پۈتۈنلەي» ئىگەللىگەن(27) مىلادى 10 - ئەسىردىن كېيىنلا، سۇيئاپنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى مۇھىم ئورنىنى قاراخانىلار ھاكىمىيىتىنىڭ مەركىزى شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان بالا ساغۇن ئىگەللىگەن. بالا ساغۇن تاڭ دەۋرىدىكى پياۋسانغۇن (غۇبالىق) شەھرىدىن ئىبارەت. غەربىي لياۋ دەۋرىدە يەللى تەيشى سۇيئاپ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا پايتەخت شەھرىنى قۇرۇپ، قوش ئوردا دىگەن نامنى بەرگەن. بۇ ئاساسەن، سۇيئاپ شەھرى ئاللىقاچان ۋەيران بولۇپ كەتكەنلىكىدىن بولغان. يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى يەللى چۇـەي سۇيئاپ شەھرىنىڭ قەدىمقى خارابىسىغا بارغان، بۇ چاغدا كىشىلەر ئۇنى سۇيئاپ شەھرى دىمەي، سۇلۇ شەھرى دەپ ئاتىغان.

18 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، مەنچىڭ خاندانلىقى جۇڭغارىيە توپىلىڭىنى جىمىقتۇرغاندىن كېيىن، چيەنلۇڭنىڭ 29 - يىلى (مىلادى 1762 - يىلى)، شىنجاڭدا ئىلى جياڭجۇنى باشچىلىقىدىكى ھەربى - مەمۇرى ئاپپاراتنى تەسىس قىلغان. ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىمىدىكى رايونلار بىلەن بالقاش كولىدىن تارتىپ پامىر ئېگىزلىكىگىچە بولغان جايلارنىڭ ھەربى - مەمۇرى ئىشلىرى ئىلى جياڭجۇنىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى ئىچىدە بولغان. غەربىي شىمال چېگرا رايونىدىكى كوچمەن مىللەتلەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، ئىلى جياڭجۇنى دايىم ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئېرغىت تېغىدىن ئوتۇپ، تۇمۇر تۇر (ئىسسىق كول) نىڭ جەنۇبىدىن بارغۇن چوققىسى ئارقىلىق چۇ دەرياسى ۋە تالاس دەرياسى ۋادىلىرىغىچە بىرىپ گۆزەت قىلىپ تۇرغان. مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ ھەر يىلى ئىلىدىن قەشقەرگە يەڭگۈشلەپ ئەۋەتكەن مۇداپىئە قوشۇنلىرىمۇ ھېمىشە ئىسسىق كولنىڭ شەرقى جەنۇبى ئارقىلىق نارىن دەرياسىنىڭ لەيلىمە كوۋرۇكىدىن ئوتۇپ، بارغۇن چوققىسىدىن ئېشىپ، تۇلۇات ئېغىزىدىكى يول بىلەن ئوتكەن. 18 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، مەنچىڭ خاندانلىقى ھوكۇمىتى مەخسۇس ئولچەش - سىزىش خادىملىرى ئەۋەتىپ، ئىسسىق كولدە ئەمىلى تەكشۈرۈش ۋە ئولچەپ سىزىشنى ئېلىپ بارغان. تاتاقلىق جۇغراپىيە ئالىمى شۈي سۇڭ 19 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرى، بۇ جايلارنى ئوزى بىۋاستە ساياھەت قىلغان. ھەممە ئۇنىڭ «غەربىي رايوننىڭ سۇ يوللىرى خاتىرىسى» دىگەن كىتاۋىدا بۇ رايوننىڭ تارىخى - جۇغراپىيە ئەھۋاللىرى تەپسىلى يېزىلغان ۋە تەكشۈرۈپ ئىسپاتلانغان.

تارىخىي پاكىتلار شۇنى چۈشەندۈرۈپ بىرىدۇكى: سۇيئاپنى ئوز ئىچىگە ئالغان بالقاش كولىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلار خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپلا جۇڭگو زىمىنىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ كەلگەن. تاڭ سۇلالىسى بۇ جايلارنى باشقۇرۇش ۋە ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتكەن. مەنچىڭ خاندانلىقى بۇ رايونغا بولغان ھوكۇمرانلىقىنى داۋاملاشتۇرۇپ؛ بۇ رايوندا مەنسەپدارلار تەسىس قىلغان، ھەربى قوشۇن ئەۋەتكەن، قەرەللىك گۆزەت قىلىپ تۇرغان. بۇ ئەھۋال جۇڭگونىڭ تارىخىي كىتاپ، خەرىتىلىرىدە ئېنىق يېزىلىپلا قالماستىن، 1958 - يىلى

سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ نەشر قىلغان «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تارىخىي خەرىتىلىرى» دىمۇ جۇڭگونىڭ چېگرىسى 19 - ئەسىرگە كەلگىچە يەنىلا بالقاش كۆلىدە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان.

لى بەينىڭ يۇرتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زېمىنى بولۇپ قېلىشى پەقەت يېقىنقى يۈز يىللىق ئىش بولۇپ، كونا چار پادىشاسىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ۋە كېڭەيمىچىلىكىنىڭ نەتىجىسى. 19 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، چاررۇسىيە تاجاۋۇزچىلىرى دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىغا تاجاۋۇز قىلىشقا باشلىغان. 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، چاررۇسىيىنىڭ ئېلىمىزگە قارىتا تاجاۋۇزچىلىق تەسىر كۈچى بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلارغىچە يېتىپ كەلگەن. 1860 - يىلى، چاررۇسىيە مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە تەھدىت سېلىپ «جۇڭگو - رۇسىيە بېيجىڭ شەرتنامىسى» نى تۈزگەن. بۇنىڭغا ئۇلاپلا يەنە 1864- يىلى «جۇڭگو - رۇسىيىنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىنى تەكشۈرۈپ ئايرىش توختامى» نى تۈزگەن. مۇشۇ ئىككى تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامە ئارقىلىق چاررۇسىيە دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىدىكى 440 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر زېمىنىنى ئىگىلىۋالغان. برېژنېپ قاتارلىقلار ئەقەللىي تارىخىي پاكىتقىمۇ قارىماي، كونا چار پادىشاسىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىنى ئاقلاپ، كىشىنى چۆچۈتىدىغان بىر مۇنچە يالغان - ياۋداق سۆزلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، شىنجاڭ «چاررۇسىيىنىڭ مۇستەملىكە ھامىيلىقىدا ئىدى»، 8 - ئەسىردىن كېيىنكى مىڭ يىل ئىچىدە، شىنجاڭدا «بىرەرمۇ جۇڭگو ئەسكىرى ۋە جۇڭگو ئەمەلدارى يوق ئىدى»، سەددىچىننىڭ سېپىلى «جۇڭگونىڭ بىردىن - بىر دۆلەت چېگرىسى ئىدى»، «غەربتە گەنسۇ ۋە سىچۈەندىن ئۆتمىگەن» ۋاھاكازا دەپ ۋالاقشىدى. رەزىل يالغان - ياۋداق سۆزلەر برېژنېپ خائىنلار گۇرۇھىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ماھىيىتىنى قىلچىمۇ ياپالمىدى. دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇ، يېڭى چار پادىشاسىنىڭ دۆلىتىمىزگە قارىتا ئاغدۇرمىچىلىق - تاجاۋۇزچىلىق ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ۋەھشى نىيىتى ۋە كېڭەيمىچىلىك خام خىيالىنى تولۇق ئاشكارىلاپ بەردى.

بىز ئۇلۇغ ئەدىب لى بەينى ئەسلىگىنىمىزدە، ئۇنىڭ يىراقتىكى يۇرتى — سۇيياب ئېسىمىزگە كېلىدۇ. بىز «يىپەك يولى» نى تەتقىق قىلغىنىمىزدا، سۇييابنىڭ ئاشۇ گۈللەپ - ياشنىغان تارىخىدىن پەخىرلەنمەي تۇرالمايمىز. بىز سۇييابنىڭ تارىخىنى ئەسلىگىنىمىزدە، يېڭى - كونا چار پادىشالىرىنىڭ سىرتقا قارىتا تاجاۋۇزچىلىق ۋە كېڭەيمىچىلىك يۈرگۈزۈشتەك ۋەھشىلىكلىرىگە بەك زور غەزەپ - نەپرەت بىلدۈرمەي تۇرالمايمىز.

## ئىزاھلار :

① «تاڭ سۇلالىسى ئومۇمىي نەزمىلىرى» 162 - جىلد.
② «ئۇلۇق تاڭ دەۋرىدە غەربكە قىلىنغان ساياھەت» 1 - جىلد.
③ «ئۇلۇق شەپقەت ئىبادەتخانىسىدا ساقلانغان 3 بۇددا ئۇلىماسىنىڭ تەزكىرىسى» 1 - جىلد.
④ خەن دەۋرىدىكى غەربىي رايون جۇغراپىيىسى ھەققىدە تەتقىقات» نىڭ 1 جىلدىدىكى ئىزاھات.
بەللەچۇسەيىنىڭ «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دىن.
⑤ فېڭ چېڭجۈن تەرجىمە قىلغان: «غەربىي تۈركلەرگە دائىر تارىخىي ماتېرىياللار» 192 - بەت.
⑥ «تاڭ سۇلالىسىنىڭ كونا تارىخى»، 87 - جىلد، بېي شىڭجەن تەزكىرىسى.
⑦ «تاڭ سۇلالىسىنىڭ كونا تارىخى»، 198 - جىلد.
⑧ «تاڭ سۇلالىسىنىڭ كونا تارىخى» 185 - جىلد 1 - قىسىم، ۋاڭ فاڭيى تەزكىرىسى.
⑨ «جاڭ شوزى ماقالىلىرى توپلىمى»، 16 - جىلد، ۋاڭ - گۇڭلار ئابىدىسى.
⑩ «تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى»، 111 - جىلد، ۋاڭ فاڭيى تەزكىرىسى.
⑪ جياڭ گۇاڭدا: «سۇيتاپ غەربىنىڭ ھازىرقى جۇغراپىيىلىك تەپسىراتى»، «بېيجىڭ داشۆي ئۇگىنىش ژورنىلى» غا بېسىلغان 1979 - يىل، 5 - سان.
⑫ يۇقۇرقىغا ئوخشاش،
⑬ يۇقۇرقىغا ئوخشاش،
⑭ «كىتابلار جەۋھىرى»، 967 - جىلد.
⑮ يۇقۇرقىغا ئوخشاش، 967 - جىلد.
⑯ «تاڭ سۇلالىسىنىڭ كونا تارىخى»، 7 - جىلد، جۇڭزۇڭ خاتىرىسى.
⑰ «تاڭ سۇلالىسىنىڭ كونا تارىخى»، 194 - جىلد 2 - قىسىم، تۈركلەر تەزكىرىسى.
⑱ «تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى»، 215 - جىلد، 2 - قىسىم، تۈركلەر تەزكىرىسى.
⑲ «دۇڭخۇاڭ ۋە تۇرپاننىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىغا دائىر ماتېرىياللار» 2 - قىسىم.
⑳ «تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى»، 221 - جىلد، 1 - قىسىم، كىنگىت (قارا شەھەر) تەزكىرىسى.
㉑ «كىتابلار جەۋھىرى»، 975 - جىلد.
㉒ يۇقۇرقىغا ئوخشاش.
㉓ «تاڭ سۇلالىسى ئومۇمىي ھۆججەتلىرى»، 24 - جىلد.
㉔ «شاھانىلىق يىلنامىسى»، 216 - جىلد.
㉕ «تاڭ سۇلالىسى ئومۇمىي ھۆججەتلىرى»، 29 - جىلد،
㉖ دۇخۇەن: «سەپەر خاتىرىلىرى».
㉗ «تاڭ تارىخىنىڭ مۇھىم بايانلىرى»، 100 - جىلد.

# خەن دەۋرىدىن تاڭ دەۋرىگىچە بولغان يايلاقتىكى يىپەك يولى

ئاپتورى: سۇ بېيخەي

مەخمۇت زەيىدى، لىۇ جىنجا تەرجىمىسى

## 1 - ئېلىمىزنىڭ يىپەكچىلىكتە ئىنسانىيەتكە قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسى

پىلە ۋە يىپەكچىلىكنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە راۋاجلىنىشى — ئېلىمىزدىكى خەنزۇلار بىلەن ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقلىرىنىڭ ئىجادىيىتى ۋە ئىختىراسى بولۇپ، بۇ، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر خەلقلىرى ئۈچۈن يارىتىلغان ئۇلۇغ تۆھپە، شۇنداقلا ئېلىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئىپتىخارى ۋە شان - شەرىپى. شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمقى زاماندا غەرىپلىكلەر جۇڭگونى «يىپەك ئېلى» دەپ ئاتىغان. مىلادىدىن تەخمىنەن 4 ئەسىر ئىلگىرى يۇنانلىق كىتابىشاسنىڭ يازغان «تارىخ جۇغراپىيە»سىدە سېرىس — «يىپەك ئېلى» دېگەن نام يېزىلغان، ئۇ چاغدا غەرىپلىكلەر يىپەك چىقىدىغان ئېنىق جاينى بىلمەيتتى، ئۇلار يىپەكنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنى ناھايىتى ئېسىل بۇيۇم دەپ بىلگەن. ھالبۇكى، يىپەك - ئېچمەك، كىيىم - كېچەك — ھەرمىللەت ئۈچۈن ئوخشاشلا بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم ئىش ئىدى. بولۇپمۇ ھىندىستان، ئىران، غەربىي ئاسىيا، شىمالىي ئافرىقا ۋە ياۋروپا رايونلىرىدىكى خەلقلەر جۇغراپىيە شارائىتى ۋە ھاۋا كىلىماتى تۈپەيلىدىن يىپەككە تېخىمۇ مۇھتاج ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمقى يۇنان جۇغراپىيە ئالىمى سىتېبرا پو، رىم شائىرى مارىت، تارىخشۇناس فلورىس، يازغۇچى مېللا قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە جۇڭگونى يىپەك ئېلى دەپ ئاتىغان. مىسىرلىقلارنىڭ مىلادى بىرىنچى ئەسىردىكى ئەسەرلىرىدە جۇڭگو يىپەك ماللىرىنىڭ غەرپ تەرەپكە ئېلىپ بېرىلغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. مىسىرنىڭ ئاپال پادىشاسى كرىئو پاترانىڭ كەيگەن كىيىمى جۇڭگونىڭ يىپەك رەختىدىن ئىكەنلىكى ئېيتىلغان، ① مىلادىدىن ئىلگىركى 3 ئەسىردە ھىندىستان ماۋرىيا خاندانلىقىنىڭ پادىشاسى چاندرا گۇپتانىڭ ۋەزىرى كائۇتىلىيىنىڭ يازغان «سىياسى ئىشلار ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىدە، جۇڭگونىڭ يىپەك بۇيۇملىرى مىلادىدىن 4 ئەسىر بۇرۇنلا ھىندىستانغىچە ئاپىرىپ سېتىلغانلىقى يېزىلغان. دېمەك، جۇڭگونىڭ يىپەك توقۇلما بۇيۇملىرى مىلادىدىن 3 - 4 ئەسىر بۇرۇنلا يۇنان، رىم، مىسىر ۋە ھىندىستان قاتارلىق جايلارغا ئاپىرىپ سېتىلغانلىقى مەلۇم.

مىلادى 1 - 2 - ئەسىرگە كەلگەندە، يىپەكچىلىك يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ تەرەققى قىلدى ۋە غەربىي رايون سودا يولى راۋاجلاندى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئېلىمىزنىڭ يىپەك توقۇلما بۇيۇملىرى رىم ئىمپېرىيىسىگە كۆپلەپ ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى، مىسىرنىڭ

ئالېكساندرىيە شەھىرى ئەڭ مۇھىم توپلىنىش ۋە تارقىتىلىش بازىسى بولۇپ قالدى، قەدىمقى سۈرىيەنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى بىر قانچە دېڭىز بويى شەھەرلىرى يىپەك توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ مەشھۇر مەركىزى بولۇپ قالدى. 1 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بىرونىي: «رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقتىن يىپەك مال، ئۇيۇپا - ئەڭلىك قاتارلىق زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ھەر يىلى نۇرغۇن مىقداردا ئالتۇن - كۈمۈشلەر سىرتقا كەتتى» دەپ قاخشىغان. 4 - ئەسىرگە كەلگەندە، رىملىقلار باي - كەمبەغەللىكىگە باقماي، ھەممىسىلا يىپەك رەختتىن كىيىم - كىيىدىغان بولۇپ كەتكەن. ② بەزى قەدىمقى تارىخچىلار «يىپەك ماللار سودىسى قەدىمقى زاماندا ئەڭ يىراققا توشۇلىدىغان، كۆلىمى ئەڭ چوڭ سودا بولغان» دەپ قارىغان. ③ يېقىنقى يىللاردىكى ئارخېئولوگلار مىسىر، سۈرىيە، يەفرات دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمى ۋە پالمىتىس قاتارلىق جاي-لاردا 4 - 5 - ئەسىرگە ئائىت جۇڭگو يىپەك توقۇلما بۇيۇملىرىنى قېزىپ چىققان. ④ بۇنىڭدىن مەلۇمكى، گەرچە مەملىكىتىمىزدە ۋېي، جىن ۋە جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە نۇرغۇن يەرلىك بۆلۈنۈشلەر يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن يىپەك يولى ئۆزىنىڭ جۇشقۇن ھاياتى كۈچى بىلەن بارلىق توسالغۇلارنى بۆسۈپ ئاسىيا، ياۋروپا، ۋە ئافرىقا رايونلىرىنىڭ ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەتلىرىنى ئالماشتۇرۇشنى راۋاجلاندۇرغان.

ئېلىمىزنىڭ پىلە - يىپەكچىلىك كەسپىياتىنى سۈرۈشتۈرگىنىمىزدە، ئۇ، يىراق قەدىمقى زاماننىڭ بەش مىڭ يىلدىن ئىلگىركى يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگىچە بېرىپ بارىدۇ. يېقىنقى يىللاردىكى ئارخېئولوگىك قېدىرىشلاردا 4700 يىللاردىن بۇرۇنقى يىپەك توقۇلما بۇيۇملىرى تېپىلغان. 3 مىڭ نەچچە يۈز يىلدىن بۇرۇنقى سۆڭەك ۋە تاش پاقا قېپىغا ئويۇلغان يېزىقلاردا پىلە - يىپەك رەختلەرنى ئىپادىلىگەن ئىيروگلىف خەتلەر بولغان. 2 مىڭ نەچچە يۈز يىل ئىل-گىرى يېزىلغان «شېئىرنامە» دە پىلە، ئۈژمە، يىپەك قاتارلىقلارنى مەدھىيىلىگەن شېئىرلار بولغان. شاڭ ۋە جۇ دەۋرلىرىدە مەلىلە، شايى، مەشۇت، گىرېپتىشىن، گۈللۈك دارايى، كىمخاپ، تاۋار - دۇردۇن قاتارلىق يىپەك توقۇلما رەختلەر بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن پىلە بېقىش، ئۈژمە ئۆس-تۈرۈش ئىشلىرى ھەرقايسى سۇلالىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ھاياتىدىكى زور ئىشلاردىن بولۇپ كەلگەن. ھەتتا، قەدىمقى زاماندا ئېتىز - ئېرىقلارنى ئۈژمىزارلىق دەپ ئاتىغان. كېيىنكى چاغلاردا يولغا قويۇلغان يەر تەقسىم قىلىش تۈزۈمىدە مۇئەييەن مىقداردا ئۈژمە ئۆستۈرۈدىغان ئومۇرلۇك يەر تەخسىم قىلىپ بېرىلگەن. ئېلىمىزنىڭ ئەمگەكچى خەلقى پىلە بېقىش، يىپەك رەخت توقۇش ئىشلىرى بىلەن ئۇزۇن زامان شۇغۇللىنىپ مول تەجرىبىگە ئىگە بولغانلىقتىن «پىلىچىلىك توغرىسىدا»، «پىلىچىلىك ھەققىدە نەزمە»، «پىلە بېقىش قائىدىلىرى» قاتارلىق كىتابلارنى يېزىپ چىقارغان.

پىلىچىلىك ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونلىرىدا ئەمەس، بەلكى ئېلىمىزدىكى قېرىنداش مىللەتلەر رايونىدىمۇ بولغان. مەسىلەن، شىنجاڭدىكى تارىم ئويمانلىقىنى ئالساق، ئۇيەردىمۇ خېلى بۇرۇنلا ئۈژمە يېتىشتۈرۈش، پىلە بېقىش ئىشلىرى بولغان. «تارىخنامە» ۋە «خەن سۇلالىسى تارىخى» دا پىلىچىلىك توغرىسىدا ئېنىق خاتىرىلەر بولمىسىمۇ، لېكىن «كېيىنكى خەن

سۇلالىسى تارىخى. غەربىي رايون تەزكىرىسى» دە: «ئۆمۈرغۇل (قومۇل) دېگەن يەردە ئاشلىق زىرائەتلەر، ئۈژمە، كەندىر ۋە تال ئۈزۈم تېرىلىدىكەن» دەپ يېزىلغان. دېمەك، غەربىي رايوندا ئەڭ كەم دېگەندە مىلادى 1 - ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە ئۈژمە دەرىخى بولغان. ۋېي، جىن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلار دەۋرلىرىگە كەلگەندە، پىلىچىلىك تارىم ئويمانلىقىدا ئومۇميۈزلۈك راۋاجلانغان. شىمالىي سۇلالە تارىخى. غەربىي رايون تەزكىرىسى» دە: قوچۇ (تۇرپان) نىڭ «ھاۋا كىلىماتى مۆتىدىل، تۇپرىقى مۇنبەت بولۇپ، دانلىق زىرائەتتىن 2 قېتىم ھوسۇل ئېلىنىدۇ. بۇيەر پىلە بېقىشقىمۇ لايىق، بۇ يەردە مېۋە - چېۋە كۆپ». كېڭگىت (قاراشەھەر) نىڭمۇ تۇپرىقى مۇنبەت بولۇپ، شال، تېرىق، ماش - پۇرچاق، بۇغداي قاتارلىق زىرائەتلەر تېرىلىدۇ. بۇيەردە توگە، ئات قاتارلىق چارۋا ماللار بار، ھەممە بۇ يەردە پىلە بېقىلىدۇ. ئۇنىڭدىن مەشۇت يىپ ئېگىرىلمەي، سەرتاق سۈپىتىدە پايدىلىنىدۇ تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدىكى ئۇدۇن (خوتەن) دىمۇ دانلىق زىرائەتلەر، ئۈژمە، «كەندىر تېرىلىدۇ» دەپ ئېنىق يېزىلغان، «ۋېي سۇلالىسى تارىخى. غەربىي رايون تەزكىرىسى» دە سۇلې (قەشقەر) دە كىمخاپ - دۇردۇن ئىشلىنىدۇ، دەپ يېزىلغان. بۇنىڭدىن كورىمىزكى: تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇپ ۋە شىمال تەرەپلىرىدە ئۈژمە ئوستۇرۇش ۋە پىلە بېقىش ئىشلىرىدىمۇ ئوخشاشلا مول تەجرىبىلەر بارلىققا كەلگەن. شۇڭا، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتكەن ئويغۇر يېزا ئىگىلىك ئالىمى تومۇر توبرۇكنىڭ يازغان «يېزا ئىگىلىكى، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك بويۇملىرى» دېگەن كىتاۋىدا خەنزۇ رايونىدىكى مۇھىم تەجرىبىلەر يەكۈنلىنىپلا قالماستىن، بەلكى غەربىي رايوندىكى ئۈژمە يېتىشتۈرۈش، پىلە بېقىش تەجرىبىلىرىمۇ يەكۈنلىنىپ، ئېلىمىزنىڭ پىلىچىلىك تېخنىكىسىغا يېڭى مەزمۇنلار قوشقان.

ئېلىمىزنىڭ غەربىي رايونلىرىدىكى قېرىنداش مىللەتلەر ئېقىل - پاراسەتلىك، ئەمگەكچان خەلق بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپلا ئۆز جايلىرىنىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە تۈرلۈك يۇڭ توقۇلما رەختلەرنى توقۇپ چىققان. ئازاتلىقتىن كېيىن قېزىپ چىقىرىلغان يادىكارلىقلار ئىچىدىن كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك نۇرغۇن يۇڭ - توقۇلمىلار تېپىلدى. شۇنداقلا، پىلىچىلىك غەرپكە تارقالغاندىن كېيىن، غەربىي رايوندىكى قېرىنداش مىللەت خەلقلىرى بۇرۇنقى كىلەمچىلىك تېخنىكىسى ئاساسىدا يەنە مىللىي تۈسكە ئىگە رەڭگا - رەڭ يىپەك رەختلەرنى توقۇپ چىقىپ، ئېلىمىزنىڭ ھەر قايسى دەۋرلىرىدىكى يىپەك توقۇلما بويۇملىرىنى بېيىتتى ھەم يىپەك ماللار بويىچە خەلقارا سودىنى جانلاندۇردى. ئارخېئولوگىك ماتېرىياللاردىن شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئىشلەنگەن يىپەك پاختا تېپىلدى. تۇرپاندىن جىن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت قەۋرىدىن چىققان يازما ھۆججەتتە «كۇچار كىمخابى» دېگەن سۆز يېزىلغان.⑤ قوچۇ ئىدىقۇتى چۈي ۋېنتەي خاندانلىقىنىڭ سۈي دەۋرىگە ئائىت قەۋرىستانلىقىدىن يىپەك بىلەن پاختا بىر دىگىسىدىن توقۇلغان گۈلۈمبەتىر سىزىقلىق كىمخاپ ⑥ تېپىلغان. بۇ ئەھۋاللار غەربىي رايوندا

ئەڭ كەم دېگەندە، مىلادى 4 - ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە يىپەك توقۇلمىلىرى ئىشلەپچىقىرىلىدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك ئۇ يەردە يەنە كېۋەز تېرىلىدىغان بولغاچقا، يىپەك بىلەن پاختىنى ئارىلاشتۇرۇپ رەخت توقۇشمۇ ئىجاد قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئالاھىدە بىر ئىجادىيەت. چۈنكى سۇي سۇلالىسى دەۋرىدە كېۋەز تېخى ئىچكى ئۆلكىلەرگە يېتىپ بارمىغان.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، غەربىي رايون بىرلىككە كەلتۈرۈلدى، بۇ غەربىي رايوندا يىپەكچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تېخىمۇ پايدىلىق شارائىت تۇغدۇرۇپ بەردى. شۇڭا، بۇ دەۋر غەربىي رايوندا يىپەكچىلىك زور تەرەققىي قىلغان دەۋر بولدى. «تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى» 221 - جىلد «غەربىي رايون تەزكىرىسى»دە ئۇدۇن (خوتەن) خەلقى «توقۇمىچىلىق قىلىدۇ، ئاستانە ئوبلاستى ئىچكى ئۆلكىلەرنىمۇ يىپەك بىلەن تەمىنلەيدۇ» دەپ يېزىلغان. دېمەك، بۇنىڭدىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي رايوندا كىشىلەر بەكمۇ ياختۇرىدىغان يىپەك توقۇلمىلار كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىلغانلىقى مەلۇم. 5 دەۋرگە كەلگەندە، غەربىي رايوندىكى ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن يىپەك رەختلىرىنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ مال ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى، شۇندىن كېيىن ئۇز ۋاقىتتا داڭقى چىققان ھەل بېرىلگەن دۇردۇن، ئۇيغۇر كىمخابى، غەرب كىمخابى، ئاقۇ شايىسى قاتارلىقلار ئىچكى ئۆلكىلەرگە توشۇلۇپ تۇراتتى، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭدىكى زەرباپ تاۋار تولىمۇ ئەتىۋار ئىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يىپەك توقۇلمىلار جەھەتتىكى مۇھىم ئىجادى ۋە تۆھپىسى بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدھىيىسىگە ئېرىشكەن ھەم خەلقارا بازاردا سېتىلىپ ئېلىمىزنىڭ يىپەكچىلىك ئىشلىرىغا يېڭى شان - شەرەپ كەلتۈرگەن.

## 2 - يىپەك بىلەن شىمالىي يايلاق مىللەتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى

قەدىم زاماندىن تارتىپ، جۇغراپىيىۋى مۇھىت سەۋەبىدىن موڭغۇلىيە بىلەن شىنجاڭ ئېگىزلىكىدىن تاكى ئوتتۇرا ئاسىياغىچە بولغان جايلاردا ئاساسەن چارۋىچى مىللەتلەر ياشايتتى، مەسىلەن: ھونلار، ياۋچىلار، ئويسۇنلار، سايىلار، جورجانلار، ئۇيغۇرلار، تۇرالار، تۈركلەر، قىرغىزلەر، كىدانلار، موڭغۇللار — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېلىمىزدىكى قېرىنداش مىللەتلەردۇر. خەنزۇ خەلقى بىلەن قېرىنداش مىللەت خەلقلىرى ئۆزۈندىن بۇيان بىر - بىرىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىپ، بېرىش - كېلىش قىلىشىپ، ئۆز - ئارا دوس بولۇشۇپ كەلگەن ئىدى. ھەر مىللەت ھۆكۈمرانلىرى ھوقۇق - مەنپەئەت تالىشىپ ئۆز - ئارا ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ تارىخنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ئەمەس؛ تارىخنىڭ ئاساسىي ئېقىمى — ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دوس - ئىناق ئۆتكەنلىكى ۋە بىر - بىرىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىپ كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن يايلاق مىللەتلىرى «سودا ئېغىزلىرى» ئارقىلىق خەنزۇ سودىگەرلىرى، دېھقانلىرى ۋە قول ساناەتچىلىرى بىلەن ئاشلىق ۋە يىپەك ئالماشتۇرغان. شۇنىڭدەك خەنزۇ خەلقىنى تۈرلۈك مال - چارۋىلار ۋە يۇڭ - تېرىلەر بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان، شۇنداق قىلىپ مەملىكىتىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى بېيىتقان.

«تارىخنامە» 110 - جىلد «ھونلار تەزكىرىسى»دە مۇنداق دېيىلگەن: «شۇ چاغدا ھونلار خەن سۇلالىسىنىڭ پۇخرالىرىنى كۆپلەپ تەسلىم قىلدۇرغانلىقى ئۈچۈن مودۇن ھەممىشە خەن سۇلالىسىنىڭ زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلىپ، بۇلاڭ - تالاڭچىلىق يۈرگۈزدى، بۇنىڭ بىلەن خەن خاندانلىقى پاراكەندىچىلىككە دۇچار بولدى. پادىشا خەن گاۋزۇ ئوجىگنى، ئەلچى قىلىپ ئۇز جەمەتىدىن بولغان بىر قىزنى مەلىكە سۈپىتىدە ھون تەڭرىقۇتىنىڭ خوتۇنلۇققا ئېۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەر يىلى بەلگىلىمىك ساندا مەشۇت، يىپەك رەخت، هاراق - شاراپ ۋە ئاشلىقلار ئېۋەتىپ، ھون تەڭرىقۇتى بىلەن ياراشتى، شۇنىڭ بىلەن مودۇننىڭ تاجاۋۇزى سەل پەسەيدى.»

«خەن سۇلالىسى تارىخى» 94 - جىلد «ھونلار تەزكىرىسى»دە يېزىلىشىچە، مىلادىتىن ئىلگىركى 95 - يىلى (بېنشى 2 - يىلى) تەڭرىقۇت خەن خاندانلىقىغا ئەلچى ئېۋەتىپ يازغان مەكتۇپىدا مۇنداق دېگەن: «جەنۇبتا ئۇلۇق خەن خاندانلىقى بولسا، شىمالدا قۇدرەتلىك بىز ھونلار بار، بىز تەڭرىنىڭ ئەتىۋارلىق پەرزەنتلىرىمىز...... بۇگۈنكى كۈندە مەن خەن خاندانلىقىنىڭ چوڭ قورۇقنى ئېچىۋېتىشىنى، خەن خاندانلىقىنىڭ مەلىكىسىنى خوتۇنلۇققا ئېلىشنى خالايمەن، شۇنىڭدەك ھەر يىلى بىزگە خاننىڭ 10 مىڭ دادەن شاراپ، 5 مىڭ خو ئاشلىق، 10 مىڭ توپ ھەر خىل يىپەك - مال بېرىشى كېرەك، شۇ شەرتلەر ئادا قىلىنسا ئاندىن چېگرىنى پاراكەندە قىلمايمەن».

يۇقۇرىدىكى ئىككى ئابزاس ئاددى خاتىرىدىن شۇ چاغدا ھون ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ خەن خاندانلىقى بىلەن ئۆز - ئارا ئىناق ئۆتۈشتە يېتەرلىك ئاشلىق ۋە يىپەك بېرىشنى شەرت قىلىپ قويغانلىقىنى، ئەگەر ئۇ شەرتلەر ئادا قىلىنمىسا، تاجاۋۇز قىلىپ، پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرىدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھون ئاقسۆڭەكلىرى ھەر قېتىم جەنۇبقا كەلگەندە، خەن خاندانلىقى ئۇلارغا نورغۇن مىقداردا يىپەك مال ۋە ئاشلىق تەقدىم قىلاتتى بولۇپمۇ گۈللۈك يىپەك كىمخاپلارنى كۆپرەك بېرەتتى. مەسىلەن:

مىلادىتىن ئاۋۋالقى 52 - يىلى (گەنلۇ 2 - يىلى) قوغشار تەڭرىقۇت ۋۇيۈەن قەلئەسىگە كېلىپ، 3 - يىلى بىرىنچى ئايدا خان بىلەن كۆرۈشتى، خان ئۇنىڭغا تاجى، كەمەر ۋە تون تەقدىم قىلدى...... 77 تاغار كىيىم - كېچەك، 8 مىڭ توپ كىمخاپ - تاۋار، گۈللۈك دارايى ۋە ھەر خىل رەخت، 6 مىڭ جىڭ مەشۇت بەردى. (گەنلۇنىڭ 4 - يىلى) قوغشار تەڭرىقۇت يەنە پايتەختكە كەلدى. بۇرۇنقىدەكلا سوغات بەرگەنىنىڭ ئۈستىگە يەنە 110 تاغار كىيىم - كېچەك، 9 مىڭ توپ كىمخاپ، ۋە 8 مىڭ جىڭ مەشۇت بەردى.

مىلادىتىن ئاۋۋالقى 27 - يىلى (خېپىڭ 2 - يىلى) تەڭرىقۇت خانغا خەت يېزىپ پادىشا بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلدى. خېپىڭنىڭ 4 - يىلى بىرىنچى ئايدا پايتەختكە باردى، خان ئۇنىڭغا (تەڭرىقۇتقا) 20 مىڭ توپ تۈرلۈك يىپەك رەخت، 20 مىڭ جىڭ مەشۇت بەردى، باشقا سوغاتلا يەنە بۇرۇنقىدەكلا بولدى. ⑧

كېيىنكى خەن ۋە جەنۇبىي ھون دەۋرىگە كەلگەندە، ھەر قېتىم كۆرۈشكەندە بۇرۇنقىدەك

نۇرغۇن يىپەك رەختلەر بېرىپ تۇرۇلدى. مەسىلەن: «كېيىنكى خەن سۇلالىسى تارىخى» 89 - جىلد «جەنۇبىي هونلار تەزكىرىسى» دە مۇنداق دېيىلگەن: جەن ۋۇنىڭ 26 - يىلى (مىلادى 50 - يىلى) كۈز مەزگىلى......هون تەڭرىقۇتى بالىسىنى تۇرغاق قىلىپ ئەۋەتتى،...... خەن پادىشا تەڭرىقۇتقا تاجى، كەمەر، تون......ئالتۇن، 10 مىڭ توپ گۈللۈك كىمخاپ ۋە يىپەك رەخت، 10 مىڭ جىڭ مەشۇت بېرىشكە يارلىق چۈشۈردى،...... تەڭرىقۇتنىڭ ۋەكىلى قايتىش ۋاقتىدا، خەن پادىشاسى ئۆز ئەلچىسىنى بىللە قوشۇپ يولغا سالدى. ھەمدە مىڭ توپ گۈللۈك يىپەك رەخت، 80 گەز كىمخاپ، سوغات قىلدى،......تەڭرىقۇتنىڭ ئانىسى، خوتۇنلىرى، بالىلىرىغا، ئوڭ - سول بىلىكەخانلارغا ۋە ئوڭ - سول لولقانلارغا، قۇت بەگلىرىگە ۋە خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە سوغات ئۈچۈن 10 مىڭ توپ گۈللۈك يىپەك مال ئەۋەتتى، ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھەر يىلى شۇنداق قىلىپ تۇردى.

جەن ۋۇنىڭ 31 - يىلى ......شىمالىي هون تەڭرىقۇتى يەنە بۇرۇنقىدەك ئەلچى ئەۋەتىپ تۇردى، بۇنىڭغا قارىتا پادىشا ئۆز تامغىسى بېسىلغان مەكتۇپ ئارقىلىق رەھمەت ئېيتىش بىلەن يەنە ئۇنىڭغا يىپەك رەختلەردىن سوغات قىلدى، لېكىن ئەلچى ئەۋەتمىدى.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، هون تەڭرىقۇتى ۋە ئۇنىڭ ۋەزىرلىرى ھەر قېتىم خەن خاندانلىقى ئوردىسىغا كەلگەندە، خان ئۇلارغا تۈرلۈك يىپەك رەختلەر سوغات قىلاتتى. چۈنكى، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك خەلق تۇرمۇشىدىكى مۇھىم مەسىلە بولۇپ، بۇ، هون ئاقسۆڭەكلىرى ۋە هون خەلقى ئۈچۈن بەك ئېھتىياجلىق ئىدى، ئۇلارنىڭ بۇ ئېھتىياجلىرى قاندۇرۇلسا، ئۇرۇشنىمۇ ئازايتقىلى بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن «يۈەن رىڭنىڭ 3 - يىلى (مىلادى 114 - يىلى) ......تەڭرىقۇت ئۈۋېيخان خانلىقتا ئولتۇرغان 3 - يىلى ........(خەن خاندانلىقىنىڭ ئەلچىسى) ياڭ شىڭ تەڭرىقۇت بىلەن كۆرۈشۈپ: «ئەگەر سىز تۇققانلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ ئىناق ئۆتۈشنى خالىسىڭىز تەڭرىقۇت شاھزادىسىنى خەن ئوردىسىغا گۆرۈگە بېرىشىڭىز كېرەك» دېدى. تەڭرىقۇت: «بۇ، بۇرۇنقى كېلىشىمگە مۇخالىپ، بۇرۇنقى كېلىشىمدە خەن خاندانلىقى دايىم مەلىكە ئەۋەتىپ، يىپەك رەخت ۋە يېمەك - ئىچمەك قاتارلىق بۇيۇملارنى تەقدىم ئېتىپ، شۇ ئارقىلىق ئىناقلىق ئورناتقان، شۇڭا، هونلارمۇ چېگرىنى پاراكەندە قىلمىغان ئىدى، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، بۇرۇنقى كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلىپ، پېقىرنىڭ شاھزادىسىنى گۆرۈگە بېرىش تەلەپ قىلىنىدىغان بولسا، مەن بۇنى ئورۇندىيالمايمەن» دېدى. ⑨ مانا بۇنىڭدىن هون ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ يىپەك مال ۋە يېمەك - ئىچمەك جەھەتتىكى ئارزۇلىرىنى قاندۇرۇش - قاندۇرالماسلىق، ئۇرۇشنىڭ يۈز بېرىش ياكى يۈز بەرمەسلىكىنىڭ ئاساسى سەۋەبى بولمىسىمۇ، لېكىن كەم دېگەندە، بۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى مەلۇم.

يالغۇز هون ئاقسۆڭەكلىرىلا ھەر قېتىمدا ئاشۇنداق تۈرلۈك يىپەك رەختلەر تەقدىم قىلىپلا قالماستىن، بەلكى باشقا چارۋىچى مىللەتلەرگىمۇ شۇنداق قىلغان. «كېيىنكى خەن سۇلالىسى تارىخى» 90 - جىلد «ئۇغانلار، سايىپلار تەزكىرىسى» دە مۇنداق دېيىلگەن. (جەن -

ۋۇنىڭ 22 - يىلى) ھونلار دۆلىتىدە قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى. ئۇغانلار ئۇلارنىڭ بۇ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى. ھونلار نەچچە مىڭ چاقىرىم يول يۈرۈپ شىمالغا كۆچۈپ كەتتى، موڭغۇل چۆلىنىڭ جەنۇبى بوش قالدى، خەن خاندانلىقى ئۇغانلارغا پۇل ۋە رەخت ئىنئام قىلدى.

«شىمالىي سۇلالىلار تارىخى» 98 - جىلد «جۇجانلار تەزكىرىسى»دە مۇنداق دېيىلگەن: «يۇڭشىنىڭ 2 - يىلى (مىلادى 533 - يىلى) ...... شەرقىي ۋېي بىلەن غەربىي ۋېي خاندانلىقلىرى ئاناغاي قاغان بىلەن نودىلىشىپ ئىناق بولۇشنى تالاشتى. غەربىي ۋېي خاندانلىقىنىڭ پادىشاسى ۋېندى شاۋۋۇ زامانىسىدىكى دىۋان بېگى يۈەن يىنىڭ قىزىنى مەلىكە سۈپىتىدە ئاناغاينىڭ ئىنىسى تاغانغا خوتۇنلۇققا بەرگەن. يەنە ئۆزى ئاناغاينىڭ قىزىنى خانىشلىققا ئېلىپ، ئۇلارنى ئالتۇن ۋە يىپەك توقۇلمىلار بىلەن ئۆزىگە جەلپ قىلغان.»

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، شەرقىي ۋە غەربىي ۋېيلار جۇجان ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن دوس بولۇپ ئۇلارنى ئۆزىگە ياردەمچى قىلماقچى بولغان. غەربىي ۋېي ئۇلارغا نۇرغۇن مىقداردا ئالتۇن ۋە يىپەك رەختلەر تەقدىم قىلىپ، يۇقۇرىدىكى مەخسىتىگە يەتكەن. «تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى» 215 - جىلد «تۈرك 1» دە: «سۇي سۇلالىسى توپىلىڭىدا نۇرغۇن خەنزۇلار ئەسىرگە چۈشكەن. ئەلچى ئەۋەتىپ ئالتۇن ۋە يىپەك رەختلەر بەدىلىگە ئەر- ئايال بولۇپ 80 مىڭ كىشىنى قايتۇرۇۋېلىپ يۇرتلىرىغا ئورۇنلاشتۇردى، دېيىلگەن. مانا بۇ ئەھۋاللار چارۋىچى مىللەتلەر ھۆكۈمرانلىرىنىڭ يىپەكنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

تۈركلەرنىڭ دەسلەپ گۈللەنگەن چاغلىرىدا، تۈرك خەلقلىرى تومان قاغان رەھبەرلىكىدە بىرلىكتە بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خاندانلىق بىلەن سودا ئالاقە قىلىشنى تەلەپ قىلغان. «جۇ سۇلالىسى تارىخى». «تۈركلەر تەزكىرىسى» دە ئۇنىڭدىن كېيىن تومان قاغان بولدى، بۇ چاغدا تۈرك قەبىلىلىرى بىر ئاز كۈچەيدى. ئۇلار قەلئەمىزگە كېلىپ يىپەك سودىسى قىلىشقا باشلىدى ۋە جۇڭگو بىلەن ئالاقە ئورنۇتۇشنى خالىدى» دېيىلگەن. ئۇلار سودا ئېتىشتا ئاساسەن ئات ئۇلاقلىرىنى سېتىپ، يىپەك - مەشۇتلارنى ئالاتتى.

ئۇيغۇر مىللىتى تاڭ خاندانلىقىنىڭ دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىگە زور تۆھپە قوشقان. شۇڭا، تاڭ خاندانلىقى ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىگە تېخىمۇ نۇرغۇن يىپەك رەخت بەرگەن. بۇ چاغدا خەلق ئىچىدىكى سودا ئىشلىرى تېخىمۇ گۈللەنگەن، ئۇيغۇرلار تاڭ خاندانلىقىغا ياردەملىشىپ ئەنلۇك - سۇيگەن توپىلىڭىنى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن، تاڭ خاندانلىقى پادىشاسى شاۋزۇڭ يابغۇغا سادىق ئادالەتپەرۋەر ۋاڭ دەپ نام بەرگەن، ھەمدە يىلىغا 20 مىڭ توپ يىپەك رەخت بېرىپ تۇرۇش توغرىسىدا كېلىشىم قىلغان، شۇنىڭدەك قەرەلسىز سوغات قىلىپ تۇرغان يىپەك ماللار تېخىمۇ نۇرغۇن بولغان. ئۇيغۇر قوشۇنلىرى بوكو قايىز توپىلىڭىنى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن، تاڭ خاندانلىقى بىر قېتىمدىلا يۈز مىڭ توپ يىپەك رەخت بەرگەن. ھەم مەخسۇس ئات بازىرى تەسىس قىلغان. بىر ئاتنىڭ قىممىتى 40 توپ، بەزىدە 50 توپ يىپەك رەختكە

يەتكەن. ھەر يىلى يۈز مىڭ ئات كەلتۈرۈلۈپ، بۇنىڭغا تۆت مىليون توپ يىپەك رەخت بېرىشكە توغرى كەلگەن، بۇنى تاڭ خاندانلىقى ئۆز ۋاقتىدا بېرەلمەي ھەمىشە قەرزدار بولۇپ قالغان. دې زوڭ جەنجۇڭنىڭ 3 - يىلى، ئۇيغۇرلار ئەلچى ئەۋەتىپ ئاتتىن قالغان بىر مىليون 80 مىڭ توپ يىپەك رەخت ئېلىشنى سورىغان. 807 - يىلى تاڭ پادىشاھى ئەنزۇڭ توپلۇنۇپ قالغان قەرزنى بىر قېتىمدىلا بېرىپ تۈگەتكەن. ئىككىنچى يىلى ئۇيغۇرلار يەنە ئۈستىلەپ، ئادەتتىكىدىن بىر ھەسسە كۆپ ئات ھەيداپ كېلىپ، تاڭ خاندانلىقىغا تاڭغان. بەي جۈيى «تەسكەي تاغ يولى» دېگەن شېئىرىدا بۇ ئەھۋالنى تەسۋىرلەپ مۇنداق يازغان: «50 توپ ئېسىل يىپەككە بىر ئات تېگىشىلدى، ئېسىل يىپەك كەتتى، ئات كەلدى. ئۇلارنى يېقىپ ئىشلە-تەلمىدى، ھەر يىلى ئون نەچچىسى ئۆلۈپ تۇردى، يىپەك رەخت يېتىشتۈرەلمەي ئايال ئىشچىلارغا جاپا بولدى، يىرىك توقۇپ قىسقا ئۈزۈپ، توپ سانىنى توشقازدى. ئۆمچۈك تورىدەك شالاڭ توقۇدى، ئۇيغۇرلار بۇنى يارىتالماي ئېلىپلا قوبۇل قىلمىدى. شيەن ئەن مەلىكە زارلىنىپ يىراقتىن ئەرز بايان قىلدى. يۈەن خېنىڭ ئىككىنچى يىلى يېڭى يارلىق چۈشۈرۈپ، ئالتۇن ۋە يىپەك بىلەن ئات قەرزىنى تۆلىدى، ........ كېيىنكى يىلى ئاتلار يەنە بىر ھەسسە كۆپ كەلدى.» بۇنىڭدىن يىپەك ۋە ئات سودىسىنىڭ تاڭ خاندانلىقىنىڭ ئىقتىسادىغا نەقەدەر زور مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇيغۇر سودىگەرلىرى يەنە 9 ئوغۇز سودىگەرلىرىنى باشلاپ توپ - توغرى چاڭئەنگە كېلىپ، يىپەك رەختلەر ئېلىپ تۇراتتى، تولا ماللاردا مىڭدەك كىشى پايتەختتە تۇرۇپ قالاتتى. بىر قېتىم تودۇن باشچىلىقىدىكى سودا كارۋىنى شىمالغا قايتقاندا، جىڭ ۋۇدا تۇرۇشلۇق ھەربىي ئەمەلدار جاڭ گۇاڭشېڭ يۈز مىڭ توپتەك رەختنى مۇسادىرە قىلغان، مۇنداق كۆپ يىپەك ماللارنىڭ موڭغۇل چۆلىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار ئىچىگە توشۇپ ئېلىپ بېرىلىشى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىقتىسادىي ھاياتىدىكى زور ئىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خەلقئارا يىپەك سودىسىدىمۇ زور ئىش بولغانلىقى تەبىئىي.

ھون ئاقسۆڭەكلىرى خەن خاندانلىقىنىڭ يىپەك رەخت ۋە يېمەك - ئىچمەكلىرىگە خۇشتار بولۇپ كەلگەن مەزگىللەردە، ھونلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن جۇڭ خاڭيۈي قايتا - قايتا تەكلىپ بېرىپ: «ھونلارنىڭ نوپۇسى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن خەن خاندانلىقىنىڭ بىر ئايىمىغا توغرى كەلمەيدۇ، سىلەرنىڭ كۈچلۈك بولۇپ كېلىشىڭلارنىڭ سەۋەبى، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك جەھەتتە باشقىچە بولۇپ، ئۇلارغا تايانمىغانلىقىڭلاردا ئىدى. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، تەڭرىقۇت ئادىتىنى بۇزۇپ، خەن خاندانلىقىنىڭ نەرسىلىرىگە قىزىقىۋاتىدۇ. خەن خاندانلىقى ئازغىنا يىپەك ۋە يېمەك - ئىچمەك بۇيۇملىرى بىلەنلا سىلەرنى بېقىندۇرۇۋالالايدۇ. خەن خاندانلىقىنىڭ يىپەك رەختلىرىدىن كەيگەن كىيىملەر ئات ئۈستى ۋە جاڭگاللاردا يۈرۈشلەرگە چىدىمايدۇ، ئۇ ئۆزەڭلەرنىڭ تېرە كىيىملەردەك پۇختا ئەمەس، خەن خاندانلىقىدىن ئالغان ئاشلىقلارمۇ سىلەرنىڭ قېتىق - قايماقلارغا يەتمەيدۇ» دېگەن. ⑩ ھالبۇكى، ھۆكۈمران سىنىپنىڭ يىپەك

رەختلەرگە بولغان قىزىقىشى ۋە ئۇلارنىڭ يىپەك سودىسىدىن ئالىدىغان پايدىسىنى جوڭ خاگىيۇينىڭ كىيىن ئۆزگەرتەلمىگەن. تارىخى پاكىتلار بۇنى تولۇق ئىسپاتلىدى.

يېقىنقى زاماندا تاشقى موڭغۇلىيەدە ئېچىلغان خۇن ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قەبرىسىدىكى جەسەت بىلەن بىللە كۆمۈلگەن بۇيۇملار ئىچىدە يىپەك رەخت ۋە يۇڭ توقۇلمىلار ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. يىپەك رەختلەرنىڭ گۈل نۇسخىلىرى ۋە توقۇلۇش ئۇسۇلىدىن قارىغاندا، خەن دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئىشلەنگەن بۇيۇملار ئىكەنلىكى ئېنىق، بۇ، شۇچاغدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونلىرىدا ئىشلىتىپ يۈرگەن يىپەك رەختلەردىن پەرقلەنمەيدۇ، تىكىلگەن كەشتىلەرنىڭ ھەممىسى رەڭلىك بولۇپ، ئۇنىڭغا سەرخىل بۇلۇت، قۇش، ھايۋانلارنىڭ سۈرەتلىرى ۋە پەرىشتىلەرنىڭ ھاۋادا مىنىپ ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن رەسىملىرى چۈشۈرۈلگەن. چىكىلگەن گۈللەر ئارىسىغا ۋاڭمالارنىڭ «روھى دولەتنى ئەبەدى قوغدايدۇ» دىگەن بەخت - سائادەت ئىبارىسى كەشتىلەنگەن. خۇددى خەن سۇلالىسى تارىخى. «خۇنلار تەزكىرىسى»دە ئېيتىلغىنىدەك — ۋاڭ ماڭ پادىشالىق تەختىنى تارتىۋىلىپ دولەت قۇرغان تۇنجى يىلى باش سەردار ۋاڭ جۈن باشچىلىقىدا چىن فۇ، ۋاڭ سا، چېن داۋ، بوچاڭ ۋەدىلىق يىپ قاتارلىق ئالتەكىشىنى نۇرغۇن مىقداردا ئالتۇن ۋە يىپەك رەختلەر بىلەن تەڭرىقۇتقا ئېۋەتكەن. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئېۋەتكەن يارلىقتا: «ۋاقىپ بولغايسىزكى، مەن تەڭرىنىڭ تەقدىرى بىلەن خەن خاندانلىقىنىڭ ئورنىغا پادىشا بولدۇم، شۇڭا تەڭرىقۇتنىڭ بۇرۇنقى نامىنى يەڭگۈشلەندى» دىيىلگەن. بۇ يەردە ئېيتىلغان «كۆپ مىقداردىكى ئالتۇن ۋە يىپەك»نى تەڭرىقۇتنىڭ قەبرىسىگە بىللە كۆمگەن نۇرغۇن ئالتۇن ۋە يىپەكتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

خۇنلار دەسلەپ دولەت قۇرغاندا، جوڭ خاگىيۇي قاتارلىقلارنىڭ بولغۇنچىلىك سېلىشى بىلەن خەنزۇ مەدەنىيىتىنى چەتكە قېقىشقا ئورۇنغان بولسىمۇ، لېكىن خەنزۇلار بىلەن خۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق، ھەمكارلىق ۋە بېرىش - كېلىش ئالاقىنى ھېچقانداق كۈچ توسۇپ قالالمىدى. شۇڭا كېيىنكى چاغلاردا خەنزۇلار بىلەن خۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادى مۇناسىۋەت بارغانسىرى قويۇقلاشتى، خەنزۇ ۋە خۇن خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە بارغانسىرى كۆپەيدى. بۇ ھال خەن خاندانلىقى ياكى خۇن ھۆكۈمرانلىرىنى تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى ئېقىمىغا ماسلىشىپ، خەنزۇلار بىلەن خۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادى ئالاقە ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى پەيدىن - پەي ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلقنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرۇشقا مەجبۇرقىلدى. ئالايلۇق، مىلادىدىن ئاۋالقى 2 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى ۋۇدى تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇلار بىلەن قۇدىلىشىش توغرىسىدا ئوچۇق تۇختام تۈزۈشكەن ۋە سودا ئېغىزلىرىدا بولىدىغان تىجارەت ئىشلىرىدا ئۇلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، ئۇلارنى نۇرغۇن نەرسىلەر بىلەن تەمىنلىگەن. خۇن تەڭرىقۇتىدىن تارتىپ تۆۋەندىكىلىرىگىچە خەنزۇلار بىلەن قۇدىلىشىپ، سەددىچىنى ئەتراپىدا قويۇق بېرىش - كېلىش قىلىشىپ تۇرغان،(11) مۇنداق

ئىقتىسادى تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش كوچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭمۇ، شۇنىڭدەك خەنزۇ خەلقىنىڭمۇ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولغاچقا، چېگرا رايونلاردىكى مالىمانچىلىقلارمۇ ئازايغان.

## 3 — يايلاق مىللەتلىرىنىڭ يىپەك يولى

كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولغان يىپەك يولى چاڭئەندىن باشلىنىپ، خېشى كارىدورى ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى يوللار ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا يېتىپ بارىدۇ. بۇ يول، ئاساسەن جاڭ چيەننىڭ غەربىي رايونغا كېلىشى خەن ۋۇدىنىڭ ئېلگىرى - كېيىن بولۇپ ۋۇۋېي، جاڭيې، جيۇچۇەن ۋە دۇنخۇاڭدىن ئىبارەت 4 ناھىيىنى قورغىنىدىن كېيىن راۋانلاشقان. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى يىپەك يولى يوقمىدى؟ مىنىڭچە ئۇنداق ئەمەس، خېشىدىكى 4 ناھىيە مىلادىدىن ئاۋۋالقى 2 - ئەسىردە قۇرۇلغان. ئەلىمىزنىڭ يىپەك ماللىرى بۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنلا غەرپكە تارقالغان. شۇنىڭدەك شىمالدىكى يايلاق مىللەتلىرىگىمۇ خېلى كوپ بارغان.

شىمالدىكى يايلاق مىللەتلىرى قەدىمدىن تارتىپ سەنشى، شەنشىنىڭ شىمالى قىسىم ۋە ئىچكى موڭغۇل رايونلىرىدا، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن، ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونلىرىدا يىپەك كەشىپ قىلىنىپ ئۇزۇن ئوتمەيلا يايلاق مىللەتلىرىگە تارقالغان. ئۇنىڭ زادى قاچان تارقالغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق خاتىرە بولمىسىمۇ، لېكىن ئازاتلىقتىن كېيىن ئالتاي رايونىدىكى قەبرىلەردىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 5 - ئەسىرلەردە ئىنچىكە مەشۇت بىلەن توقۇلغان سىدام ۋە گۈللۈك يىپەك توقۇلمىلار تېپىلدى. بۇنىڭ بىرسىدە ئەنئەنىۋى سومرۇغ سۈرىتى ناھايىتى نەپىس كەشتىلەنگەن بولۇپ، كوپ تەرەپلىمە تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇنىڭ جوڭگودا ئىشلەنگەنلىكى ئېنىقلاندى. ⑫ دېمەك، ئېلىمىزنىڭ يىپەك توقۇلمىلىرى ئاز دېگەندە چۇنچيۇ ۋە جەڭگو دەۋرلىرىدىلا يايلاق مىللەتلىرىگە تارقالغان. شۇنىڭدەك ئارخېئولوگ خادىملىرى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىرجىنا خوشۇنىدىن قەدىمقى شەيئىنى تېپىپ چىققان. بۇ ئىرجىنا خوشۇنى، خېشى كارىدورى رايونىدا ئەمەس. ئىرجىنا بىلەن ئالتاي قاتارلىق جايلاردا يىپەك شەيئىلىرىنىڭ تېپىلغانلىقى ۋە تارىخى خاتىرىلەردە يېزىلغان يايلاق مىللەتلىرىگە نۇرغۇن يىپەك شەيئىلىرىنىڭ ئېلىپ بېرىلغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئەمەلى پاكىتلاردىن يايلاق يىپەك يولىنىڭ خېلى بۇرۇنلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

مىلادىدىن 2 ئەسىر ئىلگىرى ھونلار سۈيى ۋە ئوت - چۆپى مول بولغان چىلىەنشەن تېغىنىڭ شىمالى ئېتىكىدە چارۋىچىلىق قىلىپ كەلگەن، ئۇچاغدا ئېلىمىزنىڭ يىپەك رەختلىرى ھونلار رايونىغا كوپلەپ كىرگۈزۈلگەن. ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيا ئەتراپلىرىغا ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بېرىلغان، بۇچاغدا تارىم ئويمانلىقى ئاھالە ئولتۇراقلاشقان يېزا ئىگىلىك رايونىغا ئايلىنىپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن يىپەكنىڭ غەرپكە توشۇلۇشى مەيلى خېشى كارىدورى ياكى شىمالى يايلاقتىن ئۆتسۇن بەرىبىر ئاۋۋال يايلاق رايونىدىن ئوتۇپ ئاندىن تارىم ئويمانلىقىغا

ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ماۋەرا ئۇننەھرگە يەتكۈزۈلەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن يىپەك يولىنىڭ تارىخى تەرەققىياتى ئالدى بىلەن يايلاق يولىدىن باشلانغان، خەن ۋۇدى خېشى رايونىدا 4 ناھىيە قۇرغاندىن كېيىن، خېشى كارىدورى ئارقىلىق تارىمغا كىرىدىغان يول يىپەك يولىنىڭ چوڭ يولى بولۇپ قالغان. جاڭ جىنىڭ «لياڭ جۇ مەقامىدە» دېگەن شېئىرىدا: «يىڭراپ قوڭغۇراق ساداسى، ئوتەتتى چۆلدىن كارۋان؛ يۇدۇپ توگىلەر شاي - دۇردۇن، باراتتى ئەنشىگە راۋان»[13] دېيىلگەن. مانا بۇ ئاشۇ چوڭ يىپەك يولىنىڭ ئاۋاتلىقى توغرىسىدىكى تەسۋىر.

خېشى كارىدورىدىن تۈپ - توغرا غەربىي رايونغا بارىدىغان چوڭ يول ئېچىلغاندىن كېيىن، يايلاقتىكى يىپەك يولى يەنە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانمۇ، يوق؟ تەھقىق جاۋابىمىز شۇكى، بۇ يول يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. چۈنكى تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھەر قايسى خاندانلىقلار شىمالىي يايلاق مىللەتلىرىنى مۇشۇ يول ئارقىلىق يىپەك رەختلەر بىلەن كۆپلەپ تەمىنلەپ تۇرغان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، خېشى رايونىدا 4 ناھىيە ۋە غەربىي رايون تۇتۇق مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەن خاندانلىقى ئاۋالقىدەكلا ھونلارنى يىپەك رەختلەر بىلەن كۆپلەپ تەمىنلەپ تۇرغان. بۇ چاغدا ھون ئاقسۆڭەكلىرى يەنىلا داۋاملىق يىپەك سودىسى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ چاغدا ئىلى ئىسسىق كۆل ئەتراپىدا خەن خاندانلىقى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ھونلا بىلەن يىرىكلەشكەن كۆچمەن چارۋىچى ئۇيسۇنلار ياشايتتى. بۇ ئەھۋال ئاستىدا ھونلار يىپەك سودىسى قىلىش ئۈچۈن موڭغۇل چۆلىنىڭ شىمالىدىكى تەڭرىقۇت زېمىنىدىن ئۆتۈپ، غەرپتىكى خانگەي تاغلىرىنى بويلاپ، قوبدۇ ئويمانلىقى ئارقىلىق ئالتاي تاغلىرىنى كېزىپ، ئۇلۇنگۇر دەرياسىدىن ئۆتۈپ، غەربىي جەنۇپقا قاراپ تارباغاتايغا بېرىپ، تۈپ توغرى تالاس ۋە ماۋەرا ئۇننەھرى رايونلىرىغا باراتتى. قۇتتۇش تەڭرىقۇت غەرپكە كۆچۈپ سەمەرقەندكە بارغاندا، غەربىي رايوننى پازا قىلىپ خەن خاندانلىقى بىلەن قارشىلاشقاندا، مۇشۇ يايلاق يولى بىلەن ماڭغان ئىدى. دېمەك، بۇ يول قەدىمدىنلا بار ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئەۋلىيا چىيۇچۇجى ئوتتۇرا ئاسىياغا بارغاندىمۇ، قوبدۇ ئويمانلىقى ئارقىلىق ئالتاي تاغلىرىدىن ئۆتكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ھون ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تەسىرى تيانشاننىڭ جەنۇبىغا چېكىنىپ ئىلىدا ئۇيسۇنلارنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىغاندا، ئۇلارنىڭ يىپەك سودىسىمۇ مۇشۇ يول ئارقىلىق بولغان.

ئىككى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، ئۇ چاغدا ھون ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ غەرپكە يىپەك توشۇيدىغان يولى يىغىپ ئېيتقاندا مۇنداق بولغان:

ھونلار خېشى كارىدورىنى ئىگەللەپ تۇرغان چاغلاردا، مۇشۇ يايلاق يولىدىن تۈپ - توغرى تيانشان تېغى ئارىسىدىكى يولدىن ئۆتۈپ، ئىسسىق كۆل ئەتراپى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ماۋەرا ئۇننەھرى رايونىغا باراتتى.

ھونلار خېشى كارىدورىدىن چېكىنىپ چىقىپ، قوغشار تەڭرىقۇت خەن خاندانلىقىغا تەسلىم بولغاندىن كېيىن، تەسكەي تېغى ئەتراپىدا تۇرغان ھونلار غەرپكە قاراپ، بوگوبكى نىگشانىڭ

شىمالدىن ئوتۇپ، غەربتىن چۆلۈڭقاي، باركۆل، جىمسار ئارقىلىق تيانشاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يايلاق يولىدىن ئوتۇپ، ئىلى، ئىسسىق كۆل ئارقىلىق ماۋەرا ئۈننەھرگە بارغان.

موڭغۇل چۆلىنىڭ شىمالىغىچە كېڭىيىپ بېرىپ، خەن خاندانلىقى بىلەن داۋاملىق دۈشمەنلەشكەن ھون ئاقسۆڭەكلىرى ئۆز نۆۋىتىدە مۇنداق زور پايدا كەلتۈرىدىغان يىپەك سودىسىنى ھەرگىز قولدىن بەرمەيتتى، شۇڭلاشقا ئۇلار سىلىنگا دەرياسى ۋە ئورخۇن ئەتراپىدىن غەربكە قاراپ، خاڭگەي تاغلىرى ۋە قوبدو ئويمانلىقىنى بويلاپ، ئالتاي تاغلىرىدىن ئوتۇپ تارباغاتاي ئارقىلىق سەمەرقەند بىلەن ماۋەرا ئۈننەھرگە بارىدىغان يايلاق يولى بىلەن مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلارنىڭ تيانشان ئارقىلىق ئويسۇن رايونىدىن ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇ چاغدىكى سىياسىي ۋەزىيەت ئۇلارنى مۇشۇ يايلاق يولى بىلەن مېڭىشقا مەجبۇر قىلغان ئىدى، ئالتاي قاتارلىق رايونلاردا قەبرىلەردىن تېپىلغان يىپەك تاۋارلىرى دەل ئەنە شۇ چاغدىكى يىپەك سودىسىنىڭ مۇشۇ يولدا قالدۇرغان بىر كۆرۈنۈشى بولۇپ، بۇ شۇ چاغدىكى ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىدى، كېيىنكى خەن دەۋرىدە شىمالىي ھونلار غەرب ئەللىرى بىلەن يىپەك سودىسى ئالاقىسىنى يەنە مۇشۇ يول بىلەن ماڭغان.

ۋېي، جىن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرلىرى گەرچە خەن خاندانلىقىنىڭ نەچچە قىسىملارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن مەزگىلى بولسىمۇ، لېكىن ۋېي ۋە غەربىي جىن ئاۋالقىدەكلا غەربىي رايون دۇرغابى تەسىس قىلىپ، غەربىي رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان. كېيىنكى كۈنلەردە فۇجەن، لۈيى گۇاڭ قاتارلىقلار مۇشۇ تېرىقچىدە غەربىي رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. شىمالىي يايلاقتا بولسا، سايىلار، جۇجانلار ۋە قاڭقىللار بىر-بىرى بىلەن ئۈزلۈكسىز ئۇرۇش قىلىپ تۇرغاچقا، بۇ چاغدىكى يايلاق يولىدىن ئۆتۈش ناھايىتى تەس ۋە خەۋىپلىك ئىدى، بۇنىڭ ئەكسىچە: تارىم ئويمانلىقىدىكى جەنۇبىي ۋە شىمالىي يولدىن ئىبارەت چوڭ يىپەك يولى غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگە قارىغاندا، تېخىمۇ كۆپ تەرەققىي قىلغان، پىلىچىلىك ئۇسۇللىرى غەربىي رايوندا ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىپلا قالماستىن، مىللىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە يىپەك رەختلەرمۇ ئىجات قىلىنغان.

سۈي ۋە تاڭ خاندانلىقىنىڭ غەربىي رايوننى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ۋە تاڭ دەۋرىدە يىپەك-چىلىكنىڭ يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشىشى ئارقىسىدا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى يىپەك يولى بىلەن يايلاقتىكى يىپەك يولىنىڭ كۆلىمى بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ كېڭەيگەن، غەرب ئەللىرىگە ماڭدۇرۇلغان يىپەك رەختلەرنىڭمۇ سان ۋە سۈپەت جەھەتتە بۇرۇنقىدىن ئېشىپ كەتكەن.

تارىم ئويمانلىقىدىكى يىپەك يولى شۇنداق راۋان بولۇپ تۇرغان ئىكەن، يايلاقتىكى يىپەك يولى يەنە نېمىشكە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ؟ بۇنى ئوخشاشلا شۇ چاغدىكى ئالاھىدە سىياسىي ۋەزىيەت بەلگىلىگەن.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىمالدىكى ۋە غەربىي رايوندىكى يايلاق سەھنىسىدە ئاساسەن تۈركلەر بىلەن ئۇيغۇرلار، چىڭخەي شىزاڭ ئېگىزلىكىدە بولسا، توبۇتلار پائالىيەت ئېلىپ باراتتى. 6 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئىككى يۈز يىل داۋامىدا،

تۈركلەر موڭغۇل چۆلىنىڭ شىمالى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ياپلاقلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. شۇنىڭدەك تاڭ سۇلالىسى، ھىندىستان، پېرسىيە ۋە شەرقى رىمدىن ئىبارەت 4 چوڭ قەدىمقى مەدەنىي دۆلەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ، ئوتتۇرا ئەسىردىكى شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش يولىنى تىزگىنلەپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار يىپەك سودىسىنى باشتىنلا ئۆزلىرىنىڭ مۇھىم ئىقتىسادىي پائالىيىتى قىلغان. چوڭ ۋە كىچىك يۇلدۇزدىن ئىبارەت گۈزەل ياپلاقلا غەربىي تۈركلەرنىڭ ئوردا قۇرۇشتىكى مەركىزى جايلاردىن بىرى بولغان. دېمەك، شەرقىي ۋە غەربىي تۈركلەر ئېنىق بولۇنۇپ چىقىشتىن بۇرۇنقى ياپلاق يىپەك يولى تۈرك قاغانىنىڭ ھازىرقى تاشقى موڭغۇل دائىرىسىگە توغرى كېلىدىغان پايتەختىدىن تيانشاننىڭ شىمالىدىكى بەشبالىق رايونىغا يېتىپ، تيانشان ياپلىقىدىكى چوڭ يولغا ئۇلىشىپ، چوڭ-كىچىك يۇلدۇز ئارقىلىق ئىلىغا، ئاندىن چۇ دەرياسى ۋادىسى ئارقىلىق ماۋەرائۇننەھرگە باراتتى. بۇ يول ئۆز زامانىسىدا بىر مەھەل غايەت تەرەققى قىلغان ياپلاقتىكى چوڭ يىپەك يولى ئىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن باش كۆتۈرۈپ چىققان ئۇيغۇرلار تاڭ خاندانلىقىنىڭ دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە تۆھپە قوشقانلىقىدىن، تاڭ خاندانلىقى بىلەن بولغان سىياسىي جەھەتتىكى ئالاھىدە مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ، زور مىقداردا يىپەك شايىلارغا ئېرىشكەن، ياپلاق يىپەك يولىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى ئاشقان، 8-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 9-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ياپلاق يولى ئارقىلىق بولىدىغان يىپەك سودىسىنى يۈز يىل مىقدارى ئۆزى ئىلكىدە تۇتقان. ئۇ چاغدا توبۇتلار تارىم ئويمانلىقى، پامىر ئېگىزلىكى ۋە پەرغانىنى بىر مەھەل ئىشغال قىلىۋالغان. بۇ چاغدا تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى يىپەك يوللىرى ئۈزۈلۈپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوغدى سودىگەرلىرى بىلەن بىرلىكتە موڭغۇل چۆلىنىڭ شىمالىدىن بەشبالىق تۇتتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى (بۈگۈنكى جىمسار)، ئىلى، سۈيئاب ئارقىلىق ماۋەرائۇننەھرگە بارىدىغان چوڭ ياپلاق يىپەك يولىدا كېچە-كۈندۈز قاتناپ، بەشبالىق، ئىلى ۋە سۈيئابتىن ئىبارەت يىپەك رەختلەر توپلىنىپ تۇرىدىغان ۋە تارقىلىپ تۇرىدىغان 3 مەركەزنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ تەرەپتە پائالىيەت ئېلىپ بارغۇچىلار ئاساسەن ئۇيغۇرلار ئىدى. بۇ، يىپەك رەختلەر موڭغۇل چۆلىنىڭ شىمالى ياپلاقلاردىن غەربىي رايوننىڭ شىمالىدىكى ياپلاقلارغا ئېلىپ بېرىلىدىغان بىرىنچى پونكىت ئىدى، ئىلى رايونىمۇ يىپەك رەختلەرنىڭ توپلىنىپ ۋە تارقىلىپ تۇرىدىغان مۇھىم بىر مەركىزى ئىدى، يېقىنقى يىللاردا ئارخېئولوگلار قېدىرىشلاردا، ئىدىقۇتنىڭ ئەنشى تۇتتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسىگە يوللىغان مەكتۇبىنىڭ قالدۇق پارچىلىرى تېپىلدى. بۇ مۇھىم قىممەتكە ئىگە يازما ماتېرىيال: 1966-يىلى تۇرپان ئاستانىدىن شەنخېڭ 4-يىلى (مىلادى 673-يىلى)غا تەئەللۇق قەبرە تەركىبىسى ۋەلىنىدي 2-يىلى (مىلادى 665-يىلى)غا تەئەللۇق يازما موججەت تېپىلدى، بۇ قەبرىدىن تېپىلغان خەتنىڭ ئىچىدىن ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەن خەت تېپىلغان. ⑭خەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: تيەن(؟) لوشان بىلەن مۇناسىۋىتىنىڭ ۋاقتى بىر تۈركۈم شايى، مەشۇت قاتارلىق نەرسىلەر ئالىملىق شەھىرىدىن كۇچارغا

تۈشۈلۈپ، يولدا چاتاق چىققان. لى سەن، بى سا، شاۋ جىلى قاتارلىق 3 كىشى بىلەن ئالاقىدار: تيەن (؟) لۇشان ئاستانە دورغابىغا ئەرز يازغان، قوجو بوينى ئەنشى ۋە ئۇنۇق ھەراۋۇل مەھكىمىسىگە مەلۇم قىلغان. قالدۇق قەغەزلەردىكى ئاساسىي جۈملە مۇنداق:

باش تەرىپى يوق «تيەن(؟) لۇشان 30 ياش»

باش تەرىپى يوق، «ئالاقە يازغان كىشى لى ئېيتىشىچە، ئاستانە دورغابىغا» ئاخىرى يوق.

باش تەرىپى يوق، «ئالمىلىقتىن 275 توپ شايى ئېلىپ كۇچارغا»

باش تەرىپى يوق، «ئىككى توگە، 4 ئۇي، بىر ئىشەك، يۈز توپ شايى ئەرقى »

باش تەرىپى يوق «رۇ...... بىلەن لى سەن ئىككىسى شېرىك بولۇپ ئالمىلىق شەھىرىدىن كۇچارغا يۈرۈپ كەتتى»

باش تەرىپى «كۇچارغا يەتمەي تۇرۇپ...... »

باش تەرىپى يوق «شاۋ جىلى يېتىپ كەلگەندە، بى سا قاتارلىقلار ئالمىلىق شەھىرىدە» ئاخىرى يوق.

باش تەرىپى يوق «غەرپكە قاراپ كەتكەن.□ھازىرغىچە قايەردە ئىكەنلىكى نامەلۇم » (؟)ئاخىرى يوق.

باش تەرىپى يوق «بىرا تۇرۇشۇپ قېلىپ، شەھەرگە ئەكىتىلگەنلىكى يوق گەپ » ئاخىرى يوق.

ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەردىن مەلۇمكى، ئالمىلىق بۈگۈنكى ئىلى رايونىدا بولغان، يۇقىرىدا ئالمىلىق شەھىرىدىن بىر قېتىمدىلا 250 توپ شايى كۇچارغا توشۇلدى، دەپ يېزىلغان، بۇنىڭدىن ئالمىلىق شەھىرى يىپەكچىلىكنىڭ بىر مەركىزى بولغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇنچىلا نۇرغۇن يىپەك رەختلەرنىڭ ئۇ يەرگە توپلىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، بۇ بىر كۈچلۈك پاكىت.

سۈيئاپ شەھىرى ئوتتۇرا ئاسىيا يىپەكچىلىكىنىڭ توپلىنىدىغان ۋە تارقىلىدىغان ئاساسىي نۇقتىلىق جايى ئىدى. پەرغانە يولى توسۇلۇپ قالغاندىن كېيىن، بۇ يەر غەرپ بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى تېخىمۇ مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخىي كىتابلاردا سۈيئاپ شەھىرى ھەققىدە نۇرغۇنلىغان خاتىرىلەر بولۇپلا قالماستىن بەلكى بۇ، ئەرەپ ۋە باشقا ئەللەرنىڭ كىتابلىرىدىمۇ تەكرارلىنىپ تىلغا ئېلىنغان. شۇڭا، سۈيئاپ شەھىرى تاڭ دەۋرىدىكى شائىرلارنىڭ مەدھىيىلەيدىغان تېمىسى بولۇپ قالغان.

بۇ يايلاق يىپەك يولى تاڭ سۇلالىسى تارىخى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر دۇنيا تارىخىدا شانلىق ئورۇن ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭدەك يايلاقتىكى ۋە غەربىي رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى بېيىتتى. شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ «سودىگەرلەر ھەققىدە» دېگەن بابىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ئەي بىلىملىك سېخى كىشى، جاھاننىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ يىپەك ماللىرى كارۋانلاردا بولىدۇ. كىدان كارۋانلىرىنىڭ تۇزاقى بۇزۇلسا، بۇ تۈمەن خىل تاۋار ـ دۇردۇن قايەردىن كېلەتتى» ①

① «قۇتادغۇبىلىك» 4424 ـ ۋە 4426 ـ بەتلەر

خەن دەۋرىدىن تاڭ دەۋرىگىچە بولغان يايلاق يىپەك يولى يۇقۇرىدا ئېيتىلغان تيانشان ۋە ئالتاي تېغىدىن ئۆتىدىغان ئىككى چوڭ يىپەك يولىدىن باشقا يەنە بايقال كۆلى جەنۇبىدىن غەربكە قاراپ يەنسەي دەرياسى، ئوب دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىمى يەنى تاندۇ — ئورانقاي قاتارلىق يەرلەرنى بويلاپ، ئالتاي تېغىنىڭ شىمالىنى ئايلىنىپ توپ - توغرى زايسان كولىنىڭ ئورمانلىقىغا بارىدىغان چوڭ يول بار. بۇ يول مۇشۇ يەردىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ سەمەرقەند ۋە ماۋرائۇننەھرگە يېتىپ بارىدۇ. بۇمۇ شىمالى تەرەپتىكى يايلاق مىللەتلىرىنىڭ ماڭىدىغان يىپەك يولى بولۇپ قالغان. چاڭئەندىن شىمالغا قاراپ يايلاقتىن ئۆتىدىغان چوڭ يول، تاڭ خاندانلىقىغا كەلگەندە تەڭرى قاغان يولى بولۇپ شەكىللىنىپ، موڭغۇل چۆلىنىڭ شىمالىدىكى ھەر قايسى كوچمەن قەبىلىلەرگە جۇملىدىن بايقال كۆلىنىڭ ئەتراپىغا ھەمدە غەربكە قاراپ زايسان كولىنىڭ شىمالىدىكى كەڭ رايونلارغا يېتىپ باراتتى، بۇ يول ئارقىلىق شىمالغا يىپەك ۋە ئاشلىقلار توشۇلسا، جەنۇبقا ۋاغىدەك دوۋ - دوۋە يوڭ توقۇلمىلار ۋە قىممەتلىك موي - تېرىلەر توشۇلاتتى. چۈنكى، يايلاقتىكى مىللەتلەر ھەر دەۋردىكى خاندانلىقلارغا يايلاق ۋە ئورمانلىقتىن كەلتۈرۈلگەن تۈرلۈك موي - تېرىلەر بىلەن باج - خىراج تۆلەيتتى. جەنۇبتىن شىمالغا يەنە شىمالدىن جەنۇبقا ۋە غەربتىن شەرققە يەنە شەرقتىن غەربكە قاتنايدىغان بۇ يايلاق يولى ھەم يىپەك يولى ھەم موي - تېرە يولى ئىدى. مەملىكىتىمىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن چوڭ ئائىلىسىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونلىرى يىپەك، ئاشلىق بىلەن شىمال تەرەپتىكى كوچمەن مىللەتلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ جاپا ئەمگىكى بىلەن ياراتقان تۈرلۈك چارۋا ماللار ۋە موي - تېرىلەر بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنى تەمىنلەپ كەلگەن. شۇنداق قىلىپ مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇشى بېيىغان ۋە راۋاجلانغان، بۇنى ئالاھىدە مەدھىلەشكە ئەرزىيدۇ.

## 4 — يىپەككە ئالاقىدار خەلقارا مۇناسىۋەت ۋە ئورۇنلار

جىياڭ چيەن ئىككىنچى قېتىم غەربىي رايونغا كەلگەندە، «نىمە ئۈچۈن تۈرغۇن مىقداردا ۋە ئالتۇن، پۇل، يىپەك رەخت ئېلىپ كەلدى»[15] مەلۇمكى، جاڭ چيەن بىرىنچى قېتىم ئوتتۇرا ئاسىياغا ئەلچى بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەرب ئەللىرىنىڭ يىپەك رەختكە ئىنتىزار ئىكەنلىكىنى ۋە خەلقار سودىمۇ بۇنىڭغا موھتاج ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن، شۇڭا بۇ ئىككىنچى قېتىم كەلگەندە، نۇرغۇن مىقداردا ئالتۇن ۋە يىپەك رەختلەرنى ئېلىپ كەلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن «فۇجىزىمۇ غەربىي رايونغا كەلگەندە ۋە ئالتۇن، كىمخاپ ۋە يىپەك كەشتىلەر ئېلىپ كېلىپ، بىر قانچە ئەللەرگە سوغا قىلغان»[16] ئەگەر يىپەك رەختلەر غەربىي رايون خەلقلىرى ئۈچۈن ئەتىۋارلىق بويۇم بولمىغان بولسا ئىدى، سوغاتلىق ئۈچۈن ئۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلمىگەن بولاتتى. دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەل خەلقلىرى يىپەك رەختتىن تىكىلگەن كىيىملەرنى ھەم چىرايلىق

ھەم چىداملىق دەپ بىلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن يىپەك مال دۇنيا بازىرىدا سېتىلىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ، مىقدارى ئەڭ كۆپ تاۋار بولۇپ قالغان. سودىگەرلەر بۇ تىجارەتتىن كۆپلەپ پايدا ئالغانلىقى ئۈچۈن تېخىمۇ زور پايدا قوغلىشىپ، بۇ خىل تىجارەتنى مونوپولىيە قىلىش يولىدا رىقابەتلەشكەن.

ئارشاكىيلار، ئۇلۇغ ياۋچىلار، سوغدىلار سودا-تىجارەتكە ماھىر مىللەتلەر ئىدى. خۇسۇسەن ئارشاكىيت سودىگەرلىرى، يىپەك سودىسىنى مونوپولىيە قىلىۋېلىش ئۈچۈن خەن خاندانلىقىنىڭ رىم بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە قىلىشىنى ئەزەلدىن ياقتۇرماتتى. شۇڭا، رىم ئىمپېرىيىسى «خەن خاندانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتمەكچى» بولغاندا، ئارشاكىيلار توسقۇنلۇق قىلىپ «ئارىدا تۇرۇپ ئۆتكەزمەيتتى»، خەن خاندانلىقىمۇ ھەمىشە «رىمغا ئەلچى ئەۋەتىش» كويىدا بولسىمۇ، لېكىن بىۋاسىتە ئالاقە ئورنىتالمىغان ئىدى، كېيىنكى خەن خاندانلىقى دەۋرىدە بەنچاۋ گەنيىڭنى ئەلچى قىلىپ، رىمغا ئەۋەتكەن، بۇ ئەلچى پارس قولتۇقىغا يېتىپ كەلگەندە، ئارشاكىيلار توسقۇنلۇق قىلىپ، ئۇنى دېڭىزدا بوران-دولقۇن قاتتىق، دەپ ئالداپ بىر نەچچە يىل تۇرغۇزۇپ قويغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يېنىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. روشەنكى، ئارشاكىت سودىگەرلىرى يىپەك سودىسىنى مونوپولىيە قىلىپ، كۆپلەپ پايدا ئېلىش ئۈچۈن ئەشۇ يالغان سۆزنى ياساپ چىققان.

قەدىم زاماندىكى يىپەك سودىسىدا مونوپولىيە قىلىش بىلەن مونوپولىيە قىلىشقا قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئىنتايىن كەسكىن بولغان. پىرسىيە ياۋروپا، ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى مۇھىم قاتناش يولى ئۈستىگە جايلاشقان. ئوتتۇرا ئاسىياغا توپلانغان يىپەك رەختلەرنىڭ غەربكە توشۇلۇشى ئۈچۈن ئەڭ يېقىن، ئەڭ ئاسان يول پىرسىيىدىن ئۆتىدىغان يول ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خەندىن تاڭ دەۋرىگىچە بولغان پىرسىيىدىن ئۆتىدىغان بۇ يىپەك يولىنى شەرقلىقلەر بىلەن غەربلىكلەر قاتتىق تالاشقان، ھەتتا مۇشۇ يول ئۈچۈن كۆپ قېتىم ئۇرۇش يۈز بەرگەن، مىلادى 2 ئەسىردە ئارشاكىيلار ئىمپېرىيىسى يەفرات دەرياسى ئەتراپىدا رىم ئىمپېرىيىسى بىلەن ئۇزاق ۋاقىت ئۇرۇشقان.

ياۋروپا، ئاسىيا ئوتتۇرىسىدىكى سودا بەزى چاغدا توسقۇنلۇققا ئۇچرىغانلىقتىن، شەرقىي رىملىقلار پارتىيىنىڭ شىمالىدا كاسپى دېڭىزى ۋە شور دېڭىزنىڭ شىمالى ساھىللىرىدىن ئايلىنىپ تۈپ-توغرى جۇڭگوغا بارىدىغان بىر قۇرۇقلۇق يولى ئاچماقچى بولغان، لېكىن شىمالى يايلاقتىكى چارۋىچى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پاراكەندىچىلىك تۈپەيلىدىن ئاچالمىغان. ئېنىقلىشلارغا قارىغاندا، شەرقىي رىملىقلار يىپەك/دەللاللىرىدىن كېلىدىغان زىياندىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن جۇستىنىن تەختتىكى چاغدا، ئۆزلىرى پىلە باققان. 568 - يىلى، جۇستىنىن 2 - پىلە بېقىش ھۈنىرىنى تۈرك ئەلچىلىرىگە كۆرسەتكەن.⑰ بۇنىڭدىن شەرقىي رىم ھۆكۈمرانلىرىنىڭ يىپەكچىلىككە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى تولۇق كۆرگىلى بولىدۇ.

سوغدىلار قەدىمدىن تارتىپ سودا-تىجارەتنى ئاساس قىلىدىغان مىللەت بولۇپ، قۇرۇقلۇق يولىدىن يايلاق يوللىرىغىچە ئۇلارنىڭ قەدىمى يەتمىگەن جاي قالمىغان، ئۇلارنى يىپەك يول-

دىكى ئاساسى كارۋان دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

غەربىي تۈركلەر ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىگىلىگەندىن كېيىن، كىمخاپ، تاۋار - دۇردۇن سودىسى بىلەن مەخسۇس شۇغۇللىنىپ كەلگەن سوغدىيانلار تۈرك هوكۇمرانلىرىنى يىپەك سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىشقا كۈچلۈك دەۋەت قىلغان. ئۇلار ماقۇل بولغاندىن كېيىن، يەنى مىلادى 568 - يىلىدىن بۇرۇن سەمەرقەنتلىك — Maniach دېگەن بىر ئەلچىنى پېرسىيە پادىشاسى Anuschiruna knosro غا ئەۋەتىپ، بۇنىڭ تەۋەسىدىكى جايلاردا يىپەك سودىسى قىلىشقا رۇخسەت قىلىشىنى تەلەپ قىلغان، ئۇ، بۇنى رەت قىلغان ۋە ئۇزىگە سوغات قىلىنغان يىپەك تاۋارلارنىمۇ كۆپچىلىك ئالدىدا كويدۇرۇپ تاشلاپ، تۈركنىڭ يىپەك توقۇلمىلىرىنى قەتئىي ئالماسلىقنى بىلدۈرگەن. كېيىن تۈرك قاغانى يەنە ئەلچىلەر ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى پېرسىيە تەرىپىدىن ئوغا بېرىپ ئۆلتۈرۈلگەن، 3 - 4 كىشىلا ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان. پېرسىيىلىكلەر پېرسىيىنىڭ هاۋاسى تۈركلەرگە خىل كەلمەيدۇ، دەپ ئىغۋا تارقاتقانلىقتىن ئۇلار ئىككىنچى كەلمىگەن⑱.

پېرسىيىدىن ئوتىدىغان يىپەك يولى توسۇپ قويۇلغانلىقتىن سوغدى سودىگەرلىرى غەربىي تۈرك قاغانىنى شەرقىي رىمغا ئەلچى ئەۋەتىپ، داۋاملىق يىپەك رەخت سودىسى قىلىشقا كۈندۈرگەن. قاغان Maniach نى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن، بۇ ئەلچى ئوتتۇرا ئاسىيادىن كاۋكازىيە ئارقىلىق غەربكە يۈرۈپ 567 - يىلىنىڭ ئاخىرىسىدا شەرقىي رىم پايتەختىگە يېتىپ بېرىپ، ئۇلارنى غەربىي تۈركلەر بىلەن بىۋاستە يىپەك سودىسى قىلىشقا كۈندۈرگەن. شەرقىي رىممۇ تەكلىپكە جاۋابەن 568 - يىلى دەرهال ilicie لىق Zemarque نى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن، غەربىي تۈرك ئەلچىسى قايتقاندا، پېرسىيىنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالىدىكى يول ئارقىلىق ئايلىنىپ قايتىشقا مەجبۇر بولغان. كېيىن غەربىي تۈرك بىلەن شەرقىي رىم ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر نەچچە قېتىم ئەلچى ئەۋەتىش ئىشلىرى بولغان. 567 - يىلى تۈركلەر شەرقىي رىمنى پېرسىيىگە هۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتكەن. شەرقىي رىم بىلەن پېرسىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش 571 - يىلدىن 590 - يىلغىچە 20 يىل داۋام قىلغان، تۈركلەرنىڭ كۆپ تەرەپلىمە كۈشكۈرتىشى بۇنىڭ مۇهىم سەۋەبلىرىدىن بىرى بولسىمۇ، لېكىن ئەڭ ئاساسى سەۋەبى، يىپەك سودىسىنىڭ مونوپولىيە هوقۇقىنى تالىشىشتىن ئىبارەت ئىدى. مىلادىنىڭ 588 - ۋە 589 - يىللىرى تۈركلەر بىلەن شەرقىي رىملىقلار بىرلىشىپ ئەسكەر چىقىرىپ پېرسىيىگە ئىككى تەرەپتىن هۇجۇم قىلغان. تۈركلەرنىڭ ئالى قاغانى 3Schba يۈزمىڭ ئەسكەر باشلاپ شىمالدىن هۇجۇم قىلغان، شەرقىي رىم پادىشاسى سۈرىيە قوماندىغا ئەسكەر كىرگۈزگەن. مىلادى 627 - يىلى 10 - ئايدا غەربىي تۈركلەر بىلەن شەرقىي رىم بىرلەشمە قوشۇن تەشكىل قىلىپ، پېرسىيىگە هوجوم قىلىپ كىردى. كېيىن تۈرك ئەسكەرلىرى پېرسىيىنىڭ قىش پەسلىدىكى هاۋاسىغا كونەلمەي قايتىپ كەتكەن. پېرسىيە Kavdh بىلەن رىم HeracliuS سۈلهلىشىپ يارىشىپ قالغان.

بۇ تارىخىي پاكىتتىن شۇنىسى مەلۇمكى، يىپەك رەخت سودىسىنى مونوپولىيە قىلىپ، زور پايدا ئېلىش ئۈچۈن، غەربىي تۈركلەر ۋە شەرقىي رىملىقلار پېرسىيە بىلەن نۇرغۇن قېتىم ئۇرۇش

قىلغان، بۇنىڭدىن يىپەك رەختلەرنىڭ يول ئۈستىدىكى ئەللەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىشلىرى-
غا نەقەدەر زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز يىپەك كەشىپ قىلىش بىلەن دۇنيا خەلقىگە ئۇلۇغ تۆھپىلەر قوشقان ۋە
تېلىمىز ئۈچۈن شان-شەرەپلەر قازانغان. يىپەك يولى شەرق بىلەن غەربنىڭ ئىقتىسادىي ۋە
مەدەنىيىتىنىڭ ئالمىشىشىنى زور دەرىجىدە ئالغا سۈرگەن. 4نى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ
ئۇلۇغ دەۋردە بىز پارتىيە رەھبەرلىكىدە ۋەتىنىمىز ئۈچۈن ۋە دۇنيا خەلقى ئۈچۈن تېخىمۇ
زور تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

ئىزاھلار:

① كىرس ۋورس: «رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ سودا يولى ۋە سودىسى» 109 — 262-
بەتلەر.

② ي.ۋ ئول ۋە كوردىيېر: «شەرققە قىلىنغان سەپەر خاتىرىسى» 200-بەت.

⑨ خۇدسون: «ياۋروپا ۋە جۇڭگو» 68-بەت.

④ فۇيۇش: «قەدىمقى زامان تېخنىكا تەرەققىيات تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات»
4-توم، 54-بەت.

⑤ قولىيازمىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانغان.

⑥ «شىنجاڭ تارىخىي يادىكارلىقلىرى»

⑦ 7-8-10-بۇ 3 نەقىل «خەن سۇلالىسى تارىخى» 94-جىلد «ھونلار تەزكىرىسى»گە قارالسۇن.

⑨ «تارىخنامە» 110-جىلد «ھونلار تەزكىرىسى».

⑪ «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» 1957-يىل 2-سان.

⑫ «جالاسىيە توپلىمى» 6-جىلد

⑬ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە تېپىلغان مەدەنىي يادىكارلىقلار بىرىنچى
توپلام» 115-بەتكە قارالسۇن.

⑭ «خەن سۇلالىسى تارىخى» 61-جىلد.

⑮ «خەن سۇلالىسى تارىخى» 70-جىلد.

⑩ 17-ساۋەن بازغان، فېڭ چېڭجۈن تەرجىمە قىلغان: «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر
ماتېرىياللار» 1958-يىل، جۇڭخۇا كىتابخانا نەشرى، 208-210-بەتلەرگە
قارالسۇن.

# قازاقلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشى ھەققىدە

جاقىپ مىرزاقان

## كىرىش سۆز

قازاقلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشى ھەققىدە، ھازىرغىچە ھەر خىل كۆز قاراشلار بايان قىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا بەزى تارىخچىلار قازاقلار بىلەن موڭغۇللارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى ئارىلاشتۇرۇپ، تۇمانلىق كۆز قاراشلارنى تەرىپلەپ، قازاقلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى چىڭگىزخانغا باغلاپ، ھەتتا ئۇنىڭدىن نېرىراق بېرىپ ئالاچە خانغا باغلاپ ھەل قىلماقچى بولدى.

ئازادلىقتىن بۇرۇن، گومىنداڭ جاڭ جيېشى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى، جۇڭگودا نەچچە ئونلىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىش كويىدا بولدى. شۇ مەزگىللەردە شىنجاڭدا بەزى ئادەملەر، 6 - 8 - ئەسىرلەردە تۈرك قەبىلىلىرى قۇرغان تۈرك خانلىقلىرى دەۋرىنى زورمۇ - زور سۆرەپ ئەكىلىپ، ھازىرقى ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، قىرغىز تاتارلىق مىللەتلەرنى بىرلا «تۈرك» مىللىتى دەپ چۈشەندۈرمەكچى بولدى.

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، قازاقلار ئارىسىدا بەزىبىر «مۇسۇلمان شەجەرىلىرى» تارقالغان بولۇپ، ئۇلار قازاقلار ئارىسىدا بۇرۇندىن تارىلىپ، ساقلىنىپ كەلگەن شەجەرىلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ، قازاقلارنى مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادىدىن (ياكى ئەرەپلەردىن) تارقالغان دېگەن بىمەنە ئۇقۇمنەزەرلەرنى بازارغا سالدى. بۇ خىل مۇسۇلمان شەجەرىلىرىنىڭ قالدۇقلىرى خەلق ئىچىدە ھېلىمۇ ساقلىنىۋاتىدۇ.

بەزىبىر تارىخچىلار گويا قازاقلار ئاسماندىن چۈشكەندەك، تۇيۇقسىزلا، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدىلا پەيدا بولغاندەك ھېس قىلىشىدۇ. ئۇلار قانداقتۇر قازاقلار «قازاق» نامى بىلەن بىرلەشكەن دەۋرىدىلا پەيدا بولغان، ياكى بولمىسا ئۆزبېك خانلىقىدىن بۆلۈنۈپ چىققاندىن كېيىن پەيدا بولغان، دەپ ئىزاھلاش بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدۇ.

جۇڭگو ۋە چەتئەل تارىخچىلىرى قازاق خەلقىنىڭ تارىخىنى ئىلمىي پوزىتسىيىدە تۇرۇپ تەتقىق قىلىشقا باشلىغاندىن بۇيان، ئەسلىدىكى بەزى خاتا يەكۈنلەرنىڭ ئورنىنى، توغرا ئىلمىي

يەكۈنلەرنىڭ ئەگەللىدى ۋە ئىگەللەۋاتىدۇ. قازاق خەلقىمۇ بىر مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشتە مەملىكىتىمىزدىكى ۋە دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش ئىنتايىن ئۇزاق تارىخىي جەريانلارنى بېسىپ ئۆتكەن.

يولداش ستالىن ئۆزىنىڭ «ماركسىزم ۋە مىللەت مەسىلىسى» دېگەن ئەسىرىدە: «مىللەت — ھەممىدىن بۇرۇن، بىرلىك، ئادەملەرنىڭ مەلۇم بىرلىكى»، «......ئادەملەرنىڭ ئىرقىي ۋە قەبىلە - لىك بىرلىكى ئەمەس، بەلكى تارىخىي يوسۇندا تەشكىل بولغان بىرلىك»، «دېمەك، مىللەت - كىشىلەرنىڭ تەسادىپىي ۋە قىسقا ۋاقىتلىق بىخىندىسى ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ مۇستەھكەم بىرلىكى»① دەپ كۆرسەتتى.

قازاقلارنىڭ ئۆزى بىلەن چېگرىداش مىللەتلەرگە ۋە مەدەنىيەتلىك خوشنىلىرىغا «قازاق» دېگەن بۇ نام بىلەن تونۇلغىنىغا بىر نەچچىلا ئەسىر (كۆپ بولغاندا ئون ئەسىر ئەتراپىدا) بولغىنى راس. لېكىن بۇ مەسىلە قازاقلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرۈشكە ھېچقانداق دەخلى يەتكۈزەلمەيدۇ. چۈنكى قازاق خەلقى تاكى ھازىرغىچە ئۆز ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ۋە قەدىمقى زاماندىلا تونۇلغان قەبىلە ناملىرىنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. «يوقۇلۇپ كەتتى» دېيىلىپ يۈرگەن بەزى قەدىمىي قەبىلە ۋە قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ ناملىرى ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇنداق پايدىلىق شارائىت يازما مەنبەلەر، ئارخېولوگىك تەتقىقات ۋە ئىجتىمائىي تەكشۈرۈشلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈلسە، ئۇنىڭدىن توغرا ئىلمىي يەكۈن چىقىرىش تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.

تۆۋەندە مەن ئاساسەن قازاق خەلقىنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە مۇناسىۋەتلىك قەدىمىي قەبىلىلەر، مىللەتلەر توغرىسىدا ۋە قازاقنىڭ بىر پۈتۈن مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشى ھەققىدىكى مەلۇماتلار ئۈستىدە توختىلىمەن.

## 1. قازاقلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە مۇناسىۋەتلىك قەدىمقى مىللەتلەر ۋە قەبىلىلەر

مەملىكىتىمىزدىكى قازاق مىللىتى ئاساسەن شىمالىي شىنجاڭ رايونىغا ئولتۇراقلاشقان. ئومۇمىي نوپۇسى 800 مىڭ ئەتراپىدا. ئۇ مەملىكىتىمىزدىكى قېرىنداش مىللەتلەر ئارىسىدا چېگرا ئاتلىغان مىللەت قاتارىغا كىرىدۇ. قازاق مىللىتىنىڭ ئەڭ كۆپچىلىكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا، ئاز بىر قىسمى تاشقى موڭغۇلىيىگە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، قازاق خەلقى جۇڭگو، سوۋېت، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ مەملىكەتنىڭ چېگرا رايونلىرىدا ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ يازلىق يايلاقلىرى ۋە قىشلاقلىرى (قىش كۈنلىرىدىكى ئوتلاقلار) ئۆز ئارا تۇتىشىپ كەتكەن.

① «ستالىن ئەسەرلىرى» 2 - توم، قازاقچە نەشرى، 434 - 435 - بەتلەر، 1950 - يىل ئالمۇتا نەشرى.

ھازىر قازاق خەلقىنىڭ ئولتۇراقلاشقان جايلىرى شەرقتە ئالتاي، تارباغاتاي، تيانشاندىن باشلىنىپ، غەرپتە كاسپىي دېڭىزىغىچە سوزۇلغان، بۇ بىپايان زېمىندا، قەدىمقى زامانلاردا نۇرغۇنلىغان كوچمەن قەبىلىلەر، قەبىلە ئىتتىپاقلىرى ياشىغان بولۇپ، بۇ قەدىمقى مىللەتلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ ناملىرى ئوز زامانىدا مىلادىدىن بۇرۇنلا ئوزىگە خوشنا بولغان يېزىقى بار مەدەنىيەتلىك مىللەتلەر ۋە مەملىكەتلەرنىڭ تارىخىي خاتىرىلىرىدىن ئورۇن ئالغان.

مەسىلەن: ساقلار، ھونلار، ئۇيسۇنلار، قاڭقىلىلار، ئالانلار (ئالانتا) ۋە باشقىلار.

بەزىلىرى بولسا مىلادىدىن كېيىن تارىخىي خاتىرىلەردىن تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە بولدى. مەسىلەن: تۈركلەر، تۈركەشلەر، قارلۇقلار، قىيماقلار، قىپچاقلار، كېرەيلەر، نايمانلار، جالايىرلار، مەركىتلەر، قوڭغۇراتلار، ئارغىنلار، دوغلاتلار، ئالچىنلار ۋە باشقىلار.

يۇقۇرىدا نامى ئاتالغان قەدىمقى زامان ۋە ئوتتۇرا ئەسىردە ياشىغان بۇ قەبىلىلەر ۋە قەدىمقى مىللەتلەرنىڭ، شۇ زامانلاردا كۈچلۈك قەبىلە ئىتتىپاقلىرى ۋە ياكى كوچمەن خان ئوردىلىرى بولغان قەدىمقى دۆلەت ئورگانلىرى بار ئىدى. ھونلار، ئۇيسۇنلار، قاڭقىلىلار، تۈركلەر، قارلۇقلار، نايمانلار، كېرەيلەر مانا مۇشۇ قاتاردىن ئورۇن ئالغان. بۇ قەدىمقى مىللەتلەر ۋە قەبىلىلەرنىڭ كوپچىلىكى كوچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. دەريا بويلىرىدا ئولتۇراقلاشقانلىرى بۇغداي، ئارپا، تېرىق قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىيتتى. قول ھۈنەرۋەنچىلىكى خېلىلا تەرەققىي قىلغان ئىدى. خوشنا قەبىلىلەر ۋە قەبىلە ئىتتىپاقلىرى ئارىسىدا، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مۇناسىۋەتلىرى خېلى قويۇق ئىدى. ھەر خىل تارىخىي سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن، ئۇلار بەزىدە ئىتتىپاقلىشىپ ئورتاق دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇراتتى، بەزىدە ئوز ئارا ئورۇش - تالاشلارمۇ قىلاتتى. لېكىن ئۇلار ئوزلىرىگە خوشنا بولغان باشقا قەدىمقى دۆلەتلەر بىلەن نورمال مۇناسىۋەت ساقلاشنى ئۇنتۇمايتتى.

پىرسىيە ۋە گىرېتسىيە مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، مىلادىدىن بۇرۇنقى 7 - 6- ئەسىرلەردە ھازىرقى سوۋېت قازاقىستانى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تېررىتورىيىسىدە «ساقلار» (ئاسىيالىق ئىسكىپلەر) دېگەن خەلق ياشىغان. ئۇلار شۇ دەۋرنىڭ ئوزىدىلا قەبىلە ئىتتىپاقلىرىغا بىرلەشكەن بولۇپ، ئاساسەن كوچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئات ۋە قوي ئوستۇرۇشنى ئاساس قىلاتتى.

قەدىمقى گىرېتسىيە تارىخچىسى ئىستراپون بۇ كوچمەنلەرنى «ئاسىيالىق ئىسكىپلەر» دەپ ئاتاپ «ھەر خەلقنىڭ ئوزىگە خاس ئايرىم ئىسمى بار» دەيدۇ.① [ساق قەبىلىلىرىنىڭ ئارال دېڭىزىنىڭ جەنۇبى ۋە شەرقىي جەنۇبىدىكىلىرى ماساگېت ۋە ياكسارت دەپ ئاتالغان؛ چۇ ۋە تالاس دەريالىرىنىڭ ئارىلىقىدا،

① «سوۋېت قازاغىستان س. س. ر تارىخى» 1 - توم، 1957 - يىل ئالموتا، قازاقچە نەشرى، 34 - بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

قىرغىز ئالا تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدە ئاسكاتاگ قەبىلىلىرى جايلاشقان؛ چۇ، ئىلى دەريالىرى-نىڭ ۋادىلىرىدىن تاكى تارباغاتايغا يەتكىچە بولغان ئارىلىقتا يەندۇنلار ۋە ئاسيەلەر ماكانلاشقان. ئورال دەريالىرى ۋادىلىرىدا سارماتلار، كاسپىي دېڭىزى ياقىسىدا بولسا، كاسپىيلار ياشىغان. ساق قەبىلىلىرىنىڭ شىمالدىكىلىرى تۈرك تىلىدا، جەنۇبتىكىلىرى پارس تىلىدا سۆزلىشەتتى.

قازاقلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە مۇناسىۋەتلىك قەدىمىي خەلقلەرنىڭ بىرى — ھۇنلار. بۇ خەلق ئۆز زامانىسىدا ئېلىمىزنىڭ شىمالىدىن غەربكە قاراپ سوزۇلغان بىپايان كەڭ زېمىندا ياشىغان، جەنۇبىي چېگرىسى موڭغۇل چۆللىكىچە، غەربىي چېگرىسى تيانشاننىڭ شىمالى باغرىلىرىغىچە يېتەتتى.

ھۇن دېگەن بۇ نام ئېلىمىزنىڭ تارىخىي خاتىرىلىرىدە ئەڭ دەسلەپ جەنگو دەۋرىدە (مىلادىدىن بۇرۇنقى 475 - 221 - يىللاردا) پەيدا بولغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى 221 - 207 - يىللاردا چىن شىخۇاڭ جۇڭگونى بىر مەركەزگە قاراشلىق دۆلەت قىلىپ بىرلەشتۈرگەن مەزگىلدە، ھۇنلار تېخى كۈچەيمىگەن ئىدى. شەرق تەرىپىدىكى تۇڭخۇلار، غەرب تەرىپىدىكى چوڭ ياۋچىلار (大月氏) داۋاملىق ئۇلارنى بوزەك قىلاتتى.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 209 - يىلى (چىن سۇلالىسى ئەرشى خانلىقىنىڭ تۇنجى يىلى) ھۇنلارغا مودۇن ناملىق ئادەم تەڭرىقۇت بولدى. شۇچاغدىن باشلاپ ھۇنلار ناھايىتى تېزلىكتە كۈچىيىپ، شەرقتە تۇڭخۇلارنى، غەربتە ياۋچىلارنى مەغلۇپ قىلدى، جەنۇبتا ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونلىرىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى.

بەزى بىر تارىخىي مەلۇماتلاردا، ھۇنلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۆز ئەتراپىدىكى ئوتتۇز نەچچە كوچمەن ۋە ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قەبىلىلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغان، دېيىلىدۇ. ھۇنلار ئۆز زامانىسىدا يىگىرمە تۆت چوڭ قەبىلىدىن تەركىب تاپقانلىقى، شىمالىي ھۇنلار ۋە جەنۇبىي ھۇنلار دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەنلىكى، ھەرقايسى چوڭ قەبىلىلەرنى يۇرت موتىۋەرلىرى باشقۇرغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇمات بىر قەدەر ئىشەنچلىكتۇر.

ھۇن ئاقسۆڭەكلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان بۇ قۇدرەتلىك كوچمەن دۆلەتنىڭ ھەربىي كاتتىۋاشلىرىنىڭ ھەر بىرىنىڭ قول ئاستىدا ئون مىڭدىن ئاتلىق ئەسكىرى بار ئىدى. دۆلەت مەركىزى جەنۇبىي موڭغۇل يايلىقىدا ئىدى. غەربىي خەن خاندانلىقى بىلەن بولغان ئۇرۇشلار، ئۆزىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۆلۈنۈشلەر، ۋە تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن، ھۇنلار مىلادىدىن بۇرۇنقى 1 - ئەسىردە ئىنتايىن تېزلىكتە ئاجىزلىدى ۋە غەربكە قاراپ يۆتكىلىشكە باشلىدى. كوچكەنلەر ھازىرقى سوۋېت قازاقىستان تېررىتورىيىسىدىكى ئەسىر ئەتراپىدا ماكانلاشقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى بۇ ماكانلىرىدا قالدۇرۇپ، يەنە بىر قىسمى ۋولگا بىلەن دون دەريالىرىنىڭ ئارىلىقىغا كۆچۈپ باردى. مىلادىدىن كېيىن 4 - ئەسىرە، ھۇنلارنىڭ غەربكە (ياۋروپا)غا كەلگەن بۇ بىر قىسمى ۋېنگرىيە، بۇلغارىيە تېررىتورىيىلىرىگىچە يېتىپ باردى.

ھونلارنىڭ ھازىرقى ئالتاي تاغلىرى ۋە قازاق يايلىقىدا قالغان قىسمى، مېنىڭچە، كېيىنكى چاغلاردا تارىخ سەھىپىسىدىن باشقا ناملار بىلەن ئوروۋن ئالغان بولۇشى كېرەك، يا بولمىسا ئۆزلىرى بىلەن شۇزامانىدا بىللە ياشىغان ئەتراپىدىكى باشقا قەبىلىلەر تەركىۋىگە سىڭىشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن بۇرۇن روسىيىنىڭ ئورىنبۇرگ شەھرىدە چىقىپ تۇرغان «شورا» ژورنىلىنىڭ 1912 - يىل 1 - دېكابىردىكى سانىغا بېسىلغان «بۇرۇنقى تۈركلەرنىڭ تۇرمۇشى» دىگەن ماقالىدا، ھازىرقى قازاق ئوتتۇرا يۈزىدىكى ئارغىن قەبىلىسىنى ھونلار دەپ يازىدۇ. نايمان ۋە قوڭغۇرات قەبىلىلىرى بىر زامانلاردا ئۇنىڭ تەركىۋىدە بولغان، «ئارغىن (ھون) ئۇلۇسى ھەر يەردە باش ۋە يۇقۇرى بولۇپ، يېرىم دۇنياغا ھاكىم بولغان» دەيدۇ. مىسال كەلتۈرگەن پاكىتلىرى ئاز بولسىمۇ، كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى تۈرك موڭغۇل تىپىدىكى قەبىلىلەرنىڭ، قەدىمقى زاماندىكى ھونلار بىلەن مۇناسىۋىتىنىڭ ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ھوكۇمى مېنىڭچە مۇۋاپىقتۇر. ھونلار مىلادىنىڭ 5 - 6 - ئەسىرلىرىدە ئۆز نامىنى تارىخ سەھىپىسىدىن يوقاتقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرىنىڭ يوقىلىپ كەتمىگەنلىكى شۈبھىسىز.

ساقلار ۋە ھونلاردىن كېيىن، چوڭ قەبىلە ئىتتىپاقلىرى سۈپىتىدە تارىخ بېتىدىن ئوروۋن ئالغانلار: ئۇيسۇنلار، قاڭلىلار (كاڭجۇي) ۋە ئالانلار (ئالاننا ۋە يەنسەي).

ئۇيسۇنلار: مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىي خاتىرىلىرىدە يېزىلىشىچە، مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 - 2 - ئەسىرلەردە، غەربىي رايوندىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ خەلق بولۇپ، ئۇلار بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىدا، ئىسسىق كۆل ئەتراپىدا، چۇ دەرياسى ۋە تالاس دەرياسى ۋادىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ زىمىندا ياشايتتى. ئۇيسۇنلارنىڭ 120 مىڭ ئائىلە، 630 مىڭ نوپۇسلۇق خەلقى بار ئىدى.

ئۇيسۇن پادىشاسى كۈنمۇ (كۈنبى) دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ، پۈتۈن قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ ئۇلۇق بېگى بولۇپ، ئۇنىڭغا قاراشلىق قەبىلىلەردە قەبىلە بەگلىرى بولاتتى. ئۇيسۇن كۈنمۇسىنىڭ تۇراقلىق دۆلەت باشقۇرۇش ئاپپاراتى بولۇپ «...... ئۆزىگە قاراشلىق خەلقنى ئۆزىنىڭ بالىلىرىغا بۆلۈپ بېرىپ، ھەر قايسىسىغا ئون مىڭدىن ئەسكەر ۋە ئۆز ئالدىغا كۆچۈپ قونۇدىغان زىمىن بېرەتتى»①

مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىي خاتىرىلىرىدە يېزىلىشىچە، «ئۇيسۇنلارنىڭ قەدىمقى ماكانى» دەپ ئاتىلىدىغان يۇقۇرىدىكى يەرلەرگە كېلىپ ئورۇنلىشىشتىن بۇرۇن، ئۇيسۇنلار ۋە ياۋچىلار خەن خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، گەنسۇدىكى خېشى كارىدورى ئەتراپىدا، دۇنخۇاڭ — چىلىيەنشەن تاغلىرى ئارىلىقىدا، جيۇچۈەن ۋە شىنجاڭنىڭ ھازىرقى قۇمۇل ۋىلايىتى جايلاشقان يەرلەردە ياشىغان.

① «سوۋېت قازاقىستان س. س. ر تارىخى» 1 - توم، 1957 - يىل ئالمۇتا، قازاقچە نەشرى، 52 - بەت.

ياۋچىلار ئۆز زامانىسىدا ئۇيسۇنلار بىلەن بىر دەۋردە دەۋر سۈرگەن بولۇپلا قالماستىن، ئۇيسۇنلار بىلەن يېقىن خوشنا ئىدى. ئۇلارمۇ خۇددى ئۇيسۇنلارغا ئوخشاشلا، ئۆز پادىشالىرىنى «كۇنمو» دەپ ئاتاپ، پادىشالىرى تەختتە ئولتۇرغان جايلارنى «كۇنمولى» دەپ ئاتىغان. ھازىرقى شەرقىي شىنجاڭدىكى قۇمۇل ۋىلايىتى (قۇمۇل شەھىرى) نىڭ ئىسمى، شۇ قەدىمقى زاماندىكى «كۇنمولى» دىگەن ئىسىمنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىققان بولسا كېرەك، دىگەن پەرەزلەرمۇ بار......

مىلادىدىن بۇرۇنقى 3-ئەسىردە ھونلار تېخى كۈچەيمىگەن ۋاقىتدا، ياۋچىلار كۈچلۈك قەبىلە ئىتتىپاقى بولغانلىقتىن، ھونلارنى بوزەك قىلاتتى. ھون تەڭرىقۇتى ئۆز زامانىسىدا بالىسىدىن بىرسىنى ياۋچىلار كۇنمۇسىغا بارىمتاي (گورو) قويۇشقا مەجبۇر بولغان. مىلادىدىن كېيىنكى 3-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، ھونلار كۈچىيىپ داۋاملىق تاجاۋۇز قىلدى. نەتىجىدە ياۋچىلار غەرپكە كوچتى. ئۇلاردىن كېيىن، ھونلارنىڭ بېسىمى دەستىدىن ئۇيسۇنلارمۇ غەرپكە كوچۇشكە مەجبۇر بولدى. ئۇيسۇنلار ياۋچىلار بىلەن يايلاق تالىشىپ، ئۇلارنى غەرپكە داۋاملىق كوچۇشكە قىستىدى. بۇ ئۇزاق تارىخىي جەرياندا، ياۋچىلار ئۆزلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئىلى ۋادىسىدا، بالقاش كولى ئەتراپىدا قالدۇرۇپ، داۋاملىق غەرپكە قاراپ سۈرۈلدى. ئىلى ۋادىسىدا ھەمدە بالقاش كولىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىدا قېپقالغان ياۋچىلار كېيىنچە ئاستا-ئاستا ئۇيسۇنلارغا قوشۇلۇپ كەتتى.

بىز قازاق خەلقىنىڭ ئادەتتە ئۇلۇق يۈزنى ئېغىزغا ئالغىنىدا، ئۇيسۇننى ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە چوڭ قەبىلە ھېساپلاپ «ئۇلۇق يۈز ئۇيسۇن» دەپ قوشۇپ ئاتايدىغانلىقىنى ئاڭلايمىز. دىمەك، قەدىمقى زاماندىكى دەسلەپتە خوشنا بولۇپ، كېيىن ئارىلىشىپ ياشىغان چوڭ ياۋچى-ئۇيسۇن قەبىلە ئىتتىپاقلىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقى، ئافغانىستان، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەر ئەسلىدىكى چوڭ ياۋچىلار ماكان تۇتقان يەرلەردە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى ۋە يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئېرىشتى، شۇنىڭ ئۈچۈن بىزمۇ بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات ئىشلىرىمىزنى يەنىمۇ كۈچەيتىشىمىز لازىم، ئەلۋەتتە.

تارىختىكى خەن خاندانلىقى بىلەن ئۇيسۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىنتايىن چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە تارىخىي ۋەقە ھېساپلىنىدۇ. مىلادىدىن بۇرۇنقى 141-يىلى، خەن خاندانلىقىنىڭ تەختىگە خەن ۋۇدى (ئۆز ئىسمى ليۇچې) ئولتۇرغان ئىدى. ئۇ تەختكە ئولتۇرۇپ توت يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مىلادىدىن بۇرۇنقى 138-137-يىللىرى جاڭ چيەننى بىرىنچى قېتىم غەربىي رايونغا ئەۋەتتى. جاڭچيەن بۇ قېتىمقى سەپەردە ھونلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، ئون يىل قاماقتا ئولتۇردى. قاماقتىن بوشاپ چىققاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن پەرغانىگە، ئاندىن قاڭلى (سەمەرقەند) كە، ئۇلۇق ياۋچىلارغا بېرىپ مۇناسىۋەت ئورنىتىپ قايتتى. كوڭۇلدىكىدەك تەكشۈرۈشلەر يۈرگۈزۈپ ئىنتايىن مۇھىم ماتېرىياللار ئېلىپ قايتقانلىقى ئۈچۈن، جاڭچيەنگە «ئابرويلۇق تۆرە»

دىگەن ئۇنۋانىنى بەردى.

خەن ۋۇدىنىڭ جاڭ چيەننى غەربىي رايونغا ئەۋەتىشتىكى ئاساسىي مەقسىتى، غەربىي رايوندىن ئۆزىگە ئىتتىپاقداش كۈچ تېپىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ تۇرۇپ شىمالدىكى ھونلارغا تاقابىل تۇرۇش ئىدى.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 119 - يىلى، خەن ۋۇدى غەربىي رايونغا جاڭ چيەننى ئىككىنچى قېتىم ئەۋەتتى. جاڭ چيەن باشلىغان ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ بۇ قېتىمقى ئاساسىي ۋەزىپىسى ئۇيسۇنلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئىدى. شۇڭا جاڭ چيەن ئۆزى ئۇيسۇنغا باردى، ياردەمچى ئەلچىلەرنى قاڭلى، پەرغانەۋە ياۋچىلارغا ئەۋەتتى.

ئۇيسۇن كۈنمۇسى (ئۇلۇق بېگى) جاڭ چيەننى ياخشى قارشى ئېلىپ، ھۆرمەتلەپ، كۈتە - ۋالغاندىن سىرت، ئۇلارغا ئادەم قوشۇپ يولغا سېلىپ قويدى، ھەمدە غەربىي خەن خاندانلىقىغا ئاتاغلىق «ئۇيسۇن ئاتلىرى»نى تەقدىم قىلىپ، ئۆزىنىڭ قۇدىلىشىش نىيىتى بارلىقىنى بىلدۈر - دى. جاڭ چيەننىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرى خەن خاندانلىقى بىلەن ئۇيسۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە ياخشى ئىز سالدى. لېكىن جاڭ چيەن كۈتكەن مەقسەتلىرىگە دەرھال يېتەلمىدى. چۈنكى، ئۇيسۇن كۈنمۇسى لى جيامىي قېرىپ قالغان، مەملىكىتى ئىچىدە ئىتتىپاقسىزلىق يۈز بەرگەن ئىدى. ئۇ بۇنداق شارائىتتا خەن خاندانلىقى بىلەن يەك يېقىنلاشسا، ھونلارنىڭ ئۆزىدىن يە - راقلىشىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەيتتى.

خەن ۋۇدى ئۇيسۇنلار بىلەن مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئۆز تۇغقانلىرىدىن بولغان جياڭدۇۋاڭى ليۇ جيەننىڭ قىزى شىجۈن مەلىكىنى ئۇيسۇن كۈنمۇسىغا ياتلىق قىلدى. بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولغان ھون تەڭرىقۇتىمۇ جاۋاپ تەرىقىسىدە بىر قىزىنى ئۇيسۇن كۈنمۇسىغا ياتلىق قىلدى.① شىجۈن مەلىكە ئوڭ قول خوتۇن، ھون تەڭرىقۇتىنىڭ قىزى سول قول خوتۇن بولۇپ تۇردى.

بۇ خىل قۇدىلىق مۇناسىۋەت قەدىمقى دەۋردە سىياسىي مەزمۇن ئالغان ئالاھىدە مۇناسى - ۋەت ئىدى. چەت دۆلەت تارىخچىلىرى ئۇيسۇنغا ياتلىق قىلىنغان ھون تەڭرىقۇتىنىڭ قىزى چوڭ خوتۇن؛ خەن خاندانلىقىنىڭ قىزى كىچىك خوتۇن بولۇپ تۇردى دەپ يازىدۇ. خەن خاندانلىقىدا تۇراقلىق شەھەر تۇرمۇشىغا ئۆگەنگەن مەلىكە، كۆچمەن ئۇيسۇنلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىگە ئۆگىنەلمەي: «دۆگىلەك كىگىز ئۆيدە ياشايدىغان ئۇيسۇنلار پادىشاھىغا تۇرمۇشقا چىقتىم. ئۇ گۆش بىلەن سۈتتىن باشقا تائام يېمەيدىكەن»① دەپ مۇڭلۇق شېئىر يازغان.

شىجۈن مەلىكە ئۇيسۇندا ئۇزۇن ياشىماي ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن خەن خان -

---

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى) ئۇيغۇرچە نەشرى، 57 - 59 - بەتلەر.

① بارتولىد «يەتتە سۇنىڭ تارىخى ھەققىدە قىسسە» (ئۇيغۇرچە تەرجىمە قولىيازما نۇسقىسىدىن)

دانلىقى ئۇيسۇن كۈنمۇسىغا جى يۈي مەلىكىنى ياتلىق قىلدى. ئۇ ئۇيسۇن ئېلىدە قىرىق يىل ياشاپ[1] مىلادىدىن بۇرۇنقى 51-يىلى (خەن خاندانلىقى گەنلۇ 3-يىلى) ئىچكى ئۆلكىگە قايتقان. بۇ چاغدا ئۇ، يەتمىش ياشلىق موماي بولغان ئىدى، بۇ ماقالىدا مەن خەن خاندانلىقى بىلەن ئۇيسۇنلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ھونلارغا قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بارغانلىقى توغرىسىدا كۆپ توختالمايمەن.

خەن خاندانلىقى بىلەن ئۇيسۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مىلادى 5-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە داۋاملاشقان ئىدى. "436-يىلى ئۇيسۇنلارغا جۇڭگودىن ئەلچىلەر ئەۋەتىلدى، ئۇيسۇنلارمۇ ھەر يىلى جۇڭگوغا سوۋغا تەقدىم قىلىپ تۇردى. شۇندىن كېيىنلا ئۇيسۇنلارنىڭ نامى تارىختا مۇستەقىل خەلق سۈپىتىدە ئۇچرىمايدىغان بولدى." ①

يۇقۇرىدىكى تارىخي پاكىتلار قەدىمقى مىللەت ھېساپلىنىدىغان ئۇيسۇنلارنىڭ نەچچە ئەسىرگە سوزۇلغان ئۇزاق دەۋرىدە، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل خەلق سۈپىتىدە ھوكۇم سۈرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇڭا، ئۆز زامانىسىدا خەن خاندانلىقى تەرىپىدىن غەربىي رايوندىكى سولى (ھازىرقى قەشقەر) قاتارلىق يەرلەرگە ئەۋەتىلگەن مەنسەپدار بەن چاۋ: "ئۇيسۇن دىگەن چوڭ مەملىكەت، ئەسكىرى يۈزمىڭغا يېتىدۇ، ئۇلارنىڭ كۈنمۇسىغا ۋۇدىنىڭ (خەن ۋۇدى) ئۆز قەبىلىسىدىن (جەمەتىدىن) قىز ياتلىق قىلىشىمۇ ماناشۇ سەۋەپتىندۇر." ② دەپ يازىدۇ.

ئۇيسۇن قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ نامى تاكى ھازىرغىچە قازاق ئۇلۇغ ۋيۈزىنىڭ چوڭ بىر قەبىلىسى سۈپىتىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، ئۇلار يەنىلا قەدىمدە «ئۇيسۇنلارنىڭ كونا ماكانى» دەپ ئاتالغان يەرلەردە ياشاۋاتىدۇ. ئۇيسۇنلارنىڭ قەدىمقى مەركىزى چىگو شەھىرى بولۇپ، ئۇ، ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقى — جەنۇبىي ياقىسىغا، ئاقسۇنىڭ غەربىي شىمالىغا ئورۇنلاشقان. «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» دا بايان قىلىنغان. ئۇيسۇنلارنىڭ چوڭ - كىچىك كۈنمۇلىرى بىر يەرگە يىغىلىشىپ ياراشماق بولغان ئىسسىق كۆلنىڭ جەنۇبىدىكى «قىزىل قورغان» دىگەن شەھەر ئەنە شۇ چىگو شەھىرى بولسا كېرەك.

قازاقلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە مۇناسىۋەتلىك قەدىمقى مىللەتلەرنىڭ يەنە بىرسى — قاڭلى. قاڭلىلار ئۇيسۇنلار بىلەن بىر دەۋردە تارىخ يۈزىدە مەلۇم بولغان قەبىلە ئىتتىپاقى بولۇپ، ئۇيسۇنلار بىلەن يېقىن خوشنا ئىدى. ئۇلار ئۇيسۇنلارنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، ئاسسەن، قاراتاغ بىلەن سىر دەرياسى ئارىلىغىدا ياشايتتى. مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخي خاتىرىلىرىدە يېزىلىشىچە، قاڭلىلارمۇ كۆپ خەلق بولۇپ، ئۇلارنىڭ 120-مىڭچە ئائىلە،

① بارتولىد: «يەتتە سۇنىڭ تارىخى ھەققىدە قىسسە» ئۇيغۇرچە تەرجىمە قول يازما نۇسقىسىدىن.

② «سوۋېت قازاقىستان س.س.ر» 1-توم، 1957-يىل، ئالمۇتا، قازاقچە نەشرى، 53-بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

600 - 630 مىڭچە نوپۇسى بار ئىدى.

خەن خاندانلىقىنىڭ خەلق دي پادىشاسى ۋاقتىدا، قاڭلى پادىشاسى ئۆز ئوغلىنى خەن خاندانلىقىغا ئېۋەتكەن. خەن خاندانلىقىنىڭ غەربىي رايون ئومۇتۇق ھەمراۋۇلىمۇ قاڭلىلارغا ئەلچىلەر ئېۋەتكەن. بۇ چاغلاردا قاڭلى بىر قەدەر كۈچلۈك قەبىلە ئىتتىپاقى بولۇپ، ئۇ بىر تەرەپتىن خەن خاندانلىقى بىلەن ئىناق ئۆتۈشنى كۆزلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيسۇنلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇشنىڭ كويىدا بولغان.

«شەجەرەئى تۈرك» ناملىق تارىخ كىتابىنىڭ ئاپتورى ئەبۇلغازى قەدىمقى زاماندا ئەڭ بالدۇر نامى چىققان تۈرك قەبىلىلىرى قاتارىدا قاڭلىنى ئاتاپ ئۆتىدۇ.

بەزى تارىخىي مەلۇماتلاردا يېزىلىشىچە، ئۇيسۇن يەتتە ئايماق، قاڭلى بەش ئايماقتىن تەركىب تاپقان. ھەر بىر ئايماق ئۈستىدە باش ھۆكۈمرانىنىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرى قويۇلغان. خەن خاندانلىقىنىڭ غەربىي رايونغا ئېۋەتكەن ئەلچىسى جالى چيەننىڭ بىرىنچى قېتىم مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىردە غەربكە قىلغان سەپىرىدە، قاڭلىلارغا بېرىپ قايتىشىنىڭ ئۆزى، بۇ قەبىلىنىڭ شۇ چاغدا كۈچلۈك ئايرىم قەبىلە ئىتتىپاقى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ئىسمى ھازىر قازاق ئۇلۇغ جۈزىنىڭ ئىچىدە، بىر چوڭ قەبىلە نامى سۈپىتىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ھازىرقى قاڭلىلارنىڭ قەدىم زاماندىكى قاڭلىلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى شەك - شۈبھىسىز. ئازدىگەندە، قەدىمقى نامىنى ساقلاپ قالغۇچىلار شۇ قەدىمقى قاڭلىلارنىڭ بىر قىسىم ئەۋلادلىرىدۇر.

ئۇيسۇنلار ۋە قاڭلىلار بىلەن بىر قاتاردا تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالغان قەدىمقى قەبىلىلەرنىڭ بىرى — ئالاتلار (ئالاننا).

بۇ خەلق توغرىسىدا «سوۋېت قازاق س. س. ر تارىخى» دا، جۇڭگونىڭ تارىخىي خاتىرىلىرىدىن ئېلىنغان مۇنداق بىر مەلۇمات بار: «ئالانلار - قاڭلىلارنىڭ غەربىي شىمالىدا، 2000 چاقىرىم ئەتراپىدىكى يەردە ياشايدۇ. بۇ خەلق كۆچمەن، ئادەتتە قاڭلىلارغا ناھايىتى ئوخشايدۇ...... ئەتراپىدا ئېگىز يارلىرى بوق، چوڭ كۆلنىڭ قېشىدىكى ئەل ① (قەبىلە ئىتتىپاقى)». بۇ مەلۇمات ئالانلارنىڭ ئارال دېڭىزىنىڭ غەربىدىكى ھازىرقى غەربىي قازاقستان تېررىتورىيىسىدە ئولتۇراقلاشقان خەلق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇلار قازاق كىچىك جۈزى تەركىبىدىكى يەتتە ئۇرۇق، ئەلىم ئوغلى، باي ئوغلى ۋە باشقا قەبىلىلەرنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى بولۇشى مۇمكىن.

مىلادىنىڭ 2 - 4 - ئەسىرلىرىدە مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدا سايبىلار كۈچەيگەن. شۇ مەزگىلدە موڭغۇل چۆلىنىڭ شىمالىدا كۆچمەن جۇرجانلار كۈچىيىشكە باشلىغان ئىدى.

① «سوۋېت قازاق س. س. ر تارىخى» 1 - توم، 1957 - يىل، ئالموتا، قازاقچە نەشرى، 47 - بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

5 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا، جۇرجان خانلىقى گۇمران بولۇش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان ئىدى. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى، جۇرجانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى كۆچمەنلەر، بولۇپمۇ تۈركلەر بۇ مەزگىلدە كۈچىيىپ ئۇنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان كۈچكە ئايلانغان ئىدى. ئۇ زامانلاردا «تۈرك» دېگەن ئورتاق نام بىلەن تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالغان قەبىلىلەر ھازىرقى تۈركىي تىل ئائىلىسىدىكى مىللەتلەر بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىكتۇر. قەدىمقى تۈرك تىلى قازاقلاردا بىر قەدەر كۆپ ساقلانغانلىقىنى تىلشۇناسلارمۇ ئىسپاتلىماقتا.

تۈركلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدە، مەملىكىتىمىزنىڭ جۇ خاندانلىقى، سۈي خاندانلىقى دەۋرىدىكى تارىخىي خاتىرىلەردە خىلمۇ - خىل ئەپسانىۋى رىۋايەتلەر يېزىپ قالدۇرۇلغان. بۇ رىۋايەتلەردە يېزىلىشىچە، «تۈركلەر ئەسلى ئاسىنا ئاتلىق بىر ئۇرۇقتىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ يىراق ئاتا - بوۋىلىرى بىلەن ھونلار ئوتتۇرىسىدا مەلۇم تۇققانچىلىق مۇناسىۋىتى بولغان».①

«تۈرك» دېگەن بۇ ئاتالغۇ «تۈركىي» دېگەن سۆزدىن چىققان بولۇپ، بۇرۇن ھەربىي مەنسەپدارلار مۇشۇنداق ئاتالغان ئىكەن. كېيىنچە مۇشۇ ھەربىي مەنسەپدارلار تەرىپىدىن بىرلەشتۈرۈلگەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تۈرك تىلىدىكى كۆچمەن قەبىلىلەر تۈركلەر دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان.

تۈركلەر ئۆز ۋاقتىدا، ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا، قوچۇ (تۇرپان) نىڭ غەربىي شىمالىدا ياشىغان. ئۇلارنىڭ دەسلەپكى كۆچىيىش دەۋرىدىكى باشلىقى تۇمەن دېگەن كىشى ئىدى.

تۇمەن باشلىق تۈرك ئاقسۆڭەكلىرى تۈرك تىلىدىكى كۆچمەن قەبىلىلەرنى ئۆزىگە قارىتىپ كۈچىيىۋالغاندىن كېيىن، ئەسلىدە ئۆزلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان جۇرجان خانى ئاناگۇينى 552 - يىلى ئىنتايىن قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، ئۇنى ئاخىرى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى. «تەخمىنەن شۇ يىلى تۇمەن ئۆزىنى ئېلى قاغان دەپ جاكالاپ، خوتۇنىغا «خاتۇن» ئۇنۋانىنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو تارىخىدىكى مەشھۇر كۆك تۈرك خانلىقى رەسمىي قۇرۇلدى...... ئۇنىڭ مەركىزى موڭغۇل يايلىقىدا ئىدى».②

ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربىي ۋە «قەدىمكى ئۇيسۇنلار ماكانى» دىكى كۆچمەن تۈركلەر غەربىي تۈركلەر دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلارنىڭ باشلىقى ئىستەمى تۇمەن قاغاننىڭ ئۇكىسى ئىدى. تۈرك ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنى «تۇغۇر» دەپ ئاتاپ، ئۆزلىرى بېقىندۇرغان قەبىلىلەرنى «تۆمۈرنىڭ دېتى» (قۇلى) دەپ ئاتايتتى. بۇ بەلكىم ئۇلارنىڭ جۇرجان خانلىقى دەۋرىدىكى تۆمۈر تاۋلايدىغان قۇللاردىن چىققانلىقىدىن بولسا كېرەك. تۈركلەر جۇرجانلارنى مەغلۇپ

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى) ئۇيغۇرچە نەشرى، 165 - بەت.

② يۇقىرىقى كىتاب، 168 - بەت. «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى) ئۇيغۇرچە

ئالماپ پۈتۈنلەي ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشتىن بۇرۇن، جۇرجان خانلىقى ھوكۇمرانلىرى تۈرك ئاتسوگەكلىرىنى تۆمۈر تاۋلايدىغان قۇللاردىن چىققان، دەپ مەسخىرە قىلاتتى. ئېكەن ئۇلار ئاخىرى تۈركلەر تەرىپىدىن گۇمران قىلىندى. «داتىمىز تۈرك بولماس، باشىمىز بۆرك (بوك) بولماس» دېگەن تەمسىل ئەنە شۇ دەۋردىن قالغان بولسا كېرەك.

تۇمەن قاغان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى يۈندۈ (تېكىن) ئۆزىنى موقان قاغان دەپ جاكالىغان دەۋردە، كۆك تۈرك خاندانلىقى داۋاملىق كۈچىيىپ، جۇرجانلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى تازىلاپلا قالماستىن، شەرقتە كىدانلارنى (قارا خىتايلارنى)، غەربتە ئېفتالىتلارنى (ئاق ھونلارنى) شىمالدا قىرغىزلارنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى.

كۆك تۈرك خاندانلىقى ئۆز زامانىدا تارىختىكى ھونلاردىن قېلىشمايدىغان كۈچلۈك خاندانلىق ئىدى. 6 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى شەرقتە لياۋ خەي دېڭىزى، غەربتە كاسپىي دېڭىزىغىچە سوزۇلغان يەرلەرنى، جەنۇبتا موڭغۇل چۆلىنىڭ شىمالىدىن تاكى بايقال كۆلىگىچە بولغان بىپايان زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

6 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىغا كەلگەندە (يەنى 581 - يىلى)، تۈرك خانى تۇبو ئۆلگەندىن كېيىن، كۆك تۈرك خاندانلىقى شەرقىي ۋە غەربىي تۈركلەر دەپ ئىككىگە بولۇنۇپ كەتتى.

كۆك تۈرك خاندانلىقىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئەڭ چوڭ نەتىجىسى تۈرك يېزىقىنى ئىجات قىلىپ ئىشلەتكەنلىكى ئىدى. بۇ خىل قەدىمقى تۈرك يېزىقى موڭغۇل يايلىقىدىن، ئېنەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىن ۋە شىنجاڭدىن تېپىلدى. ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدىن تېپىلغان يېزىقنىڭ تارىخى 732 - يىللار بولۇپ، ئېنەي دەرياسى ۋادىسىدىن تېپىلغان يېزىقنىڭ تارىخى ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق دەپ پەرەز قىلىنماقتا.

يېزىقنىڭ بولۇشى شۇ زاماندا تۈركلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن، قەبىلىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرغان. ھازىرقى تۈركىي تىلدىكى مىللەتلەرنىڭ تىل مەنبەسى تۈرك خانلىقى دەۋرىدىكى قەدىمقى تۈرك تىلى ئىكەنلىكى شەك - شۈبھىسىز.

ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرى 11 - ئەسىردە يېزىپ قالدۇرغان «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ئەسىرى تۈركىي تىلدىكى مىللەتلەر ۋە قەبىلىلەر ئارىسىدا ئۇزاق ۋاقىت تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئاساسىدا يېزىلغان بولۇپ، بۇ ئەسەرنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلارنىڭ ئېيتىشىچە، قەدىمقى تۈرك تىلى ھازىرقى زامان قازاق تىلىدىمۇ بىر قەدەر كۆپ ساقلانغان ۋە ئەسەردە يېزىپ قالدۇرۇلغان ماقال - تەمسىللەرنىڭ نۇرغۇنلىرىمۇ قازاق خەلق ماقال - تەمسىللىرىگە ئوخشايدىكەن.

غەربىي تۈرك خانلىرىنىڭ بالىلىرى ۋە تۇغقان جەمەتلىرى تېگىنلار دەپ ئاتىلاتتى، باشقا خەلق ئاممىسى «قارا بودۇن» (قارا خەلق) دەپ ئاتىلاتتى. ھەر بىر قەبىلىنى دارخانلار، قەبىلە ئىتتىپاقلىرىنى بەگلەر باشقۇراتتى، خاننىڭ قېشىدا ھەربىي يۆلەنچۈكى — جاساقلار

بولاتتى. — خاننىڭ قېشىدا ئاساسەن چوڭ چارۋىدارلاردىن تەركىپ تاپقان دارخانلار بىلەن بەگلەر كېڭىشى بولاتتى①.

تارىختا شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا مۇناسىۋەت ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا چوڭ رولى بولغان «يىپەك يولى» مانا مۇشۇ غەربىي تۈركلەرنىڭ زېمىنى ئارقىلىق ئۆتەتتى. غەربىي تۈرك خانى ئەنە شۇ «يىپەك يولى» سودىسىنى كونترول قىلىشتا ئۆزىگە تەدبىرلەر قوللانغان ئىدى.

لېكىن، ئالدى بىلەن قۇدرەتلىك كۆك تۈرك خاقانلىقىنىڭ پارچىلىنىشى، ئاندىن غەربىي تۈرك خاقانلىقىنىڭ پارچىلىنىشى تۈركلەرنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە مۇستەقىل بولۇشىنى تېزلەتتى.

غەربىي تۈرك خانلىقى پارچىلانغاندىن كېيىن، يەيدىن - يەي باش كۆتەرگەن تۈركەشلەر ۋە ئۇلارنىڭ قارا ئورۇقتا مەنسۇپ باشلىقى سۇلۇ نىڭ ھۆكۈمرانلىقىمۇ ئۇزۇنغا بارمىدى. ئورۇش قالايمىقانچىلىقى، ئالۋاڭ - ساپاتلارنىڭ ئېغىرلىقى، قەبىلىلەر ئارا دۈشمەنلىشىش تۈركەش خاقانلىقىنىمۇ گۇمران قىلدى.

تاڭ خاندانلىقى گاۋزۇڭ پادىشاھنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، ئەسلىدىكى شەرقىي تۈرك خاندانلىقىنىڭ ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان كېيىنكى تۈرك خانلىقى، 7 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا خېلى كۈچىيىپ، ئالتاي تاغلىرى ۋە ھازىرقى شەرقىي - شىمالىي شىنجاڭدا بىر مەزگىل دەۋر سۈرگەن بولسىمۇ، 8 - ئەسىرنىڭ بېشىدا تاڭ خاندانلىقى ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى.

تاڭ خاندانلىقى مىلادىنىڭ 630 - يىلى ئەسلىدىكى شەرقىي تۈرك خاندانلىقىغا قاراشلىق يەرلەرنى ئۆزىگە قاراتقان ئىدى. 647 - يىلىغا كەلگەندە، غەربىي تۈركلەرنىڭ بىر قىسمىنى (يەنى شەرقتىكىلەرنى)، 657 - يىلغا كەلگەندە يەنە بىر قىسمىنى (يەنى غەربتىكىلەرنى) ئۆزىگە قاراتتى.

بىر ئەسىردىن بىر يېرىم ئەسىرگىچە سوزۇلغان ئۇزاق دەۋردە دەۋران سۈرگەن تۈرك خاندانلىقلىرى، ئاساسەن، كۆچمەن قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئاساسىدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇكەممەل دۆلەت ئاپپاراتى، مۇنتىزىم ھەربىي كۈچى بولمىغانلىقتىن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تارىخ سەھنىسىدىن يوقالدى. ئۇلارنىڭ غەربكە ۋە جەنۇبقا كۆچۈپ، ھازىرقى جەنۇبىي قازاقىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا ئورۇنلاشقانلىرى ئەسلىدە بۇ يەرلەردە ياشايدىغان يەرلىك ئىران (پارس) تىپىدىكى خەلقلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى ۋە دېھقانچىلىق قىلىشنى ئۆگەندى. شۇڭا، كېيىن پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا «تۈركىستان» (تۈرك يېرى) دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى.

8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ھازىرقى بىپايان قازاق يايلاقلىرىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبى قىسمىدا، قارلۇق قەبىلىلەر ئىتتىپاقى كۈچىيىپ چىقتى. ئۇلار ئەسلىدە ئالتاي تاغلىرىنىڭ

① «سوۋېت قازاقىستان س. س. ر تارىخى» 1 - توم، 1957 - يىل، ئالمۇتا، قازاقچە نەشرى، 66 - 67 - بەتلەر.

غەربىي ۋە جەنۇبىدىكى ئالتاي تاغلىرىدا ياشايدىغان كۆچمەن قەبىلىلەر ئىدى. ئۇزۇن ۋاقىتلار قارلۇقلار غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئوردىسىغا بېقىنىپ كەلگەچ، تۈرك خانى ئۆزلىرىنى ئولتۇرغاندىن كېيىن، تۈرك بەگلىرى ئۇلارنى «قارلۇق» دەپ ئاتاپ قالىشقا باشلىغان. كېيىنكى تۈرك خانلىقى كۈچىيىپ، ئۆز دائىرىسىنى ئالتاي تاغلىرىغىچە كېڭەيتكەندە، قارلۇقلارنىڭ بىر قىسمى جەنۇبقا كۆچكەن ۋە تاڭ خاندانلىقىغا قارىغان. تاڭ خاندانلىقى ئۇلارنى تىكەس، دامۇ، بوغدا، ئالتاي قاتارلىق تۆت ۋىلايەتكە بۆلۈپ باشقۇرغان. 753 - يىلى قارلۇقلارنىڭ ھۆكۈمرانى (يابغۇسى) كۆنبەلى تاڭ خاندانلىقىنىڭ بىر ئاچچىق ھەربىي ئەمەلدارىنى تۇتۇپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، تاڭ خاندانلىقى كۆنبەلىگە «ئالتاي ۋاڭى» دېگەن ئۇنۋانىنى بېرىپ، خەۋتۇنىغا «ئېل بىلگە» دېگەن نامنى بەرگەن. كۆنبەلىگە مۇئاش، تامغا ۋە تەرجىمان بېرىلگەن.. ①

8 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىغا كەلگەندە، قارلۇقلار بۇرۇنقى تۈركەش قەبىلىلىرىنىڭ ماكانلىرىنى ئۆز قول ئاستىغا كىرگۈزدى، توقماق، تالاس شەھەرلىرىنىمۇ ئىگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن 766 - يىلدىن 940 - يىلغىچە ئىككى ئەسىر دەۋران سۈرگەن قارلۇق ئىتتىپاقى (قارلۇق خانلىقى) دۇنياغا كەلدى. دەسلەپتە بۇ خانلىقنىڭ تەركىبىدە، ئۈيسۈن، تۇخسى، چىگىلى، ئارغۇ (ئارغىن) ۋە باشقا قەبىلە ئىتتىپاقلىرى بار ئىدى.

قارلۇق ئىتتىپاقى شەكىللىنىپ 80 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن كېيىن يەنى 841 - يىلى، ئۇيغۇر خانلىقى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ 15 قەبىلىسى پاساتېكىن ۋە پان تېكىنلارنىڭ رەھبەرلىكىدە قارلۇقلار رايونىغا كۆچۈپ كەلدى ۋە ئۇزاق مۇددەت ئارىلىشىپ ياشىدى.

قارلۇق ئىتتىپاقى دەۋرىدە، قازاق دالىسىدا ئىنتايىن چوڭ تەرەققىياتلار مەيدانغا كەلدى، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا - سېتىق ئىشلىرى تېز تەرەققى قىلدى. مەشھۇر «يىپەك يولى»نى بويلاپ ئوتتۇرا، توقماق، سىغدىجاب (سايرام) ۋە تالاس قاتارلىق شەھەرلەر تۇرغۇزۇلۇپ، سودا كارۋانلىرى ئۈزۈلمەي مېڭىپ تۇردى. مۇشۇ بىر گۈللەنگەن دەۋر - قازاق خەلقىنىڭ ئېغىزىدا تەرىپلىنىپ «قازاق يۇرتى» ۋە «ئالتاي قارىپىق» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. شۇڭا، ھازىر قازاق تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچىلار، قارلۇق ئىتتىپاقى دەۋرىنى قازاقنىڭ بىرلەشكەن خەلق بولۇپ شەكىللىنىشىدە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە دەۋر دەپ قارايدۇ. مېنىڭچىمۇ بۇ دەۋرنى قازاقنىڭ ئورتاق نامغا ئىگە خەلق بولۇپ شەكىللىنىشىنىڭ باشلىنىشى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

قارلۇق ئىتتىپاقى دەۋرىدە قازاق يايلاقلىرىنىڭ شىمالىدا قىماقلار، ئۇلارنىڭ غەربىي تەرىپىدە قىپچاقلار ياشىدى. جايىق ۋە جەم دەريالىرى ئارىلىقىدا ئوغۇزلار ئورۇنلاشقان ئىدى. قارلۇقلار، قاڭلىلار، قىماقلار، قىپچاقلار ۋە باشقا قەبىلىلەر ئولتۇراقلاشقان بۇ بىپايان زېمىننى شۇ دەۋردە ئەرەب، پارس تارىخچىلىرى «دەشتى قىپچاق» (يەنى قىپچاق دالىسى) دەپ

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (ئۇيغۇرچە پىكىر ئېلىش نۇسخىسى)، 281 - بەت.

ئاتاتتى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاق دالىسىغا ئىسلام دىنى مانا مۇشۇ قارلۇق دەۋرىدە تارقىلىشقا باشلىدى. دىن تارقىتىشنىڭ ئۇسۇللىرى خىلمۇ-خىل بولۇپ، ئۇندا قىلىچنىڭ تىغلىرىمۇ كۈندىن كۈنگە كۆپىيىشكە باشلىدى.

دۇنياغا مەشھۇر ئالىم، پەيلاسوپ، ئەدىپ ۋە مۇزىكانت ئەبۇناسىر فارابى مىلادى 870-يىلى قارلۇق ئىتتىپاقىغا قاراشلىق ئوترار شەھرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇ، ئوترار شەھرىدە تېگىشلىك بىلىم ئالغاندىن كېيىن، «يىپەك يولى»نى بويلاپ، سودا كارۋانلىرىغا ئەگىشىپ، شۇ دەۋردىكى ئەرەب دۇنياسىدىكى مەدەنىيەت مەركىزى بولغان باغدات شەھرىگە بېرىپ ئوقۇغان ئىدى. ئەرەب، پارس، گرېك تىللىرىنى ئىنتايىن مۇكەممەل ئىگىلىگەن ئەبۇناسىر، ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرىنى ئەرەب تىلىدا يازغان. ئۇچاغدا ئەرەبلەر بۇ ئالىم تۇغۇلغان ئوترار شەھرىنى «فاراب» دەپ ئاتايتتى. شۇ دەۋردە ئالىملار ئۆز ئىسىم فامىلىسىنىڭ ئورنىغا تۇغۇلغان يېرىنى قوللىنىشنى ئادەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، «مۇھەممەت ئەبۇناسىرنى «ئەبۇناسىر فارابى» دەپ ئاتاپ كەلگەن. ئەبۇناسىرنىڭ تۇغۇلغان ماكانى قەدىمقى ئوترار شەھرىنىڭ خارابىسى، هازىرقى سوۋېت قازاقىستانىنىڭ قىزىل ئوردا شەھرىنىڭ تۆمۈر يول ياقىسىدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئالىم ئۆزىنى قاڭلى-قىپچاق قەبىلىسىدىن چىققان ئىدىم دېگەن ئىكەن. بۇ قەبىلىلەر نامى قازاق خەلقى ئىچىدە هازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

مىلادى 940-يىلى، يەتتە سۇ ۋادىلىرىغا ياغما قەبىلىسى كۆچۈپ كەلدى. بۇ قەبىلە ئەسلى ئىسسىق كۆلنىڭ جەنۇبىدا، قەشقەرنىڭ شىمالىدا ياشايتتى. ئۇلار يەتتە سۇغا كەلگەندىن كېيىن، توققۇز ئوغۇز(ئۇيغۇرلار) ۋە قارلۇق قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، قاراخانىلار خاندانلىقىنى قۇردى. بۇ خاندانلىقنىڭ تەركىبىدە ئۇيسۇنلار، قاڭلىلار، دۆلەتلەرمۇ بار ئىدى. هازىرقى تۈرك تىلىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ئۆز زامانىدا ئەنە شۇنداق زىچ ئارىلىشىپ ياشىغانلىقتىن، هازىر مەشھۇر ئالىم ئەبۇناسىر فارابىنى قازاق، ئۇيغۇر، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەر تالىشىۋاتىدۇ. بۇ ئالىمنىڭ هازىرقى زاماندىكى قايسى مىللەتكە تەۋە ئىكەنلىكى ئاخىرقى هېسابتا ئىسپات قىلىنمىغىچە، مېنىڭچە، تۈرك تىلىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئالىمى، ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئالىم دەپ ئاتاش مۇۋاپىقراق.

قازاق خەلقىنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر خەلق — كىدانلار (يەنى قاراختايلار): بۇ خەلق بۇرۇن شارمورىن دەرياسىنىڭ بويىدا ياشايتتى. ئۇلار 10-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، تاڭ خاندانلىقىنىڭ ئاجىزلىشىپ گۇمران بولۇشىدىن پايدىلىنىپ كۈچەيگەن ۋە 10-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا لياۋ خاندانلىقىنى قۇرغان ئىدى. 1124-يىلى جىن قوشۇنلىرىنىڭ زەربىسى بىلەن ۋەيران بولدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى يەللە تەيشى دېگەن ئادەمنىڭ باشچىلىقىدا غەربكە كۆچكەن. مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا يېزىلىشىچە، ئۇلار دەسلەپتە ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدىكى خاتۇن شەھىرىگە بېرىپ ئورۇنلىشىپ، يەللە تەيشى ئۆزىنى ۋاڭ دەپ ئېلان قىلغان. ئاندىن كېيىن، غەربىي شىمالغا كۆچۈپ ئىمىل دەرياسى ۋادىسىدىكى خاكاس

(قىرغىز) رايونىغا بارغان. قىرغىزلار قوغلانغاندىن كېيىن، غەربىي جەنۇبقا كۆچۈپ بەشبالىقتا كېلىپ (ھازىرقى ئۈرۈمچى - جىمسار ئەتراپى)، 7 ۋىلايەت 18 قەبىلە قۇرۇلتىيىنى ئاچقان. «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق تارىخىي كىتابنىڭ ئاپتورى ئەبۇلغازىنىڭ يېزىشىچە: «ئىنىسەي قىرغىزلىرى قوغلانغاندىن كېيىن، كىدانلار ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا كېلىپ، شەھەر سېلىپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىككى يىل ئەتراپىدا تۇرغان.» بۇ ئىككى خىل تارىخىي مەلۇماتقا قارىغاندا، قاراختايلار (كىدانلار) نىڭ ھازىرقى شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا بىر مەزگىل تۇرغانلىقى ئېنىق. كۆچۈپ كەتكەن ۋاقىتتا، ئۇلار 40 مىڭ ئائىلە، 200 مىڭ نوپۇس ئەتراپىدا ئىكەن.

شۇ دەۋردىكى بالاساغۇن (موڭغۇلچە غوبالىق، ئويغۇرچە - قازاقچە بالىقى شەھەرى دېگەن مەنىدە) خانى ئېلىك ئۆزىگە قاڭلىلار ۋە قارلۇقلاردىن كېلىۋاتقان خەۋپتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، يەلۈ تەيشى باشچىلىقىدىكى كىدانلارنى چاقىرىپ كېلىپ، بالاساغۇننىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تاپشۇرۇپ بەرگەن.

1131 - يىلى يەلۈ تەيشى چۇ دەرياسى ۋادىسىدىكى مەركىزىي قوش ئوردا شەھىرىدە (ئەسلىدىكى بالاساغۇن) ئۆزىگە گورخان (يەنى تەڭرى قوللىغان پادىشا) ئۇنۋانىنى بەرگەن. مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي رايونىدا مۇشۇنداق قۇرۇلغان غەربىي لياۋ ھاكىمىيىتى، 1211 - يىلى نايمانلارغا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تاپشۇرۇپ قويغىچە دەۋر سۈردى. ئۇلار دەسلەپتە نايمانلارغا، كېيىن چىڭگىزخان باشچىلىقىدىكى موڭغۇللارغا تەۋە بولغاندىن كېيىن، ئۇزاق دەۋر يەرلىك تۈركىي خەلقلەرگە ئارىلىشىپ، سىڭىشىپ، ئاستا - ئاستا ئۇلارنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتتى. ھازىرقى كۈندە قازاق مىللىتى تەركىبىدە خىتاي (كىدان) ناملىق قەبىلە مەۋجۇت. ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەر تەركىبىگە قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىمۇ شەكسىز.

يۇقىرىدا مەن ئاساسەن قەدىمدىن تارتىپ 12 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، بىپايان قازاق يايلاقلىرىدا ياشىغان، قازاقنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم قەبىلىلەر، قەبىلە ئىتتىپاقلىرى ۋە ئۇلار قۇرغان خاندانلىقلار ھەققىدە قىسقىچە توختالدىم. ئەمدى قازاقنىڭ بىرلەشكەن بىر پۈتۈن خەلق (يەنى مىللەت) بولۇپ شەكىللىنىشى ھەققىدە توختىلىمەن.

(داۋامى بار)

# «يىپەك يولى لۇغىتى»نى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

ئاپتورى: سەي جىنسۇڭ

تامىرجان مەمەت تەرجىمىسى

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، خەلقارادىكى ئىلىم-پەن ساھەسىدە يىپەك يولىغا ئالاھىدە قىزىقىش پەيدا بولدى. ياۋروپادا ۋە ئامېرىكىدا، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە يىپەك يولىغا ئائىت ئېلان قىلىنغان مەخسۇس كىتاب، ژورنال، لۇغەت، ئىلمىي ماقالە، سەھنە ئەسىرى، رومان، فوتو سۈرەتلەر توپلىمى، ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىي يادىكارلىقلار ۋە مىڭئۆي ئىبادەتخانىلىرى سەنئىتى قاتارلىقلار بەس-بەستە نەشر قىلىندى. ھەتتا، كىنولارمۇ ئىشلەپچىقىرىلدى. ياپونىيىدە نەشر قىلىنغان «يىپەك يولى لۇغىتى» — مانا شۇلارنىڭ بىر جۈملىسىدىندۇر.

چېنداۋشېنى (چىڭ يىڭ داشۆيۈەننىڭ پەخرىي پروفېسسورى) بىلەن جىيانبېڭ جېزو (دۆلەتلىك مىللەتشۇناسلىق مۇزېيىنىڭ پروفېسسورى) بىرلىشىپ تۈزگەن «يىپەك يولى لۇغىتى» — يىپەك يولىنى دەۋر قىلغان ھالدا، شەرق بىلەن غەربنىڭ ئىقتىسات، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىدىغان ئوتتۇرا تىپتىكى قورال كىتاب ھېسابلىنىدۇ. پۈتۈن كىتاب 600 بەت. 1975-يىلى (جاۋخېنىڭ 50-يىلى) ياپونىيىنىڭ نىلۇپەر كىتابخانىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، تارقىتىلغان. مەزكۇر لۇغەت 1977-يىلغىچە جەمئىي 8 قېتىم بېسىلغان. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى بۇ لۇغەت مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ناھايىتى كۆپلەپ تارقىتىلغان، شۇنداقلا كەڭ كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

لۇغەت جەمئىي 191 سۆزلۈك بولۇپ، ئۇ ئىككى چوڭ قىسىمغا بۆلۈنگەن. بىرىنچى قىسمى: «ئوتتۇرا ئاسىيا جۇغراپىيىسى» بولۇپ، 129 سۆزلۈكتىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭنىڭ شەھەر-بازارلىرى، ئاسارە ئەتىقىلىرىگە دائىر 25 سۆزلۈك بار. بۇنىڭدا مۇشۇ جايلارنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشى ۋە شەرق بىلەن غەربنىڭ ئىقتىسات، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا تۇتقان ئورنى، ھەمدە قېزىلما مەدەنىي يادىكارلىقلىرى قاتارلىقلار ئىخچام ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ تونۇشتۇرۇلغان. ئىككىنچى قىسمى: «غەربىي رايونغا بارغان ئېكسپېدىتسىيىچىلەر تەزكىرىسى» بولۇپ، بۇ 62 سۆزلۈكتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئىچىدە ئېلىمىزدىن: جاڭ چيەن، بەن چاۋ، سۈەنزاڭ يۈن، خۇيشېڭ، شۈەنجۇاڭ ، دۇخۇەن: ۋاڭ يەندې ۋە ئەۋلىيا چۈچۈبى قاتارلىق 14 نەپەر تارىخىي شەخسنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى بېرىلگەن.

چۈچۈجى قاتارلىق 14 نەپەر تارىخىي شەخسنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى بېرىلگەن.

ئاپتور بۇ لۇغەتتە، كىتابخانلارنى شەرق بىلەن غەرپنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ۋە يىپەك يولىغا قارىتا بىر ئومۇمىي چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، سۆزلۈكلەرنىڭ بېشىغا توكيو داشۆسىنىڭ پروفېسسورى خۇياۋۇنىڭ «يىپەك يولى ۋە شەرق - غەرپ مەدەنىيىتىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىنى، توكيو ماتارىپ داشۆبېسىنىڭ پروفېسسورى لىن لياگېينىڭ «چوڭ ساگۇن - يىپەك يولىدىكى ئاخىرقى بېكەت» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىنى ئالاھىدە كىرگۈزگەن. خۇياۋۇنىڭ ماقالىسى 13 قىسىم، تەخمىنەن 40 مىڭ خەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭدا شەرق بىلەن غەرپنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ۋە يىپەك يولى ئومۇميۈزلۈك تونۇشتۇرۇلغان. خۇياۋۇنىڭ قارىشىچە: جۇڭگونىڭ يىپەكلىرى بوستان يولى (شىئەندىن چىقىپ گەنسۇ، شىنجاڭ ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپاغا بارىدىغان يولنى دېمەكچى) ئارقىلىق غەرپكە توشۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى شىمال تەرەپتىكى يايلاق يولى ۋە جەنۇپ تەرەپتىكى دېڭىز يولى ئارقىلىقمۇ يىراق غەرپكە توشۇلغان. شۇڭلاشقا يىپەك يولى تار مەنىدە بوستان يولىنىلا كۆرسىتىدۇ. كەڭ مەنىدە بولسا، بوستان يولى، يايلاق يولى ۋە دېڭىز يوللىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتىدۇ.

لۇغەتتە سۆزلۈكلەردىن كېيىن، ياپونىيە - موڭغۇلىيە سول قانات جەمئىيىتى لاۋازىمات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى چۈنرى شىگېيۇكىنىڭ: «ئىچكى قۇرۇقلۇق ئاسىيادا ياپونلۇقلارنىڭ ياشلىق باھارى چاقنىغان» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى بېرىلگەن. بۇ ئارقىلىق ياپونلۇقلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، شىنجاڭ، شىزاڭ، موڭغۇل ۋە چىڭخەي قاتارلىق جايلاردىكى پائالىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

كىتابخانلارنىڭ پايدىلىنىشىغا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن لۇغەتنىڭ ئاخىرىغا رەسىم، يىلنامە، خەرىتە ۋە كۆرسەتكۈچ قاتارلىقلار ئەللىك تاۋۇشلۇق سىستېما (ئېلىپبە) بويىچە قوشۇمچە قىلىنغان. لۇغەتنىڭ بىرىنچى بېتىگە ئىككى پارچە گۈزەل رەڭلىك فوتوسۈرەت قىستۇرۇلغان. ئۇنىڭ بىرى، بۇخارادىكى ئىسمائىل سامانىنىڭ قەدىمىي مەقبەرىسى. ئۇ مەقبەرە مىلادى 874 - يىلى بىنا قىلىنغان بولۇپ، ئۇ ئاددىي - ساددا، ئەمما كۆركەم قىياپەت بىلەن بۇخارا شەھىرىدىكى مەركىزىي باغچىنىڭ بوك - باراقسان بوستانلىقىدا يۈركۈلۈپ تۇرىدۇ. يەنە بىرى، مىلادى 1404 - يىلى سەمەرقەندكە سېلىنغان گور ئەمىر مەقبەرىسى بولۇپ، گۈمبىزى نۇرغا چۆمۈلۈپ تۇرىدۇ. بىر مەھەل جاھانغا داڭقى كەتكەن تۆمۈر مانا مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان.

# ئىلمىي مۇھاكىمە ھەققىدە خەۋەرلەر

## چېن چاۋ

### شىنجاڭ «يىپەك يولى» ھەققىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى

«يىپەك يولى» — جۇڭگو ۋە چەتئەل ئالىملىرىغا نىسبەتەن ئەڭ زور جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بىر قەدىمقى سودا يولى. ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي - شىمال چېگرىسى - شىنجاڭ «يىپەك يولى»دا ئەڭ مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. «يىپەك يولى»نىڭ ئېچىلىش ۋاقىتلىرى ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى يول لىنىيىلىرى، جۇڭگو بىلەن غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدا «يىپەك يولى» ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي - ئىقتىسادىي، ئىدېئولوگىيە ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرى ۋە بۇ جەرياندا پەيدا بولغان تەسىراتلار، بولۇپمۇ قەدىمدىن بۇيان شىنجاڭدا ياشاپ كەلگەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ «يىپەك يولى»غا قوشقان تۆھپىلىرى - مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىۋاتقان يولداشلار ئۈچۈن مۇھىم تېما بولۇپ قالدى.

1979 - يىلى 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە، شىنجاڭ تارىخ ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشقۇرۇشى بىلەن شىنجاڭ دائىرىسىدىكى «يىپەك يولى» ھەققىدە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ، «4 كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىنكى شىنجاڭ تارىخشۇناسلىق ساھەسىدىكىلەرنىڭ بىر قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى. بۇ يىغىنغا خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، ئۆزبەك قاتارلىق مىللەتلەردىن بولۇپ، تارىخ، ئارخېئولوگىيە، تىل، دىن قاتارلىق ساھەلەردىكى تەتقىقاتچىلار ۋە مۇناسىۋەتلىك ساھەلەردىكى يولداشلار بولۇپ 50 تىن كۆپرەك كىشى قاتناشتى. يىغىن ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. يىغىندا ئىلمىي دېموكراتىيە تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى. «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنى ئىجرا قىلىندى. ھەر كىم ئۆز كۆز قارىشىنى بايان قىلىپ، كەڭ كۆڭۈل سۆزلەپ، يىغىن ئىنتايىن جانلىق كەيپىياتتا ئۆتتى. يىغىن ئون پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋالدى. 20 نەپەر يولداش ئىلمىي نۇتۇق سۆزلىدى. ئىلمىي ماقالىلارنىڭ ۋە سۆزگە چىققۇچىلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ مەزمۇن دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قىسمىنىڭ سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، بۇ، شىنجاڭ تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى تەتقىقات مېۋىسىنى ئەكس ئەتتۈردى. يىغىن «يىپەك يولى»نىڭ باش - ئاخىرى، گۈللىنىش ۋە خارابلىشىش ئەھۋاللىرى، شىنجاڭ ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا بارىدىغان «يىپەك يولى»نىڭ

يول لىنىيىلىرى، جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ يىپەك يولى ئارقىلىق بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئەھۋالى، ئېلىمىزدىكى قەدىمقى مىللەتلەرنىڭ «يىپەك يولى» غا قوشقان غايەت زور تۆھپىلىرى، شۇنداقلا تارىم بوستانلىقىدىكى قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ تەركىبلىرى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ «يىپەك يولى» نىڭ بازىسى بولغان مەركەزلىرى ۋە ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى قاتارلىق مەسىلىلەرنى بىر قەدەر چوڭقۇر مۇزاكىرە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە قەدىمقى يىپەك يولىدىكى بەزى مۇھىم شەھەرلەرنىڭ ئارخېئولوگىيە نەتىجىلىرى ۋە يازما ھۆججەتلەرنى دەلىللەپ ئۆتتى.

«يىپەك يولى» — تارىخنىڭ مەھسۇلى، ئۇنىڭ باش - ئايىغى بار، ئۇنىڭ باش - ئايىغىغا قارىتا ئېنىق جاۋاب بولۇشى كېرەك. بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلغان ۋاقىتتا يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەرنى بايان قىلدى. بىر خىل پىكىردىكىلەر: جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ مۇناسىۋىتىنى رەسمىي خاتىرىلەش جاڭ چيەندىن باشلانغان، ئىقتىسات، سودا، پەن - مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنىڭ كۆپ ساناپ كۆللىنىشى جاڭ چيەننىڭ غەربىي رايونغا ئەلچى بولۇپ كەلگىنىدىن كېيىن باشلانغان، دەپ قارىدى. كۆپلىگەن يولداشلار بۇ خىل قاراشقا قوشۇلمىدى. ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن سەۋەبى: جاڭ چيەن غەربىي رايونلارغا بېرىشتىن خېلى بۇرۇنلا جۇڭگونىڭ يىپەك بۇيۇملىرى غەرب ئەللىرىگە تارقالغان. بۇنىڭدىن ئېنىق كۆرۈشكە بولىدىكى، يىپەك يولى بۇرۇندىنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. «يىپەك يولى» خەن، تاڭ دەۋرلىرىدە خېلىلا ئاۋاتلاشقان بولۇپ، بۇنىڭغا قارىتا ئوخشىمىغان كۆز قاراشلار يوق. «يىپەك يولى» تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىن گەرچە خارابلىشىشقا باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن سۇڭ ۋە يۈەن دەۋرلىرىدە يىپەك يولى ئارقىلىق كۆپ مىقتاردا ئىقتىسات - سودا ۋە قويۇق مەدەنىيەت ئالاقىلىرى بولۇپ تۇرغان. «يىپەك يولى» ئۆز مۇھىملىقىنى زادى قايسى ۋاقىتتا يوقاتقانلىقى ۋە قانداق قىلىپ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى توغرىسىدىمۇ تۈرلۈكچە قاراشلار بولدى. بىر خىل قاراشتىكىلەر: تاڭ ۋە سۇڭ سۇلالىلىرىدىن كېيىن، دېڭىز يوللىرى قۇرۇقلۇق يوللىرىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، يىپەك يولى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى دېيىشتى. يەنە بىر خىل قاراشتىكىلەر: مىڭ ۋە چىڭ سۇلالىلىرىدىن تارتىپ تاكى يېقىنقى زامانغىچە، يىپەك يولى ھامان مەۋجۇت بولۇپ كەلدى، ئۇنىڭ مۇھىملىقى ئۇنىڭ ئاۋات بولغان ۋاقتىغا سېلىشتۇرغىلى بولمىسىمۇ، لېكىن قەدىمقى يىپەك يولىدا ھۆكۈمەت بىلەن خەلقلەرنىڭ بېرىش - كېلىش ئالاقىسى توختاپ قالمىغان دېيىشتى. كېيىنكى بىر خىل پىكىردىكىلەر: مىڭ سۇلالىسىدىن كېيىن «يىپەك يولى» مەۋجۇت ئەمەس دېگەن كۆز قاراش توغرا ئەمەس، ئۇ تاكى يېقىنقى زامانغىچە داۋام قىلىپ كەلگەن دېيىشتى. شىنجاڭ ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن غەرب ئەللىرىگە بارىدىغان يول مەسىلىسى توغرىسىدا مۇزاكىرە ناھايىتى قىزغىن بولدى. غەربىي خەن دەۋرىدىكى جەنۇب ۋە شىمالدىن ئىبارەت ئىككى يولنىڭ شەرقىي خەن دەۋرىدىكى تيانشاننىڭ شىمالىدا يەنە بىر شىمالىي يول ئېچىلىپ، ئۈچ يول بولغانلىقى توغرىسىدا كۆپچىلىك بىر

ئېكىرگە كەلدى، ئۇنىڭدىن تاشقىرى، يەنە بىر خىل پىكىردىكىلەر: خەن سۇلالىسىدىن تاڭ سۇلالىسىگىچە بولغان ۋاقىت ئارىلىقىدا «بوستان يولى» بولغاندىن تاشقىرى يەنە «يايلاق يولى» مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دېيىشىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن سەۋەبى: «يىپەك يولى» بىلەن يايلاقتىكى چارۋىچى خەلقلەر ئوتتۇرىسىدا زىچ ئالاقە بولغان، بىر قىسىم يازما ماتېرىياللار ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار «يايلاق يولى»نىڭ «يىپەك يولى»نىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن. شۇنداقلا، ئاساسىي يول لىنىيىلىرىنىمۇ كۆرسىتىپ بەرگەن: بۇنىڭ بىرى، ئىچكى موڭغۇلدىن باشلىنىپ تەسكەي تېغىدىن ئۆتۈپ، ئىنچىكە ئارقىماق بارىكۆلگە، ئۇ يەردىن يەنە جىمسار، غۇلجا ئارقىلىق سۇيئاب (توقماق)قا بارىدۇ: يەنە بىرى بولسا، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن باشلىنىپ خانگاي تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، قوبدۇنى بويلاپ، ئالتاي تاغلىرىدىن كېزىپ، غەربكە قاراپ سوزۇلۇپ بالقاش كۆلىگە بارىدۇ، ئۇ يەردىن قىرىم يېرىم ئارىلى ئارقىلىق رومانىيىگە بارىدۇ. بۇ خىل كۆز قاراشتىكىلەر: ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىدىن شىمالغا قاراپ ۋولگا كۆلىگە بېرىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن غەربكە قاراپ سوزۇلىدىغان بىر ئورمان يولى بار، دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلار بۇنىڭغا ۋولگا كۆلى بويىدىن قېزىۋېلىنغان ھون ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قەۋرىسىدىن پادىشا ۋاڭ ماڭ دەۋرىگە ئائىت يىپەك رەختلەرنىڭ تېپىلغانلىقىنى سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىدۇ. كۆپلىگەن يولداشلار «يايلاق يولى» ۋە «ئورمان يولى» دېيىشكە قوشۇلمايدۇ. ئۇلار: ھازىرقى ئىگەللىگەن تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، مۇنداق ئىككى يولنىڭ بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىت يوق دەيدۇ.

«يىپەك يولى» شەرق بىلەن غەربنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا غايەت زور رول ئوينىغان. يىپەك ماللارنىڭ غەربكە كېلىشى بىلەن بىللە، پىلە بېقىش مەشۇت يىپ چۇقۇرۇش تېخنىكىسىمۇ ئاۋۋال ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا تارقالغان. قەدىمقى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر پىلە بېقىش ۋە يىپەك توقۇمىچىلىق تېخنىكىسىنى قوبۇل قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى كەشىپ قىلغان ۋە ئىجات قىلغان. يېقىندا بەزىلەر: شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ھەممىدىن بۇرۇن پاختا بىلەن يىپەكنى ئارىلاشتۇرۇپ رەخ توقۇيتتى، دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يەن - مەدەنىيەت ۋە سەنئەت ئىجادىيىتى جەھەتتە قەدىمقى يىپەك يولىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالاھىدە تۆھپە قوشقان. كوسەن (كۇچار) مۇزىكىسى جۇڭگو ۋە چەتئەللەرگە مەشھۇر، تاش - كېمىر سەنئىتى «يىپەك يولى»دىكى گۆھەر. «قۇتادغۇبىلىك»، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دىن ئىبارەت بۇ ئىككى مەشھۇر ئەسەر ئۇيغۇر ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇت قەشقەرى كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك مەدەنىي بايلىق. «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ قىسقارتىلمىسى خەنزۇچە تەرجىمە قىلىنىپ نەشىردىن چىقتى. «دىۋان لۇغاتىت تۈرك» تەرجىمە قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ خىزمەتكە قاتنىشىۋاتقان يولداشلار بۇ كىتابلارنى كىتابخانىلار بىلەن تېزرەك يۈز كۆرۈشتۈرۈشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تولۇپ - تاشقان ئىشەنچ بىلەن تىرىشماقتا.

«يىپەك يولى» توغرىسىدىكى مۇھاكىمە ۋە تەتقىقات كۆپچىلىكنىڭ ھېس قىلىشىچە ئەمدى باشلىنىش.

# ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چوڭ ھەجىمدىكى كىلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ھەققىدە ئىلمىي دوكلات يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

80 - يىلى 10 - مارت، شىنجاڭ تارىخ ئىلمىي جەمئىيىتى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش زالىدا ئىلمىي دوكلات يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىندا، يولداش ليۇ جۇشياۋ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىلاسسىك - ئەنئەنىۋى مۇزىكىسى - ئون ئىككى مۇقامنى تونۇشتۇرۇپ، «ئون ئىككى مۇقامنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى» دېگەن ماۋزۇدا دوكلات بەردى. يىغىنغا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تارىخ ئىلمى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان تەتقىقاتچىلار، ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئەدىبلەر بولۇپ، 300 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

يولداش ليۇ جۇشياۋ ئون ئىككى مۇقام توغرىسىدىكى ئاساسىي چۈشەنچە ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن ئون ئىككى مۇقام جەمئىي 242 نەغمە (مۇزىكا)، 2470 مىسرا بولۇپ، ئۇنى 24 سائەتتە ئورۇنلىغىلى بولىدۇ. ئون ئىككى مۇقام ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. يولداش ليۇ جۇشياۋ ئون ئىككى مۇقامنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى ۋە ئۇنىڭ راۋاجلىنىش جەريانى توغرىسىدا توختالغىنىدا، ئۇنى بىر مەھەل روناق تاپقان كۇچار، قەشقەر، ئىدىقۇت مۇزىكىلىرى دەۋرى بىلەن باغلىدى. مۇقامنى ئەڭ ئاۋۋال تارقاتقۇچى بالاساغۇنلۇق ئەبۇ ناسىر فارابى بولۇپ، ئۇ، مۇقامنى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ تەسىرى — كۈچىدىن پايدىلىنىپ، غەربكە تارقاتقان. مۇقام غەربىي لياۋ ۋە موڭغۇل ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىن تارتىپلا غەربكە داۋاملىق تارقىلىشقا باشلىغان. 1512 - يىلى يەركەن خانلىقى بەرپا قىلىنغان. بۇ خانلىقنىڭ قاغانى مۇزىكا ۋە ئۇسۇلغا ئىنتايىن خۇشتار ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا، قاغان ئابدىرىشىتخان ئۆز خانىشى ئامانىساخانىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن خانلىقتىكى مۇزىكا ئۇستىلىرىنى يىغىپ، مۇزىكا تەشكىلاتى تەسىس قىلغان، ئۇ چاغدا

............................................................

بولۇپ، ئالدىمىزدا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان نۇرغۇن چوڭ مەسىلىلەر تۇرۇپتۇ، مەسىلەن ئېيتايلۇق، بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشى ۋە تەسىرى، ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە بولغان تەسىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەرنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ داۋاملىق ھالدا تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

خالىدە شاراخمان تەرجىمىسى

مۇقام 16 قىسىمدىن ئىبارەت ئىدى. ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىپ كىرىشى بىلەن ئەرەب ۋە پارسنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتىمۇ تارقىلىپ كىردى، شۇنىڭ بىلەن مۇقام قىسىملىرىنىڭ سەرلەۋھە ۋە ئاتالغۇلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپى ئەرەب ۋە پارسچە نامدا قوللىنىدىغان بولدى. مۇقامنى ئورۇنلاش دىنىي كاتتىۋاشلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ، ئېغىر دەرىجىدە خاراپ بولدى. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بۇ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى تامامەن ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىكى مۇقامچىلار تەرىپىدىن مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن تا ئازاتلىق ھارپىسىغا قەدەر ساقلىنىپ كەلدى. بۇ — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت غەزىنىسىگە قوشقان قىممەتلىك تۆھپىسى.

ئازاتلىقتىن كېيىن، 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ كۈچ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن ئون ئىككى مۇقامنىڭ مۇزىكىلىرى رەتلەندى ۋە نوتىغا ئېلىندى. بۇ — قۇتقۇزۇش ئەھمىيىتىگە ئىگە مۇھىم خىزمەت ئىدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار تەرىپىدىن 50 - يىللاردا ئاۋازغا ئېلىنغان مۇقام مۇزىكىلىرىغا ئاساسلىنىپ، يېڭىدىن ئىككى مۇقام نوتىسى ئىشلەپچىقىلدى.

مۇقام ئېلىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ناھايىتى زور تەسىرگە ئىگە بولۇپ، ئۇ «شەرق مۇزىكا تارىخىدىكى غايەت زور بايلىق»، «جۇڭخۇا مىللەتلىرىمىزنىڭ بەدىئىي سەنئەت غەزىنىسىدىكى يالتىراپ تۇرىدىغان گۆھەر» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. شۇڭا، تېخىمۇ كۆپلىگەن يولداشلارنىڭ بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھۆرمەتلىك كىتابخانلار:

بۇندىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى» ناملىق ژورنال چىقىرىلىدىغان بولغاچقا، شىنجاڭ «تارىخشۇناسلىقى» دىگەن بۇ ژورنال مۇشۇ سان بىلەن ئاياقلىشىدۇ، بۇندىن كېيىن شۇ ژورنال بىلەن ئالاقە قىلىشىڭلارنى تەكلىپ قىلىمىز.

تەھرىردىن.

1 ـ 2 ـ سانىدىكى ماقالىلارنى ئەزىز يۈسۈپ، جۈنەيد بەكرىلەر تەھرىرلىگەن.

**新疆史学**
（丝绸之路专辑）

一九八一年
第 一 期

# 目　　录

调查新疆佛教遗迹应予注意的几个问题

一九七九年十月二十六日在新疆丝绸之路讨论会的发言

……………………………………宿　白（艾则孜玉素甫译）（ 1 ）

古代丝绸之路在中亚地区的三个重要民族及其语言

……………………………………依布拉音·穆提依（维）（ 14 ）

丝绸之路与维吾尔族

……………………………………刘志霄（居乃德译）（ 30 ）

漫谈古代维吾尔文学

……………………………………吾铁库尔（ 52 ）

李白的故乡——碎叶

……………………………………马国荣（肉孜·土地译）（ 63 ）

自汉至唐的草原丝绸之路

……………………………………苏北海（莫·翟－德·刘静嘉译）（ 75 ）

关于哈萨克族的族源与民族的形成

……………………………………（加合甫）（ 94 ）

简介日本的《丝绸之路辞典》

……………………………………锦松（塔依尔江译）（ 109 ）

学术动态三则

……………………………………陈超（哈力达译）（ 111 ）

# شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى

شىنجاڭ تارىخشۇناسلار جەمئىيىتى
شىنجاڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى
باشچىلىقىدا نەشر قىلىندى

1981 - يىل 1 - سان (ئومۇمى 2 - سان)

ئىچكى جەھەتتىن تارقىتىلىدۇ

---

تەھرىرلىگۈچى: «شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى» تەھرىر گۇرۇپپىسى

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھرى بېيجىڭ كوچىسى

تېلېفون نومۇرى: 8435

پوچتا نومۇرى: 830059

---

باسقۇچى: سىياسىي - قانۇن كادىرلار مەكتىپى